
ئابدۇللا قادىرى (ئۆزبېكىستان)



# مېھرابتىن چايان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئابدۇللا قادىرى ئەسەرلىرى


مېھرابتىن چايان (تارىخىي رومان)

ئۆتكەن كۈنلەر (رومان)

ISBN 978-7-228-02666-1

9 787228 026661 >

定价:22.00 元



ئابدۇللا قادىرى (ئۆزبېكىستان)

# مېھرابتىن چايان

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

神坛出蝎：维吾尔文/（苏）阿·卡得里著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，1983. 3（2007. 11重印）
ISBN 978-7-228-02666-1

Ⅰ.神… Ⅱ.卡… Ⅲ.长篇小说-苏联-维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I512.45

中国版本图书馆CIP数据核字（2007）第163699号

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 艾合买提·伊明 |
| **责任校对** | 塞乃木，扎米拉 |
| **封面设计** | 米扎提 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆金版印务有限公司 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230毫米　1/32 |
| **印　　张** | 11 |
| **版　　次** | 1983年3月第1版 |
| **印　　次** | 2007年11月第2次印刷 |
| **印　　数** | 1—5000册 |
| **书　　号** | ISBN 978-7-228-02666-1 |
| **定　　价** | 22.00元 |

بۇ كىتاب سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تاشكەنت شەرق ھەقىقىتى نەشرىياتىنىڭ 1960 ـ يىلدىكى ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاساسەن نەشر قىلىندى، بەزى ئاتالغۇلىرى ۋە ئايرىم جايلىرى ئۆزگەرتىلدى.

本书根据前苏联塔什干东方真理出版社 1960 年维文版出版，仅在借词和个别地方作了改动。

# مېھرابتىن چايان (رومان)


ئاپتورى: ئابدۇللا قادىرى (ئۆزبېكىستان)
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەم، زەمىرە
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991—2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 11
نەشرى: 1983 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2007 ـ يىلى 11 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—228—02666—1
باھاسى: 22.00 يۈەن

*ئەگەر پەرھاتنىلىڭ شىرىن، بولسا مەجنۇننىڭ لەيلاسى،*
*نىسىپ بوپتۇ ماڭا، گۇلشەن ئارا گۇللەرنىڭ رەناسى.*
(مىرزا)

*ئەگەر ئار قىلسا لەيلى ھەقلىقتۇر، قەيسنىڭ جۇنۇنىدىن،*
*نە بەخت رەنا، خىرىدارىڭ تەلەپ ئەھلىنىڭ مىرزاسى.*
(رەنا)

# روماننىڭ ماۋزۇسى توغرىسىدا

تۈركىستان فېئوداللىرىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى بولغان خۇدايارخاننىڭ ئۆز خاھىشى يولىدا دېھقانلار ئاممىسى ۋە ئۇششاق ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار سىنىپىنى قۇربان قىلىشى ، مەملىكەت خوتۇن ـ قىزلىرىنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىشى ، بۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلارغا ، مەيلى ئۇ كىم بولمىسۇن ، رەھىمسىزلىك بىلەن جازا بېرىشى — روماننىڭ ماۋزۇسىدۇر . خۇدايارخاننىڭ بۇ يولدىكى بىرىنچى يۆلەنچۈكى بولغان ئۆلىمالار ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئەھۋالى ، ئەخلاقى ، مەدرىسە ۋە ئائىلە ھاياتى ، ئۆلىمالاردا ئىنسانىي ھېسنىڭ تۈگىگەنلىكى ۋە قالغىنى بولسىمۇ ئىپلاسلىقنىڭ پەردىسى ئاستىدا سېزىلمەسلىك دەرىجىگە يەتكەنلىكى مۇندەرىجە — مەزمۇن سىغدۇرۇشچە بايان قىلىنىدۇ . بۇلار روماننىڭ سەلبىي قەھرىمانلىرى .

ئىككىنچى تەرەپتە — مەزكۇر قارا كۈچلەرگە قارشى «تۆۋەن» سىنىپ — كەمبەغەللەر ؛ ئۇلارنىڭ خانلىق تۈزۈلمىگە ، قارا كۈچ — ئۆلىما ئەلەيھىگە قارشى چىقىشى ، ئەمگەكچى كەمبەغەللەرنىڭ ئەخلاقى ، خۇلقى ، ئائىلىسى ، تۇرمۇشى ۋە بىر ـ بىرىگە ئالاقىسى ، سەمىمىيىتى .

ئەلۋەتتە ، مەن بۇ كېيىنكى ئىجابىي قەھرىمانلارنى ئۆزبېك تارىخىنىڭ ھەجمى كۆتۈرۈشچە ، ئۆز ھالىچە ئىبلىشقا تىرىشتىم . ئۇلارنىڭ خان ۋە ئۆلىمالارغا قارشى ئىسيانى تەبئىي — شېئىردۇر . چۈنكى ، بۇنىڭدىن ئارتۇقى ساختا بولغاننىڭ ئۈستىگە

كىتابىنىڭ قەدرىنىمۇ چۈشۈرۈۋېتەتتى . شۇ ئىككى سىنىپ كۆرىشىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق خان ھەرىمى ، خوتۇنلىرى ، قىرىق قىزلار ، تارىخىي ۋە ئېتنوگرافىيىلىك لەۋھىلەر ، ئۆزبېك ھاياتى ، قىزىقچىلىقى ، تەنقىدچىلىكى ، ئۆزبېك خوتۇن - قىزلىرى ئارىسىدىكى ئىستىبدات ، شائىرلار ، چاقچاقچىلىق ۋە باشقا يەنە نۇرغۇن نۇقتىلار ماۋزۇ ئىچىگە ئېلىندى .

روماندا يەنە بۇنىڭدىن باشقا بىرقانچە جەھەتلەر بار ، ئۇلارنى بۇ يەردە ساناپ ئولتۇرۇش ھاجەت ئەمەس ، ئۇلار ھۆرمەتلىك ئوقۇغۇچىنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالماس .

ئابدۇللا قادىرى ( جۇلقۇنباي )

تاشكەنت ، 1928 - يىلى 5 - فېۋرال .

## مۇندەرىجە

رومانىنىڭ ماۋزۇسى توغرىسىدا .......................... 1
1 . رەنانىڭ ئىگىسى .............................. 1
2 . ئەمىر ئۆمەرخانىنىڭ كېنىزىكى ...................... 3
3 . مەخسۇمنىڭ ئۆيلىنىشى ۋە مەكتەپدارلىقى .............. 7
4 . مەخسۇمنىڭ بەزى خىسلەتلىرى ...................... 10
5 . ئائىلە ۋە كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە ..................... 12
6 . نىگار خانىم ........................................ 15
7 . رەنا .............................................. 18
8 . بىر ئوردىلىق ...................................... 22
9 . قېپىداش ۋە ئويۇن ................................. 28
10 . خەيرخاھ بىر ئادەم ................................ 33
11 . مەخسۇمنىڭ تەھدىتى ................................ 38
12 . بەخمەلباپ مەھەللىسىدە كەمبەغەل بىر ئائىلە ........ 46
13 . بۇ ئوماق قىزنى تونۇمسەن .......................... 49
14 . ھەقىقىي دوست ...................................... 54
15 . مەخسۇمنىڭ بەختى .................................. 59
16 . خانىنىڭ ئىلتىپاتى ................................... 65
17 . ئەنۋەرنىڭ ئەندىشىسى ............................... 68
18 . مەسچىت ئالدىدىكى جېدەل ........................... 73

19 . ئىپلاس بىر ئۆتمۈش.............................. 80
20 . ھوشيارلىق ........................................ 83
21 . يارلىق بېرىش مۇراسىمى .............................. 88
22 . ئەدرەس تون ۋە ئىسسىق نان «پاجىئەسى»............ 96
23 . كىتاب سۆزى ..................................... 102
24 . شائىرنىڭ سىرى .................................. 109
25 . ھايات شامى.......................................... 116
26 . نېمىشقا يەرگە قارايسەن ، رەنا ....................... 125
27 . زۇلۇم ئوچىقى .................................... 131
28 . ھەرەم ................................................ 135
29 . ئاغىچا ئايىم .......................................... 142
30 . خانىم ئايىملار ..................................... 149
31 . قىرىق قىزلار ..................................... 153
32 . نازىك ................................................ 160
33 . يېڭى «ھۈنەر» ..................................... 168
34 . خەيرۇلئومۇرى ئەۋسەتۇھا ............................ 176
35 . خان كۆڭۈل ئاچماقچى ................................. 186
36 . قىزنىقچىلار .......................................... 191
37 . بىرلىشىش ........................................... 199
38 . غېرىب كۆڭلى ..................................... 204
39 . بىشۈي ، ئېيى خىرەدمەند ........................... 208
40 . ئالداش ئۈچۈن بالا ياخشى.............................. 214
41 . تېيىنىڭىز ئۈپراپ كەتكەن ئەمەسمۇ ......................... 218
42 . قۇۋ ئادەم ئىكەن .................................. 224

43 . چولاق قۇش ...................................... 231
44 . قاپ يوقاتتىڭىزمۇ ...................................... 238
45 . پاتىھە — مۆھرى خۇدادۇر ...................................... 244
46 . يىگىت ...................................... 249
47 . ئوچۇق خەت ...................................... 257
48 . توي ھارپىسىدا ...................................... 263
49 . مەخپىي خەت ...................................... 268
50 . مەشۇقە سولاقخانىسى ...................................... 274
51 . جەسۇر قىز ...................................... 279
52 . دوستلۇق «كارامىتى» ...................................... 284
53 . چاياننىڭ نامايىشى ...................................... 293
54 . ئىككى خىل ساداقەت ...................................... 300
55 . گۆرۈ ...................................... 309
56 . خوش ئەمدى ، رەنا ...................................... 317
57 . قورقۇنچلۇق بىر جاسارەت ...................................... 324
مىرزا ئەنۋەرنىڭ كېيىنكى ھاياتى توغرىسىدا .......... 337
بەزى ئىزاھلارنىڭ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلۈشى ...... 340

# 1 . رەنانىڭ ئىگىسى

سالىھ مەخسۇم بۇگۈن ئادەتتىن تاشقىرى سېخىيلىشىپ كەتتى ، مەسچىتتىن چىقىپ ئۇدۇل قاسساپنىڭ ئالدىغا باردى ؛ بىر تەڭگىلىك گۆش ، سەككىز پۇللۇق پىياز ئېلىپ ھويلىسىغا كەلدى ، مەكتەپتە ھۆسنخەت مەشىق قىلىپ ئولتۇرغان بالىلارنىڭ ئىچىدىن ئىككىسىنى گۈللۈكنى سۇپۇرۇپ ، سۇ سېپىشكە بۇيرۇدى ۋە ئۆزى گۆشنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىگە كىردى .

نىگار ئايىم ھازىرلا قىزلارنى ئازاد قويۇۋېتىپ ، ئېمىدىغان بالىسىنى باغرىغا ئالغانىدى . رەنا ھويلىدا ئىككى ئۇكىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ ، ئۇلارنىڭ لاي ئويۇنىغا بېشىچە كىرىپ يەر سۇپۇرۇۋاتقان چاچ ئۆرۈمىلىرىنىڭ توپىغا مىلەنگىنىدىن خەۋەرسىز ئىدى .

گۆش كۆتۈرۈپ يۆلەكتىن كىرگەن سالىھ مەخسۇمنىڭ كۆزى رەنانىڭ ئاشۇ ھالىغا چۈشتى .

— بەللى ، رەنا ، مانا ساراڭلىق ! — دېدى مەخسۇم ، — ئىسىت ساڭا ئەتلەس كۆڭلەك ، ساڭا ماتادىن باشقىسى ئەلۋەتتە زايە كېتىدۇ !

رەنا ئورنىدىن تۇردى ، دادىسىدىن ئىزا تارتىپ لاي قوللىرىنى كەينىگە يوشۇردى .

— سەت ئەمەسمۇ ! قولۇڭنى يۇ ! ئۇكىلىرىڭنى بالا دېسەم ، سەن ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشۈپسەن !

رەنا يۈگۈرۈپ ئېرىققا كەتتى ، نىگار ئايىم ئولتۇرغان يېرىدىن :

— رەناغا ئەقىل كىرمىدى ، — دەپ كۈلۈپ قويدى .

سالىھ مەخسۇم تېخىچىلا رەنادىن كايىپ كېلىۋاتاتتى :

— ئىشلىگ بولمىسا، كىتاب ئوقۇ، ھۆسنخەت ئۆگەن، سەن كۇلالچىنىڭ قىزى ئەمەسقۇ...

سالىھ مەخسۇم گۆشنى نىگار ئايىمنىڭ يېنىغا قويۇپ، ئۆزى پەلەمپەي بىلەن ئايۋانغا چىقتى.

مەخسۇمنىڭ رەنانى تەگىشى نىگار ئايىمنى ئانچە ئۆزگە تارتمىدى. ئەمما، ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگەن مەسىلە ئېرىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى مەردلىشىپ كەتكەنلىكى ئىدى. توغرا، نىگار ئايىمنىڭ ئاشخانىسىغا چارەكلەپ گۆشلەر كېلىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئېرى تەرىپىدىن ئەمەس! سالىھ مەخسۇمنىڭ سېخىيلىقى تولىراق يىگىرمە تىيىنلىق گۆشتىن نېرىغا ئۆتمەيتتى، شۇنىڭدىمۇ بالىلاردىن جىقراق «ئازادلىق» كېلىپ قالسا ياكى پەيشەنبىلىك كۇتكەندىن ئوشۇقراق چۇشسە!

شۇنىڭ ئۇچۇن نىگار ئايىم بۇ سېخىيلىقنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى:

— گۆشنى جىقراق ئاپىرىغۇ؟... ئەنۋەر بۇيرۇغانمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ياق! — دېدى مەخسۇم سەللىسىنى قوزۇققا ئىلىۋېتىپ، — بىر مانتا قىلايلى دېدىم، مانتا يېمىگىنىمىزگە كۆپ بولدى، ۋاللاھۇ ئەلەم...

رەنا يۇيۇنۇپ كەلدى، دادىسىغا ئىزا تارتىش ئارىلاش بىر قارىۋالدى ـ دە، نىگار ئايىمنىڭ يېنىغا ئولتۇردى ۋە ئانىسىنىڭ باغرىدا ئېمىپ ياتقان بوۋاقنىڭ كىچىككىنە بۇدرۇق قوللىرىنى سۆيۈپ قويدى.

سالىھ مەخسۇم يېشىنىپ كېلىپ، ئانا ـ بالىنىڭ ئۇستىدە توختىدى.

— سەن ئەمدى كىچىك ئەمەس، قىزىم رەنا، — دېدى مەخسۇم نەسىھەت قىلىپ، — شۇ ئۇكىلىرىڭ بىلەن قىلىپ ئولتۇرغان ئىشىڭنى كىشى كۆرسە، نېمە دەيدۇ؟ ئىنشائاللا، ئۆي تۇتقۇدەك بولۇپ قالدىڭ... ئەمدى تاش ـ تارازىنىمۇ شۇنىڭغا قاراپ قويۇشۇڭ كېرەك، قىزىم!

رەنا قىزىرىپ ئانىسىغا قارىدى ، يەنە بۇدرۇق قولنى سۆيۈش بىلەن مەشغۇل بولدى .

— رەنانى ئىگىسىگە تاپشۇرمىغىنىڭىزچە ، — دېدى نىگار ئايىم ، — بېسىلمايدىغان ئوخشايدۇ !

بۇ سۆزدىن رەنا ئىزا تارتىپ ، بېشىنى بوۋاقنىڭ باغرىغا تىقىۋالدى . سالىھ مەخسۇم كۆلۈمسىرىگەن بويى مېڭىپ دالانغا باردى ۋە پۈتىنى كەشىگە ئۇزاتتى :

— تۇر ، ياتما ، رەنا ! — دېدى دالاندىن ، — گۆشنى ئاناڭغا توغراپ بەر ، پىيازنى ئاقلا ! ئەنۋەر ئاكاڭمۇ كېلىپ قالار ، غىزا نامازدىگەرگە تەييار بولسۇن !

رەنا دادىسى ئۇزاقلاشقاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى ، ئانىسىغا قېيىداش ئارىلاش كۈلۈپ قارىدى . ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ئانىسىنىڭ بايىقى سۆزىگە نارازىلىق ئەمەس ، بەلكى خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى .

ھەقىقەتتىمۇ ئەر بىلەن خوتۇن ئارىسىدا ئۆتكەن ئىككى ئېغىز سۆز شۇ ئائىلە گۈلشىنىدە ئۆسكەن رەنانىڭ ئىستىقبالىنى ئوچۇق بەلگىلەيتتى . نىگار ئايىم : «رەنانى ئىگىسىگە تاپشۇرمىغىنىڭىزچە··· » دەپ ، گەرچە بىر ئاز قوپاللىراق تەبىر بىلەن بولسىمۇ «رەنانىڭ ئىگىسى » بارلىقىنى سۆزلىگەنىدى ، رەنا بولسا «ئىگىسى » نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلگەنلىكى ۋە ئۇنى قانات قېقىپ قارشى ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن جادۇ كۆزىدە نارازىلىق ئەمەس ، خۇشاللىق مەنلىرىنى ئوينىتاتتى .

دادىسىنىڭ : «ئەنۋەر ئاكاڭمۇ كېلىپ قالار ، غىزا نامازدىگەرگە تەييار بولسۇن ! » دېگەن جۈملىسى رەناغا تېخىمۇ ئوچۇق ، تېخىمۇ روشەن بەلگە بەرگەنىدى···

## 2 . ئەمىر ئۆمەرخاننىڭ كېنىزىكى

سالىھ مەخسۇم ھىجرىيىنىڭ 1230 — 1290 ـ يىللىرىدا «خوقەندى پىردەۋس مانەند» تە ياشىغان بىر ئوقۇتقۇچى ۋە ئىمام ،

ئۆز زامانىسىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «مەكتەپدار داموللا» دۇر . سالىھ مەخسۇم سىنىپىي جەھەتتىن ئۆلىما ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ ، بوۋىسى ئالىمخان ۋە ئۆمەرخان دەۋرلىرىدە مۇپتىلىق ، قازىلىق مەنسەپلىرىدە خىزمەت قىلغان ، ئاتىسى بولسا قوقاننىڭ مەدەلى (مۇھەممەت ئەلى ) خان مەدرىسىسىدە بىرنەچچە يىللار مۇدەررىس بولغان . قىسقىسى ، مەخسۇمنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى خانلارنىڭ قېشىدا ئاتاقلىق ۋە خەلق نەزىرىدە «شەرەپلىك ۋە مۆھتەرەم» مەۋقەنى تۇتۇپ كېلىشكەن . لېكىن بۇ ئاتاقلىق خانىدانلىق بىزنىڭ مەخسۇمغىچە يېتىپ كېلەلمەستىن ، مەدەلى خاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن بىللە كېسىلىپ قالغان ؛ بۇنىڭ ماجىراسى بولسا تۆۋەندىكىچە :

تۈركىستان خانلىقىنىڭ تارىخىدىن خەۋەردار كىشىلەرگە مەلۇمدۇركى ، ئەمىر ئۆمەرخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز سارىيىدىكى ياش كېنىزەكلىرىدىن بىرىگە مۇھەببەت قويىدۇ . كېنىزەك بالاغەتكە يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى نىكاھىغا ئالالماي ، ۋاقىت كۈتىدۇ . شۇنداق كۈتۈپ يۈرۈش يىللىرىدا ئۆمەرخان مۇرادىغا يېتەلمەي ۋاپات بولىدۇ ، تەختكە ئوغلى مەدەلى خان چىقىدۇ . ئارىدىن بىرنەچچە يىللار ئۆتۈپ ، ھېلىقى كېنىزەك قىز بالاغەتكە يېتىدۇ ۋە بىر ھۆسنىگە ئون ھۆسن قوشۇلۇپ ، ئاتىنىڭ بالىسى بولغان مەدەلى خاننىمۇ ئۆزىگە ئاشىق قىلىدۇ . ئۆز سارىيىدا چوڭ بولغان بۇ قىزنى ياش خان ھەممىشە كۆز ئالدىدا تۇتسىمۇ ، لېكىن... تارىخنىڭ بىزگە خەۋەر بېرىشىگە قارىغاندا ، مەدەلى خان شۇ قىزنىڭ دەردىدە نەچچە يىللار كۆيىدۇ . چۈنكى ئۆلىمالار بۇ ياش گۈزەلنى مەدەلىگە ئاتا تەرىقىسىدە ھېسابلاپ ، نىمىشقىدۇر ياش خاننىڭ ئارزۇسىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ : «ئاتىڭىز ، گەرچە كېنىزەكنى ئۆز نىكاھىغا ئالمىغان بولسىمۇ ، لېكىن بالاغەتكە يەتكەندە ئالىمەن ، دەپ نىيەت قىلغان . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كېنىزەك سىزگە ئانا تەرىقىسىدە بولۇپ ، شەرىئەت رۇخسەت بەرمەيدۇ ! » دېيىشىدۇ .

مەدەلى خان بۇ پەتىۋادىن كېيىن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا

مەجبۇر بولىدۇ ، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا قارشى بولغان ئۆلىمالارنى ئاستا ـ ئاستا «ئىلمىي» ئىشلاردىن ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭىلىرىنى قويۇشقا باشلايدۇ ، ئۆز ئارزۇسىغا زېمىن تەييارلىغاندىن كېيىن ، بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزۈپ ، يەنە ئۆلىمالارغا شۇ توغرىسىدا پەتىۋا سوراپ مۇراجىئەت قىلىدۇ . يېقىندىلا ئاغزى ئاشقا يەتكەن يېڭى ئۆلىمالار ئۆز ۋەھىماتلىرى بولغان مەدەلى خانغا خىيانەت قىلىشمايدۇ ـ دە :

« ‹بەنەزدى مۇژتەھىد دىنىي كىرام ئەسلىي ئېتىبار ئەقدى شەرئىيدۇر . › ئاتىڭىز مەرھۇم : ‹نىكاھلىنىمەن › دەپ ئېيتقان بولسىمۇ ، ‹نىكاھلاندىم › دەپ ئېيتمىغان ، بەس ، ئەمىرەلمۇئمىن بۇ قىزنى ئۆز نەپسىلىرىگە ئەقدى شەرئى قىلسىلا جائىز ۋە توغرىدۇر . ۋاللاھۇ ئەلەم بىسساۋاب» دەپ پەتىۋا نامىنى ‹بىننى مۇپتى مەرھۇم › ، ‹بىننى مۇدەررىس مەرھۇم › ، ‹بىننى خوقەندى مەرھۇم › لەرنىڭ ھەيۋەتلىك مۆھۇرلىرى بىلەن جايلاپ بېرىشىدۇ ۋە مەدەلى خان تـوي ھـەم تـاماشىلار بىلەن مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىدۇ...

كىملەرنىڭ ۋاستىسى بىلەندۇر بۇ گۈزەل كېنىزەكنىڭ تەرىپى بۇخارا ئەمىرى — ئەمىر نەسرۇللا (باتۇر ) خانغا يېتىپ ، ئۇمۇ خېلىدىن بېرى ھېلىقى كېنىزەككە غايىبانە ئاشىق بولۇپ يۈرگەنىدى . قايسى يول بىلەن بولسىمۇ شۇ كېنىزەكنى قولغا كىرگۈزۈش نىيىتىدە باش ئاغرىتىپ ، ناسۋال چېكىپ يۈرگەن باتۇر خاننىڭ قۇلىقىغا بۇ خەۋەر يېتىپ ، مېڭىسىدىن ئىس چىقىپ كېتىدۇ ۋە دەرھال بۇخارانىڭ كۆچلۈك ئۆلىما ، مۇپتى ، قىيسا پېشۋالىرىنى ئۆز ئالدىغا چاقىرىپ ، غەزەپلەنگەن ھالدا ۋەقەنى سۆزلەيدۇ ۋە ئۇلاردىن ھازىرلا بىر «پەتىۋا» تەلەپ قىلىدۇ . ئۆلىمائى كىراملارمۇ شۇ زامانلا تەرەتلىك ـ تەرەتسىز ، مەسىلىنى ئاڭلا ـ ئاڭلىمايلا پەتىۋا يېزىشىدۇ :

«بىر جامائە مۆمىنلەرگە ئەمىر بولغان زاتنىڭ ۋەزىپەئى شەرئىسى شۇدۇر كىم ، ئىسلامدا ئۇستىۋار تۇرغاي ، ئەھكامى ئىسلامنى كاماكان ئىجرا قىلغاي . ھەربىر ئەمىر ئەركانى

ئىسلامدىن قىلچىلىك يۈز ئۆرۈسە ، ئۇ ئادەم ئىسلام جامائەسى ئۈستىگە ئەمىر ئەمەس ، شەرىردۇر . نەئۇزەنبىللا ھېكىم ، پەرغانە تۈركىستان مەملىكىتىنىڭ ئەلھال ئەمىرى بولغان مۇھەممەد ئەلىخان ۋالىدىنىڭ مەنكۇھەسى ، يەنى ۋالىدەئى ئەينى ۋە رىزائىسىنى ئۆز ئەقدىگە ئالىبدۇر[1] . نە ئۇزەن بىللا ، نە ئۇزەن بىللا . ئايەت ۋە ئەھادىسى شەرىپە ۋە بەچە هاريي مەزھەپ ۋە بەنەزدى مۇجتەھىدى دىنى كىرام ۋە ئۆلىمائى زۇلئىھتىرام مۇتتەپەقۇن ئەلەيھى كاپىردۇر . كەزالىكە مۇشۇنداق مۇرتەتنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئاۋۋال دىگەر ئىسلام ئەمىرلىرىگە ۋە ئۇنىڭدىن قالسا ھەممە مۆمىنلەرگە پەرزى ئەيىندۇر ! »

دەرۋەقە «خالىسانە» بۇ پەتىۋاغا ئەمىر نەسرۇللا «بىتەرەپلىك» باھا بېرىپ «دىن يولىدا خالىس بىر جىھادىئەكبەر» دەپ جەمئىي قوشۇنلىرى بىلەن پەرغانە ئۈستىگە يۈرۈش قىلىدۇ .

ئەمىر نەسرۇللانىڭ بۇ «خالىسانە» جىھادى تۈركىستان خانلىقى تەرىپىدىن قانداق قارشىلىقلارغا ئۇچرىدى ۋە ئىككى تەرەپتىن قانچە باشلار كېسىلدى ، ئەلۋەتتە ، بۇ توغرىدا بىز سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز . پەقەت بۇ ماجىرادىن بىزگە كېرەكلىك نۇقتا شۇ يەردىكى ، نەتىجىدە مەدەلى خان زەخىم يېدى ۋە ئەمىر نەسرۇللا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى . مەدەلى خانغا پەتىۋا يېزىپ بەرگەن قوقان ئۆلىمالىرىدىن بىرنەچچىلىرى جازالاندى ۋە بىرنەچچىلىرى قېچىپ قۇتۇلۇشتى ، ئەمىر نەسرۇللا بولسا ، پەرغانە ھۆكۈمىتىگە ئۆز ئادىمىنى قويدى ، غەلىبە ـ نۇسرەت بىلەن كېنىزەكنى ئېلىپ بۇخاراغا قايتتى .

مەقسەتكە كەلسەك ، مەدەلى خانغا پەتىۋا يېزىپ بېرىشكە قاتناشقان ۋە نەسرۇللا تەرىپىدىن جازالانغان ئۆلىمالارنىڭ بىرى مۇشۇ بىزنىڭ سالىھ مەخسۇمنىڭ ئاتىسى بولۇپ ، جازالانغاندىن كېيىن ئۇ كۆپ ياشىيالماي ئۆلگەن . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلىنىڭ ئىمتىياز ۋە شەرىپىمۇ تۈگىگەن . چۈنكى ، بۇنىڭدىن كېيىن

[1] ئەمگەن ئانىسىغا ئۆيلىنىپتۇ .

تۇركىستان تەختىگە ئولتۇرغان خانلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك بۇخارا ئەمىرىنىڭ ھىمايىسىدىكىگە ئوخشاش بولغاچ مەدەلى خاننىڭ پەتىۋاسىغا قاتناشقان ئۆلىمالار ھەممىشە ئېتىبارسىز ، خار بولۇپ قېلىشقان .

## 3 . مەخسۇمنىڭ ئۆيلىنىشى ۋە مەكتەپدارلىقى

سالىھ مەخسۇم ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدا يىگىرمە ياشلىق ئوقۇغۇچى ئىدى . ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىدىن بىرنەچچە ياش چوڭراق ئاكىسى مەرغىلانغا ئىمام بولۇپ ، ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ كەتتى . سالىھ مەخسۇم ئانىسى ۋە ئون ئالتە ياشلىق نەئىمە ئىسىملىك سىڭلىسى بىلەن قوقاندا قالدى . بىرەر جايدىن كىرىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئائىلە كۆپ ئېغىرچىلىققا ئۇچراپ ، ئاخىرىدا سالىھ مەخسۇم ئوقۇشنى تاشلاشقا ، قورساق باققۇدەك بىر كەسىپ ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى .

ئەلۋەتتە ، سالىھ مەخسۇم ئېغىرراق كەسىپنى ھۆددە قىلالمايتتى ، ئىماملىققا بولسا ساقىلى چىقمىغانلىقى ئۈچۈن يارىمايتتى . كۆپ قىيىنچىلىقلار تارتىپ ، ئاخىرىدا قېرىنداش ، ئۇرۇق ۋە مەھەللە ئادەملىرىنىڭ مەسلىھەتلىرى بىلەن ئۆز ئۆيىدە مەكتەپ ئاچتى ، مەھەللىلەردىن بەش — ئون بالا يىغدى ۋە يەڭ تۇرۇپ مەكتەپدارلىققا (مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتۇشقا ) كىرىشتى . بىرنەچچە يىلغىچە مەكتەپ ئانچە راۋاج تاپمىدى ، يەنى بالىلار ئون بەش — يىگىرمىدىن نېرىغا ئۆتمىگەچكە «پەيشەنبىلىك» ئارانلا كۇندىلىك تۇرمۇشقا يېتىپ تۇراتتى . مەخسۇم ۋە ئائىلىسىنىڭ شۇنىڭدىن باشقا كىرىم مەنبەلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، ھەرھالدا يەنە شۇنىڭغا قانائەت قىلىشقا مەجبۇر ئىدى .

ئوغۇل يىگىرمىگە ، قىز ئون بەش ياشقا يەتتىمۇ ، ئانىلارنىڭ دەردى كېلىن ۋە كۈيئوغۇل كۆرۈش بولۇپ قالىدۇ . شۇنىڭغا

ئوخشاش ، مەخسۇمنىڭ ئانىسى ماھىلەر ئايىمنىڭ كېسىلىمۇ گويا «ئاغرىق ئۇستىگە يارا» چىققاندەك ئىدى : مەخسۇمنىڭ يېشى يىگىرمىدىن ئاشتى ، نەئىمەمۇ ئون سەككىزگە توشتى ، يەنى كېلىنمۇ كېرەك ، كۈيئوغۇلمۇ ! نەئىمەدىن تەشۋىش يوق ؛ ئۇنىڭ ھۆسنى ، ئەدەپ ـ ئەخلاقى ، ئىشى ۋە ھەممىسىدىن كۆڭۈل توق ؛ بەگ بولمىسا ، بەگزادە ، مۇدەررىس بولمىسا ، مۇكەررىر !

ئەمما ، مەخسۇمنىڭ مەسىلىسى بىرئاز تەسرەك ئىدى : تاپقان ـ تۇتقىنى مەلۇم ، ئاتىسىدىن قالغىنى ئىچكەركى ـ تاشقىرىقى ھويلا ، بۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە يوق . شۇنداق بولغاندىن كېيىن ، ماھىلەر ئايىم كۆزىنىڭ ئوچۇقىدا مەخسۇمنىڭ «بېشىنى ئىككى» قىلمىسا ، ئۆزىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيلىنەلىشى يوق گەپ . شۇنى كۆزدە تۇتۇپ ماھىلەر ئايىم مەخسۇمنىڭ ئۆيلىنىشىگە سىڭلىسى نەئىمەنى ۋاستە قىلماقچى يەنى نەئىمەنى ئۇزىتىپ ، بەدىلىگە ئۇزىتىلغان جايدىن كېلىن ئالماقچى بولدى . قايچىقۇدا بولۇش ئۇچۇن قىزلىق ۋە ئوغۇللۇق ئائىلىنى تېپىش ۋە ئۇنىڭ ئۇستىگە «نەسلى ـ نەسەبتە ئوخشاشلىق» ئىلىنىدىغان كېلىنىڭ سىلىققىنا بولۇشى — ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش قىيىنچىلىقلارنىڭ نەتىجىسىدە ، ئىككى يىلچە نەئىمەنىڭ ئۆمرى سارغىيىپ ئۆتتى . يۇرت ئەمەسمۇ دېگەندەك ، يۇرتچىلىقتا يۇرەك ئاغرىقىغا داۋا تېپىلماي قالمايدۇ . ماھىلەر ئايىمنىڭ يارىسىمۇ ئاخىر ئۇچىنچى يىلىغا بېرىپ داۋاسىنى تاپتى .

خان ئوردىسىنىڭ مەرھۇم مىرزىلىرىدىن[1] بىرىنىڭ مەدرىسىسىدە ئوقۇپ يۇرگەن ئوغلى بار ئىدى ۋە ئۆيىدە سىڭىز چايناپ ئولتۇرغان ئون ئالتە ياشلىق قىزچىقىمۇ بار ئىدى . بۇ ئائىلە ماھىلەر ئايىمنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ، چۇنكى «تېپىشمىغۇچە ئىلىشماس» دېگەندەك ، نېرىقى تەرەپمۇ ماھىلەر ئايىمنىڭ بىرى ئىدى ، ئەلچىلەر نەئىمەنىمۇ

---

[1] مىرزا — كاتىپ .

ياقتۇرۇپ ، ماھىلەر ئايىمنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ كېتىشتى .
ماھىلەر ئايىم مەرھۇم مىرزىنىڭ ئۆيىگە قىز كۆرگىلى بېرىپ ، ئۇمۇ «قىزى ئوماققىنا ئىكەن !» دەپ كەلدى . كۇيئوغۇللار كۆرۈلۈپ ، ئۇلارمۇ زىيانسىز تېپىلدى . شەرت - شارائىت سۆزلىشىلدى : ئىككى ئارىدا تويلۇق - پويلۇق دېگەن ئىشلار يوق ، ھەرقايسىسى ئۆز ھەسسىسىگە چۇشكەن ئاشسۇنى قىلىدۇ ، كېلىننى يۆگەپ - چىرماپ ئالىدۇ ، ۋەسسالام .
«ئەنە كەلدى ، مانا كەلدى — ئىككى باشلىق توي كەلدى» دېگەندەك ، ھەر ئىككى توي بىر ھەپتە ئىچىدە ئۆتتى ؛ نەئىمە خېنىم ئۇياققا كېتىپ ، نىگار خېنىم بۇياققا كەلدى . شۇنداق قىلىپ سالىھ مەخسۇم خوتۇنلۇقمۇ بولدى .
سالىھ مەخسۇمنىڭ مەكتەپ ئىشلىرىمۇ ئۇچىنچى يىلىدىن باشلاپ بىرئاز جانلىنىپ ، بالىلارمۇ ئوتتۇز - قىرىققا يەتتى . سالىھ مەخسۇم ئوتتۇز ياشلارغا بارغاندا مەكتەپدارلىقىمۇ ئوبدانلا شۆھرەت قازىنىپ ، شاگىرتلىرىنىڭ سانى بىر يۈزگە يەتتى . مېھمانخانا تار كېلىپ قېلىپ مەكتەپ ئۈچۈن مەخسۇس بىنا سالدى ؛ ئىملا ، ئىنشا ۋە ھۆسنخەت ئۈچۈن ئالايتەن ئۆي ئاجراتتى . مەخسۇم يالغۇز شۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلەنمەستىن خوتۇنى نىگار خانىمنىمۇ ئىشقا سالدى ، يەنى ئۇنىڭ ساۋاتىنى تۈزىتىپ «قۇشناچ» قىلدى .ئىككى - ئۈچ گۈزەرنىڭ قىزلىرى نىگار خانىمدىن ساۋاق ئېلىشقا يىغىلىشتى . قىسقىسى ، مەخسۇم مەكتەپدارلىقتا ئوبدان شۆھرەت قازانغاندەك ، ئۆي تۇرمۇشىنى ، يۈرۈش - تۇرۇشىنى ، كىيىم - كېچىكىنى ۋە باشقا تەرەپلەرنىمۇ تۈزىتىۋالدى .
مەخسۇم قىرىق ياشلىرىدا مەھەللىگە ئىمام بولدى ۋە مەكتەپنى يەنىمۇ كېڭەيتىۋېتىپ ، شۇ ئەتراپنىڭ ھەربىر تەبىقىسى ئوتتۇرىسىدا «ئۇستاز موللا سالىھ مەخسۇم» بولۇپ تونۇلدى . مەسىلەن ، ئۆزىدە ساۋات چىقارغان كاسىپ ، سودىگەر تالىپ (مەدرىسە ئوقۇغۇچىلىرى ) ۋە شۇنىڭدەك يېڭى بوغۇنلارغا

ئۇستازلىق ئۇنۋانىنى ئالدى. ھەتتا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن خان ئوردىسىغىچە بېرىپ كىرگەنلىرىمۇ بولۇپ، مەخسۇمنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيىتىنى باشقا بابلىرىمىزدا ئوقۇيسىلەر.

## 4. مەخسۇمنىڭ بەزى خىسلەتلىرى

يۇقىرىدىكىدىن ئوقۇغۇچىغا مەلۇم دەرىجىدە چۈشىنىلگەن بولسا كېرەككى، كېيىنكى يىگىرمە يىللاردىن بۇيان مەخسۇمنىڭ كىرىمى شەھەر ياكى يېزىنى سوراۋاتقان بىر بەگنىڭكىچىلىك بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك، ھەرھالدا شەھەر مەدرىسىسىدە دەرس بېرىپ ۋەخپىنى ئۆز قارىمىقىغا ئالغان بىر مۇدەررىسىنىڭ دارامىتىدىن ئەلۋەتتە جىق. كىرىمىنىڭ شۇنداق ياخشى بولۇشىغا قارىماستىن ئۇنىڭ مىجەزىدە قانچە تىرىشقان بىلەن ماختىغىلى بولمايدىغان خۇسۇسىيەتلەر بار: بېخىللىقىقا ئوخشاش ھالەت، تەمەخورلۇقتەك ئادەت، ئىچى قارىلىققا ئوخشاش ھەرىكەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغانلار...

ياش چېغىدا ئاتىسى ئۆلۈپ، قاتتىقچىلىقتا ئۆستى؛ ئۇنىڭ بەزى ياراشمىغان ھەرىكەتلىرى بەلكىم شۇ قاتتىقچىلىقنىڭ ئۇنىڭ روھىغا سىڭىپ قالغان يامان تەسىرىدۇر. ھەرھالدا بىزنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىپىمىز مەخسۇمنى تەھلىل قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە خىيانەت ۋە بوھتان قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئۇنى ئاشۇرماي ۋە كېمەيتمەي ئوقۇغۇچىغا ئايان قىلىشتۇر.

ئاينى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ. مەخسۇمنىڭ بېخىللىققا ئوخشاش ھالەتلىرى ئەلۋەتتە بار ئىدى. مەخسۇم ئېغىر يىللاردا بۇ ئىشنى يوقلۇقتىن قىلغان دېسەكمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇ ئادىتىنى تاشلىمىغانلىقى ئۇچۇن مىجەزىگە سىڭىپ قالغان دەيمىز.

كۆڭلەك، ئىشتىنىنىڭ تولا ۋاقىتلاردا يەتتە ـ سەككىز جايىدىن يامىقى بولىدۇ. يەتتە قىشتىن بېرى گۇپپى ـ پاختىلىق

چاپىنىنى يېڭىلىغىنى مەلۇم ئەمەس ، پەقەت ھەربىر قىش كېلىپ كەتكەندە ئالىچا چاپىنىنىڭ يېڭى ئۆزگىرىدۇ ۋە ئەستىرى ھەر يىلى يېڭىدىن ـ يېڭى ياماقلار بىلەن تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ ، شۇ چاپان پۈتۈن ئۆمرىدە بىرلا قېتىم ۋە شۇنىڭدىمۇ مەخسۇمدىن رۇخسەتسىز ، ئەمما نىگار ئايىمنىڭ زورى بىلەن داسقا چۈشۈپ چۆمۈلدى . ھازىر بولسا بۇ چاپان ، تۆت يىل ئىلگىرىكى غۇسۇل (چۆمۈلۈش) ، يەتتە يىللىق رەڭگى ، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك يامىقى بىلەن سەككىزىنچى قىشتا مەخسۇم ئاكىسىغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىش ئۈچۈن بوغجۇما ئىچىدە ئۆزىگە كۈچ يىغىپ ياتىدۇ . مەھەللە چاقچاقچىلىرى مەخسۇمنىڭ بۇ چاپىنىغا «مالتاپار» دەپ ئات قويۇشقان ، مەخسۇم گۈپپىنى كىيىپ چىققان كۈنى ئۇنىڭغا سەزدۈرمەستىن «مالتاپار سودىدىن قايتىپتۇ… تېخى جېنى بار ، ئىشقىلىپ ياماقتىن ھارمىساڭ يەنە ئون يىلىڭمۇ ، مەمەرىيىم !» دەپ كۈلۈشىدۇ .

قىسقىسى ، بەش ـ ئالتە قېتىم باشلىتىلىپ قونچى بىر غېرىچلا قالغان كۆن مەسە ، چەمى ئۈست ـ ئۈستىگە قويۇلىۋېرىپ يەردىن ئۈچ ئىلىكچە كۆتۈرۈلگەن ، ئىككى چارەك ئېغىرلىقتىكى كەشە ، يېشى مەھەللە ئادەملىرىنىڭ نۇرغۇنلىرىغا نامەلۇم بولغان ، ھەرقانچە ئېھتىيات قىلىنسىمۇ بىرنەچچە جايدىن پۆپۈكلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئاق ماتا سەللە مەھەللە ئادەملىرىنىڭ ئىچ پۇشۇقلىرىدىن ئىدى . بۇلاردىن باشقا ھېيت كۈنلىرى ۋە تويلاردىلا كىيىلىدىغان بەنارىس تونى ، سوغۇق قاتتىقراق بولغاندا ئىچىدىن كىيىدىغان ئەدرەس پاختىلىق چاپىنىمۇ بار . مەھەللە چاقچاقچىلىرى بەنارىس تونىنى «زۆرۈرىيەت» دەپ ئاتىغان بولۇشىمۇ ، ئەدرەس چاپىنىغا تېخى نام قويغۇچە بولمىدى ؛ چۈنكى بۇنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە پەقەت تۆت ـ بەش يىللا بولدى .

ۋاقتى كەلگەندە مەخسۇمنىڭ يازلىق كىيىملىرىنىمۇ بىرقۇر ئېيتىپ ئۆتەيلى : قىزىل يوللۇق ماتا يەكتەك ، ئاق ماتادىن تىكىلگەن پەۋاز ياقىلىق كەڭ كۆڭلەك (چۈنكى تار بولسا

يىرتىلىدۇ ) ۋەلازىم (يەنى ئىشتان ) ھەمدە يالاڭ ئاياغ كىيىشكە يېنىككىنە سەندەل كەشە ، ئەمما سەللە قىشتىمۇ ـ يېزىدىمۇ بىرلا .

## 5 . ئائىلە ۋە كىشلەر بىلەن مۇئامىلە

مەخسۇم ئائىلىسىنىمۇ كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىن ئۆزىگە ئوخشاش تۇتاتتى . كىيىم ـ كېچەكتىلا ئەمەس ، ھەتتا ئوزۇق ـ تۈلۈك توغرىسىدىمۇ ئۇنىڭ خېلىلا كېلىشىمسىز قىلىقلىرى ئۇچرايتتى . مەسىلەن ، بىر ئاي توشماستىن كىر يۇيۇشقا رۇخسەت بەرمەيتتى ، ئەگەر نىگار ئايىمنىڭ بىر ئاي توشماستىن كىر يۇغىنىنى كۆرۈپ قالسا «كىيىمنى داستا چىرىتىسەن» دەپ غوۋغا سالاتتى . ئىككى ھەپتىسىز پولۇنى كۆرمەيتتى ( «ئازادلىق» ئاشلىرى ئەلۋەتتە بۇنىڭ تېشىدا ) ، تولا غىزالىرى سۇيۇقئاش ، ئۇماچ ، شوۋىگۈرۈچ ، قورۇما شورپا بولاتتى .

نىگار ئايىمنىڭ قازىنى يوق بىلەن بارنىڭ ئارلىقىدىكى بىر توغرام گۆشنى پەقەت پولۇ شاراپىتى بىلەنلا كۆرەتتى . لېكىن ، مەخسۇم بەزى نېمىلەر بىلەن ئاشخانىنى ئوبدانلا مول ـ كۆل قىلاتتى ، مەسىلەن ، چامغۇر ، كاۋا ، قىزىلچا . بۇ توغرىدا خوتۇنى قانچىلىك رەت قىلسىمۇ ، قاپلاپ چامغۇر ، يىگىرمە — ئوتتۇزلاپ كاۋا سېتىۋېلىشنى ھېچ توختاتمايتتى ، «چامغۇر بىبى پاتىمەئى زۆھرەنىڭ دۇئالىرىنىڭ بەرىكىتى ؛ كاۋا بولسا ھەزرىتى يۇنۇسنىڭ مۆجىزىلىرى» دەپ ، باھاسى ئەرزان ۋە لېكىن خاسىيىتى تولا بولغان بۇ مەبلەغلەر بىلەن ئاشخانىنى تولدۇرۇۋېتەتتى . ھەر ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم كاۋا سامسىسى ياپتۇرماي قويمايتتى ، ئەمما «ياغنى ئاز سال ، كاۋىنىڭ تەمىنى بۇزىدۇ» دەپ تەكىتلەشنى ئۇنتۇمايتتى . ئۆيدە نان يېپىلمىغىنىدەك بازاردىنمۇ سېتىۋېلىنمايتتى ، چۈنكى پەيشەنبىلىك نان يېتىپ ـ ئېشىپ تۇراتتى ، ھەتتا بەزى چاغلاردا بازارغىمۇ چىقاتتى .

مەخسۇمنىڭ ئوقۇغۇچى باللار بىلەن مۇئامىلىسى بەكمۇ

ياخشى ئىدى ؛ ساۋىقىنى بىلمىگەن ياكى شوخلۇق قىلغان باللارنى ھەرقانچە تىللاپ كايىسىمۇ ، دوق قىلىپ ، پوپوزا قىلسىمۇ ئۇرمايتتى ، بۇ جەھەتتىن پۈتۈن قوقان باللىرىنىڭ مۇھەببەتلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى . ئەمما ، «ئازادلىق» مەسىلىسىدە باللاردىن ھېچكىمنىمۇ كەچۈرمەيتتى ؛ باي باللىسىغا «ئازادلىق» لازىم بولغان بولسا ، ئەلۋەتتە ئۇندۇرۇشكە ، كەمبەغەل باللىسىدىن مۇمكىنقەدەر ئۇزۇۋۈپلىشقا ھەرىكەت قىلاتتى ؛ باللار «ھەپتىيەك» ، «قۇرئان» ، «سوپى ئاللا يار» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىتابلارنى باشلىسا ، ئازادلىق مەجبۇري — مەكتەپنى تۈگىتىپ چىققانلارنىڭ زىياپەت قىلىپ مەخسۇمغا سەرپايە بىرىشلىرى قائىدىدە بار بولسىمۇ ، لېكىن كۆپچىلىك باللار بۇ توغرىسىدا موللىسىنى «ئەنە - مانا» بىلەن ئالداپ كېتىشەتتى ، سېخىيراق ئاتىلار بۇ مۇراسىمنى ئادا قىلىپ «ئۇستاز» نى رازى قىلىشمىسا ، كۆپچىلىكى مەخسۇمنى رەنجىتىشەتتى . پەيشەنبىلىك بولسا مەكتەپنىڭ ئاساسىي ھەققى ۋە بۇلاردىن باشقا «قۇلياغا — قۇيماق» ، «ئەمەگە — بوغۇرساق» ، «ياسىنغا — يۇتازا» دېگەن گەپلىرىمۇ بولاتتى . باللار ھەر يىلى بىر قېتىم «بورا پۇلى» ۋە ئېيىغا بىرنەچچە قېتىم «سۇپۇرگە پۇلى» مۇ تۆلەپ تۇرۇشاتتى .

مەخسۇم مۇمكىنقەدەر باللارنى ئۆزىنىڭ مەكتىپىگە جەلپ قىلىشقا تىرىشاتتى ، بولۇپمۇ باي ۋە بەگلەرنىڭ باللىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىش ئۇچۇن ھەممە چارىنى كۆرەتتى . مەسىلەن ، باي ۋە ئەمەلدارلاردىن بىرىنىڭ ئوغلى باشقا مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن بولسا ، ئۇنى باللارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆز مەكتىپىگە قىچقىرىۋالاتتى - دە ، نىمە ئوقۇغىنىنى ۋە نىمىلەر بىلگىنىنى سورايتتى ، بالا ساۋىقىدىن ياخشى جاۋاب بېرەلمىسە ، «سىزدە ئەيىب يوق ، ئوغلۇم ، ئۇستازىڭىز بىرئاز شۇنداقراق ئادەم… خوپ ، خوپ بىزنىڭ مەكتەپلەرگىمۇ كېلىپ يۈرۈڭ ! مەن ئۆزۈم سىزنى ناھايىتى دوست قىلىۋالىمەن - دە !» دەيتتى . تەبىئىي ، بالىنىڭ شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆز موللىسىدىن كۆڭلى سوۋۇپ ، تېز

كۇنلەرنىڭ ئىچىدە مەخسۇمنىڭ مەكتىپىگە كېلىپ كىرەتتى . بەزى چاغلاردا باشقا مەكتەپ بالىلىرى بىلەن شۇنداق مۇئامىلىنى كوچىلاردىمۇ قىلاتتى ۋە ئوغلى بار باي ، ئەشرەپلەرگىمۇ ناھايىتى چوڭ تەكەللۇپ بىلەن يەتتە پۇكۇلۇپ سالام بېرىپ ، تونۇمىسىمۇ ، ئۇلار بىلەن تىنچلىق سورىشاتتى ؛ نەچچە ئوغلى بارلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇغان ـ ئوقۇمىغانلىقلىرىنى ، ئوقۇشقا ئىخلاسلىرىنى تەكشۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ تەلىمىدە قوللانغان يېنىك ئۇسۇللىرىنىمۇ بىرئاز ئۇيەر ـ بۇيەردىن ئېيتىپ ئۆتەتتى . تەبىئىيكى ، مەخسۇمنىڭ بۇنداق ھەرىكەتلىرى تولا ۋاقىتلاردا پايدىسىز بولمايتتى ، مەكتىپىگە يېڭىدىن ـ يېڭى شاگىرتلار توپلىنىپ تۇراتتى .

ئۇ ئۆز قاتارىدىكى مەكتەپدار مولللارنى زادىلا كۆرەلمەيتتى ، ئۇلارغا قارشى يۇرىكىدە ئۆمۇرلۇك ئۆچمەنلىك ساقلايتتى ، بەزى يىغىلىشلاردا ئېپى كېلىپ قالسا ، «ھە ، موللا پالانچىمۇ ؟ كۆپ بالىلارنىڭ ئۆمرىنى زايە قىلىۋاتىدۇ ، دەپ ئاڭلايمەن ... شاگىرتلىرىدىن بىرنەچچىلىرى شىكايەت قىلىپ ماڭا كېلىشكەندى ... قانداق قىلىمەن ، شاگىرتلىرىم ئۆزۇمگە يېتىپ ئاشىدۇ ، ئۆمۇرلىرى زايە بولمىسۇن ، دېدىم» دەيتتى ۋە تىڭشىغۇچىلارغا سەزدۇرمەستىن رەقىبىنى چىمدايتتى ، يەنە ئەپلەپ ـ سەپلەپ پەيتىنى كەلتۇرۇپ ئىككىنچى مەكتەپدار توغرىسىدا شۇ تەرىقىدە سايرىۋالاتتى .

مەخسۇم بويلۇق ، چالا سېمىز ، ئاق تەن ، مېھرى ئىسسىق بىر داموللا ئىدى . يېشى ئەللىكتىن ئاشقان ، چاچ ۋە ساقىلىدا ئانچە ـ مۇنچە ئاقلارمۇ كۆرۈنەتتى . كىشى بىلەن سۆزلەشكەندە ، بولۇپمۇ بىر نەرسىدىن ھەيران بولغاندا ، شالاڭ ۋە يىرىك ئۆسكەن ساقىلىنى تۇتاملاپ ئوڭ كۆزىنى بىرئاز قىسىپ قارايتتى ، ئادەتلەنگەندىن بولسا كېرەك ، گەپ ئارىسىدا «ھەببە» دېگەن سۆزنى تولىراق ئىشلىتەتتى . داموللىنىڭ بۇ «ھەببە» سى نېمە مەنىدە قوللىنىلىدۇ ، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمىگىنىدەك ، ئۇنىڭدىن

بۇ توغرىدا ئىزاھمۇ سوراشمىغانىدى ، ھەرھالدا «ھەببە» — «ھەببەللى» ياكى «ھە بارىكاللا» بولسا كېرەك . چۈنكى ، ئۇ بىرنېمىدىن خۇشال ۋە رازى بولغاندا تولىراق «ھەببە» دەۋېتەتتى .

مۇشۇ يەرگىچە بىرنەچچە بەتلەرنى مەخسۇمنىڭ تەرىپى بىلەن تولدۇردۇق ، ئېھتىمال دامولىلىنىڭ غەيۋىتىنىمۇ قىلدۇق ۋە قىلارمىز . لېكىن ، شۇنىڭدىن خاتىرجەممىزكى ، يوقنى ياسىمىدۇق ، مەخسۇمنىڭ شەنىدە بار گەپلەرنىلا يازدۇق ۋە يازىمىز . مەخسۇمنىڭ ھەممە كەمچىلىكىنى يۇيۇپ كەتكۇدەك بىر جۈملىدىن كېيىن يەنە ئۆز ئىشىمىزغا كىرىشىمىز : نېمە دېگەنبىلەنمۇ مەخسۇم ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى دامولىلىرىدىن ، قوقاندا كۆپچىلىكنىڭ ساۋاتلىق بولۇشىغا سەۋەبچى ئۇستازلاردىن ، ھەتتا ئۇلۇغ خىزمەتلەرگە ئادەم يېتىشتۈرۈپ بەرگۈچى نادىر ئوقۇتقۇچىلاردىن ئىدى .

## 6 . نىگار خانىم

نىگار خانىم باشتا ئەردىن بەخت تاپمىدى . ئاۋۋال ئېرىنىڭ كەمبەغەللىكى ، باي بولغاندىن كېيىن بولسا ، ئۇنىڭ ئېغىزلاردا تەمسىل بولغۇدەك بېخىللىقى بىچارىنى كۆپ يىغلاتتى . «خوتۇن كىشىنىڭ بېشى — ئۆي ئىچىنىڭ ئېغىر تېشى» دېيىشىدۇ … ھازىر ئۆزى قىرىق ياشقا كىرگەن بولسا ، يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى شۇ پىششىق ئەر بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ . بۈگۈن ئون يەتتە ياشلىق رەنادەك قىزغا ، سەككىز ياشلىق مەھمۇت (رەنا بىلەن مەھمۇتنىڭ ئارىسىدا ئىككى بالا چاچراپ كەتكەن) ، ئالتە ياشلىق مەنسۇر ۋە بۆشۈكتىكى مەسئۇدلارغا ئانا بولدى .

نىگار خانىم قوقاننىڭ كۆپ خوتۇنلىرىغا قارىغاندا سەۋرلىك ۋە قانائەتلىك ئىكەن ! دۇنيادا ئۆز ئوغلىنىڭ بېخىللىقىغا چىدىيالمىغان ئانا بولامدۇ ؟ ھالبۇكى ، مەخسۇمنىڭ ئانىسى ماھىلەر ئايىم ئوغلىنىڭ بۇنچىلىك پىششىق ۋە ئاچ كۆزلۈككە تاقەت

قىلالماي ، نارازىلىق يۈزىسىدىن مەرغىلانلىكى ئوغلىنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كېتىپ ، شۇ يەردە ۋاپات قىلدى . نىگار خانىم بولسا چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ، ئېرىمدىن يايراپ - ياشنىمىغان بولسام ، قىزىمدىن ۋە ئالدىمدىكى ئوغۇللىرىمدىن راھەت كۆرەرمەن ، دەپ ئۈمىدلەندى . ھەقىقەتتىمۇ ، سەۋرلىك بۇ خانىم ھازىردىنلا شۇ ئۆز ئالدىدىكى بالىلىرىنىڭ بىرى ۋە تۇنجىسى بولغان رەناسىنىڭ تۈپەيلىدىن بىرقەدەر ياخشىلىقلارنى كۆرۈشكە باشلىدى ۋە ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا ، ئون بەشى يورۇق ئىكەنلىكىگە ئىشەندى .

بىر ياماقچى ياكى مەدىكار ئۆز خوتۇنىنى ئۇرىدۇ ، تىللايدۇ ، تېپىدۇ . بۇنداق ئەھۋال ئۇلاردا تولىراق كەمبەغەللىك ئەۋجىگە چىققان چاغلاردا يۈز بېرىدۇ . ئەگەر ياماقچى كېكەرگۈدەك قورسىقىنى توقلىۋالسا ، تەلىيى ئوڭىدىن كېلىپ جىقراق ئىش - ئوقەت قىلىۋالسا ، دەرھال ۋەزىيەت ئىشەنگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ : گەپ - سۆز جايىدا ، خوتۇنىنى ئۇرۇش ئورنىغا دۇمبىسىنى سىلايدۇ ، تىللاش ئورنىغا يېلىنىدۇ ۋە مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ ! خوتۇنمۇ تۇنۇگۇنكى تاياقنىڭ زەربىسىنى ئۇنتۇپ ، قېيىداش ئورنىغا ساداقەت بىلدۈرىدۇ ؛ گويا بۇ يۈسۈپ - زىلەيخالارمۇ ، دەپ ئېيتقۇدەك بولۇپ كېتىشىدۇ .

يۇقىرى تەبىقە ئائىلىگە كىرىپ باقساق ، بۇ يەردە پۈتۈنلەي باشقىچە مەنزىرىنى كۆرىمىز : قورساق توق ، بىرەر نېمىگە ئېھتىياج يوق ، ئىستىقبال تەمىن قىلىنغان ۋە لېكىن بايىقى پاجىئە بۇلاردا كۈچلۈكرەك ، شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ پاجىئەلەر ۋاقىتلىقمۇ ئەمەس ، سەۋەبىنى تېپىشمۇ تەس . ياخشى ، ياماقچىغۇ يامان تۇزۇمگە قارشى بولغان ئۆچمەنلىكىنى كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەستىن خوتۇنىدىن ئالغانىدى . ئەمما ، كېيىنكىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتلىرى ئوبدان ، ھەممە نېمىلىرى ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغاندەك — مانا شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ ئۆي

ماجىرالىرى ۋە بالا ـ چاقىنى ئىتتەك سىقىۋېتىشلىرى نېمىدىن ؟...
شۇنىڭغا ئوخشاش بىزنىڭ مەخسۇمنىڭمۇ مۇددىئاسى بىرنى ئىككى قىلىش، بەشنى ئون قىلىش ئىدى، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، كۆپەيتىش ئۈچۈن ياشايتتى. نىگار خانىمنى ئۇرمايتتى ۋە لېكىن ئۇرغاندىن بەتتەر قىلىپ قىساتتى. ئىككى يۈزدىن كۆپ تىللا تەڭگىسى (بۇ تەڭگىلەرنىڭ ھوسۇلى توغرىسىدا كېيىن سۆز بولار) ۋە ساۋاتلىق بولغان بالىلارنىڭ زىياپىتىدىن كېيىن ئىككى ساندۇقچە سەرپايىسى بار ئىدى. ئالتۇنلىرىدىن سەرپ قىلمىغىنىدىمۇ، ھېچبولمىغاندا ئاشۇ كېيىملىكلەردىنمۇ يا خوتۇننى ۋە يا بالىلىرىنى پايدىلانغىلى قويمايتتى، يا بولمىغاندا ئۆزىنى ئاچ كۆزلۈكتىن قۇتۇلدۇرمايتتى. بۇنىمۇ قويۇپ تۇرايلى، نىگار ئايىم يىگىرمە ـ ئوتتۇز قىزنى ئوقۇتۇپ ئۇلاردىن چۈشكەن «ئازادلىق» ۋە پەيشەنبىلىك پۇللارغىمۇ ئىگە بولالمايتتى، ھەر كۈنى دېگۈدەك مۆھتەرەم مەخسۇم ئاكىغا ھېسابىنى تولۇقى بىلەن تاپشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. مەخسۇم بۇنىڭ بەدىلىگە ھەر يىلى بازارنىڭ ئەڭ قوپال شاتىۋاردىن بىر جۈپ كۆڭلەك ـ تامبال ئېلىپ بېرەتتى، يېڭى گۆپپى بىلەن يازلىق چاپاننى بولسا، نىگار ئايىم بەش ـ ئالتە يىلىسىز كۆرمەيتتى.
نىگار ئايىم پاكار بويلۇق، پىستە كۆزلۈك، سېرىق تەنلىك؛ يۈزىنىڭ ئۈيەر ـ بۇيېرىدىكى چېچەك ئىزلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چىرايلىققىنا بىر خوتۇن ئىدى، ئۆز بالىلىرى بىلەنلا ئەمەس، ھەتتا شاگىرتلىرى بولغان قىزلار بىلەنمۇ بەك يۇمشاق مۇئامىلە قىلاتتى، ئوشۇقچە خاپا بولغان چاغلاردا، «يۈزۈڭ قۇرۇسۇن!» دەپ قېشىنى يىمىرىۋالاتتى، ئېرىگە ئوخشاش «ئازادلىق» ئۈچۈن بالىلارنى سىقمايتتى، تەتۈرىچە «بوشلۇقى» ئۈچۈن ئۆزى مەخسۇم تەرىپىدىن سىقىلاتتى، ئاز ۋە مەنىلىك قىلىپ سۆزلەيتتى، خوتۇنلار بىلەن مۇئامىلىسىنى باشقا

قوشناچلاردەك يوقىرىدىن تۇرۇپ قىلمايتتى ، ساددىغىنا سۆھبەتلىشەتتى . خوتۇنلار مەخسۇم دامولىنىڭ بەزى قىلىقلىرىدىن كۈلۈشىمۇ ، نىگار ئايىمنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىشمايتتى ، ئالدىدا قانداق ھۆرمەتلەشسە ، كەينىدىنمۇ شۇنداقلا ئىززەتلەپ ، ئۇنىڭ مەخسۇمدەك ئاچ كۆز ئادەمنىڭ قولىغا قارام بولۇپ قالغىنىغا ئېچىنىشىپ ، «پېشانىدىن ئىكەن ـ دە ، قالۇ بىلادىن ئىكەن ، ئايلىناي» دېيىشەتتى .

# 7 . رەنا

ئىسىم بىلەن جىسىم تولا چاغلاردا بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ . مېنىڭ ياش ۋاقتىم ، بولۇپمۇ گۈزەللىك ئىزدىگەن چاغلىرىم ئىدى . ئائىلىمىزدىمۇ ياكى باشقا يەردىمۇ ، ھەرھالدا يادىمدا ياخشى قالماپتۇ ، لالە ئاتلىق بىر قىزنىڭ چىرايلىقى توغرىسىدا سۆز بولدى . ئولتۇرغانلار ماڭا يېقىن ، يەنە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھۆسن ـ چىرايدىن سۆز ئېچىش سەت بولىدىغان ئادەملەر ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا لالەنىڭ چىرايلىقىدىن كۆرە مۇھىمراق بولغان ئۇنىڭ ھۆسنى مەسىلىسىدە ئىزاھات سوراشنىڭ ئىمكانى بولمىدى . لېكىن ، لالەنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش ھۆسنىمۇ باردۇ دەپ ئويلىغانىدىم . شۇ كۈندىن باشلاپ لالەنى كۆرۈش دەردىگە چۈشتۈم . بويىغا يەتكەن قىزلارنى كۆرۈش ھازىرمۇ تەس مەسىلە بولغىنىدەك ، بۇنىڭدىن ئون يىللار ئىلگىرى تېخىمۇ مۈشكۈلرەك ئىدى . بىرنەچچە ۋاقىت كۆرۈش ئوتىدا كۆيۈپ ، كوچا كۆزىتىپ ، ئاخىر لالەنى سۇ ئېلىش ئۈچۈن كوزا تۇتۇپ چىققان ھالىتىدە ئۇچراتتىم . بۇرنىدىكى ھالقىسىدىن باشقا (ئەگەر ھالقا ھۆسنىگە قوشۇلسا ) «لالە» لىققا ئەرزىيدىغان ھېچنىمە يوق ئىدى !

شۇ يەردە تۇرغان بىر بالىدىن سۇ ئالغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىغانىدىم ، ئۇ :

— لاله ئاچام ، — دېدى .

بالىنىڭ تەلەپپۇزى ماڭا «ماله ئاچام» بولۇپ ئاڭلاندى . بىرنەچچە كۈنلەرگىچە بۇ قىزنىڭ ئېتىنى «لاله»دەپ قويۇشقىنى ئۈچۈن خاپا بولۇپ يۈردۈم . چۈنكى ، ئەپۇ قىلىڭلار ، شۇ چاغلاردا ، شۇنداق ئەھۋالدا خاپا بولۇشقا ھەققىم بار ئىدى...

ئەمما ، رەنانىڭ ئىسمى جىسمىغا ياكى ھۆسنىگە بەكمۇ مۇۋاپىق كەلگەنىدى . مەن رەسسام ئەمەس . ئەگەر مېنىڭدە شۇ سەنئەت بولغاندا ئىدى ، سۆز بىلەن ۋاللاپ ئولتۇرماي ، بۇ يەردە سىلەرگە رەنانىڭ سۈرىتىنى سىزىپ كۆرسىتىپلا قوياتتىم ، پەقەت ماڭا رەناگۈلنىڭ سۈيىلا جىقراق كېرەك بولاتتى .

سالىھە مەخسۇم بېخىل ، تەمەخور ، شۇڭا خۇلقى ئېتىبارى بىلەن ئۇنى ياخشىلارنىڭ قاتارىغا قويغىلى بولمايدۇ ۋە لېكىن تەبىئەت بېخىل ئەمەس ؛ تىكەندىن گۈل ، ھەرىدىن ھەسەل يارىتىۋېرىدۇ ، شۇنىڭغا ئوخشاش ، تىكەنلىك ياغاچتىن خۇش پۇراقلىق ، چىرايلىق كۆرۈنۈشلۈك رەنا يارىتىلغانىدى .

بىزنىڭ ئۆزبېكلەردە ، قوقانغا مەخسۇس بىر رەڭ ، سېرىققا مايىل بىر رەڭ بار . لېكىن بۇ رەڭنى كېسىپلا سېرىق دېگىلى بولمايدۇ . چۈنكى ، بىز ئاغرىق ئادەمنىڭ رەڭگىنى سېرىق دەيمىز . سارغۇچ ، زەپىرانلارمۇ بۇنىڭغا قوپال كېلىدۇ . تەبىرىمىز قوپال چۈشمىسە ، بۇ گۈزەل قىز ، ئاچ رەناگۈلنىڭ رەڭگىدە ياكى ئاق سېرىق رەڭدە يارىتىلغانىدى . بەدەندە ئۆسكەن مويلارغىمۇ ھېلىقى رەڭنىڭ تەسىرى بولىدۇ . رەنانىڭ چېچى گۆڭگۆرت ـ قارا ، يەنى كۈن چۈشمەيدىغان جايلاردا قارا كۆرۈنسىمۇ ، ئاپتاپتا بىر ئاز سارغۇچ بولۇپ كۆرۈنەتتى . شۇنىڭغا ئوخشاش رەنانىڭ كۆزىدىمۇ بۇنىڭ تەسىرى كۆرۈنىدۇ . دۈگىلەكرەك كەلگەن جادۇ كۆزى كىشىگە تىكىلىپ قارىغاندا ، قارىلىقتىن باشقا يەنە بىر تۇرلۇك قىزغۇچ نۇر چاچاتتى . كىرپىكلىرىنىڭ تۈۋىدە نەپىس بىر سۇرمە دائىرىسى بار ئىدى . قېشى تۇتاشتەك كۆرۈنسىمۇ ، توغرىسىغا ياتقان ئىككى قىلىچ ئارىسىنى نەپىس بىر قويۇلۇپ كۆتۈرۈلۈش

ئاجرىتىپ تۇراتتى . بۇرنى ھېچبىر تەنقىدچىگە بېرىشمەيدىغان دەرىجىدە چىرايلىق بولۇپ دائىم ئىزا تارتىش تەبەسسۇمىغا تەييارلا تۇرغان نەپىس كالپۇكلىرىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدا سىزىلەر - سىزىلمەس تۈكلەر كۆكەرگەنىدى . يۈزى سوزۇقمۇ ئەمەس ، لېكىن توقاچتەك دەپمۇ بولمايدۇ ؛ كىشىگە كۈلۈپ قارىغاندا قىزىل ئالما تەكلىرىدە ئىككى تال ئۇست پەش رەۋىشلىك شەكىل ھاسىل بولۇپ ، گويا بىزگە ھەقىقىي رەنا گۈلى ئېچىلغان ھالەتتە كۆرۈنەتتى . چاچلىرى ناھايىتى قويۇق ، ساناقسىز چاچ ئۆرۈملىرى ئۇنىڭ كەينىنى پۇتۇنلەي قاپلىۋالاتتى ، قەددى ئۆزۈنلۈق بىلەن قىسقىلىقنىڭ ئوتتۇرىسى ، ئۇماق بارماقلىرىنىڭ چىمەلتىكىدە خېنە گۈللىرى ؛ ھەرھالدا بۇ قىز يالغۇز قوقانىڭلا ئەمەس ، ئۇمۇمەن پەرغانىنىڭ ناخشىلارغا قوشۇلۇپ ماختىلىدىغان گۈزەللىرىدىن ئىدى .

رەنا نىگار ئايىمنىڭ تۇنجىسى ؛ بۇ يىل ئون يەتتە ياشنى تولدۇرىدۇ . ساۋاتىنى ئاتىسىدىن ئوقۇپ چىقىرىپ ، ئون تۆت يېشىدا باشلانغۇچ مەكتەپ پروگراممىسىدا بار بولغان ھەممە دەرسلەرنى تۈگەتكەن . مەسىلەن ، دىنىي قىسمىدىن — «ھەپتىيەك» ، «قۇرئان» ، «چاركىتاب» ، «سوپى ئاللا يار» ، «مەسلەكى مۇتتەقىن» ؛ ئەدەبىياتتىن — نەۋائىينىڭ ھەممە ئەسەرلىرى ، پارسچىدىن — خوجا ھاپىز شىرازى ۋە مىرزى بىدىل ؛ ھۆسنخەت ، ئىنشا ۋە باشقىلار . ھازىر بولسا بىر تەرەپتىن قىزلارغا ساۋاق بېرىپ ، ئانىسىغا ياردەملەشسە ، ئىككىنچى تەرەپتىن ئاتىدىن كافىيە (ئەرەب تىلى مورفولوگىيىسى ۋە سىنتاكسىسى )ھەمدە شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان»دىن دەرس ئالىدۇ ۋە شۇنىڭ قاتارىدا ئۆزى ياخشى كۆرگەن چىغاتاي - ئۆزبېك شائىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرىدىن ئالاھىدە بىر توپلام تۈزۈپ يۈرىدۇ . بەزىدە «خالىيراق جاي» لاردا ئۆزىچە بېيىتلار توقۇسىمۇ ، لېكىن بۇلارنىڭ پۈرىقى ئۆزىدىن چەتكە چىقمايدۇ . ئەگەر توقۇغان شېئىر ياكى بېيىتى ئۆزىگە ياراپ قالسا ، پەقەت بىر كىشىگىلا

كۆرستىۋالدۇ ۋە ئۇ كىشىمۇ بۇ سىرنى چەتكە چىقارمايدىغان ئىشەنچلىك ، ئۆز كىشىسى !

قىسقىسى ، بىز يۇقىرىدا رەنانىڭ شېئىرىي بىر ھۆسنىنى كۆرگىنىمىزگە ئوخشاش ، ئۇنى پەزىلەت ۋە پاراسەتتىمۇ ئۆتكەن خان زامانلىرى ئەسىرىنىڭ كەم ئۇچرايدىغان بىردىنبىر پەزىلەتلىك قىزلىرىدىن سانايمىز ۋە ساناشقا ئۆزىمىزدە مەجبۇرىيەت ھېس قىلىمىز .

رەنا قانچە جىددىي بولسىمۇ ، يەنە ئۇنىڭدا بالىلىق مىجەزى پۇتۇنلەي ساقلىنىدۇ : ئۇكىلىرىنىڭ ھەممە ئويۇنىغا تولۇق ھوقۇقلۇق ئەزا سۈپىتىدە قاتنىشىدۇ ، ئانىسىنىڭ كۆزىنى چالغىتىپ ، ئوقۇغۇچى قىزلار بىلەن ئۇرۇشۇپمۇۋالىدۇ ، قىزلار ساۋاقلىرىنى بىلىشمىسە قېيداپ ، ئۇلارنى ئوقۇتماي تاشلاپ كەتكەن چاغلىرى ، ئانچىكى گەپكە چاپسانلا رەنجىپ قالغان چاغلىرى نۇرغۇن بولىدۇ . رەنا ئۆزىنىڭ مۇنداق ھەرىكەتلىرىگە قارشى ئانىسىدىن ياخشى ـ يامان مۇكاپات ئالمىسىمۇ ، تولىراق ئاتىسىدىن تەنبىھ ئاڭلايدۇ . كايىش ئاڭلىغىنى ئۇچۇنلا ئەمەس ، ئۆي ئىشلىرى توغرىسىدا ئانىسىنى قىسىپ تۇتقانلىقىدىن ۋە قاتتىق قوللۇقىدىن رەنجىپ ، ئاتىسىنى ئانچە ياخشى كۆرمەيدۇ . ئاتىسىدىن ئاچچىقلانغان چاغلاردا ئانىسىغا جىددىي قىلىپ : «ھەممە ئەيىب ئۆزىڭىزدە ، ئاتامدىن باشقا تۇزۇكرەك ئەرنى تېپىپ تەگكەن بولسىڭىز ، بۇنچىلىك قىينىلىپ يۈرمەس ئىدۇق !» دەپ ، خاپا بولغان نىگار ئايىمنى كۇلدۇرىدۇ .

قاتتىق رەنجىگەن بىر كۇنى ئاتىسى — سالىھ مەخسۇمغا بېغىشلاپ قىزىق بىر ھەجۋىي يازغان ۋە «ئۆز كىشىسى» گە كۆرسىتىپ ئۇنى كۇلدۇرگەنىدى ، بىز كۇلكە ئۇچۇن بۇ جايغا ئۇنىڭ بىرنەچچە قۇرىنى كۆچۇرىمىز :

ياغلار تۆكۇلسە يەرگە ، يېتىپ يالار ، تەقسىرىم ،
بولسا بازاردا پەسلىك ، سېتىۋالار ، تەقسىرىم .

«مېنىڭ ئۈچۈن بىر زىرەك[1] ،رەنا بانۇغا جىۋەك»[2]
دېسە ئانام — «نەكېرەك؟» چىشلەپ تالار، تەقسىرىم،
«قولاق تېشىش يوسۇن ئەمەس، پۇلنى تېپىش ئويۇن ئەمەس،
جىۋەك تاقاش پەرز ئەمەس!» غوۋغا سالار، تەقسىرىم.

ھۆرمەتلىك ئوقۇغۇچىنى قەھرىمانلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى بىلەن تونۇشتۇرۇشنى مۇشۇ جايدا توختىتىمىز. ئۇلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مىجەزلىرى ياخشى يېشىلمىگەن بولسا، ھېكايىمىزنىڭ داۋامىدا يەنىمۇ ئېچىلىپ ۋە كېڭىيىپ بارار، دەپ ئوشۇقچە تەپسىلىگە كىرىشمىدۇق.

## 8 . بىر ئوردىلىق

مەخسۇمنىڭ ھويلىسى ئىچكىرى - تاشقىرى ئۈچ قەۋەت ئىدى. كوچىدىن كىرگەندىكى بىرىنچى ھويلىغا مېھمانخانا، مەكتەپخانا ۋە مەشقخانا جايلاشقان. ئىككىنچى ھويلا چاسا، يېرىم تانابچە كېلىدىغان باغ بولۇپ، بۇنىڭدا شاپتۇل، ئالما، ئەنجۈرگە ئوخشاش مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە بىرنەچچە قېرى باراڭلىق ئۈزۈملەر بۈك بولۇپ ئۆسكەنىدى.

مەخسۇمنىڭ باللار كۆچىدىن ياخشى پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك، باغنىڭ ھېچبىر يېرى — بىر غېرىچچىمۇ بوش قالمىغان، ئۇنىڭدا ھەر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەردىن بار ئىدى. ئوتتۇرىسىدىكى باراڭنىڭ ئاستى بىر يېرىم گەز كۆتۈرۈلۈپ ياسالغان سۇپا، سۇپىنىڭ ئۈچ تەرىپىگە يازلىق گۈللەر تېرىلغان، رەيھان ۋە باشقا چېچەكلەر ئەتراپقا ئۆز ئەتىرلىرىنى چېچىپ تۇراتتى. بىرىنچى ھويلىدىن كىرگەندە، باغنىڭ سۇپىسىغا ھەمدە

---

① زىرەك — زىرە.
② جىۋەك — سۇ چاغدا قىزلارنىڭ مەيدىسىگە ئاسىدىغان زىننىتى.

ئىچكىرىگە كىرىدىغان يوللار بار ئىدى .

ھازىر مىزان ئېيىنىڭ ئىككىنچى ھەپتىلىرى ، باغنىڭ مېۋىلىرى يېتىلىپ قالغان ، بولۇپمۇ باراڭدىكى قارا ھۈسەينى ئۈزۈملەردىن خۇددى ھەسەل تېمىپ تۇراتتى . يوللارغا سۇ سېپىلگەن ، سۇپىغا گىلەم سېلىنمىسىمۇ ، گۈللۈك كىگىز يېيىلىپ ، ئۈچ تەرىپىگە كۆرپىلەر سېلىنغانىدى .

مەخسۇم گۆشنى ئۆيىگە بېرىپ چىققاندىن كېيىن ، ئىككى سائەتلەرچە ھۆسنخەت يېزىۋاتقان باللار بىلەن شۇغۇللاندى ، ئاردىن «ئەبجەت» سۆزىنى توغرا يېزىپ چىقارغان بىر بالىنىڭ قولىنى باغلاپ ئۆيىگە ئەۋەتتى . بالا ئۆيىدىن سوۋغات — «قول يېشەر» ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ھەممىگە رۇخسەت بېرىپ ، بۈگۈنكى ۋەزىپىسىنى تۈگەتتى .

مەخسۇم مەشقخانىدىن چىقىپ ، ئىچكىرىگە كىرىشكە ئەمدىلا قەدەم تاشلىغانىدى ، دەرۋازىدىن خىزمەتچىلەر كىيىمىدە بىر كىشى كىردى ۋە مەخسۇمغا كۇلۇمسىرەپ سالام بېرىپ ، يېقىنلىشىپ كەلدى . ئوردىنىڭ دىۋانخانا[1] خىزمەتچىلىرىنىڭ كىيىمىدە بولغان بۇ كىشىنى مەخسۇم ئۆز ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى ، جاۋاب سالامدىن كېيىن كۆرۈشتى . مەخسۇم تەرەددۇتلىنىپ ، مەقسەتنى سوراشتىن ئەپسىزلىنىپ ، مېھماننى مېھمانخانىغا باشلىدى . مېھمانمۇ تەكەللۇپ قىلىپ تۇرماي ، دامولللىنىڭ كەينىدىن مېھمانخانىغا كىردى . ئولتۇرۇشتى ، دۇئا قىلىندى . ئوردىلىق تەبەسسۇم ئىچىدە مەخسۇمغا قارىغاندىن كېيىن ئۆزىنى يەنە بىر رۇسلىۋالدى .

— خاتا قىلمىسام ، جانابلىرى مىرزا ئەنۋەرنىڭ ئۇستازى بولسىلا كېرەك ؟

— پېقىر...

— ئۆيئىچىلىرى بىلەن ئوبدان ، سالامەت تۇرۇشتىلىمۇ ؟

---

[1] دىۋانخانا — خان ئوردىسىنىڭ ئىش باشقۇرۇش مەھكىمىسى .

— ئەلھەمدۇلىللا .

مەخسۇمغا كۈتۈلمىگەن رەۋىشتە مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچى بۇ ئوردىلىق قىرىق ياشلار چامىسىدا ، ئېگىز بويلۇق ، قارا ئۇزۇن ساقاللىق ، سىماب رەڭ سەللىسىنىڭ پېشىنى چۇشۇرگەن ، قارىراق كەلگەن بىر يىگىت ئىدى .

— كەمىنىلىرىمۇ ، — دېدى ئوردىلىق ، — مىرزا ئەنۋەر بىلەن بىللە دىۋانخانىدا ئىشلەيمەن... بەلكى قۇلاقلىرىغا كىرىپ قالغاندۇر ، ئىسمىم سۇلتان ئەلى مىرزا !

— ياخشى ، ياخشى ، — دېدى كۆلۈپ مەخسۇم ،— ئەنۋەردىن ئاڭلىغانىدىم ، جانابلىرىنىڭمۇ تەرىپلىرىنى ئاڭلىغانمەن . قانداق بولۇپ خۇدا يەتكۈزدى ؟ پېقىر خانىغا تەشرىپ قىلىشلىرى بىلەن تولا خۇشال بولدۇم .

— ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ ، — دېدى مىرزا سۇلتان ئەلى ، — مۇبارەك خانىلىرىغا باستۇرۇپ كەلدىم . بۇنىڭغىمۇ بۇرادىرىم مىرزا ئەنۋەرنىڭ مۇھەببىتى مەجبۇر قىلدى .

سۇلتان ئەلىنىڭ بۇ كېيىنكى سۆزى مەقسەتنى داموللىغا بىر قەدەر چۇشەندۇرۇپ قويدى . شادلىنىش ، ھوزۇرلىنىش مەخسۇمنىڭ چىرايىغا چىققانىدى . كۆزىنى قىسىپراق سۇلتان ئەلىگە قاراپ :

— ياخشى ، ياخشى ، — دېدى مەخسۇم ، — مۇھەممەد رەجەپ مەرھۇمنىڭ ئورنىغا باش مۇنشى[1] تەيىن قىلىندىمۇ ؟ ! بۇ توغرىدا ئەنۋەر بىلەن سۆزلىشەلمىدىم .

— تېخى تەيىن قىلىنىپ بولمىدى . ئەتە - ئۆگۈن تەيىن قىلىنىپ قالار دەپ تۇرىمىز .

— تولا ياخشى ، نامزاتلار باردۇ ؟

— بار ، — دېدى سۇلتان ئەلى ، — بىرنەچچە نامزاتلار ھەزرىتى خانغا سۇنۇلغان ؛ جۇملىدىن شائىر مەدھىي ، موللا

---

① مۇنشى — كاتىپ ، باش مۇنشى ، مىرزا بېشى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى باش كاتىپ دېمەكتۇر .

شاھادەت مۇپتى ۋە باشقا يەنە بىرنەچچە كىشى . خەۋىرىڭىز بولسا كېرەك ، گەرچە ئۆزى رازىلىق بەرمىسىمۇ ، بىرنەچچە مىرزىلار شاگىرتىڭىز مىرزا ئەنۋەرنىڭمۇ نامزاتىنى خالىس مەكتۇپ بىلەن خان جانابلىرىغا سۇنغانىدۇق . ئۈمىد خۇدادىن ، يارلىق مىرزا ئەنۋەرگە چىقار ، دەپ تۇرىمىز .

مەخسۇم ساقىلىنى تۇتاملاپ تورۇسقا قارىدى ، گويا سۇلتان ئەلىنىڭ كېيىنكى ئىككى جۈملىسىگە قايسى يوسۇندا تەڭ كېلىشتىن ئاجىز قالغانىدى .

— بىرنەچچە ياخشىلارنىڭ ئەنۋەرگە بولغان ھۆرمەت ئېتىبارلىرىنى ئاڭلىغانىدىم ، — دېدى مەخسۇم مىننەتدار ئاھاڭدا ، — ئەمما پېقىرغا شۇ بىر نەرسە مۇشكۇلرەك كۆرۈنىدۇكى ، ئەگەردە ئەنۋەر باش مۇنشىلىق ۋەزىپىسىگە يارلىق ئېلىپ قالسا ، بۇ مەنسەپنى ئادا قىلالارمۇ ؟ مېنىڭ نەزىرىمدە باش مۇنشىلىق خۇسۇسەن ئۇ جانابنىڭ ھۇزۇرىدا ھەددىدىن تاشقىرى ئۇلۇغ ۋە مۇشكۇل كۆرۈنىدۇ .

سۇلتان ئەلى يېنىكلا كۈلۈپ قويۇپ :

— باش مۇنشىلىق مەنسىپى توغرىسىدىكى پىكىرلىرى ھەقىقەتەن توغرا ، — دېدى ، — ئەمما مىرزا ئەنۋەرنىڭ ھۆددە قىلالىشى سۆزسىز . چۈنكى ئەنۋەرنىڭ بۇ ساھەدىكى ئىستېداتى جانابلىرىدىن كۆرە ماڭا مەلۇمدۇر ، بۇ توغرىدا خاتىرجەم بولسىلا .

— دەرۋەقە ئەنۋەرگە نۇرغۇن ئەمگىكىم سىڭگەن ، — دېدى مەخسۇم ماختانغاندەك قىلىپ ، — كىچىككىنە چېغىدىن باشلاپ كەمىنىنىڭ تەلىمىدە ئۆستى . ئۆز قولۇمدا تەربىيە تاپقان نەچچە يۈز ، بەلكى مىڭلاپ شاگىرتلىرىمنىڭ ئىچىدە كۆپ دىققەت - ئېتىبارىم شۇ بالىغا بېرىلدى . مۇشۇ سەۋەبتىنمۇ بۇنچىلىك تەييار بولۇپ قالغان بولسا ئەجەب ئەمەس دەپ ئويلايمەن ... ۋە لېكىن ھېلىقى سۆزۈم شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى ، پەزىلەت ۋە قابىلىيىتى يەتكۈلۈك بولسىمۇ ، ياشلىق ، كەم تەجرىبىلىك قىلىپ قالارمىكىن ، دەپ ئويلايمەن .

— بوستانى مەرىپەت ۋە گۈلشەنى ھەقىقەت ، — دېدى سۇلتان ئەلى ، — ئىمامى ئەزەم رەخمىتۇللاھى ئەلەي ئون ئىككى ياشلىرىدا دەرس بېرىپ ۋەھاكازا كۇتۇبىي مۇتەبەررەكە كىتابىنىمۇ باشلىغانىكەنكى ، بۇ كارامەت جانابلىرىدىن يوشۇرۇن ئەمەستۇر . بەس ، ئىندەلئۇقالە ياشلىقنىڭ ھېچبىر كەمچىلىك ۋە ئەھمىيىتى يوق . ئەمما ، پەزىلەت ۋە پاراسەت كېرەك . مەسىلەن ، كەمىنىڭىز ئوقۇشتا ئەقايىتكىچە باردىم ۋە كېيىن يىلدىن بېرى مىرزىلىق قىلىمەن . ئۆز ھۇنىرىمدە ياخشى تەجرىبىمۇ ئاشۇردۇم . شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەقىقەتنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرمەنكى ، شاگىرتىڭىز مىرزا ئەنۋەردىن كۆپ دەرىجە تۆۋەنمەن ، تەھرىرلىكتە ، پەرەز ۋە بايان قىلىشتا ئەنۋەرىڭىزنىڭ ياردىمىگە موھتاجمەن . ھالبۇكى ، يېشىم ئۇنىڭدىن تەخمۇتەڭ چوڭ ، مەن ئوقۇغان دەرسلەرنى بەلكى ئەنۋەر ئوقۇمىغان ... ئەنۋەرنىڭ پاراستىگە يالغۇز مەن ئەمەس ، ھەتتا مەرھۇم مۇنشى موللا مۇھەممەد رەجەپنىڭ ئۆزىمۇ قايىل بولۇپ «ئاجايىپ ئوغلان» دەپ قوياتتى . مېنىڭ مىرزا ئەنۋەرنى بۇ ئورۇنغا سايە قىلىشىم بولسا ، بىرەر غەرەز بىلەن ئەمەس ، خالىساندۇر . ئەگەر غەرەزگە ھېسابلانسا ، مەسىلەن : «بىرەر نائەھلىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەندىن ، ئەھلىنىڭ ئېغىزىدا چىشلەنگەن ياخشى» دېگەن سۆزگە بىنائەندۇر . لېكىن ، مىرزا ئەنۋەر نېمە ئۈچۈندۇر بىز بىرنەچچە مىرزىلارنىڭ تىلىكىمىزگە قارشى چىقىپ ، بىزدىن رەنجىپ يۈرىدۇ . ھەتتا جاناب خانغا بىر ئەرز كىرگۈزۈپ ، مېنىڭ نامزاتىم خاتا كۆرسىتىلىپتۇ ، مەن بۇ ۋەزىپىنى ھۆددە قىلالمايمەن ، دەپ ئۆزرە سورىماقچىمىش . ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىۋاتقىنىنى بىلەلمىدۇق ... پېقىر ، ئاكا ـ ئىنىلار تەرىپىدىن ، گەرچە ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ ، ھۇزۇرلىرىغا ئىلتىماس بىلەن كەلدىم . ئەڭ ئاۋۋال ، مىرزا ئەنۋەرگە ئاتىلىقلىرى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇستازلىقلىرى بار . سىز جانابلىرى تەرغىب قىلسىڭىز ۋە مەسلىھەت بەرسىڭىز ، قوبۇل قىلار ، دەپ ئويلىدۇق .

— ھەببە ! — دېدى مەخسۇم خۇشاللىق بىلەن ، — بۇ توغرىدا ياخشى سۆزلەشمىگەندۇق ، سۆزلىشەرمىز ؛ ئىنشائاللا ، ئۇنار .

— سالامەت بولۇڭ ، تەقسىر !

مەخسۇم ساقىلىنى تۇتۇپ كۆزىنى قىستى .

— بايا پېشىن ۋاقتىدا ، — دېدى ئۇ ، — جامائەت كەمىنىدىن سوراپ قېلىشتىلاركى «ئوغلىڭىز ئەنۋەر مۇنشىلىقتا تەيىنلىنەرمىش ، شۇ خەۋەر توغرىمۇ !» دەپ ··· دېمەك ، شەھەرگىمۇ مەشھۇر بولغانىكەن ـ دە .

— بەلكى ، — دېدى كۈلۈپ سۇلتان ئەلى ۋە ئازدىن كېيىن ئاستا ، سىر تەرىقىسىدە قىلىپ سۆزلىدى ، — ئوردىنىڭ ئىچىدىن بىرنەچچىلىرىمىز ئۇستاز موللا مۇھەممەد نىياز داموللىغا ۋە ھەرەمدىن ئاغىچا ئايىمغا ئەنۋەر توغرىسىدا ئىلتىماس قىلىشتۇق . شۇنىڭ ئۇچۇن مىرزا ئەنۋەرنىڭ باش مۇنشىلىققا تەيىن قىلىنىشىغا ئىشىنىمىز . پەقەت ئۇنى ئۇناتساقلا بەس .

— ۋە لېكىن ، — دېدى مەخسۇم ئاخىرىدا ئېچىلغان قىياپەتتە ، — بۇ تەدبىرىڭلار تولىمۇ ياخشى بوپتۇ ؛ يەنى مەسىلەن ، خان جانابلىرىغا داموللا شاغاۋۇل ۋە مەلىكە خانىملارنى ۋاستە قىلىشىڭلار ···

— بىزمۇ شۇنداق دەپ ئويلايمىز . ئەمدى ئۇمىد خۇدادىن ، نەتىجىمۇ ئارزۇيىمىزدەك بولغاي ···

— ئىنشائاللا .

— دېمەك ، مىرزا ئەنۋەرنى ئۇنىتىش ۋەزىپىسى ، ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ ، سىزگە قالدى ـ دە ، تەقسىر ؟ — دەپ سۇلتان ئەلى تەكرار سورىدى .

— خاتىرجەم بولۇشسىلا ، — دېدى مەخسۇم قانائەت بىلەن ، — ئەلۋەتتە نائىنساپنى كۆندۈرەرمىز !

شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ئەلى ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىنى ئەنۋەرگە بىلدۈرمەسلىكنى تەكىتلەپ ئورنىدىن تۇردى . مەخسۇمنىڭ ئەستايىدىل «تەييارلىقىمىز بار ئىدى» دەپ قاتتىق

تۇتۇشىغا قارشى ئۆزرە ئېيتىپ خوشلاشتى . مەخسۇم ئۆز ئۆيىگە كەلگەن ئادەملەرگە تولا ۋاقىتتا قىلمايدىغان ھەددىدىن تاشقىرى بىر تەكەللۇپ بىلەن ئۇنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى .

## 9 . قىيىداش ۋە ئويۇن

مەخسۇم كەلگۈسىنىڭ تاتلىق خىياللىرىغا چۆمۈلگەن ھالدا نامازدىگەر ئۈچۈن تەرەت ئېلىۋاتاتتى . تەرەتتە تەرتىپكە رىئايە قىلىش سۈننەت ، ئەمما مەخسۇم سۈننەتنى بۇزماقتا ، ھەتتا ئوقۇلىدىغان دۇئالارنىمۇ مالىماتاڭلاشتۇرۇۋەتمەكتە ئىدى . مەخسۇم شۇ تەرىقىدە تەرتىپسىز تەرەت ئېلىپ بولۇپ ئىچكىرىگە كىردى . نىگار ئايىم ئاشخانىدا مانتىلارنى قاسقانغا تىزىپ ، قازانغا قويماقتا . رەنا بولسا ، ئايۋاندا كىچىك ئۇكىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراتتى .

دادىسى يۆلەكتىن كۆرۈنۈشى بىلەن رەنا مەسئۇدنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە قوزۇقتىكى سەللە - پەرىجىنى ئېلىپ ، ئايۋاننىڭ دوقمۇشىغا كەلدى ، باللارمۇ دادىسىنىڭ ئالدىدا ئەدەپ ساقلاشتى .

— ئەنۋەر ئاكاڭ كەلمىدى ، سۇپا يالغۇز ، — دېدى مەخسۇم پەرىجە - سەللىسىنى كىيىۋېتىپ ، — نامازدىگەرگە بېرىپ كەلگىنىمگىچە سەن سۇپىغا چىقىپ تۇرغىنا ، رەنا .

— ماقۇل .

دادىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، رەنا ئۇكىسىنى كۆتۈرگەن ھالدا تاشقىرىغا ماڭدى . ئۇنىڭ كەينىدىن مەھمۇد ۋە مەنسۇرلارمۇ يۈگۈرۈشتى .

— رەناچا ، رەناچا ، — دەپ مەنسۇر يىغا ئارىلاش ئۆزىدىن چېپىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان مەھمۇدنىڭ ئۈستىدىن رەنا ئاچىسىغا ئەرز قىلدى . رەنا باغنىڭ سۇپىسىغا يېتىپ قالغانىدى . مەنسۇرنىڭ يىغا ئاۋازى تېخىمۇ كۈچىيىپ ، رىقابەت ئوتى تۇتىشىپ كەتكەندىن كېيىن ، رەنا توختاپ مەھمۇدنى كايىشقا مەجبۇر بولدى :

— مەھمۇد ، مەھمۇد ، ئەقلى يوق مەھمۇد !

مەھمۇد توختىدى ، ئەمما مەنسۇرنىڭ ئالدىغا ئۆتكەندى . مەنسۇر بۇ مەغلۇبىيەتكە چىدىيالماي ، تېرىكىپ يىغلاپ ، يەرگە ئولتۇرۇۋالدى ۋە جاھاننى بېشىغا كىيىپ داد ـ پەرياد كۆتۈردى . رەنا كېلىپ مەنسۇرنى تۇرغۇزدى ۋە كىيىمىدىكى توپىلارنى قاقتى .

— يىغلىما ، ئۇكام ، يىغلىما ، — دېدى ، — ھازىر دادىسى مەھمۇدنى دۇم ـ دۇم ! توختاپ تۇرغىنا ، سەن مەھمۇدنى ، داداڭ كەلگەندە ئېيتىمىسام !

مەنسۇر «رەناچا» سىنىڭ ھىمايىسىدىن كېيىن ئۇنىڭ يېتەكلىشىدە سۇپىغا قاراپ ماڭدى ، ئەمما مەھمۇد خېلى ئېزىلگەندى :

— دادام يېمە[1] قىلاتتى ؟— دەپ سورىدى ئۇ تۇرغان جايىدىن مىدىرلىماي .

— كەلسۇنچۇ ھازىر ··· ئۇ كۇنكى چىۋىقنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ؟ — مەھمۇد جاۋاب بېرەلمىدى . ئۇنىڭ كۆزىدە ئاچچىق ئارىلاش قورقۇش بار ئىدى . رەنا قۇچىقىدىكى كىچىك ئۇكىسى بىلەن سۇپىغا چىقىپ ئولتۇردى . مەنسۇر «رەناچا» سىنىڭ مۇرىسىگە يۆلىنىپ يول ئۇستىدە تۇرۇپ قالغان مەھمۇدقا غالىبانە بىر تۇردە زاڭلىق قىلىپ قارىدى . مەھمۇد بۇ ھالغا كۆپ چىداپ تۇرالمىدى . ئۆزىنىڭ يېڭىلىشىگە سەۋەبچى بولغان رەنادىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە :

— موللىتانىڭ[2] خوتۇنى ، موللىتانىڭ خوتۇنى ··· ھەي ، ھەي ، ھەي ، — دېدى .

رەنا كۇلۇپ :

— توختاپ تۇر ، توختاپ تۇر ، سەن ئەدەپسىز ، — دېدى ۋە مەھمۇدقا ھۇجۇم قىلىدىغاندەك قوزغىلىپ قويدى .

— بىلدىم ، بىلدىم : موللىتانىڭ خوتۇنى ، موللىتانىڭ

---

① يېمە — يېمە دېمەكچى .
② موللىتا — موللىكا دېمەكچى .

خوتۇنى ! — دېدى يەنە مەھمۇد ۋە ئىچكىرىگە قاراپ قاچتى .
رەنا كۈلۈمسىرەپ مەنسۇرغا قارىدى :
— شۇنداقمۇ ، مەن موللىتانىڭ خوتۇنىمۇ ـ ھە ؟ — دەپ سورىدى . مەنسۇر جاۋاب بېرىش ئورنىغا يۆلەككە قارىدى ۋە خۇشاللىقى ئىچىگە سىغمىغان ھالدا سۇپىنىڭ پەلەمپىيىگە قاراپ يۈگۈرگىنىچە ۋارقىرىدى :
— موللىتا ، موللىتا ، تەلدى ، تەلدى .
رەنامۇ يۆلەككە قاراپ قىزىرىپ كەتتى ۋە ئالدىغا چۈشۈپ قالايمىقان بولۇپ كەتكەن چېچىنى كەينىگە تاشلاپ ، ئۆزىنى تۈزەتتى . يۆلەكتە كۆرۈنگەن ياش يىگىت ( «موللىتا» ) سۇپا يولى بىلەن كېلىۋاتاتتى . قارا چىۋىق يوللۇق بەقەسەمدىن يېپەك تون كىيگەن ، قامەتلىك ئەنۋەر بىرىنچى قاراشتىلا كۆزگە ئوماق ۋە چىرايلىق كۆرۈنەتتى . ئۇ قارا سۇرمىلىك كۆزىنى رەنادىن ئۈزمىگەن ھالدا ، ئۆزىگە يۈگۈرۈپ كەلگەن مەنسۇرغا يول ئۈستىدە زوڭزىيىپ قۇچىقىنى ئاچتى ، مەنسۇرنىڭ مەڭزىدىن سۆيگەندىن كېيىن ، ئۇنى كۆتۈرۈپ سۇپىغا ماڭدى . ئەنۋەرنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك ، رەنامۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، سۇپىنىڭ پەلەمپىيىگە يېقىنلاشتى ۋە تەبەسسۇم ئارىلاش «ھارماڭ !» دېدى .
— ساق بولۇڭ !
ئەنۋەر سۇپىغا چىقىپ ، مەنسۇرنى يەرگە قويدى ، كەشىنى يېشىۋېتىپ رەنا تەرەپكە ئېڭىشىپ ، ئۆزىگە تەلپۈنۈپ تۇرغان مەسئۇدنىڭ مەڭزىدىن سۆيدى ۋە ئۇنى رەنادىن ئالدى . مەسئۇد ئەنۋەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ ، تەلپۈنۈپ گىڭشىلدىدى ۋە قىرقىراپ تېپىچەكلىدى . رەنا ئىككى قولىنى ئۇزىتىپ : «كەل ماڭا ، كەل» دېدى . مەسئۇد بۇرۇلۇپ ئەنۋەرنىڭ باغرىغا سىقىلدى ، كۈلۈشتى . ئەنۋەر بالىنى سۆيۈپ ئەركىلەتتى . رەنا مەسئۇدقا كايىدى : «سېنى ، توختاپ تۇر ، بۇجى بالا !» دېدى . ئەنۋەر بالىنى كۆتۈرگەن پېتى ئولتۇردى ، سول تىزىغا مەنسۇر چاپلاشتى ۋە ئۇنىڭ يېنىغا رەنا قوشۇلدى … شۇ تەرىقىدە ئىككى ئوتتۇرىدا

بىردەم مەسئۇدنى سۆيۈشتى . ئەنۋەر بالىنى رەناغا بەرگەندىن كېيىن ، سىماب رەڭلىك شايى سەللىسىنى ئېلىپ ياستۇققا تاشلىدى ۋە قاپقارا بولۇپ چىقىشقا باشلىغان بۇرۇتىنى ياغلىقى بىلەن تۈزەتتى . رەنا ئۇدۇلىدا ئۆرە تۇراتتى .
— تىنچلىقمۇ ؟
— تىنچسىز ، — دېدى كۈلۈپ رەنا .
— كۆڭۈلدىكىدەك ئىكەن بولمىسا ... هە ، ئېيتقاندەك ، — دېدى ئەنۋەر ئولتۇرغان سۇپىسىنى كۆرسىتىپ ، — بۈگۈن جاي چوڭ سېلىنىپتۇغۇ ؟
— مېھمان كېلەرمىش .
— يالغانچىلىقىڭنى قارا ، رەنا ، — دېدى ئەنۋەر كۈلۈمسىرەپ ، — قانداق مېھمان ؟
— مەن نەدىن بىلەي ، قانداق مېھمانلىقىنى ... پەتىگە كىشىلەر كېلەرمىش ، دەپ ئاڭلىدىم .
— پەتىسى نېمىسى ؟
— بىلمەيمەن ، نېمىسى .
ئەنۋەر ئويلىنىپ يەنە كۈلۈمسىرىدى :
— سېنىڭ پەتەيىڭ بولمىسۇن يەنە ؟
— مېنىڭ قانداق پەتەيىم بولسۇن : مەن تېخى تىرىكمەن .
— تەتۈرىگە بۇرىما ، رەنا ، بەلكى سېنى ئەرگە بېرىشمەكچىدۇر ؟
رەنا قىزىرىپ تۇردى - دە ، گەپنى يەنە كۈلكىگە ئايلاندۇردى :
— مېنى كىمگە بېرەر ؟
— سېنىمۇ ؟ — دېدى كۈلۈپ ئەنۋەر ، — سېنى خاندىن باشقا كىم ئالسۇن ؟
رەنا قولىدىكى ئۇكىسىغا قارىغان هالدا :
— سىز شۇنىڭغا مەسلىھەت بەرسىڭىز ... مەن قانداق قىلاي ! — دېدى ۋە مەنسۇرنى چاقىردى ، — تۇر ، مەنسۇر ، كېتىمىز .

رەنادا خاپا بولغانلىق كۆرۈنۈشى بار ئىدى، ئەنۋەر رەنادىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن ئەپسىزلىككە چۈشتى:
— رەنا، — دېدى ئۇ. رەنا پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ توختىدى، — راستىنى ئېيت، مېھمان كېلىشى ئېنىقمۇ؟
— مېھمان كېلىشى ئېنىق ھەم كەلدى، — دېدى رەنا جىددىي.
ئەنۋەر ئەجەبلەندى:
— مېھمان كەلدى؟
— كەلدى.
ئەنۋەر ئەتراپقا قارىدى:
— قېنى مېھمان؟
رەنا قولى بىلەن ئەنۋەرنىڭ ئۆزىنى كۆرسەتتى:
— ئەنە مېھمان.
— مەن مېھمانمۇ؟
رەنا جىددىي رەۋىشتە:
— ئەلۋەتتە، سىز بىزگە مېھمانسىز، — دېدى.
ئەنۋەر يەنە كۈلدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ كېيىنكى كۈلۈشىدە كۈچىنىش بار ئىدى:
— مەن سىلەرگە مېھمانمۇ؟
رەنا كۈلۈمسىرەپ يەر ئاستىدىن ئەنۋەرگە قارىدى ۋە قولىدىكى خەقىشلىنىشكە باشلىغان بالىنى بەزلەش ئۈچۈن تەۋرەندى.
— بىلمەيمەن...
رەنانىڭ يۈزىدىن بايىقى جىددىيەت يوقالغانىدەك ئىدى. ئەنۋەرمۇ مەنىلىك ئويۇننى تاشلاپ، چىن ئويۇنغا ئۆتتى:
— مېھمانىنىڭ قورسىقى ئاچ، رەنا، — دېدى، — ئەلۋەتتە، قەدىرلىك مېھمان ئۈچۈن تاتلىق تائامدىن پىشۇرغانسىلەر، دەپ ئويلايمەن. بۈگۈنكى غىزايىڭلارنىڭ ئىسمىنى ئىلتىپات قىلىپ ئېيتىپ بەرسەڭ.
— مېھمانىنىڭ ۋەزىپىسى، — دېدى رەنا جاۋابەن، —

ئىززىتى بىلەن ئولتۇرۇش ۋە ئالدىغا قويغان نەرسىنى ماختاپ ـ ماختاپ يېيىشتۇر ...

— راست ئېيتىسەن ، قۇشناچ ، — دېدى ئەنۋەر ، — لېكىن ، بۈگۈنكى مېهماندارچىلىقىڭلارمۇ تۈنۈگۈنكىدەك سۈيۈقئاش بىلەن بولسا ، ماختاپ قولۇڭغا ياندۇرۇپ بېرىشىممۇ ئېنىقتۇر .

رەنا بار ئاۋازى بىلەن كۈلۈۋەتتى :

— بۈگۈن قورۇما شورپىغا ، — دېدى رەنا كۈلكە ئىچىدە ، — قاتتىق نان چىلاپ يەيسىز ، توغرامچە ئورنىغا چامغۇر چاينايسىز .

— ئاپىرىن ، — دېدى ئەنۋەر ، — بۈگۈنكى مېهماندارچىلىقىڭلاردىن بەك مەمنۇن بولىدىغان ئوخشايمەن . ئەگەر مۇمكىن بولسا شۇنىمۇ بىلسەمكى ، بۈگۈنكى چامغۇر شورپىسى چوڭ قۇشناچىنىڭ قولىدىن قىلىنامدۇ ياكى كىچىك قۇشناچىنىڭكىدىنمۇ ؟

— مېهمان ئۈچۈن بۇنىڭ پەرقى يوق ...

— بىرئاز خاتالىشىسەن ، رەنا بانۇ ، — دېدى ئەنۋەر ، — چۈنكى قول بىلەن قولنىڭ چوڭ پەرقى بار .

— پەرقى بولسا ... بۈگۈن كىچىك قۇشناچىنىڭ قولىدىن قىلىنغان چامغۇر شورپىسى ئىچىسىز .

— ئۇنداق بولسا كەچۈرىسەن ، رەنا بانۇ ... ئەگەردە كىچىك قۇشناچىنىڭ قولىدىن قىلىنغاننى ئىچىدىغان بولساق ، ئۇ بىزنىڭ ئۈچۈن چامغۇر شورپىسى ئەمەس ، قۇش شورپىسىدۇر .

رەنا بۇنىڭغا قارشى نېمىنىدۇر ئېيتماقچى بولغانىدى ، تاشقىرىدىن كېلىۋاتقان ئاياغ ئاۋازىنى پەملىدى . ئەنۋەرگە بىر كۈلۈپ قارىدى ـ دە ، مەنسۇرنى يېتىلەپ ئىچكىرىگە يۈگۈردى .

## 10 . خەيرخاھ بىر ئادەم

رەنا ئىچكىرىگە قايرىلماستىن باغقا مەخسۇم كىردى ۋە تاشقىرىغا قاراپ چاقىردى :

— مەرھەمەت ، شاھىد بەگ ، مەرھەمەت !

رەنا ئىچكىرىگە كىرىشى بىلەن داموللىنىڭ كەينىدىن ھاسىراپ - ھۆمۈدىگەن ، ئەللىك ياشلار چامىسىدا بار ، سېمىز بىر كىشى كۆرۈندى ، كۆك سەللىسى پېشانىسىنىڭ ئۈستى بىلەن ئورىلىپ ئۆسۈك قېشى قاپىقىغا يەتكەن بۇ بەگنىڭ بېلىدىكى كۈمۈش كەمىرى تولىمۇ يوغىناپ كەتكەن قورسىقىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلاتتى .

ئىشىك تۈۋىدە شاھىد بەگ بىلەن مەخسۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدا «چۈشىنىلمەسلىك» يۈز بەردى :

— سىلى ماڭسىلا !

— سىلى ماڭسىلا !

— مەن رازى .

— ئەدەپسىزلىك بولىدۇ - دە ، قىخررر ...

ئوشۇقچە تەكەللۇپنى شاھىد بەگنىڭ ئۆزى كۆتۈرسىمۇ ، گۆشى كۆتۈرەلمەيتتى . تەكەللۇپ قىلىپ تۇرسا ، بارغانسېرى ئۆزىگە ھۇزۇرسىزلىق ئاشاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇمنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى ۋە يول ئۈستىدە :

— مىرزا ئەنۋەرمۇ كەلگەنىكەن ، قىخررر . . . — دەپ قويدى .

ئەنۋەر ئۇلارنى قارشى ئالدى . سۇپىغا چىقىشتى . شاھىد بەگ ئەنۋەر بىلەن ھاسىرىغان ھالدا كۆرۈشۈپ ، جاي كۆرسىتىلمەستىنلا سۇپىنىڭ تۆرىگە ئۆزىنى تاشلىدى ، چۈنكى پەلەمپەيدىن چىقىشتا خېلى ئېزىلگەن ، تەكەللۇپقا تاقىتى قالمىغانىدى ، دۈئادىن كېيىن ئولتۇرغان يېرىدە تاش تونىنى يەشتى ، بېلىدىن كەمىرىنى ئېلىپ يېنىغا قويدى ، سەللىسىنى چىقىرىپ ياستۇقنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى ۋە ياغلىقى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى ئېرتىپ ، ئۆزىنى يەلپۈدى :

— ياخشى ، سالامەتمۇ سىز مىرزا ، قىخررر ؟

— شۈكۈر ، ئۆزلىرىدىن سورىساق ؟

— ئەلھەمدۇلىللا !

ئاندىن مەخسۇم ئەنۋەردىن ھال سورىدى :

— بىرئاز كېچىكتىڭغۇ ، ئەنۋەر ؟

— زۆرۈررەك ئىشلار بار ئىدى .

— سەرمۇنشى قازا قىلىپ ، — دېدى شاھىد بەگ ، — ھەممە ئېغىرلىق سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە چۈشكەن بولسا كېرەك ، مىرزا ، قىخررر ؟

— شۇنداق ، — دېدى ئەنۋەر ، — لېكىن بەزى ۋاقىتتا ۋىلايەتلەرگە ئالدىراش ئەۋەتىلىدىغان خەت ۋە پەرمانلار چىقىپ قالىدۇ . شۇنداق چاغلاردا ھەتتا قونۇپ ئىشلەشكىمۇ توغرا كېلىدۇ .

شاھىد بەگ يىڭنۋاشتىن پېشانىسىگە يىغىلىپ قالغان تەرلىرىنى ئېرتتى :

— ئىلاج يوق ، ئىلاج يوق ...

ئەنۋەر يەر تېگىدىن مەخسۇمغا كۆز قىرىنى تاشلىغاندىن كېيىن ، ئورنىدىن تۇرۇپ تونىنى يەشتى ، ئۇ پەلەمپەيگە بېرىپ كەشىنى كىيىشكە باشلىغاندى ، مەخسۇم بۇيرۇدى :

— ئىچكىرىگە كىرىپ خەۋەر ئالغىن ، غىزا تەييار بولغان بولسا ، ئېلىپ چىقساڭمۇ بولىدۇ .

— خوپ .

ئەنۋەر ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرغان شاھىد بەگ مەخسۇمغا قارىدى :

— مىرزىنىڭ تەربىيىلىرىگە كەلگىنىگە كۆپ بولغاندۇ ؟

— ئون تۆت يىل بولۇپ قالدى .

— ئۆز پەرزەنتلىرىدەك بولۇپ قاپتۇ ـ دە ؟

— ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل .

— قىزلىرىمۇ چوڭ بولۇپ قالغان بولسا كېرەك ؟

— ئىنشائاللا .

— خۇدا ياش بەرسۇن ، — دېدى شاھىد بەگ ، — مىرزىنى ئۆزلىرىگە كۈيئوغۇل قىلسىلىمۇ بولىدىكەن ، قىخررر ...

— بۇنداق ئۇيمىزمۇ يوق ئەمەس ، — دېدى مەخسۇم ، — بالىنى ياشلىقىدىن پەرزەنتىمىزدەك پەرۋىش قىلغاندىن كېيىن ، ئەمدى ئۆزىمىزگە كۈيئوغۇل بولسۇن دەپ ، قىزىمىزنى سورىغان نۇرغۇن ئالىي نەسەب ئائىلىلەرگىمۇ بەرمەي كېلىۋاتىمىز .

— بارىكاللا ، — دېدى شاھىد بەگ ، — ئەسلىي ئىنساپ شۇ ـ دە ... ئىككىنچىدىن كۈيئوغۇللۇق ئۈچۈن نەسەبتىن ئىلگىرى ئىلىم ۋە ئەدەپ ، ياخشى پەزىلەتلەر لازىم بولۇپ ، بۇمۇ ئۆزلىرىدىن مەخپىي ئەمەس ، قىخررر ...

— ھەببە ، — دېدى مەخسۇم كۆزىنى قىسىپ ، — بىزمۇ شۇ تەرەپلىرىنى ئويلىدۇق .

شاھىد بەگ مەخسۇمنىڭ مەھەللىلىكلىرىدىن بولۇپ ، خۇدايارخاننىڭ زاكاتچىلىرىدىن بىرى . بۇنىڭدىن ئىلگىرى شاھىد بەگنىڭ مەخسۇم بىلەن ئانچە يېقىنچىلىقى يوق ۋە ھەتتا ئۆتكەن يىللاردا مەھەللە ئادەملىرىدىن بەزىلىرىنى مەخسۇمنىڭ ئىماملىقىغا قارشى قوزغىتىپ يۈرگەنىدى . داموللا بىلەن دوستلىشىش تارىخى بولسا ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بېرىلا باشلاندى . چۈنكى ، مۇشۇ كۈنلەردە ئەنۋەرنىڭ سەرمۇنشى بولۇش ئېھتىمالى شەھەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىرى ئوتتۇرىسىدا سۆزلىنىپ قالدى . شۇ ئېھتىمال نەتىجىسىدە مەخسۇمنىڭ دوست ۋە دۈشمەنلىرى ئويلاشقا مەجبۇر بولۇشتى . جۈملىدىن بىزنىڭ شاھىد بەگ زاكاتچىمىزمۇ ، مۇشۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ئارىسىدا بىر چارەككە يېقىن گۆشنى يوقىتىپ قويدى . چۈنكى ، زاكاتچىلار قىسمەن باش مۇنشىنىڭ قول ئاستىدىكى مالىيە بەگلىرى ھېسابلىنىدۇ . ئەگەردە شاھىد بەگ مەخسۇم بىلەن ئالاقىسىنى تۈزەتمەي تۇرۇپ ، ئەنۋەر سەرمۇنشىلىققا تەيىنلىنىپ قالسا ، بىرەر «پاجىئە» بولۇش ئېھتىمالى بار ئىدى . شاھىد بەگنىڭ خىيالىچە ، گويا مەخسۇم ئەنۋەرگە :«پالان بەگ پالان ۋاقتىدا ماڭا بۇنداق ئاداۋەت قىلغانىدى ، ئەمدى پۇرسەت كەلگەندە سەن ئۇنى زاكاتچىلىقتىن ئېلىۋەت !» دەپ بۇيرۇيتتى ۋە ئەنۋەرمۇ ئۇستازىنىڭ سۆزىنى يەردە قالدۇرماي ، سەرمۇنشى بولغان

كۆنلا شاھىد بەگنى خىزمىتىدىن بوشاتقۇزاتتى ...
شاھىد بەگ ئەنۋەرنىڭ سەرمۇنشى بولۇشىنى ئەلۋەتتە خالىمايتتى . ئەمما ، ئەنۋەرگە قارشى بىر ئىش قىلىش كۆچىگىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى . گەرچە ھازىر ئەنۋەرنىڭ سەرمۇنشىلىققا بەلگىلىنىشى بىر ئېھتىمال بولسىمۇ ، شاھىد بەگ ھەر ئېھتىمالغا قارشى چارە كۆرۈپ قويماقچىدى ، بۇنىڭدىن ئۈچ - تۆت كۈن ئىلگىرى مەخسۇمغا يېقىنلىشىش نىيىتىدە ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇدى (ئىلگىرى مەخسۇمنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇمايتتى ! ) ، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ھالقىغا كىرىپ مەخسۇمنىڭ تىلاۋىتىگە قاتناشتى ، ئەتىسىگە بامدات نامىزىدىن كېيىن مەخسۇمغا سالام بەردى ۋە ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ : «ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدۇم ، ھەرھالدا سەرمۇنشىنىڭ ئۆز ئادەملىرىمىزدىن بولغىنى ياخشى ؛ بۇ توغرىدا ئوردىلىق ئاغىنىلەرگە ئىلتىماسمۇ قىلىپ قويدۇم» دېدى . مەخسۇم ئۆز ئىشىدا قانچىلىك پىششىق بولسىمۇ ، دوست بىلەن دۈشمەننى ئاجرىتالمايتتى ، يەنە توغرىسى — نەچچە يىللىق ئاداۋەتلەرنى ئىككى ئېغىز تاتلىق سۆز ياكى بەش پۇللۇق مەنپەئەت بەدىلىگە ئۇنتۇپ قالاتتى ، بۇنىڭدىمۇ شۇنداق بولدى : «خوتۇن تالاق شەيتانغا ھاي بېرىپ ئاداۋەتنى تاشلاپتۇ ، ئەنۋەرنىڭ سەرمۇنشى بولۇشىغا خۇشاللىنىپتۇ ، شەيتىنى چوڭ بولسىمۇ ئىنساپى كەم ئەمەس ئىكەن » دەپ شاھىد بەگكە دوستانە مۇئامىلە قىلدى ۋە ئەنۋەرنىڭ ئىشى توغرىسىدا بىلگەنلىرىنى سۆزلىدى ، ھازىر نامازدىگەرگە چىققاندا يەنە شاھىد بەگ بىلەن ئۇچرىشىپ سۆزلەشتى ۋە ئەنۋەر «ئەخمەق» نىڭ بۇ ئىشقا نارازىلىقىدىن شىكايەت قىلدى . شاھىد بەگ بىرئاز ئويلىغاندىن كېيىن : «مەن ئۆزۈم مىرزا ئەنۋەر بىلەن بىر سۆزلىشەي بولمىسا ...» دېدى . چۈنكى ، ئەگەردە ئەنۋەر باش مۇنشى بولۇپ قالسا ۋە بۇنىڭدا ئۆزىنىڭمۇ قاتنىشى بولسا ، ئەلۋەتتە ... شۇ خىيالدا شاھىد بەگنىڭ كۆزى ئالىقانچە يەرلەرنى كۆرۈۋالدى .

— مىرزىنىڭ ئۆيدە بولۇش ۋاقتىنى ئېيتسىلا ، ئۆزۈم يېنىغا كىرەر ئىدىم ، — دېدى شاھىد بەگ .

ئەنۋەر : «يوق گەپ ، ئانچىكى بولمىغۇر گەپ» دەپ مەخسۇمنىڭ بۇ توغرىسىدىكى سوئاللىرىغا ئەھمىيەتسىزلا قىلىپ جاۋاب بېرەتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇمنى ھازىرغىچە مەسىلىگە ئىشەنچسىز قاراپ كېلىۋاتاتتى . قارايدىغان بولسا بۇ گەپ پۈتۈن قوقان خەلقى ئاغزىدا سۆزلىنىپ قالدى ۋە بۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان ئەلى مىرزا مەخسۇمدىن جىددىي ئىلتىماسمۇ قىلىپ كەتتى . مۇشۇ سەۋەبلەرگە بىنائەن مەخسۇمنىڭ كۆز ئالدىدا ، ئەنۋەرنى ئۈنىتىش مەسىلىسى جىددىيلەشكەن ۋە شاھىد بەگنىڭ ھېلىقى سۆزىدىن كېيىن ئۆز يېنىغا ياردەمچىلەر ، مەسلىھەتچىلەر ئىلىش لازىملىقىنىمۇ ھېس قىلغانىدى . شۇ خىيال بىلەن شاھىد بەگنىڭ ھېلىقى تەكلىپىنى چىن كۆڭلىدىن قوبۇل قىلدى :

— ھەببە ··· ئېھتىمال ئەنۋەر ئۆيگە كەلگەن بولسا كېرەك ؛ لازىم تاپسىلا مەن بىلەن بىللە مەرھەمەت قىلسىلا ، — دېدى .

## 11 . مەخسۇمنىڭ تەھدىتى

ئەنۋەر ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىپ ، ئىككى لېگەندە مانتا ئاچىقىپ قويدى ، ئۈچ كىشى ئولتۇرۇپ ، مانتا يېيىشكە كىرىشتى . غىزا داۋامىدا شاھىد بەگ ئاستا - ئاستا مەقسەتكە يېقىنلىشىپ كەلدى :

— خەلق ئاغزىدا گۇر - گۇر گەپ ، — دېدى مانتا چايناپ ، — گويا سىز مەرھۇم سەرمۇنشىنىڭ ئورنىغا تەيىن قىلىنارمىشسىز ، دەپ ··· بۇ ھەقىقەت گەپمۇ ياكى قۇرۇق گەپمۇ ، ياخشى بىلەلمىدۇق . بۇ سۆزنىڭ ھەقىقەتىنى ھازىر ئۆزىڭىزدىن ئاڭلايمىزغۇ ۋە لېكىن سىزگە خەيرخاھ بولغان بۇ تەقسىرىم ۋە مەندەك ئادەملەرنى بۇ خەۋەر تولىمۇ خۇشال قىلدى ، قىخىرىر ··· ھەقىقەتەنمۇ بۇ مەرتىۋىگە تولىمۇ لاياقىتىڭىز بار ئىكەنلىكىنى ئوردا

ئەربابلىرىدىنمۇ ئاڭلايمىز ...

شاھىد بەگ سۆزنى شۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ مەخسۇمغا قارىدى . مەخسۇم ساقىلىدىكى خېمىر پارچىسىنى ئېلىپ ، مېھماننى لىگەنگە تەكلىپ قىلدى .

— تۈنۈگۈن ۋە ئۈلۈشكۈنلىرى ، — دېدى مەخسۇم لىگەندىن ئالغان مانتىسىنى قولىدا تۇتقان پېتى ، — بۇ خەۋەرلەرگە مەنمۇ ئىشەنمىگەندىم . ئەمما ، بۈگۈنكى داۋراڭ مېنىمۇ ئەجەبلەندۈرۈپ قويدى . دەرۋەقە ئەنۋەر سەرمۇنشىلىقتا تەيىن قىلىنسا ، بۇنىڭ نېمە غارايىپلىقى بار ؟ ئەلھەمدۇلىللا پەزىلەتلىرى يېتەرلىك ، ئەقلى تولۇق ۋە قابىلىيىتى ئۈستۈن ، يەنە شۇنىڭدەك ...

ئەنۋەر قولىنى لىگەنگە ئۇزىتىۋېتىپ ، كۈلۈمسىرەپ قويدى . شاھىد بەگ كەچقۇرۇنقى ئىسسىق ۋە مانتىنىڭ ھارارىتى تەسىرىدە يەنە ئوبدان تەرلىگەنىدى ، قولياغلىقى بىلەن پېشانە ۋە بويۇن تەرلىرىنى ئېرتىۋېتىپ ، ئەنۋەرگە قارىدى :

— خوش ، مىرزا ئەنۋەر ؟

— شۇنداق گەپلەر بار ، — دېدى ئەنۋەر مەخسۇمغا كۆز قىرىنى تاشلاپ ، — ئەمما بۇ گەپلەر مېنىڭ خاھىشىم ۋە رىغبىتىمدىن تاشقىرى بولماقتا . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ گەپ - سۆزلەرگە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ .

شاھىد بەگ مەخسۇم بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋېلىپ ، ئەنۋەردىن :

— دېمەك سىز سەرمۇنشىلىقنى خالىمامسىز ؟ — دەپ سورىدى .

— ئەلۋەتتە .

— سەۋەب ؟

— سەۋەبى شۇكى ، — دېدى ئەنۋەر كۆزىنى داستىخاننىڭ ئالىلىقانداق بىر نۇقتىسىغا تىككەن ھالدا ، — مەن بۇنىڭدەك مەسئۇلىيەتلىك ، بولۇپمۇ تەنتەنىلىك ۋەزىپىلەرگە ھەۋەسكار ئەمەسمەن .

— ئەلۋەتتە ، شۇنداققۇ ، — دېدى شاھىد بەگ ،— ئەمما كىشى ، خۇسۇسەن سىزگە ئوخشاش يىگىتلەر ھەممىشە بىر جايدا تۇرۇپ قېلىشمايدۇ . تەجرىبە ، قابىلىيەتلىرى ئۆسكەنسېرى ، يۇقىرىراق مەرتىۋىلەرگە چىقىپ تۇرىدۇ . شۇنىڭدەك سىزنىمۇ يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرمەكچى ئوخشايدۇكى ، قىخررر ··· بۇنى سىزنىڭ ھەۋەسكارلىقىڭىز ئەمەس ، پەزىلەتلىرىڭىز تەقەززا قىلىدۇ ، بۇنىڭدا سىز ئاساسەن ھەرقانچە قارشى بولسىڭىزمۇ ، قىخررر ··· لاياقىتىڭىز يەنە سىزنى بۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ !

— مېنىڭدە كىشىلەر مۇبالىغە قىلىۋەتكەنچىلىك دەرىجىدە قابىلىيەت يوق ! — دېدى ئەنۋەر بېشىنى كۆتۈرمىگەن ھالدا ،— ئۇنىڭدىن كېيىن ئوردىغا تۇنۇگۇنلا بارغان ماڭا ئوخشاش ياشلارنىڭ «باش مىرزا بولىمەن» دەپ ئۈمىدلىنىشلىرىنىڭ ئۆزى بىر كۈلكىلىكتۇر . يەنى دېمەكچىمەنكى ، بۇ ۋەزىپە تەمەسىدە ئون ـ يىگىرمە ۋە بەلكى ئوتتۇز يىللاپ كۆزىنى تۆت قىلىپ كەلگەن مۇنشىلار ، مۇپتى ۋە شائىرلار بار . ئۇلارنىڭ يېنىدا ماڭا ئوخشاش بىر ياش ، تەجرىبىسىزنىڭمۇ تەمەلىنىشى كۈلكىلىك ئەمەسمۇ ؟ بولۇپمۇ ، ئوردىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ۋە تەجرىبىلەرنى ئۆز كۆزىدىن ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ بۇ سۆزلەرگە راست دەپ ئىشەنگىنىگە ئەجەبلىنىمەن ···

شاھىد بەگ قولىنى ئېرتىۋېتىپ كۈلدى :

— مۇشۇ ئىشەنچسىزلىكىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ بىر بالىلىق !

— بالىلىق ، بالىلىق ! — دەپ قويدى مەخسۇم .

مانتا يېيىلىپ بولدى ، مەخسۇم لېگەنلەرنىڭ تېگىنى ئىچىپ يالىدى . دۇئادىن كېيىن لېگەن ۋە داستىخانلارنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كىرمەكچى بولغان ئەنۋەرنى شاھىد بەگ توختاتتى :

— لېگەنلەرنى قويۇپ تۇرۇڭا ، مىرزا ، ئاۋۋال ھېلىقى مەسىلىنى يېشەيلى !

ئەنۋەر قولىدىكى داستىخان ۋە لېگەنلەرنى سۇپىنىڭ لېۋىگە

قويۇپ ئولتۇردى . مەخسۇم قاتتىق كېكىرىپ ، ئۇستىدىن «ئەلھەمدۇلىللا» مۇ دەۋالدى .
— خوش ، مىرزا ئەنۋەر ؟
— گەپ ھېلىقىدەك ، بەگ ئاكا ، — دېدى ئەنۋەر ، — بۇ مەسىلە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ .
شاھىد بەگ مەخسۇمغا قارىدى ، مەخسۇم ئەنۋەرنى سىلكىدى :
— ئەرزىمدۇ ، ئەرزىمەمدۇ ، سەن گەپكە قۇلاق سالغىن ـ دە ، ئەنۋەر بالام !
— خوپ ، مەرھەمەت قىلسىلا .
— ئاڭلىشىمىزغا قارىغاندا ، — دېدى قولىنى ئوينىتىپ شاھىد بەگ ، — جانابقا سۇنۇلغانلار ئارىسىدا سىزنىڭمۇ نامزاتىڭىز بار ئىكەن !
ئەنۋەر كۈلۈمسىرىدى :
— بار دەپ ئاڭلىدىم .
— ئوردىدىكى ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا ، يارلىق سىزنىڭ ئېتىڭىزغا بولارمىش .
— «بولدى» بىلەن «بولارمىش» ئارىسىدا چوڭ پەرق بار .
— خوپ ، — دېدى ئۆزىنى يەلپۈپ شاھىد بەگ ، — بىز بۇ ئىككىسىنى بىر ياققا قايرىپ قويايلى ـ دە ، ئىككى ئارىدىن «ئەگەردە بولسا» پېئىلنى ئالايلى ، ھى ھى ھى ھى ... ئەگەردە يارلىق سىزنىڭ نامىڭىزغا بولۇپ قالسا ، سىز شۇ چاغدا قانداق قىلىسىز ؟
ئەنۋەر كۈلۈپ مەخسۇمغا كۆز قىرىنى تاشلىدى .
— سىز بۇ «ئەگەردە بولسا» غىمۇ ئىشەنمەڭ ، بەگ ئاكا !
مەخسۇم ھومىيىپ ئەنۋەرگە قاراپ قويدى . شاھىد بەگ يەنە سورىدى :
— سىز شۇ ئېھتىمالغا قارشى جاۋاب بېرىڭ ـ دە ، قىخررر !
— مەن ئىستېپا ۋە ئۆزرە ئەرزى بېرىۋەتتىم .
— ھاماقەت ، — دېدى مەخسۇم ۋە تەتۈر قارىۋالدى .

شاھىد بەگ ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى چايقىدى :
— بۇ سۆزىڭىز بىلەن بايىقى گېپىڭىزگە قارشى چىقتىڭىز . بايا «مېنىڭدىن باشقا بولىدىغانلارمۇ بار ، مەن بۇ ئىشقا ئۆمىدلەنمىسەممۇ بولىدۇ» دېگەندەك قىلىۋىدىڭىز ، ھازىر بولسا باشقا گەپ قىلىۋاتىسىز ، قىخررر .
— كۆپرانى نېمەت ، نان تەپكۈلۈك ، — دېدى مەخسۇم .
ئەنۋەر يەنە كۈلۈمسىرىدى ، ئەمما جىددىي تۈس ئالغانىدى :
— ياخشى ، كىشىلەر ئويلىغاندەك ، مېنىڭ مىرزا بېشىلىققا قابىلىيەت ۋە لاياقىتىممۇ بولسۇن ، ئەگەر يارلىق بېرىلسە ، بۇ ۋەزىپىنى قوبۇلمۇ قىلاي ، ئەمما ئاۋۇ يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىلدىن بېرى شۇ مەنسەپنىڭ قايغۇسىدا كەلگەن ئادەملەر جىم ياتىدۇ ، دەپ ئويلامسىلەر ، دائىم چارپۇتلىمايدۇ ، دەپ ئىشىنەمسىلەر؟ مانا مۇشۇ ئەندىشىدە ، تۆۋەن ۋە ئەھمىيەتسىز بولسىمۇ ، ھازىرقى خىزمىتىمنى ئەلا كۆرىمەن ۋە شۇ ئوي بىلەن ، تەقسىرىم ئېيتقاندەك ، كۆپرانى نېمەت قىلماقچى بولىمەن .
شاھىد بەگ مەخسۇمغا قارىدى ، مەخسۇم ئەنۋەرگە قارشى چىقتى :
— سەن ئۆز ئىشىڭنى بىلىپ قىلساڭ ، ۋەزىپەڭدە سۇسلۇق كۆرسەتمىسەڭ ، — دېدى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ، — ساڭا پۈتۈن ئالەم دۈشمەن بولغاندىمۇ بىر تال مويۇڭنى ئېگەلمەيدۇ . چۈنكى ھەق ھەممىشەم غالىب ، ھەقسىزلىك بولسا مەغلۇپ ، تۆھمەت ۋە بوھتان خەۋپىدە مەرىكىدىن يۈز ئۆرۈش — يىگىتلەرنىڭ ئىشى ئەمەس . يەنى مانا مۇشۇنىڭ مىسالى تۈركىيىدىمۇ بار : «قۇشقاچتىن قورقۇپ ، تېرىق تېرىمىغان» دەپ ، قورقۇنچاق ئادەملەرنى زاڭلىق قىلىشىدۇ . شۇنىڭغا ئوخشاش سەنمۇ قۇشقاچتىن قورقۇپ ، تېرىق تېرىمىغۇچىلار خىلىدىن بولساڭ ... مەن خاتالىشىپ يۈرگەنىكەنمەن ـ دە ، بالام !
— ھەقىقەت ! ... — دەپ كۈلدى ئەنۋەر ۋە بىرئاز ئويلىنىپ توختالدى ، — ھەقنىڭ ھەقسىزلىككە غالىب ئىكەنلىكىنى ئېغىزدا

ئاڭلىسامىمۇ ، مۇشۇ چاغقىچە ئەمەلدە كۆرەلمىدىم . مەسىلەن ، مېنىڭدىنمۇ ئۆزۈڭلارغا روشەنرەك مەلۇمكى ، مىرزىلاردىن سەيىدخان ، موللا سىدىق ۋە مۆمىنجانلارنىڭ بېشىغا قانداق پالاكەتلەرنى سېلىشمىدى . ھالبۇكى ، ھەقىقەتتە ئۇلار خان ئويلىغاندەك خىيانەتچى ئادەملەر ئەمەس ، پەقەت بۇ ئۇچىگە بىرنەچچە ئاداۋەتلىك مىرزىلار تۆھمەت ۋە بوھتان توقۇغانىدى[1] . ئۆزۈم بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئوردىدا ئىشلەپ ، ئاشۇنداق ئۆزئارا پىتنە - پاساتلارنى ھەر كۈنى ئۇچراتماقتىمەن . شۇنىڭ ئۈچۈن بولغانغان بىر مۇھىتتا بۇنداق تالاشتىكى ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىشتىن ھەزەر قىلىمەن .

— سېنىڭ مىسالىڭ ، — دېدى مەخسۇم بىرئاز كۈچەنگەن ھالدا ، — كەم بولىدىغان ئىشلاردىندۇ ... ئەگەر شۇنداق ھادىسىلەرنى ئويلاپ تۇرساڭ ، ئوردىدا ئەمەس ، ھەتتا كوچىدىمۇ يۈرۈشۈڭ مۇمكىن ئەمەس ، بەختىڭ بۇنچىلىك كۈلگەنىكەن ، قورقۇنچاقلىق بىلەن دۆلەت قۇشىنى قولدىن ئۇچۇرۇش كۈپرانى نېمەت ، بالام !

— ھە ، تەقسىر ، — دېدى شاھىد بەگ ، — خۇددى ھېكمەتنىڭ ئۆزىنى سۆزلەيسىز ، ... ئۇكام مىرزا ئەنۋەر ،بەخت دېگەن نېمە يىگىتكە پۈتۈن ئۆمرىدە پەقەت بىر قېتىم قارايدۇ ، قىخررر ؛ ئەگەر شۇنىڭدا چىڭ تۇتۇپ قالسىڭىز ياخشى ، بولمىسا ھەمىشەم ئاتنىڭ كەينى پۈتى بولۇپ قالىۋېرىسىز - دە .

— تىلەك ۋە تەشۋىقاتىڭلار خالىسانە بولغانلىقى ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىمەن ، — دېدى ئەنۋەر ، — يەنە شۇ ھالدا مېنى ئۆزرىلىك ھېسابلاڭلار ...

مەخسۇم يەنە تېرىكتى ، ئوڭ كۆزىنى قىسىپ ، ئەنۋەرگە بىر يېنىدىن قارىدى . چۈنكى ، ئۇ ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ كەتكەن چاغلاردا كىشىگە شۇنداق قارايتتى .

---

[1] 340 - بەتتىكى بەيسلىي ئىزاھاتقا قاراڭ .

— مەن كىم ، ئەنۋەر ! ؟
— سىز ··· سىز ئۇستازىم ···
— ئۇنداق بولسا ، ئۇستازىڭنىڭ ، — دېدى مەخسۇم ، — مۇشۇ كۈنگىچە قايسى تەلىمىدىن زىيان ۋە قايسى مەسلىھىتىدىن زايەلىك تارتتىڭ ؟
— پايدىدىن باشقا ھېچ ! لېكىن ، ئۆز ئۆمرۈمدە بىر كاجلىق قىلماقچىمەن .
مەخسۇم يەنە تېرىكىپ ، بىر - ئىككى تامشىدى :
— باشقا نەرسىگە كاجلىق قىلساڭ قىل ، لېكىن بۇنىڭغا قىلىشىڭ ھاماقەتلىكىنىڭ ئۆزى ! — دېدى قولىنى شىلتىپ ، — ئەگەر مەن ساڭا ئۇستاز ۋە ئاتا بولسام ، بۇ ئىشقا قۇلاق سالما ، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل ، ماقۇلمۇ ؟ !
ئەنۋەر ئۇنچىقمىدى ، چۈنكى مەخسۇم كېيىنكى جۈملە بىلەن مەلۇم بىر تەھدىتكىچە بېرىپ يەتكەنىدى .
— تېرىكمەڭ ، تېرىكمەڭ ، — دېدى شاھىد بەگ ، — مىرزا ئەنۋەر سىز ئويلىغان يىگىتلەردىن ئەمەس . ئەلۋەتتە ، مىرزا ئەنۋەر ئېيتقاندەك ، قىخرىرر ··· ئوردىدا شۇنداق ئىشلارمۇ يوق ئەمەس ۋە لېكىن مەن تەكشۈرۈپ باقسام ، قىخرىرر ، شۇنى ئېيتىپ قويايكى ، ئوردىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسى مىرزا ئەنۋەرگە ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ . چۈمۈلىنىڭ جېنىنى ئاغرىتمىغان ئادەمگە كىممۇ ئاداۋەت قىلسۇن ، قىخرىرر ···
— ھەببە ! — دېدى مەخسۇم ، — ئەمدى نېمە قالدى ، ئارىدا بالىلىق خەۋپىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ··· ئېيىغا قىرىق تىللا مائاش ، تۆرلۈك - تۆرلۈك شاھانە ھەدىيىــــــلەر ، يەنە ئەلدىن كۆرۈلىدىغان ئابرۇي - ھۆرمەت ، ھەي ، ھەي ، ھەي ···
مەخسۇمنىڭ كېيىنكى جۈملىسى ئەنۋەرنى كۈلۈمسىرەتتى ، ئۇ كۈچىنىپ جىددىيىتىنى ساقلىغان ھالدا :
— ھازىرچە مېنى باش مۇنشى قىلىپ يارلىق بېرىشكىنى

يوق ، — دېدى ، — شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ توغرىدا سۆزلىشىش مېنىڭچە بولسا تېخى بالدۇرراق كۆرۈنىدۇ .

— مەنمۇ بۇنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن ، بالام ئەنۋەر ، — دېدى مەخسۇم مۇلايىملىشىپ ، — ئەگەردە بۇ مەرتىۋىنى خۇدايىتائالا ساڭا نېسىپ قىلسا ، ھېلىقىدەك بالىلىق ئەقلىڭ بىلەن نوۋۇت قىلىپ قويمىغىن ، دەپ سۆزلەۋاتىمەن . ئاڭلىشىمغا قارىغاندا ، جانابقا بىر ئەرز يېزىپ ، ئۆزرەڭنى بايان قىلماقچىمىشسەن ...

— كىم ئېيتتى ؟

— كىم ئېيتقىنىنى قويۇۋەر . ئەمما ، بايىقى ھەرىكەتلىرىڭ بۇ ئىشتىنمۇ قايتماسلىقىڭغا بىزنى ئىشەندۇرىدۇ . زادى مۇشۇ خەۋەر راستمۇ ؟

— سىزگە ئېيتقان كىشى بەلكىم بىلىپ سۆزلىگەندۇر ... ئەگەردە سىز بۇ پىكرىمنى ماقۇل كۆرمىسىڭىز ... ئەلۋەتتە ...

— ھەببە ، — دېدى مەخسۇم پۇتۇنلەي ئېچىلغان قىياپەتتە ، — بالىلىق لازىم ئەمەس ، قورقۇنچاقلىق تولا ئاجىز سۈپەت : «ئېسىلساڭمۇ ئېگىز دارغا ئېسىل» دېگەن ماقال تولا داڭلىق ھېكمەت سۆزدۇر .

مەخسۇم شۇ گەپنى ئېيتىۋېتىپ قانائەتلەنگەن ۋە مەغرۇر ھالدا شاھىد بەگكە قاراپ قويدى . چۈنكى ، ئۇ بۇ مەغرۇرلۇققا ئىككى جەھەتتىن ھەقلىق ئىدى : «ئەگەردە سىز ماقۇل كۆرمىسىڭىز ... » دەپ ئەنۋەر ئۆز رازىلىق بەلگىسىنى مەخسۇمنىڭ شەخسىيىتى بىلەن بىلدۈردى ۋە شۇ جۈملە بىلەن ئۇستازىدىن باشقىلارنىڭ ئۆز رايىغا قارشى كېلەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى .

ھۇزۇرلىنىپ يېيىلگەن مانتا ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ جىق سۆزلەش نەتىجىسىدە شاھىد بەگ ھېرىپ ياستۇققا يۆلىنىپ قالغانىدى ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى ئوتتۇرىدىكى چۈشىنىشنى يانپاشلاپ ياتقان پېتى تەبرىكلىدى :

— بارىكاللا ، مىرزا ، گەپ شۇنداق بولسۇن ، قىخىررر ...

بىر ـ ئىككى پىيالە چاي ئىچىشكەندىن كېيىن ، مەخسۇم بىلەن شاھىد بەگ دۇئا قىلىپ نامازشامغا قوزغىلىشتى ، ئەنۋەر شاھىد بەگنى ئوتتۇرا ئىشىككىچە ئۇزىتىپ باردى . شاھىد بەگ ئەنۋەر بىلەن خوشلىشىۋېتىپ :

— ئىنشائاللا ، يارلىقنى ئالىسىز دەپ ئويلايمەن ··· بىرنەچچە زاكاتچىلار توغرىسىدا سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان گەپلەرمۇ بار . ئۆز پەرزەنتىمىزدەك يىگىتسىز ؛ سىزنىڭ مىرزا بېشىلىققا تەيىنلىنىشىڭىز بىزنىڭ كۆتكەن مۇددىئايىمىزنىڭ ئۆزىدۇر ، — دېدى .

— دۇشمەندە بولسا ، تېزىكى تېگەرمىش ، ئەنۋەر ئۆز بالىڭىز ـ دە !

ئەنۋەر ئۇلارنىڭ سۆزىگە قارشى مەجھۇل بىر ۋەزىيەت ساقلىغان ھالدا بېشىنى مىدىرلىتىپ سۇپىغا ياندى .

## 12 . بەخمەلباپ مەھەللىسىدە كەمبەغەل بىر ئائىلە

ئەنۋەر ھىجرىيە 1267 ـ يىلى[1] قوقاننىڭ بەخمەلباپ مەھەللىسىدە[2] كەمبەغەل بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى . ئانىلار تۇغقان باللىرىنى سىزگە : «تىلەپ ـ تىلىۋالغان پالانىم» دەپ ، دادىلار : «خۇدا بەرگەن ئوغۇلچىقىم» دەپ تەقدىم قىلىشىدۇ . ئەمما ، بىزنىڭ ئەنۋەر بولسا ئانىسىنىڭ «تىلىۋالغىنى» ئەمەس ۋە ئاتىسىمۇ ئۇنى «ئوغۇلچاق»قا ھېسابلىمىغانىدى . ئاتىسىنىڭ كەسپى بوياقچىلىق بولۇپ ، ھەمىشە يېرىم بىلىدىن نىل سۈيىگە چۆمۈلۈپ ياتقان بىر كەمبەغەل ۋە چۆچۈرىدەك باللاردىن بەشىگە دادا ئىدى . شۇ بەش بالىنىڭ يېنىغا ئىززەتسىز ، ھۆرمەتسىز

---

① مىلادىيە 1850 — 1851 ـ يىللار .

② بەخمەلباپ مەھەللىسى دۇخاۋا بوقۇيدىغانلارنىڭ مەھەللىسى .

ئالتىنچى «مېھمان» بولۇپ، بىزنىڭ ئەنۋەر قوشۇلدى. يەنە ئەنۋەر تىلشۇنىغان بالا ئەمەس، دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ تىلەكلىرىگە قارشى، پەقەت ئۇلارنى بەختسىزلىك ۋە كەمبەغەللىكلىرىگە خىزمەت قىلغۇچى بولۇپ تۇغۇلدى. بالا تىلشۇنىسا، خۇشال ـ خۇراملىق، ناغرىچى ـ سۇنايچى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساز ـ قويماق، ئىسرىق ـ چىراغ مۇراسىملىرى كەمچىلىكسىز ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەمما، ئەنۋەرنىڭ دۇنياغا كېلىشى بۇنداق مۇراسىم، تەنتەنىلەر ۋە ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسىز ئىدى. مەسىلەن، ئانىسى ئۆز يېنىغا ئالايىتەن كىندىكئانا چاقىرمىدى، تۇنجى قىزى نادىرەنىڭ ياردىمىدە تۇغدى؛ باللارنى قولۇم ـ قوشنىلارغا سۆيۈنچە ئۈچۈن چىقارمىدى. چۈنكى، قوشنىلارنىڭ: «قايسى ھالىڭغا تۇغدۇڭ؟» ياكى «ئۆزى ئۆلگۈر ئىتمىجەزلىكمۇ، نېمە؟» دەپ تەنە قىلىشلىرىدىن قورقتى.

شۇنداق قىلىپ يەتتە ـ سەككىز كۈنلەپ ئەنۋەرنىڭ دۇنياغا قىلغان «تەشرىپى» سىر بولۇپ ئۆتتى. ئەنۋەر زاكىلىق يېڭى يۆگەك كۆرمىگىنىدەك، ئاكىلىرىدىن بىرىنىڭ كونا بۆشۈكىگە توققۇزىنچى كۈنى بۆلەندى ئەمەس، تىقىلدى.

ئەنۋەرنىڭ «چىللىسى چىراغ كۆرمىگەن» بولسا ھېچ ۋەقەسى يوق، لېكىن يىگىرمە كۈنلەپ بۆشۈكتە ئاتسىز يېتىشى قىزىق، چۈنكى يېڭى «قەدىرلىك مېھمان» غا ئات قويۇش يا ئاتىسىنىڭ يادىغا ۋە يا ئانىسىنىڭ خىيالىغا كەلمىدى. ئارىدىن يىگىرمە كۈن ئۆتسىمۇ، بالىغا ئات قويۇشمىسا، دەپ ئاتا ـ ئانىنى ئەيىبلەش ئېغىر. بەلكى، سەلىم بوياقچىنىڭ تىرىكچىلىكتىن قولى بوشىمىغاندۇر، ئاناربىبىنىڭ بولسا ئالتە بالىنىڭ غەلۋىسىدىن قۇلىقى تىنچىماي كاللىسى ئايلانغاندۇر، ھەرھالدا بۇ «قەدىرلىك» بالىنىڭ ئىبتى مۆھتەرەم مەھەللە ئىمامى تەرىپىدىن قويۇلمىغىنىدەك، ئاتا ـ ئانا تەرىپىدىنمۇ نېسىپ بولمىدى. ئات قويۇش ۋەزىپىسىنى يىگىرمە ئىككىنچى كۈنلىرى ئون ئىككى

ياشلىق نادىرە ئادا قىلدى .
نادىرە ئۆز ئەتراپىدىكى مەخسۇملاردىن بىرىنىڭ بالىسىنىڭ ياخشى كىيىمى ، بولۇپمۇ يىقىملىق ئاڭلانغان «ئەنۋەر» دېگەن ئىسمىغا زوقلىنىپ ، ھەۋەسلىنىپ يۈرەتتى ، ئويلاپمۇ تۇرماستىن ، يېڭى بوۋاق ئۇكىسىنىڭ ئىسمىنىمۇ «ئەنۋەر» دەپ ئاتىدى ۋە بۆشۈكتە ئۇخلىغان، نۇرسىز قارا كۆزلىرى بىلەن دادىسىنىڭ كەمبەغەل ھاياتىغا «زەن سالغان» بۇ بوۋاقنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىپ ، «ئەنۋەرجان ، ئەنۋەرجان !» دەپ خىتاب قىلىشقا باشلىدى . شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇش كېرەككى ، ئەنۋەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى بىردىنبىر تەبرىكلەپ خۇشال بولغۇچى شۇ نادىرە ئىدى . كېيىنرەك ئۇنىڭغا يەنە ئائىلىق مەرتىۋىسىدە قالغۇچى ۋە ھەتتا ھازىرغىچە ئەنۋەرنىڭ ئەڭ مېھرىبان ئادىمى بولۇپ كەلگۈچىمۇ مۇشۇ نادىرەدۇر .
شۇ تەرىقىدە سەلىم بوياقچىنىڭ مۇرىتسىز تۇرنىلىرى ئىچىدە ۋاقىتسىز پاختەك بولۇپ ئەنۋەرمۇ ياشاشقا باشلىدى . بالىلىرى كۆپەيگەنسېرى سەلىم ئاكىنىڭ ئىشىمۇ كەينىگە كەتكىنىدەك كۈندىن ـ كۈنگە موھتاجلىقى ئېشىپ باراتتى . ئەنۋەر ئۈچ ياشقا كىرگەندە بەش يىللاردىن بېرى سەلىم ئاكىغا چاپلىشىۋالغان سىل كېسىلى ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ يىقىتىشقا مۇۋەپپەق بولدى . يەنى سەلىم ئاكا قانسىراپ ، دەرمانسىزلىنىپ يېتىپ قالدى . داۋالاشقا پۇل كېرەك ، بۇنىڭدىنمۇ ئاۋۋال ئائىلىنىڭ ئومۇمىي كېسىلى بولغان يېمەك ـ ئىچمەككىمۇ شۇ نەرسە كېرەك . سەلىم بوياقچى قولىدىكى يازلىق نىل ، تۇز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دەسمايىلىرىنى سېتىپ داۋالىنىدىغان بولدى . دەرد خېلى يوغىنىغانىدى . بۇ چىقىملار پايدا ئورنىغا زىيان كەلتۈردى . دۇكان ـ دەستىگاھنى سېتىپ كۈندىلىك تۇرمۇشقا خىراجەت قىلدى . بۇلارمۇ تۈگىگەندىن كېيىن بۇ ئائىلىنىڭ ئېغىر كۈنلىرى باشلاندى . ئاچلىق ، يالىڭاچلىق : بولۇپمۇ كېسەل بېقىش !
شۇ يىلى قىش قاتتىق كەلگەنىدى . سوغۇقتىن ساقلىنىش

ئۈچۈن ئۈلارنىڭ تەييارلىقلىرى يوق . ئۆپكىسىگە سوغۇق تەگكۈزۈپ سەلىم ئاكىنىڭ تۆتىنچى بالىسى ئۆلدى . كۆكلەمگە چىقار - چىقماي سەلىم بوياقچىنىڭ ئۆزىمۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى . بۇنىڭ ئۈستىگە ئەنۋەر ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسىغا قىزىل چىقىپ بىر بالا بۇنىڭدىمۇ ئۆلۈپ كەتتى . شۇنداق قىلىپ ئالتە ئاي ئىچىدە ئانارىبىبى ئىرىدىن ۋە ئىككى بالىسىدىن ئايرىلىپ ، تۆت بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىرىك تۇل بولۇپ قالدى . نادىرە بويىغا يېتىپ قالغان ، ھەرھالدا بىر جايىنى تېپىپ كېتەر ، ئەمما ئۈچ كىچىك بالىنىڭ ئىشى تەس ئىدى . ئېرىدىن بالىلارنىڭ تەربىيىسىگە يارىغۇدەك ھېچ نەرسە قالمىغان ، بىر - ئىككى دانە كۆپ ، ئۈچ - تۆت كوزا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسكى - تۈسكىلەردىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى ، ئانارىبىبى ئەمگەك بىلەن ياشاپ يەتتە - سەككىزنى تۇغۇپ ، يېشىمۇ قىرىقلارغا بېرىپ ، يۈزىگە قورۇق چۈشۈپ ، قېرىمىسىمۇ قېرى چىرايىغا كىرىپ قالغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئادەمگە تېگىشىش توغرىسىدا ئويلاشمۇ ئورۇنسىز .

ئانارىبىبىغا ئوخشاش تۇل خوتۇنلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ھەممىلا كىشىگە مەلۇم : مەھەللىدە داستىخانچىلىق ، بايلارنىڭ ئىشىكىدە مالايلىق ، ھۈنەرۋەنرەك بولسا ، سۈپكۆچلۈك ، ۋەھاكازا . ئانارىبىبى شۇ ھۈنەرلەرنىڭ ھەممىسىگىمۇ قابىلىيەت ئېلان قىلىپ ، بالىلارنى بېقىش پىكرىگە چۈشتى ۋە بۇ ئارىدا قىزى نادىرەنى بىر ماتاچىنىڭ بالىسىغا ئۇزىتىپ يۈكىنىمۇ بىرئاز يېنىكلەتتى .

## 13 . بۇ ئوماق قىزنى تونۇمسەن

پەلەكمۇ ھىيلىگەر ، تۇرمۇشمۇ لەززەتسىز . ئەنۋەرلەرنىڭ تەلىيى يەنە پەسلىك قىلدى . بىر كۈنى ئانارىبىبى بىرىنىڭكىدە ئىش قىلىۋېتىپ تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالدى ، بىر سائەتنىڭ ئىچىدە تىلىدىنمۇ قالدى . زەمبىلگە سېلىپ ئۇنى ئۆز ئۆيىگە ئەكېلىپ

تاشلاشتى . باللارنىڭ پىغانى پەلەككە يەتتى . كۆيئوغلى تېۋىپقا يوگۈردى . نەتىجىدە ، ئانارىبىبى يۈرەك كېسىلى بىلەن ، شۇ كۈنى كېچىسى ھەتتا ئۈچ كىچىك بالىسى توغرىسىدا بىر ئېغىز ۋەسىيەتمۇ ئېيتالماي ۋاپات بولدى . مازارغا ئېلىپ بېرىشتى . تاۋۇت ئالدىدا ئىككى ئاكىسى بىلەن ئالتە ياشلىق ئەنۋەر يىغلاپ ماڭدى .

ئون بىر ياشلىق تېمىر ، توققۇز ياشلىق قابىل ۋە ئەنۋەرلەرنى تەربىيە قىلىش ئېغىرلىقى نادىرەنىڭ ئۈستىگە چۈشتى . مەرھۇمە ئانىسىنىڭ يادىكارلىرى بولغان بۇ ئۈچ بالىنى ياتلارنىڭ قولىدا خار قىلىپ قويۇشنى نادىرە خالىمىسىمۇ ، ئېرىنىڭ كەمبەغەللىكى بۇنىڭغا يول قويمىدى . ماتەم كۈنلىرى ئۆتكەندىن كېيىن ئوغۇللۇققا دەپ سورىغانلارغا ئىككى بالىنى بېرىۋەتتى ۋە ئەنۋەرنى ئۆزى بىللە ئېلىپ ، ئانىسىنىڭ تاراق ـ تۇرۇقلىرىنى بىر ھارۋىغا بېسىپ ئېرىنىڭ ئۆيىگە كەلدى .

نادىرە ئانىسى ئورنىدا ئەنۋەرنىڭ بېشىنى سىلىدى ، يۇيۇپ ـ تارىدى ۋە ئەنۋەرنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن قايغۇردى ، ئاتىسى ۋە ئۆز ئېرىنىڭ شۇغۇللانغان كەسىپلىرىنى ئويلاپ ئەنۋەرنى باشقا كىشى قىلىش پىكرىگە چۈشتى . ئۇنى ئوقۇتماقچى ، ھەتتا مەدرىسىلەرگە ئەۋەتمەكچى ۋە شۇنىڭ بىلەن موللىلىق دەرىجىسىگە يەتكۈزۈپ ، ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە چىراغچى قىلماقچى بولدى . ئەنۋەرنى ئۆزلىرى تۇرغان مەھەللىدىن بىر كوچا نېرى بولغان سالىھ مەخسۇمنىڭ مەكتىپىگە بەردى . ئەنۋەر «تاختا» دىن ئوقۇش باشلىدى ، زېھنىنىڭ ياخشىلىقىدىن بولسا كېرەك . ئون بىر يېشىدا ساۋاتى چىقىپ قالدى ، لېكىن ئۇ ئوقۇشتا قانچىلىك بەختلىك بولسا ، تەلەيدە شۇنچىلىك بەختسىز ئىدى . يەنى ، نادىرە ئىككى باللىق بولغانىدى . ئېرى : «ئۇكاڭغا يىگۈزۈپ ـ كىيدۈرەيمۇ ياكى ئۇ باللىرىڭغىمۇ ؟ ئۇكاڭنى بىر كىشىگە شاگىرتلىققا بېرىۋەت» دەپ نادىرەنى قىستاشقا باشلىدى . بىچارە نادىرە ئېغىر ھالدا قالدى . ئەنۋەرنى كىشىگە شاگىرتقا بېرىپ ، ئوقۇشنى زايە قىلىشقا كۆڭلى

ئۇنىمايتتى ، ئىرىگە قارشى چىقىش ئۇچۇنمۇ ھېچبىر يول تاپالمايتتى . چۈنكى ، ئىرىنىڭ ھالى ئۆزىگە مەلۇم . شۇ تەرىقىدە يەنە بىر يىل ئۆتۈپ ، ئەنۋەر توغرىسىدا ئىرى بىلەن گەپ ـ سۆز قىلىشىپ قالغان بىر كۈنى پەرەنجىسىنى يېپىنىپ كوچىغا چىقتى ۋە ئۇدۇل سالىھ مەخسۇمنىڭ ئۆيىگە باردى . ئۇ ۋاقىتلاردا سالىھ مەخسۇمنىڭ ئانىسى مەرغىلانغا كەتمىگەنىدى .

نادىرە ماھىلەر ئايىمغا يىغلاپ ھەسرەت قىلدى . ھەممە سەرگۈزەشتىلىرىنى بىرمۇبىر سۆزلىدى ، شۇ بالا ئۇچۇن ئىرىدىن چەككەن ئىزالىرىنى ئېيتىپ :

— ئۇلۇغ دەرگاھلىرىڭلارغا شۇ يېتىم بالىنىڭ ئۆمرى زايە بولمىسا ، ئوقۇشى بىكار بولۇپ كەتمىسە دەپ كەلدىم . بىر پارچە نېنىڭلارنى ئايىماي ، يېتىمنىڭ بېشىنى سىلىساڭلار دەپ كەلدىم ، — دېدى .

«قۇشنىڭ تىلىنى قۇش بىلىدۇ» دېگەندەك نادىرەنىڭ سەمىمىي ئەرز ـ ھالى ماھىلەر ئايىم بىلەن نىگار كېلىنئايغىچىنىڭ يۈرەكلىرىنى ئەزدى ۋە شۇ زامان ماھىلەر ئايىم مەكتەپخانىدىكى باللارنىڭ ئىچىدىن ئەنۋەرنى چاقىرتىۋالدى . ئەنۋەر كېلىشكەن ، چاققان بالا ئىدى .

— دامولللىسى ماختايدىغان ئۆزۈمنىڭ زېھنىلىك بالامغۇ ، — دېدى ماھىلەر ئايىم ئەنۋەرنى كۆرۈش بىلەن ۋە نادىرەگە تەسكىن بەردى ، — بولىدۇ ، قىزىم ، بولىدۇ . يېزىنىسى باقمىسا باقمىسۇن ، مەن ئۆزۈم باقىمەن ، ئوقۇتۇپ چوڭ موللا قىلىمەن .

ئەنۋەر يېزنىسىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى قوپال مۇئامىلىلىرىنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ خاپا بولۇپ يۈرەتتى . ماھىلەر ئايىمنىڭ ھېلىقى سۆزى بىلەن ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى ۋە يېتىملىك بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلاتتى . بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ئاچىسى كۆزىگە ياش ئالدى .

— يىغلىماڭ ، چوكان ، — دېدى ماھىلەر ئايىم ، — يوقسۇزلۇق قۇرۇسۇن — يوقسۇزلۇق ! يېزنىسى كەمبەغەل بولسا ،

ئۇنىڭدىمۇ گۇناھ يوق، ھەممە گەپ تەقدىرى ئەزەلدىن. ياخشى، بۈگۈندىن باشلاپ بالا سىزنىڭكىگە بارمايدۇ، ئۆز يېنىمدا ئوغلۇم بولۇپ ياتىدۇ. ئېيتىڭ نېمە، چوڭ يىگىت؟

— ئەنۋەر ...

— پاھ، ئېيتقىمۇ ئۆزۈڭگە ئوخشاش چىرايلىق ئىكەن ... ئاۋۇ ئوماق قىزنى تونۇمسەن؟

شۇ ئەتراپتا ئويناپ يۈرگەن ئالتە ياشلار چامىسىدىكى رەنا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ماھىلەر ئايىمنىڭ قۇچىقىغا كىردى. ئەنۋەر ئۆزىدىنمۇ ئوماقراق رەناغا قاراپ كۈلۈپ:

— رەناخان، — دېدى. ماھىلەر ئايىم رەنانى قۇچىقىدىن چىقىرىپ بۇيرۇدى:

— يۈگۈر، ئەنۋەر ئاكاڭغا سالام قىل!

رەنا كېلىنلەردەك ئەنۋەرگە سالام قىلدى ۋە سېھىر قىلىنغاندەك ئەنۋەرنىڭ يېنىغا بېرىپ توختىدى.

— كۆرۈش، ئەنۋەر! — دېدى ماھىلەر ئايىم.

ئەنۋەر رەنانى باغرىغا ئېلىپ قۇچاقلىدى. شۇ چاغدا ماھىلەر ئايىم كۈلۈمسىرىدى:

— ئەگەر ئۆلمىسەم، شۇ ئوماق قىزىمنى بېرىپ، ئەنۋەرنى ئۆزۈمگە كۈيئوغۇل قىلىمەن.

ئەنۋەر ئىزا تارتىپ قۇچىقىدىكى رەنانى قويۇۋەتتى. خوتۇنلار كۈلۈشتى. شۇنداق قىلىپ نادىرە ماھىلەر ئايىمدىن بەك خۇرسەن بولغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

ئۆز ئۆيىدە بىر نانخورنىڭ ئېشىشى مەخسۇمغا ئەلۋەتتە ياقمايتتى. لېكىن، ئانىسىنىڭ رايىنى قايتۇرۇشقىمۇ ئاجىز ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ «تامىقىغىمۇ يېنىك، كىيىمى ئېغىرراق، كىيىمىنى ئاچىسىنىڭ ئۈستىگە قويماپسىز ـ دە!» دېدى. ماھىلەر ئايىم: «كىيىمى بىر گەپ بولار. كىشىلەر مەسچىت، مەدرىسە سالغاندا، بىز بىر يېتىمنى باقساق، ئەرزىمەمدۇ؟ ساڭا ئېغىرلىق قىلسا، ئۆز بىساتىمدىن كىيىندۈرەمەن، بالام» دېدى.

ئەنۋەر ئون ئىككى يېشىدا ئۈچىنچى ئائىلىنى كۆردى . لېكىن ، بۇ كېيىنكىسى ئەنۋەر ئۈچۈن ھەر جەھەتتىنمۇ ئەپلىك بولدى : ئوقۇشنى داۋام قىلدۇراتتى ، قورسىقى توق ئىدى . بۇ ئۈچىنچى ئائىلىگە كۆچۈشتە ئەنۋەرنى ئەڭ خۇشال قىلغان نەرسە مەكتەپتىكى باللارنىڭ ئازار بېرىشلىرىدىن قۇتۇلۇشى ۋە دامولللىنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى نامىنى ئېلىشى بولدى . باللار ئۇنى ھۆرمەت قىلىشمىسىمۇ ، ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدەك يامان مۇئامىلە قىلىشتىن ھېيىقىپ قېلىشتى . ئەنۋەرگە بۇ ئۆيدە ئوشۇقچە ئىشمۇ يوق ، چۈنكى ھەرقانچە ئۆي خىزمەتلىرى بولسىمۇ مەكتەپ باللىرىدىن ئاشمايتتى . ئوقۇشتىن بوشىغان ۋاقتىنى رەنانى ئوينىتىش بىلەن ئۆتكۈزدى .

ئون ئۈچ يېشىدا مەكتەپنى تۈگىتىپ ، كىچىك بولسىمۇ خەلپەتلىك ، يەنى داموللىغا ياردەمچىلىك قىلىشقا باشلىدى ۋە ھەر كۈنى باللار ئازاد بولغاندىن كېيىن مەخسۇم ئۇنىڭغا «كاپىيە» (ئەرەب تىلى گراماتىكىسى ) دىن دەرس بېرەتتى ۋە سەئدىنىڭ «گۈلىستان» دىن بىرنەچچە قۇرنى ئوقۇتۇپ ، مەنىسى بىلەن يادلىتاتتى .

ئۇ ئون بەش يېشىدا مەكتەپنى يالغۇز ئۆزى باشقۇرۇش دەرىجىسىگە يەتتى ، پارسچىغا خېلىلا ئۇستا ۋە بىر دەرىجە ئەرەب تىلىغا ئاشنا بولدى . مەخسۇم بۇنىڭدىن بىرنەچچە ۋاقىت بالدۇرراق ئەنۋەرنى مەدرىسىگە بېرىش توغرىسىدا سۆزلەپ يۈرگەن بولسىمۇ ، ھازىر بۇ گەپنى ئاغزىغا ئالمايدىغان بولۇۋالدى . چۈنكى ، مەكتەپ ئىشلىرىدا ھۆرۈنلىشىپ ئەنۋەرگە يۆلىنىپ قالدى ۋە مەدرىسە مەسىلىسىنى ئۇنتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە ئەرەب ، پارس نەھۋى ـ سەرپتىن[1] دەرس بېرىشكە تىرىشتى .

مەخسۇم بىلەن ئەنۋەردە مۇشۇ جەھەتتىن ئىناقلىق يوق . ئەمما ، ماھىلەر ئايىمىنىڭ ئەنۋەر بىلەن مۇئامىلىسى خالىس ۋە سەممىي بولۇپ ، ئۇ ئەنۋەرگە ئۆز بالىسىدەك مېھرىبان ئىدى ۋە

[1] نەھۋى ـ سەرپ — سىنتاكسىس ، گراماتىكا .

ھەر دائىم : «كۆڭلۈڭنى بۇزما ، ئەنۋەر يىگىت ، كۆردۈڭمۇ بۇ ئۇماق قىزنى ؟ ئەلۋەتتە ساڭا بەرگۈزىمەن ! » دەيتتى . لېكىن ، ماھىلەر ئايىم ۋەدىسىگە يېتەلمىدى . مەخسۇمغا قېيىداپ مەرغىلانغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى . ئەمما ، كېتەر چېغىدىمۇ ئەنۋەرنى يادىدىن چىقارمىدى . نىگار كېلىنئاغىچىنى ئۆز يېنىغا چاقىرىپ «كۆيئوغۇل قىلىش ئۈچۈن ئەنۋەردىن ئوبدانراق يىگىتنى تاپالمايسىلەر . رەناغا خۇدايىم ئۆمۈر بېرىپ بويىغا يەتسە ، ئەلۋەتتە ئەنۋەرگە بەرگۈزگىن ! » دېدى .

## 14 . ھەقىقىي دوست

ئەنۋەر كىچىكىدە بىر بوشاڭراق بالا ئىدى ، ئۆز تەڭتۇشى بولغان بالىلار بىلەن كەم ئارىلىشاتتى ۋە ئارتۇقچە ئويناپ كۈلمەيتتى ، ئۇنىڭ كۆزىدە ھەمىشە بىر مۇڭ ياتاتتى . بۇ ھالەت بەلكى ئائىلە بەختسىزلىكىدىن ، ئاتا ـ ئانا قۇچىقىدا يايرىمىغانلىقتىن تۇغۇلغان دەيلى دېسەك ، ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى بۇنداق ئەمەس ئىدى . بىر ئانىدىن خىلمۇخىل بالا تۇغۇلىدۇ ، دېگەندەك ئەنۋەرنىڭ يارىتىلىشى ئاكىلىرىغا قارىغاندا باشقىچە ئىدى . مەخسۇمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا باشلىغاندىن كېيىن ئەنۋەردە بىرئاز ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى . شۇنىڭدىمۇ بالىلار بىلەن ئالاقىسى كونىچە ئىدى ، پەقەت رەنانىڭ يېنىدىلا ئويۇن ـ كۈلكە قىلاتتى ، رەنانى يېتەكلەپ باغقا ، كوچىدىكى ئۆستەڭ بويلىرىغا ئاچىقىپ ، ھەمراھىغا باغدىكى گۈللەرنىڭ نامى ، ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ تۈرى ، چوڭ ئېقىن سۇلار ۋە بولۇپمۇ رەناغا ئوخشاش كىچىك قىزچاقلار ئۈچۈن بۇ سۇلارغا يېقىلىش خەۋپى ھەمدە شۇنىڭدەك باشقا ئىشلارنى تونۇشتۇراتتى ، كوچىدا جىنازا كۆتۈرگەنلەرنى كۆرسە ، بىرەر بالىنىڭ ئاتىسى ياكى ئانىسى ئۆلگەنلىكىنى سۆزلەپ ، ئۇنىڭ كەينىدىن : «مېنىڭمۇ ئانام ئۆلگەندە ، ئاشۇنداق كۆتۈرۈپ چىقىشقانىدى . مەنمۇ ئاشۇ بالىدەك مازارغا يىغلاپ بارغانىدىم » دەپ قوياتتى . رەنامۇ ئەنۋەرنىڭ سۆزىگە

دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى ۋە تولىراق سوئاللار بىلەن ئۇنى كۆمۈپ تاشلايتتى ، لېكىن ئەنۋەر زېرىكمەستىن ، ھەربىر سوئالغا جاۋاب بېرىپ ، رەنانى قانائەتلەندۈرۈشكە تىرىشاتتى .

ئەنۋەر كىچىك بولسىمۇ ئەستايىدىل ؛ كىچىككىنە مېڭىسى ئويلاشقا قابىل ، باشقا كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن بەختسىزلىكتىنمۇ تەسىرلەنگۈچى ئىدى .

بالىلىق چېغىدىنلا ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىسى باغ ۋە ئۇنىڭدىكى گۈللەر ئىدى . ئۇ مەخسۇمنىڭ ئائىلىسىگە كېلىپ تۇرۇشقا باشلىغاندىن كېيىن ، باغنىڭ گۈللۈك قىسمىنى باشقۇرۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى ، گۈللەرنى سۇغىرىش ، ئوتلارنى يۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى ئۆزى ئورۇندىدى ، گۈللەرنى ھېچكىمگە ئۈزدۈرمەيتتى ، بىر بالىنىڭ گۈلنى ئۈزۈۋالغىنىنى كۆرسە ، ئۆزى خاپا بولغىنىدەك ، ئۇ بالىنىمۇ خاپا قىلاتتى . بالىلارنىڭ ئۆيىدىكى يېڭى گۈللەردىن كۆچەت ۋە ئۇرۇق ئەكەلدۈرۈپ گۈلزارنى يىلدىن ـ يىلغا ئاۋات قىلدى ، ياز كۈنلىرى كەلسە ، بالىلارنى كېپىنەك ۋە ئالتۇن قوڭغۇز تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇيتتى ؛ قىينىماي ، ئازار بەرمەي كېپىنەك تۇتۇپ كەلگەنلەرگە مۇكاپات تەرىقىسىدە ساۋىقىنى ئۆگىتىپ قوياتتى ، كېپىنەك ۋە ئالتۇن قوڭغۇزلارنى گۈللۈككە قويۇپ بېرەتتى ، ئەگەر ئۇلار گۈللەرگە قونۇپ قېلىشسا ، ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كېتەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ياز كۈنلىرى مەخسۇمنىڭ بېغى ئاق ، ھال ، كۆك ـ ئالا ، سېرىق ـ كۆك ۋە باشقا رەڭدىكى كېپىنەكلەرنىڭ ۋال ـ ۋۇل قىلىپ ئۇچۇشلىرى بىلەن ئالايىتەن بىر كۆرۈنۈشكە كىرەتتى . ئەنۋەرنىڭ ئوقۇشتىن بوشىغان چاغلىرى گۈللەرنىڭ ئىچىدە ۋە شۇ كېپىنەكلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆتەتتى .

ئەنۋەر ھەممە ئۈچۈن سۆيۈملۈك ئىدى ، خۇش مۇئامىلىسى ھەممىگە ئوخشاش ـ تەڭ ئىدى . ئەمما ، ئالاھىدە ئوبدان كۆرگەن ئادەملىرىدىن بىرىنچىسى رەنا ، ئىككىنچىسى مەكتەپتىكى شاگىرتلاردىن نەسىم ئاتلىق بالا ئىدى . نەسىم بىلەن ئەنۋەر ناھايىتى يېقىن دوست ، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىدىغان سىرداشلاردىن

ئىدى. گەرچە نەسىمنىڭ ئاتىسى قوقاننىڭلا ئەمەس، پۈتۈن خانلىقنىڭ تونۇلغان كىشىلىرىدىن ۋە ئىككى بالىنىڭ سىنىپىي ئايرىملىقلىرى يەر بىلەن ئاسماندەك بولسىمۇ، لېكىن كىچىك دوستلار بۇنىڭ پەرقىگە يەتمەيتتى. نەسىم «ئۇردىدىكى مىرزا بېشىنىڭ ئوغلىمەن» دەپ مەغرۇرلانمىغىنىدەك، ئەنۋەرمۇ «سەلىم بوياقچىنىڭ يېتىمى، سالىھ مەخسۇمنىڭ بېقىۋالغان بالىسىمەن» دەپ خۇدۇكسىرىمەيتتى. بۇ ئىككى بالا بىر يەردە سۆھبەتكە كىرىشىپ كەتسە، چەتتىكى ئادەملەر ئەنۋەرنى يىرتىق ماتا كىيىملەر ئىچىدە ۋە نەسىمنى شايى ـ ئەتلەسلەر بىلەن پۈركەنگەن ھالدا كۆرۈپ، ئەلۋەتتە، «بۇ گادايىنىڭ بالىسى بىلەن بەگ بالىسىنىڭ ئۆزئارا نېمە مۇناسىۋەتلىرى باركىن؟» دەپ ھەيران قىلىشاتتى، لېكىن دوستلار تېخى بۇنىڭ ئايرىمىسىنى چۈشەنمەيتتى.

ئەنۋەر تولىراق جۈمە كۈنلىرى مەخسۇمدىن رۇخسەت ئېلىپ شۇ دوستىنىڭ ئۆيىگە باراتتى، كەچكىچە نەسىم بىلەن «سۆھبەتلىشىپ» يېنىپ كېلەتتى. ئەنۋەر شۇ مۇناسىۋەت بىلەن نەسىمنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد رەجەپ بەگچىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئىگىمۇ بولدى. نەسىم دوستى ئەنۋەرنىڭ يېتىملىكىنى ئاتىسىغا مەلۇم قىلىپ، مەجبۇر قىلغان بولسا كېرەك، بىرنەچچە ھېيتلاردا مۇھەممەد رەجەپ بەگ ئەنۋەرگە كىيىملەرمۇ بەردى. بۇ ئىلتىپات ئىككى دوستنىڭ ئالاقىسىنى بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ چىڭراق باغلىدى، بولۇپمۇ مەخسۇمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلدى. چۈنكى، ئەنۋەرنىڭ مۇھەممەد رەجەپكە ئوخشاش بىر كىشىنىڭ ئوغلى بىلەن دوست بولۇشى بىر يېتىلگەنلىك بولغانىنىڭ ئۈستىگە بۇ دوستلۇقنىڭ ھەتتا باشتىن ـ ئاياغ كىيىملەر كىيىشكىچە بېرىپ يېتىشى مەخسۇمنىڭ قارىشىچە، يەنە بىر پەزىلەت ئىدى… شۇ كىيىم كىيىش ۋەقەسىدىن كېيىن مەخسۇم ئەنۋەرگە باشقىچە قاراپ قالدى ۋە ئىچىدە «ئادەم بولىدىغان ئوخشايسەن» دەپ قويدى.

بەختكە قارشى، بۇ كۈنلەر ئۇزاق داۋام قىلالمىدى. بىر كۈنى ئوتتۇرىدىكى دوستلۇق يىپىنى ئۆلۈم بولاقچىسى كېلىپ

ئۈزدى . نەسىم ئون بەش ياشلىرىدا چېچەك كېسىلى بىلەن ئاغرىدى ۋە زامانىسىدىكى چېچەك داۋالاشنى چۈشەنمىگەنلىكنىڭ، يەنى خانلىق جاھالىتىنىڭ پاجىئەلىك قۇربانى بولدى .

مۇھەممەد رەجەپ بەگ ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن بۇ مۇسىبەت ئەلۋەتتە ، ئېغىر ئىدى . لېكىن ، ئۇلاردىنمۇ ئەنۋەر ئۈچۈن ئېغىر بىر ھەسرەت بولدى . ھەتتا كۆز يېشىنى مەرھۇمنىڭ ئاتا - ئانىسىدىنمۇ جىقراق ئەنۋەر تۆكتى دېسەك ئاشۇرۇۋەتمىگەن بولارمىز . بۇ ئۈچ كۈن مەكتەپ ۋە مەخسۇمنى ئۇنتۇپ مۇھەممەد رەجەپ بەگنىڭ ئائىلىسىدە تۇرۇپ قالدى . ھەر ئاخشىمى نەسىمنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە سائەتلەپ يىغلاپ ئولتۇردى . بۇ ياشنىڭ سەمىمىي ، ھەقىقىي دوستلۇقى ۋە ساداقىتى ھەممىنى ھەيران قالدۇردى .

ئەنۋەرنىڭ بىرىنچى قېتىم مەرھۇم دوستىغا ئاتاپ يازغان مەرسىيىسى ماتەمدار ئاتا - ئانىنى يەنە يىغلاتقانىدى ، بىز شۇ مەرسىيىدىن بىرنەچچە قۇرنى تۆۋەندە كەلتۇرىمىز :

ئېچىلماي سولسا گۈل - غۇنچە ئاڭا ياش - قېرى تەڭ يىغلار ،
ئاڭا ياش - قېرى ئەمەس بەلكى پۈتۈن ئەھلى جاھان يىغلار .
ئەجەل بۇلاڭچىسى پاراسەت بېغىدا ئۈزۈپ زەنجىر ،
رەھىمسىز ئەزسە گۈناھسىز لەيلىلەرنى ، بۇڭا خازان يىغلار .

نەسىمىم كەتتى ئالەمدىن مېنى قايغۇ ئارا تاشلاپ ،
كۆزۈمدىن ئاقسا خۇن ئەجەب ئەمەس ، چۈنكى قان يىغلار .
جاھاندا ئىدى تەنھا مەن يېتىمگە سىرداش ۋە دىلدار ،
غېرىبلىق دىيارىدا بىچارە چارىسىز يىغلار ...

موللا مۇھەممەد رەجەپ بەگ ئوغلىنىڭ سادىق دوستىغا شۇ كۈندىن باشلاپ باشقىچە قاراپ قالدى . بىر تەرەپتىن پاكلىق ، يەنە بىر تەرەپتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قابىلىيەت مۇھەممەد رەجەپ بەگنى ئەنۋەرگە ئىلتىپات ئېتىشكە مەجبۇر قىلدى . گەرچە ئەنۋەرنىڭ يۇقىرىدىكى مەرسىيىسى بالىلىق زارىدىن ئىبارەت بولسىمۇ ، يەنە

ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۇچۇن ياخشى ئۆلچەملىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيتتى .

مولالا مۇھەممەد رەجەپ بەگ ئۆز ئىلتىپاتىنى ئاۋۋال ئەنۋەرنىڭ مەرسىيىسىدىن بىر بېيىتنى نەسىمنىڭ قەبرە تېشىغا ئېلىش بىلەن باشلىدى . لېكىن ، ئەنۋەرنىڭ «دۇنيادا مەن يېتىم يولدىشىڭغا تەنها سىرداش ۋە دىلدار (كۆڭۈل كۆتۈرگۈچى ) ئىدىڭ . بۈگۈن مەن سېنىڭدەك دوستتىن ئايرىلىپ ، يەنە غېرىبلىق دىياردا چارىسىز يىغلايمەن !» دەپ ئەپسۇس ۋە نادامەت قىلىشىغا قارشى ، يەنى ئەنۋەرنىڭ يېتىملىك ۋە غېرىبلىقىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن ، مولالا مۇھەممەد رەجەپ بەگ ئوغلىنىڭ سادىق دوستىغا ئۆز ئاتىلىقىنى قىلماقچى بولدى .

ئەنۋەر ئۈچ ھەپتىگىچە خەتمىقۇرئان كېچىلىرى مۇھەممەد رەجەپ بەگنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇردى . ئاخىرقى خەتمىقۇرئان كېچىسى مۇھەممەد رەجەپ بەگ ئەنۋەردىن ھال سورىدى :

— داموللىڭىز سالامەتمۇ ؟

— شۈكۈر .

— ئوقۇشىڭىز ياخشىمۇ ؟

— قەدىر ئەھۋال .

— داموللىنىڭ ئۆيىدە تۇرامسىز ؟

— شۇنداق ، تەقسىر .

— قىسىلمامسىز ؟

— ياق .

— ئىلمىي ھېساب ئوقۇغانمىدىڭىز ؟

— ياق ، تەقسىر .

— داموللىڭىز ئىلمىي ھېسابنى بىلەمدىكىن ؟

— بىلمەيدۇغۇ دەپ ئويلايمەن .

— ئەگەر مەن بىر داموللا تەيىن قىلسام ، ھېساب ئوقۇمسىز ؟

— ئۇستازىم رۇخسەت بەرسە ، ئەلۋەتتە ئوقۇيمەن .

— خوپ ... بولمىسا ئەتە كەچ داموللىڭىز بۇ يەرگە كېلىپ ،

ماڭا ئۇچراشسۇن ؟
— خوپ ، تەقسىر .
ئەتىسى مەخسۇم كەلدى . مۇھەممەد رەجەپ بەگ مەخسۇم بىلەن سۆزلىشىپ ، ئەنۋەرنى ئوردا خىزمىتىگە ئېلىش پىكرىدە بولغانلىقىنى ، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ ئەرەبچە ، پارسچىدىن يەنىمۇ چوڭقۇرراق مەلۇمات ئېلىشى لازىملىقىنى ۋە ھېساب ئۆگىنىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى . مەخسۇم مۇھەممەد رەجەپ بەگنىڭ ئەنۋەرگە بۇنچىلىك مەرھەمەت قىلغانلىقى ئۇچۇن بىر ئاز ھودۇقۇپ قالسىمۇ ، لېكىن بۇ مېھرىبانچىلىقنىڭ سەۋەبىگە ياخشى چۈشەنگەنلىكى ئۇچۇن ئاۋۋال بەگنىڭ يېتىمپەرۋەرلىكىنى ، ئاندىن كېيىن ئەنۋەرنىڭ پاراسەت ۋە قابىلىيىتىنى ماختىدى . ئەنۋەرنى ئادەم قىلىش يولىدا چەككەن ئۆز مۇشەققەتلىرىنىمۇ سۆزلەپ چىققاندىن كېيىن ، ھازىرقى كۈندە چوڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئەنۋەرگە پارس ۋە ئەرەبچىدىن دەرس بېرىپ تۇرغانلىقىنى ۋە ھازىرمۇ ئەنۋەر پارسچە بەزى نەرسىلەرنى يازالايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ، نەچچە خىل ئۆزرىلەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىلمىي ھېسابتىن خەۋەرسىزلىكىنى بىلدۈردى ، يەنى ئەنۋەرنىڭ ئىلمىي ھېساب ئۆگىنىشى ئۇچۇن باشقا ئوقۇتقۇچى كېرەك بولار ، دېدى . مۇھەممەد رەجەپ بەگ بۇ توغرىدا ئۆزى داموللا تاپماقچى بولۇپ مەخسۇمغا رۇخسەت بەردى .

## 15 . مەخسۇمنىڭ بەختى

شۇ كۈندىن باشلاپ ، ئەنۋەرنىڭ ھاياتىدا يېڭى بەت ئېچىلدى . يەنى مەخسۇم ئەنۋەرگە ئاۋۋالقىدەك ئىستىقبالى قاراڭغۇ بىر يېتىم دەپ قارىماي ، بەلكى ئەنۋەردەك ئۆز ئوغلى بولمىغانلىقىغا ھەسرەت قىلىشقا باشلىدى . ھەقىقەتەنمۇ ، ئۇنىڭ ھەسرەت قىلىشىغا ئەرزىيدىغان چىگىش مەسىلىلەرمۇ تۇغۇلدى ، مەسىلەن ، ئەنۋەر ئوردا خىزمىتىگە كىرىپ قالسا ، ئېيىغا بەش - ئون تىللا نەق

دارامەت قىلىپ تۇرسا ، بۇ مەبلەغلەر ...
شۇنداق ئىستىقبالدىكى بۇ «مەبلەغلەر» مەسىلىسى مەخسۇمنىڭ ئىچىنى ھەرە بولۇپ تالاشقا باشلىدى : «ئون يېشىدىن بېرى ئوقۇتۇپ ، يېدۇرۇپ ، كىيدۇرۇپ كېلىۋاتىمەن ؛ ئەلۋەتتە ، دارامەت مېنىڭ ھەققىم بولار» دەپ ئويلىسىمۇ ، بۇ ھۆكۈمدىن ئۆزى ئانچە رازى بولۇپ كېتەلمەيتتى . ھەرھالدا مەسىلە چىگىش ئىدى .
ماھىلەر ئايىمنىڭ رەنانى ئەنۋەرگە بېرىش توغرىسىدىكى «بىمەنە ، ئەھمىيەتسىز» سۆزلىرى شۇ چاغلاردا مەخسۇمنىڭ چىشىغا تەگكەن بولسا ، ھازىر بۇ توغرۇلۇق راستتىن ئويلاپ قالدى ، ھەتتا «ھېلىقىدەك ، ئەنۋەرنىڭ بەختى ئېچىلىپ كەتسە ، نېمە زىيىنى بار ، يېتىملىك ئەيىب ئەمەس ، ئىنسان ئۇچۇن تولۇق پەزىلەت لازىم ، كۆلۈپ تۇرغان بەخت ھاجەت ، نەسىل ـ نەسەبنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق . رەنانىڭ ھۆسنىگە ھەممىلا قول قويىدۇ ؛ ئەنۋەر ئەلۋەتتە ياق دېمەس ... بۇ ئىشتا مال ۋە جاينى بىر قىلىشتىن باشقا مەسلىھەت يوق !» دېگەن قارارغا دەرھاللا كېلىپ قالدى . بۇنىڭدىن بىرەر ئايلار ئىلگىرى نىگار ئايىمغا : «ئەنۋەر بالاغەتكە يېتىپ قالدى . سەن بىلەن رەناغا شەرئەت بويىچە نامەھرەم ، ئۇنىڭدىن قېچىشىڭلار كېرەك !» دېگەن بولسىمۇ ، بۇ بۇيرۇق ھازىرغىچە ئەمەلگە ئاشمىغانىدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان بولدى . چۈنكى ، مەخسۇمنىڭ پىكرىچە ، بۇنىڭ ئەنۋەرگە ئېغىر كېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى ...
ئەنۋەر مۇھەممەد رەجەپ بەيگىچى تەرىپىدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن بىر مۇپتىدا ھېساب ، ئىنشا (تەھرىر) قائىدىلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى . مەخسۇممۇ جان كۆيدۇرۇپ ئەرەب ۋە پارسچىدىن تەلىمىنى كۈچەيتتى . ئەنۋەر بىر يىل ئىچىدە ھېساب ۋە ئىنشا قائىدىلىرىنى ئۆگەندى ھەم باشقا دەرسلەردىمۇ ياخشى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ، يەنە شۇ ئەتىيازدىن ئېتىبارەن ھەر كۈنى ئوردىغا بېرىپ ، مۇھەممەد رەجەپ مۇنشىنىڭ قول ئاستىدىكى

مىرزىلارنىڭ يېنىدا دەپتەر تۇتۇش، خەت - نام‍لار يېزىش ئۇسۇللىرىنى تەجرىبە قىلىشقا باشلىدى، بىر يىلدەك مائاشسىز تەجرىبە كۆردى، شۇنىڭدىمۇ ھەر ھەپتىدە مۇھەممەد رەجەپ بەگ ئۆز يېنىدىن ئۈچ - تۆت تەڭگە چاي پۇلى بېرىپ تۇراتتى. ئەنۋەر شۇ ئەرزىمىگەن ئۈچ - تۆت تەڭگىنىمۇ مەخسۇمنىڭ قولىغا ئەكېلىپ بېرەتتى ۋە ھەپتىدىن - ھەپتىگە ئۆزىگە ئۇستازىنىڭ ئۈمىدىنى چوڭراق باغلىتىپ بېرىۋاتاتتى.

ئەنۋەر بىر يىللىق تەجرىبىدە ئوردىدىكى دەپتەر تۇتۇش، پارسچە ۋە تۈركچە خەت - نامىلەرنى يېزىش (دەپتەر ۋە نام‍لار ھەر ئىككى تىلدا يۈرگۈزۈلەتتى) ھۈنەرلىرىنى تولۇق دېگۈدەك ئۆگىنىپ تەجرىبىلىك مىرزىلارنىڭ قاتارىغا ئۆتتى. سەرمۇنشىنىڭ ئاغزىدىن چىققان مەنىنى تەرتىپكە سېلىپ خەت، يارلىق ياكى باشقا بىر ھۆججەتنى تەييارلايتتى، مىرزىلار جۈملىنى باشقىچە ئىپادە قىلىپ قويۇپ، سەرمۇنشىدىن تولا چاغلاردا تەنبىھ يېسە، ئەنۋەر بۇنداق تەنبىھكە ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى.

ئىككىنچى يىلدىن باشلاپ يەتتە تىللا ئايلىق بىلەن مائاشلىق مىرزىلارنىڭ قاتارىغا ئۆتتى. ئايلىق مائاشتىن تاشقىرى سېلىقلاردىنمۇ ئازادلىق قەغىزى ئالدى. سېلىقلاردىن ئازادلىق مەخسۇمنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا چوڭ يېنىكلىك بېرەتتى. چۈنكى، كېيىنكى يىللاردا خانلىق تەرىپىدىن خەلق ئۈستىگە چۈشكەن ۋە چۈشۈۋاتقان سېلىقلار ھەددى - ھېسابسىز ۋە تۆلەشكە بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئىدى، بۇ توغرۇلۇق كەلگۈسى بابلىرىمىزدا سۆز بولار. شۇ خۇشاللىق بىلەن تەڭ بىرىنچى ئاينىڭ يەتتە تىللاسى پۈتۈنلا مەخسۇمنىڭ قولىغا تېگىشى گويا توي ئۈستىگە تويدەك بولدى. داموللىنىڭ يەتتە تىللانى ئالغاندىكى ھالىنى تەسۋىرلەش، ئەلۋەتتە تەس: كۆزلىرى غىلايلاشقان، چىرايىدا قىزىق ئۆزگىرىش كۆرۈلۈپ ئاغزىنىڭ تانابى بەكمۇ بوشىشىپ كېرىلىپ كەتكەن ھالدا: «ھەببە، ھاسىلىڭ دۇرۇس، ئەنۋەر بالام؛ لېكىن پۇلغا ئېھتىيات بول، بوتام!» دېدى. يەتتە تىللانىڭ

خەۋىرى نىگار ئايىمنىڭ قولىقىغا يەتكەندىن كېيىن، ئەنۋەردىن رەنجىدى: «ھەممە پۇلۇڭنى داموللاڭغا بىكار بېرىپسەن؛ ئۇستۇبېشىڭنى، كۆرپە - ياستۇقۇڭنى، ئېشىپ قالسا رەنا ئۇكاڭنىڭ ئۇستىنى تۈزىتىشىڭ كېرەك ئىدى. داموللاڭ كاشكى تۇكۇرۇپ تۇگىتىشتىن باشقىنى بىلسە!» دېدى.

مەخسۇم يەتتە تىللا «نەقتانە» نى ئېلىپ قانچە خۇش بولغان بولسا، شۇنچىلىك تەشۇىشكىمۇ چۈشتى. ئۇنىڭ ئويىچە زامانە يامان، بۇزۇقلار نۇرغۇن: ئەنۋەرنى ئۆزىدىن ئايىنتىپ، ئاغزى ئاشقا تەگكەندە، بۇرنىنى قانىتىشىمۇ مۇمكىن. رەنانى ئەنۋەرگە نىكاھ قىلىپ بېشىنى باغلاپ قويايمۇ دەپ ئويلىدى، لېكىن رەنا تېخى ئون بىر ياشتا ئىدى. ئىككىنچى كۈنى ئەنۋەر ئىشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەخسۇم ئۇنى باغقا ئېلىپ كىردى، باغدىكى كۈنگەي ھەم كۆكەرگەن بىر جاينى كۆرسەتتى:

— مانا مۇشۇ يەرگە ساڭا ئاتاپ بىر ئۆي، بىر ئايۋان، ئاشخانا ۋە ئېغىل بىلەن ئىمارەت سالسام دەيمەن ... ھەببە، ئەنۋەر؟ — دەپ سورىدى. ئەنۋەر كۈلدى:

— ئىمارەتكە ئەللىك تىللادىن كەم پۇل يەتمەيدۇ. مېنىڭ بولسا بىر پۇلۇم يوق. بولىدىغىنىمۇ دۇئايىڭىزنى بەرگىنىڭىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە سىزنىڭكى ۋە ئايىمنىڭكى! — دېدى.

— ھەببە ... ھىممىتىڭگە! — دەۋەتتى مەخسۇم، — ئەلۋەتتە شۇنداققۇ ۋە لېكىن شۇ نىيەتلىرىڭدىن كېيىن بايىقىدەك ئالايتەن پۇل يىغساڭ دەيمەن - دە ... ئەلۋەتتە، بۇ ئۈچ - تۆت يىلسىز ئەمەس - دە!

شۇ چاغدا رەنا نېرىدا بالا كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مەخسۇم رەنانى ئۆز يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغىمۇ ھېلىقى يەرنى كۆرسەتتى:

— ھەببە ... مانا مۇشۇ يەرگە ئەنۋەر ئاكاڭغا ئۆي سېلىپ بېرىمىز، رەنا، بۇ سېنىڭچە قانداق، قىزىم؟

رەنا دادىسىنىڭ سۆزىگە چۈشەنمىدى:

— ئەنۋەر ئاكامنىڭ ياتىدىغان مېھمانخانىسى بارغۇ! —

دېدى .

— ھى - ھى - ھى ، بالىسەن قىزىم ، بالىسەن ! — دەپ كۈلدى مەخسۇم ، — ئەنۋەر ئاكاڭ قاچانغىچە مېھمانخانىدا ياتىدۇ دەيسەن . بىر كۈنى كېلىپ ئۆيلىنىدۇ . مەسىلەن ، سەن بولساڭ ئەرگە تېگىسەن ... دېمەك ئۆي كېرەك - دە ، قىزىم !

بۇ سۆزدىن كېيىن ئەنۋەر قىزىرىپ كەتتى . رەنا ئەنۋەرگە قاراپ قويدى ۋە دادىسىغا ئاچچىق قىلغاندەك بۇرۇلۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى . مەخسۇم ئەنۋەرگە ئۇستىلىق بىلەن بىر مەنىنى چۈشەندۈرۈپ ئىما قىلغىنىدەك ، بۇزۇقلارنىڭ ۋەسۋەسىسىگە قارشى دەممۇ سالغانىدى ... بۇ دەم سېلىش ئەنۋەرگىمۇ تەسىرسىز قالمىدى . مۇشۇ كۈنگىچە رەنانىڭ ياش ، پاك ھۆسنىگە ئۈمىدسىز قارايدىغان بولسا ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئۈمىد ۋە ئىستىقبالنىڭ تاتلىق خىياللىرى بىلەن تەلمۈرىدىغان بولدى ...

مەخسۇم ئۆزىنىڭ قىلغان تەشۋىشىدە ھەقلىق بولۇپ چىقتى . ئەنۋەرنىڭ ئەتراپىدا «خالىس» مەسلىھەتچىلەرمۇ كۆرۈنۈپ قېلىشتى . بولۇپمۇ بۇ «خالىسلار» دىن بىرى يېزىنىسى ئىدى . يېزىنىسى يەتتە تىللانىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى . ئېرىنىڭ قىستىشى ئاستىدا نادىرەمۇ كېچەشكە كىرىشتى :

— يېزنەڭ ، بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ تۇرسۇن ، ئۆزۈم ئۆيلەندۈرۈپ قويىمەن ، دەيدۇ .

ئەنۋەر باشقىلارنىڭ كېڭەشىگە قۇلاق سالمىغاندەك ، ئاچىسىنىڭ سۆزىگىمۇ ئىلتىپات قىلمىدى . مەخسۇم رۇخسەت بەرمىگۈچە بۇ ئۆيدىن كەتمەسلىكنى ئېيتىپ ، پەقەت يېزنىسىگە ياردەم بېرىپ تۇرۇش ۋەدىسى بىلەن ئاچىسىنى تىنچىتتى .

ئەنۋەر ئىككىنچى ئايلىق مائاشىدىن ئۈچ تىللانى ئايرىپ قېلىپ ، ئۆيگە كىيىم - كېچەك ئېلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىغانىدى . مەخسۇم «مۇشۇ ئىش كېلىشمەيدۇ - دە ، بالام ، خەير ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق كېلىشمىگەن ئىش بولمىسۇن !» دەپ ئاران ئۇنىدى . نىگار ئايىم بولسا رەنا ۋە ئۆيگە كىيىملىكلەر

سىتتۇالدى . نىگار ئايىم شەلپەر ، رەنا ئەتلەس كىيدى .
نىگار ئايىم ئەنۋەرنى ، ئۆز يولىغا سىلىشقا باشلىدى ، مائاشىنىڭ ھەممىسىنى مەخسۇمغا بەرمەسلىككە ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كەم ـ كۈتىلەرگىمۇ قارىشىپ تۇرۇشقا ئۈندەيتتى . ئەنۋەرنىڭ ئەندىشىسىنى رەت قىلىپ ، «ھەرقانچە بەرسەڭمۇ دادىسى ئالىۋېرىدۇ . لېكىن ، بەرگىنىڭنىڭ سەن بىلەن بىزگە ھېچنېمىسى يۇقمايدۇ . شۇنداق بولغاندىن كېيىن ، ئىشنى ئويلاپ قىلىش كېرەك ! » دەيتتى . چۈنكى ، نىگار ئايىم ئېرىنىڭ ئەنۋەرگە قاتتىق تېگەلمەيدىغانلىقىنى سېزەتتى . شۇنداق بولسىمۇ ئەنۋەر يەتتە ـ سەككىز ئايغىچە تاپقىنىنى مەخسۇمغا بېرىپ دۇئاسىنى ئېلىپ تۇردى . لېكىن ، مەخسۇم شۇنچىلىك دارامەت بىلەنمۇ كونا مىجەزىنى ھېچبىر ئۆزگەرتمەيتتى ، دائىم شۇ بىر خىللا : ھەر كۈنى سۇيۇقئاش ، خۇدا بەرگەن كۈنى ئازادلىقنىڭ پولۇسى ، شۇنىڭدىمۇ ئەنۋەر كەچ كېلىپ سوۋۇغان ئاشنى يەيدۇ ، ئۆيدە ئىسسىق نان يېقىلمايدۇ ، ھەمىشەملا پەيشەنبە كۈنى يىغىلغان ناننىڭ سۇيى قېچىپ تاراقلاپ ، كەلگۈسى پەيشەنبىگىچە كاپالەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى . بارا ـ بارا ئەنۋەرمۇ بۇ ھالەتتىن قىسىلىپ ، نىگار ئايىمنىڭ كېڭىشى بىلەن ئىش قىلىشقا مەجبۇر بولدى ، ئالتۇن بېرىپ قۇرۇق دۇئا ۋە مىننەتدارلىق ئېلىشتىن ، دۇئاسىز يەپ ـ ئىچىشنى ئەلا كۆردى ، ئۆيگە گۆش ۋە باشقا لازىملىقلار ئېلىپ بېرىپ ، خالىغانچە غىزاسىنى بۇيرۇپ تۇردى ؛ ئۆزى ياخشى كىيىنگىنىدەك ، نىگار ئايىم ۋە رەنالارنىمۇ ياخشى كىيىندۇردى . نادىرە ئاچىسىغا ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا كىيىملەر ئېلىپ بەردى . ئىككى تىللانى مەرغىلاندا ئاغرىپ ياتقان ماھىلەر ئايىمغا سوۋغا ـ سالام قىلىپ ئەۋەتتى .
بۇ ئۆزگىرىش مەخسۇمنى گاڭگىرىتىپ قويدى ۋە ئۇ قورقۇپقىنا : «بۇ ئايدا خەجلەپ قويۇپسىزمۇ ، بالام ؟ » دەپ سورىغاندى . ئەنۋەر كەم ـ كۈتىلەرنى تولۇقلىۋالدۇق دېگەن جاۋابنى بەردى . كېيىنكى ئايدا ، كۆرپە ـ ياستۇقلارنى تولۇقلاپ ،

مەخسۇمنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئىككى تىللالىق «خالىس» دۇئامۇ ئېلىپ قويدى . لېكىن مەخسۇم بۇ ئەھۋالدىن خىلى ئالدىراپ قالغانىدى . بىرەر شەيتان يولدىن ئازدۇردىمۇ ، دەپ ئەستاغپۇرۇللا ئوقۇيتتى . ئەنۋەرنىڭ ئاۋۋالقىـــدەك ئوچۇق يۈز بىلەن مۇئامىلە قىلىپ پەقەت «نەقتانە» ئۇستىدىلا باشقىچە بولۇپ قېلىشى ، تاپقىنىنى «لاۋزا» غىزالارغا ، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا «بىمەنە ئىشلار» غا سەرپ قىلىشى مەخسۇمنى كۆپ تەڭلىككە سېلىپ قويدى .

— بوتام ئەنۋەر ، — دېدى بىر كۈنى مەخسۇم ،— دۇنيا دېگەن بەك ئەزىز نېمە ؛ كىشىنىڭ كۈنى دېگەن يىغلاپ ـ قاقشاپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ . ئىللا ، زەرقەدىرگە يېتىش كېرەك ··· مېنىڭدە بولسا ئۆزۈڭدە تۇرغانغا ئوخشاش ، بالام !

بۇنداق «تەسىرلىك» نەسىھەتلەرمۇ ئەنۋەرگە كار قىلمىدى . چۈنكى ئۇ نىگار ئايىم ۋە رەنالار بىلەن بۇ توغرىسىدا قەتئىي كېلىشىپ قويغانىدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە مەخسۇمنىڭ ئايلىق ۋەزىپىسىنى ئىككى تىللادىنمۇ كېمەيتمىدى . ئىنسان ھەممىگە كۆنىدۇ ··· بارا ـ بارا مەخسۇم شۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلىدىغان بولۇپ ، ھېساب ـ كىتابنى يادىدىن چىقاردى ، لېكىن ھەر ئايدا ئىككى تىللانى ئالغاندا «قالغىنى» توغرىسىدا يۈرىكى بىـــرئاز ئېچىشىپ قوياتتى .

## 16 . خاننىڭ ئىلتىپاتى

دىۋاندا رەسمىي مىرزا بولۇشنىڭ ئۈچىنچى يىلىدا ئەنۋەر ناھايىتى چوڭ ئېتىبار قازانغانىدى . بولۇپمۇ ، تۈركچە يازمىلاردا مىرزىلارنىڭ ھەربىرىدىن ئۈستۈن ئىدى : ئۇسلۇبى چىرايلىق ، چۈشىنىشلىك ۋە راۋان ئىدى . بۇنى مىرزىلاردىن باشلاپ ساراي شائىرلىرى ، ساراي مۇپتىلىرى ، باش مۇنشى مۇھەممەد رەجەپ

بەگ ، ھەتتا خاننىڭ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلاتتى .

خۇدايار مۆھۇر بېسىش چېغىدا يارلىق ۋە خەتلەرنى ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى . مۇنشىلارنىڭ ئاڭلاپ باقمىغان ئەرەب ۋە پارسچە سۆزلەر ئارقىلىق توقۇغان يېرىم تۈركچە جۈملىلىرىگە تولا چاغلاردا چۈشەنمەستىن : «ئانىلىرىڭ ئەرەبكە تەگكەنمۇ !» دەپ مىرزا ، مۇپتىلارنى كايىيتتى ، ئەمما ئەنۋەرنىڭ يازغان ھەربىر جۈملىسىنى مۇزىكىغا ئوخشاش راھەتلىنىپ ، چۈشىنىپ تىڭشايتتى ۋە «شۇ بالا ھەممىگىدىنمۇ ئوقۇغانراق ئوخشايدۇ !» دەپ باشقا مىرزىلارنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقاتتى .

مۇھەممەد رەجەپ مۇنشى كېيىنكى كۈنلەردە مۇھىم ھۆججەتلەرنى پۈتۈشنى ئەنۋەرگە تاپشۇرىدىغان بولدى ، ئۆزى بىرەر يەرگە كېتىدىغان بولسا ، دىۋاننى باشقۇرۇشنى ئەنۋەرگە قالدۇراتتى ، ھەممىلا ئىشتا باشقىلارغا قارىغاندا ئەنۋەرگە ئىشىنەتتى . چۈنكى ، ئەنۋەر ھەربىر ئىشنى توغرا ۋە خالىس ئادا قىلاتتى ، ۋەزىپىسىدىن تاشقىرى ئىشلارغا چېپىلمايتتى ، ئالىدىغان مائاشىدىن ئوشۇقىنى تەمەمۇ قىلمايتتى . بۇ جايدا ئەنۋەرنىڭ بىر خۇسۇسىيىتىنى ئالايىتەن يېزىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكمىز : رۇس ئىستىبدات ئىدارىسى يېنىدىكى مۇسۇلمان قازىخانىلىرى ۋە ئۇلاردىكى مىرزىلارنى ھەممە خاتىرىگە كەلتۈرەلەيدۇ . شۇ مىرزىلارنىڭ بولار - بولماسقا «قەلەم ئۇچى» سوراشلىرى ، كىچىككىنە ئىشنى چوڭايتىپ پايدا چىقىرىش ھەرىكەتلىرىمۇ بىزگە مەلۇم .

شۇ قازىخانا مىرزىلىرى خۇددى ھېكايىمىزنىڭ ماۋزۇسى بولغان خۇدايار سارىيى مۇنشىلىرىنىڭ كىچىككىنە نۇسخىلىرى ئىدى . خانغا يېزىلىدىغان ئەرزنامىلەر ساراي مىرزىلىرىدىن باشقىلارنىڭ قولىدا تۈزۈلگەن بولسا ، تولا ۋاقىتلاردا ئىشقا يارىمايتتى . يەنى چەتتە يېزىلغان ئەرز قوبۇل قىلىنىسىمۇ ، ئەرز ئىگىسى قەلەم ئۇچىنى ياتقا بەرگىنى ئۈچۈن ئەرزىنى خانغا ۋە سەرمۇنشىغا كۆرسەتمەستىن يىرتىپ تاشلىشاتتى . ئەرز ئىگىسى

نەتىجىسىنى سورىسا «ئەرزىڭىزنى ساۋاتسىز ئادەم يازغانىكەن؛ جانابلىرى ئىلتىپاتسىز قالدۇردى» دەپ ساۋاتلىق ئادەمدىن باشقا ئەرز يازدۇرۇپ بېرىشكە مەسلىھەت كۆرسىتىشەتتى. ئەرز بەرگۈچى ئىككىنچى قېتىم خىراجەت چىقىرىپ، ساراي مىرزىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە يازدۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بىر - بىرلىرى ئۈستىدىن خانغا شىكايەت قىلىش، ئۆزئارا تۈگىمەس ئاداۋەتمۇ داۋام قىلىپ، تولا چاغلاردا، بىر - بىرلىرىنىڭ تېگىگە سۇ قۇيۇپ تۇرۇشاتتى. يەنە نۇرغۇن مىرزىلار خاننىڭ خۇپىيانە خىزمىتىنىمۇ ئورۇنداپ، شەخسىي ئاداۋەت ياكى خانغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن پۇقرالاردىن قانچىلارنىڭ گۇناھسىز قېنىغا چۆمۈلۈپ، مۇدھىش پاجىئەلەرگىمۇ سەۋەبچى بولۇشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق، بولۇپمۇ كەمبەغەللەر ساراي مىرزىلىرىغا نەپرەت بىلەن قارايتتى، ئۇلارنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىشتىن قورقاتتى، شۇنداقتىمۇ ئىلاجسىزلىقتىن ئىككى پۈكۈلۈپ سالام بېرىشكە مەجبۇر ئىدى.

لېكىن، ئەنۋەر تەمەنى، شەيتانلىقنى، ئاداۋەتنى، بولۇپمۇ خۇپىيانىلىكنى بىلمەيتتى، دىۋاندا ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنىلا ئادا قىلاتتى، قىسقىسى ئېزىلگەنلەرنىڭ دادلىرىنى خانغا ئاڭلىتىشقا ۋە ئۇلارنى ياخشى نەتىجىگە ئىگە قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق توغرىلىقى سايىسىدە ھەمىشە ھېلىقى مىرزىلارنىڭ ئىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، چىشلىرىغا تېگەتتى، شۇ ۋە يەنە باشقا سەۋەبلەردىن ئۇلارنىڭ ئاداۋىتىگە ئوبدانلا نىشانمۇ بولغانىدى. لېكىن، ئەنۋەرنىڭ ھىمايىچىسى — مۇھەممەد رەجەپ بەگ چوڭ ئېتىبار ۋە نوپۇزغا ئىگە، خانغا ئىناۋەتلىك بولغانلىقتىن، مىرزىلار ئەنۋەرگە قارشى ھېچ ئىش قىلىشالمايتتى. مىرزىلارنىڭ ئارىسىدا ئەنۋەرگە چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى بولغان شاھادەت مۇپتىغا ئوخشاش قېرى مىرزىلار بار بولغانلىقىدەك، ئۇنىڭ قابىلىيەت ۋە پاراسىتىگە خالىس مەپتۇن بولغان سۇلتان ئەلىگە ئوخشاش مىرزىلارمۇ بار ئىدى.

مانا شۇ تەرىقىدە ئەنۋەر تەجرىبە يىلىدىن تاشقىرى بەش يىلدىن بۇيان سارايدا ئىشلەپ كېلىۋاتاتتى، بۇنىڭدىن ئون بەش كۈنلەر ئىلگىرى سەرمۇنشى مۇھەممەد رەجەپ بەگ بىر ھەپتىلا ئاغرىپ ۋاپات بولدى. ئەنۋەر ئۆزىگە سەمىمىي مېھرىبان بولغان بىر كىشىدىن ئايرىلدى. نەچچە يىللاردىن بېرى مۇھەممەد رەجەپ بەگنىڭ ئۆلۈمىنى ياكى باشقىچە بىر پالاكەتنى كۈتۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن باش مۇنشىلىققا ئۆزىنى چاغلاپ تۇرغان شاھادەت مۇپتى خىزمەت بىلەن يېزىغا چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ۋاقىتلىق باش مۇنشىلىق ۋەزىپىسىنى ئەنۋەر ئورۇنداشقا باشلىدى ۋە مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئەنۋەرنىڭ باش مۇنشى بولۇش گەپ - سۆزى تارقىلىپ قالدىكى، ھازىرچە بۇ توغرىدا بىر پىكىر ئېيتىش تەس. چۈنكى، بۇ مەنسەپكە ئىنتىلگۈچى كەزا ۋەھاكازالار، شائىر ۋە مولللار نۇرغۇن.

## 17. ئەنۋەرنىڭ ئەندىشىسى

ئەنۋەر شاھىد بەگ بىلەن مەخسۇمنىڭ سۆزلىرىگە قارشى مەجھۇل بىر ۋەزىيەتتە باش لىڭشىتىپ سۇپىغا يېنىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ چىقىپ كېتىشلىرىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئىچكەركى ئىشىكتىن رەنا كۆرۈندى. تىترەپ ئۈچۈپ كېتىشكە تەييار تۇرغان بېشىدىكى سېرىق ئەتلەس پارچىسى (روملى)نى بىر قولى بىلەن بېسىپ تۇتقانىدى. ئەنۋەر رەنانى شۇ ھامان كۆرۈپ، سۇپىنىڭ يېنىدىكى ئېچىلغان گۈللەرنىڭ قېشىدا توختىدى. رەنا كېلىۋېتىپ، قېيىدىغان كۆز بىلەن ئەنۋەرگە كۈلۈمسىرەپ قارايتتى، كېلىپ سۇپىنىڭ لېۋىدە تۇرغان قۇرۇق لىگەنلەرگە قول سۇندى.

— بۇگۈنكى مېھماندارچىلىقىمىزدىن رازى بولغانغا ئوخشايسىز، ئەنۋەر ئاكا! — دېدى قايرىلىپ رەنا.

— بەك رازى بولدۇم، — دېدى ئەنۋەر ۋە رەنانىڭ يېنىغا كەلدى، — بولۇپمۇ سىنىڭ قولۇڭ بىلەن تۇگۈلگەن مانتىلاردىن بەك مەمنۇن بولدۇم، رەنا!

رەنا لىبگەنلەردىن قولىنى ئېلىپ، چەينىكى بىلەن سۇپىغا تاياندى:

— مېنىڭ قولۇم بىلەن تۇگۈلگەن مانتىلارنى قانداق بىلدىڭىز؟

— قانداق بىلدىڭىز؟! — دەپ ئەنۋەر كۈلدى، قولىدا بىر دانە قەشقەر قىزىلگۈلى بار ئىدى، — بولۇپمۇ سىنىڭ قولۇڭ نېمىگە تەگكەن بولسا، مەن شۇنى دەررۇ سېزىمەن!

— مەن تۇگكەن مانتىلار قانداق ئىكەن؟

— تونۇمايدۇ دەمسەن؟

— تونۇمايسىز.

— چاكىلىرى دىققەت بىلەن چىمدىلغان، تۆت بۇرجىكى ئىككىگە قوشۇلغان، ئوماق ... تونۇمايدۇ دەپ ئويلامسەن؟ مەن ساپلا سەن تۇگكەن مانتىلارنى ئىلغاپ يېدىم ...

— مەززىلىكمىكەن؟

— مەززىلىكمىكەن دېگىنىڭ نېمە! — دېدى ئەنۋەر، — مانا مۇشۇ قەشقەر قىزىلگۈلى يادىڭدىمۇ، بىز بۇ گۈلنى ئەكىلىپ تىككەن يىلىمىز هال بولۇپ ئېچىلغانىدى. ئىككى يىل ئۆتمەي، قىزىل رەڭگە كىردى. بىلەمسەن، بۇ نېمىدىن؟

رەنا ئەنۋەرنىڭ بۇ جىددىي سوئالىغا چۈشەنمىدى:

— ئاپتاپ قىزارتقاندۇ.

— خاتالاشتىڭ، رەنا، — دېدى ئەنۋەر، — مەن بۇ گۈلنىڭ قىزىرىش سىرىنىمۇ بىلىمەن، بۇنىڭ قىزىرىشىغىمۇ سەن سەۋەبچى، سېنىڭ قىپقىزىل لېۋىڭ ...

— چاقچاقنى قويىۇڭ، — دېدى شۇ گۈلدەك قىزارغان رەنا، — شاھىد سېمىز نېمە ئۈچۈن كەلگەنىكەن، سىزنى مىرزا

بىشى قىلماقچى ئوخشايدۇغۇ ؟
— بۇ گەپنى قوي ، رەنا ، ئىشەنمىسەڭ ئەينەككە قارا ، سېنىڭ لېۋىڭ بىلەن مۇشۇ قىزىلگۈلنىڭ رەڭگى ئوتتۇرىسىدا پەرق بارمۇ ، مانا قارىغىنا ؟ ...
ئەنۋەر تەرىپىدىن لېۋىگە تەگكۈزۈلگەن گۈلدىن رەنا ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى :
— چاقچاق قىلماڭ ... سىزنى مىرزا بېشى قىلىشماقچىمۇ ؟
— مېنى ھەر بالا قىلىشماقچى ... لېكىن بولمىغان سۆز .
— نېمىشقا بولمىغان سۆز ، شەھەرگە سۆز تارقىلىپ كېتىپتۇغۇ ؟
ئەنۋەر كەينىچە سەكرەپ سۇپىنىڭ لېۋىگە چىقىپ پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى . رەنا بايىقىدەك ئۇنىڭ يېنىدا سۇپىغا يۆلەندى .
— ئۇ ھەقىقەت سۆز ئەمەس .
— شامال چىقمىسا ، دەرەخ لىڭشىمايدۇ ، بەلكى سىزنى مىرزا بېشى قىلىپ تەيىنلىشەر .
— مېنى مىرزا بېشىلىققا تەيىنلەشسە ياخشىمۇ ، رەنا ؟
— ياخشىمۇ ، يامانمۇ مەن نەدىن بىلەي ؟
— يامان ، رەنا .
— نېمىشقا يامان ؟
— ئىپلاس ئىش . ئەگەر باشقا كەسىپ تاپسام ، ئوردىنى پۇتۇنلەي تاشلاپ كېتەتتىم .
— ئىپلاس ئىش ؟ ... سىزنىڭ بەگ يېزىنگىزمۇ شۇ خىزمەتنى قىلاتتىغۇ ؟
— مەن بەگ يېزنە بولالمايمەن ، رەنا . ئوردىدىكى تۆكۈلۈپ تۇرغان گۇناھسىز قانلار ، دائىم ئەتراپتىن ئاڭلىنىپ تۇرغان ئاھۇزارلار مېنىڭ يۈرىكىمنى ئېزىدۇ ، تىنچلىقىمنى يوقىتىدۇ . يەنە مەن مىرزا بېشى بولۇپ قالسام ، بۇ ئاھۇزارلارنىڭ ، تۆكۈلگەن

گۇناھسىز قانلارنىڭ ئىچىدە ئىختىيارسىز ئۈزەرمەن . بۇ چاغدا مېنىڭ ئازابىم بىۋاستە بولار . بەلكىم بۇنىڭغا قاتنىشىپمۇ قالارمەن . چۈنكى ، خانغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنىڭ خالىغىنىدەك قىلىش ، زۇلۇم پىچىقىنى بىلەپ بېرىش ، شۇ مەنسەپتە ئۇزاق ياشاشنىڭ ئاساسىي شەرتى . لېكىن مەن بۇنداق ۋىجدانسىزلىق ئۈچۈن تۆرەلمىگەن ئوخشايمەن . مەدھۇ سەنا ، ئالقىش ۋە دۇئالارنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان زۇلۇمدىن پەرياد ، ھەقسىزلىقتىن داد مەنىلىرىگە مەلھەم بولۇش ، ئەلۋەتتە مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەس . چۈنكى ، «ساياۋانى مەرھەمەت» ۋىجدان مەسلىھەتىگە قۇلاق سالىدىغان «ئەخمەق» لەردىن ئەمەس . داداڭنىڭ مىجەزى ساڭا مەلۇم ، رەنا . دۇنيادا «مەنسەپ» تىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ . مېنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ مەنسەپتىن قېچىشىمنىڭ پەرقىگە يەتمەي ، «كۇپرانى نېمەت قىلىسەن ، ئېيىغا پالان تىللا» دەپ مېنى قورقۇنچاقلىقا چىقىرىدۇ . داداڭغا بايىقى ئۆزرىلەرنى ئېيتىش كالىنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىش بىلەن ئوخشاش بولغىنى ئۈچۈن جىم تۇردۇم . ئەگەر ئارىدا بىر كىشى بولمىسا ئىدى ، گەرچە باش مىرزىلىق ھازىر بىر خىيال بولسىمۇ ، شۇ چاغدىمۇ بۇ گەپ - سۆزگە بويسۇنمايتتىم ، رەنا !

رەنا ئەنۋەرنىڭ كۆزىگە توغرا تىكىلىپ ، سۆزىنى تىڭشىدى . ئۇنىڭ چىرايىدا ئەنۋەرگە ئېچىنىش ئالامىتى بار ئىدى .

— ياخشى نىيەت بىلەن مىرزىلىقنى قوبۇل قىلىسىڭىز ، — دېدى رەنا ، — ئاھالىدىن ياردەم قولىڭىزنى تارتمىسىڭىز ، ئۇ چاغدا ھەممە گۇناھ سىزنىڭ بويىنىڭىزدىن ساقىت بولىدۇ ، ئەنۋەر ئاكا !

— توغرا ، — دېدى ئەنۋەر ، — لېكىن گەپ بۇنىڭدا ئەمەس ، رەنا ، مەن شۇنداق بولۇشنى خالايتتىم . باشقىلار مەن خالىغاندەك قىلىشمىسا ، ئۇ چاغدا مەسئۇلىيەت مېنىڭ بويىنۇمدىن ساقىت بولدى ، دەپ تىنچلىنىش مۇمكىن ئەمەس . سەن پۈتۈنلەي باشقىچە چۈشەنگەن بىر مەسىلە ، سېنىڭ ھەرىكىتىڭ ۋە خاھىشىڭنىڭ

تەتۈرچە نەتىجىلىنىپ تۇرسا، روھىي جەھەتتىن ئېزىلىسەن، ۋىجدانىڭ ئازابلىنىدۇ. مانا ئەمەلىي مۇشكۇلچىلىك مۇشۇ يەردە. بولمايدىغان بولسا گەدەندىن ساقىت قىلىپ قويۇش ھەممىدىنمۇ ئوڭاي ئىش. ئەمما، مەنىۋى مەغلۇبىيەت ئېغىر مەسىلە، رەنا!

رەنا ئەنۋەرنىڭ مەقسىتىگە چۈشەنگەن بولسا كېرەك، بىردەم جىم بولۇپ قالدى ۋە ئالدىدىكى يىگىتنىڭ ئويچان يۈزىگە بىر - ئىككى قارىۋالدى.

— دېمەك، مىرزا بېشىلىقنى قوبۇل قىلمامسىز؟

— ئەگەر تاپشۇرسا قوبۇل قىلىمەن.

— شۇنچىلىك قىيىنچىلىق ئىچىدىمۇ؟

— چۈنكى داداڭ بۇنى مېنىڭدىن تەلەپ قىلىدۇ.

— دادامنىڭ قانداق ھەققى بار؟

بۇ پاك سوئالدىن كېيىن ئەنۋەر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى ۋە رەناغا بىردەم قاراپ تۇردى:

— ناھايىتى چوڭ ھەققى بار! — دەپ يەنە ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

رەنا قايتا سورىمىدى. گويا ئۇمۇ بۇ يەردىكى ھەقىقەتنى چۈشەنگەندى، لېگەنلەرگە ئاستاغىنا قولىنى ئۇزىتىپ، ئەنۋەرگە بوشىشىپراق قارىدى:

— چاي ئىچەمسىز؟

— كېيىنرەك ئىچىمەن.

رەنا لېگەنلەرنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدە دولقۇنلىنىپ كۆرۈنگەن چىرايلىق گەۋدىسى ھازىر ئەنۋەرنىڭ كۆز نىشانى ئىدى.

— مەن خۇپتەنگە چىقمايمەن، رەنا!

رەنا يېرىم يولدا توختاپ كۇلۇمسىرىگەن ھالدا ئەنۋەرگە قاراپ:

— چىقارمەن! — دېدى.

# 18 . مەسچىت ئالدىدىكى جېدەل

نامازدىگەر ئۇچۇن مەسچىتنىڭ ئالدىغا ئەمدى ئۇچ كىشى يىغىلغانىدى . مەسچىتنىڭ ئالدىدا تۆردە ئولتۇرغان قارا تونلۇق ، ئوتتۇز ياشلار چامىسىدا بار ، رەڭسىز ۋە ياشلىقىغا قارىماستىن قويۇق ساقىلىنى ھەيۋەتلىك قىلىپ ئۆستۈرۈۋېلىپ مۇشتتەك بېشىغا ئات تورۋىسى ئېسىۋالغاندەك كۆرۈنىدىغان بىر ئادەم ئىدى . ئۇنىڭ يېنىدا ماتا يەكتەك بوغچىنى ساڭگىلىتىپ ، چىلگىدەك پوقىقى گېلىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى زىننەتلىگەن ئوتتۇرا ياشلىق يەنە بىر «چىرايلىق» ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ قاتارىدا نوغۇچتەك سوقا يۇزلۇك ، ئاق ماتا كۆڭلەكى يەردىن تۆتلۈك كۆتۈرۈلۈپ ، ماتا سەللىسى گەدىنى ئارىلاش يۆگەلگەن ئۇچىنچى «يۇز» ئولتۇراتتى .

بۇلاردىن بىرىنچى مۆھتەرەم شۇ مەسچىتنىڭ ياش ئىمام ۋە خاتىپى ئابدۇراخمان داموللا بولۇپ ، ئىككىنچىسى مەھەللىنىڭ شېرىن سۆز غەيۋەتچىلىرىدىن سەمەت پوقاق ، ئۇچىنچىسى مەسچىتنىڭ مەزىنى شۇكۇر سوپى ئىدى . سەمەت پوقاق بىلەن شۇكۇر سوپى ئىمام ئەپەندىنىڭ مۇلايىمانە ۋە بىردىنبىر ئەينى مۇقامىغا چېكىپ ھەم قاتار تىزىپ قىلىشۋاتقان سۆزىگە سەما بولۇۋاتاتتى :

— ئوردا ئىچىدە شۇنچىلىك ئەقىللىك ۋە دانالار تولۇۋاتقان بىر چاغدا ، ئوقۇمىغان ، نادان بىر گۆدەككە بۇنداق بىر ئۇلۇغ ۋەزىپە ، ۋاللاھۇ ئەلەم ، تاپشۇرۇلماس دەپ ئويلايمەن . بۇ ۋەزىپىنى ھۆددە قىلىش ئۇچۇن كۆپ ئىش كېرەك . ئەڭ ئاۋۋال ئەقلى تولۇق ، ئاندىن ئوقۇشى يېتىلگەن بولۇش لازىم ، ۋەھالەنكى سىز دېگەن يىگىت ئۆتكەن يىللىرى سالىھ مەخسۇمدا ساۋات چىقىرىپ بىزدىن مىججە ئوقۇپ يۇرەتتى . ھەرھالدا بۇ خەۋەرگە كىشىنىڭ

ئەقلى يەتمەيدۇ ...
— ھە ، تەقسىر ، — دېدى سەمەت پوقاق ۋە شۈكۈر سوپىنى جەينىكى بىلەن نوقۇدى ، — بۇ بالا كىمۇ ؟ ئوردىغا مىرزا بېشىلىق كىم؟ زامانىنىڭ زەيلى بىلەن ، ھېلىقىدەك مەمە رەجەپ مىرزا بېشىنىڭ ياردىمىدە ئوردىغا كىرىپ قالغان ـ دە ... ھېلىقىدەك ئاپئاققىنا بولسا مەمە رەجەپ ئۆز يېنىغا ئالغان ـ دە ...
ئىمام پوقاقنىڭ سۆزىنى تىڭشىغان ھالدا ، ئىككى كۆزىنى يەرگە تىككەندى .
— يۇرتنىڭ سۆزىگە قاراپ دەۋاتىمەن ـ دە ، — دېدى شۈكۈر سوپى بوشاشقان ئاھاڭدا ، — بىرنەچچە كۈندىن بۇيان چوڭ ـ كىچىكنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ بولۇپ قالدى .
— كۆپچىلىكنىڭ ئاغزىنى تىكىپ قويغىلى بولاتتىمۇ ، سوپى !
سەمەت پوقاقنىڭ بۇ كېيىنكى خىرقىرىشىدا تامىقىنىڭ تېگىدىكى يوغان تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى . ئىمام تېخىچە ئىككى كۆزىنى يەرگە تىككەن ھالدا كىچىككىنە بېشىنى لىڭشىتتى :
— ئوردىدىن بىرەر ئادەم زاڭلىق قىلىش ئۈچۈن خەۋەر تارقاتقاندۇ !
— ھە ـ ئە ، تەقسىر !
شۇ چاغدا بۇ يەرگە تۆتىنچى ئادەم كەلدى ، بۇ ۋىجىككىنە ، قىرىق بىلەن ئەللىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بار ، مۇرىسى ئۆسۈپ چىققان سەپەر بۆزچى (ماتاچى ) دېگەن ئادەم ئىدى . ئۇ ئىمامغا سالام بېرىپ ، سوپىنىڭ يېنىغا ئولتۇردى ۋە سۆزگە بىر ئاز قۇلاق سالغاندىن كېيىن چۈشەنمەيلا سۆزگە ئارىلىشىپ قالدى :
— ئىنشائاللا ، شۇ يىگىت مىرزا بېشى بولار ! — دېدى سەپەر بۆزچى سۆھبەتنىڭ روھىنى بىلمەي تۇرۇپ ، — ئۆزى ئاجايىپ پاراسەتلىك يىگىت ، پۇقراپەرۋەر ؛ شۇ بولغىنى ياخشى ، ھە ، شۇنداق ئەمەسمۇ ، تەقسىر ؟

ئىمام يەرگە قارىغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى . سەمەت پوقاق ھومىيىپ سەپەر بۆزچىگە قارىدى :
— ھەي ، ھەي ، ۋالاقلاۋېرىسەن ـ دە ، سەپەر ! — دېدى پوقاق ، — بىز نېمە دەۋاتىمىز ، سەن نېمە دەۋاتىسەن !
— خوش ، نېمە دەۋاتىسىلەر ؟
— قۇرۇق پاراڭ دەۋاتىمىز ، مىرزا بېشىلىق ئۇچۇن چوڭ موللا كېرەك دەۋاتىمىز .
— ئۇ موللا ئەمەسمىكەن ؟
— موللا بولسىمۇ ، چۈپەي موللىلاردىن ـ دە !
— مۇشۇنىڭغا كەلگەندە يېڭىلىشىپسەن ، سەمەت ، — دېدى سەپەر بۆزچى ، — خەت پۈتۈشكە كەلگەندە قويىۋەرگىن ، كەمبەغەللەرگە يان باسقاننى كۆرسەڭ ، ھە ، بولدى ، دەيسەن !
— خوتۇن تالىقىڭ كىمگە يان بېسىپتۇ ؟
— ھەممىگە ، ھەممىگە ! — دېدى سەپەر ، — مېنىڭ ئۆزۈمگىمۇ ياردەم قىلدى ـ دە ، بار بولغۇر .
— ھە ـ ئە ، خوش ؟
— بۇلتۇر مانا مۇشۇ چاغدا ، — دېدى سەپەر ئېڭىشىپراق ، — بازارغا سەككىز ماتا ئېلىپ چۈشكەنىدىم ، بىرەرى ئىغۋا قىلدىمۇ ، زاكاتچىنىڭ تامىقى تاقىلدىدىمۇ ، ئىشقىلىپ پالاكەت ، قولتۇقۇمدىكى ماتانى كاپلا قىلىپ ئالدى : «ئاتاڭ ياخشى ، ئاناڭ ياخشى ، كاسىپكەن ، سودىگەر بولسام ئۆلەي» دېدىم ... قايتۇرۇپ بېرەمدىغان ، كاساپەت ، ... بىر يىللىق زاكاتىڭ ، دەپ كۆتۈرۈپلا كەتتى . قولۇڭدىن نېمە كېلىدۇ ، سەمەت ، قاتتىق خاپا بولۇپ ، ئۆيگە قۇرۇق قول يېنىپ كەلدىم . ئۈششاق ـ چۈششەك ئەكېلىدۇ دەپ كۈتۈپ ئولتۇرغان بالا ـ چاقىنىڭ رەڭگى ئۆچتى . مال كەتتى — جان كەتتى ، ئىشقىمۇ قولۇم بارمايدۇ . ئەمدى بولار ئىش بولدى دېسەڭ ئىچىڭ ئېچىشىدۇ ، دەسمايىمۇ غالتەككە چىققان . ئەرز ـ پەرز يازدۇراي

دېدىم ، كوچىدا ئۇ ـ بۇغا مەسلىھەت سالسام ، ئەرز بېرىشنى ماقۇل كۆرۈشتى . شۇ يېقىن يەردە ، ئۆزى ئوردىدا تۇرىدىغان بىر ئەرزچى بار ئىمىش . كەتكەننىڭ ئۇستىگە كەتكەن ، دەپ دۇكان تېگى يېرىم ماتا بار ئىكەن ، قولتۇقۇمغا تىقىۋالدىم . مانا شۇ ۋاقىتلاردا سوراپ يۈرۈپ ئەرزچى مىرزىنىڭكىگە بارسام ، هازىر ئوردىدىن كېلىپ ، ئەمدىلا تونىنى يېشىپ تۇرغانىكەن . ياش ، نەۋقىران يىگىت ، سالام ـ ئىلىك . «هارما» ، «بار بول» لاردىن كېيىن «شۇنداق ، شۇنداق ئىش ؛ بىر پارچە ئەرز يازدۇرسام ، دەپ كەلگەنىدىم» دېدىم . ئوردىلىقتا گەپ ئۇقتۇرۇش قىيامەتتىن تەس ، تەقسىر . لېكىن ، بۇ يىگىتتە هاكاۋۇرلۇق سىياقى يوق ، شۈكۈر سوپى . ئۇ گەپنى چۈشىنىۋېلىپ «خوپ» دېدى . ئەرزنىڭ بىر يېرىگە زاكاتچىنىڭ ئېتى چۈشىدىكەن ، نەچچە يېنىشلاپ سورىسىمۇ بىلمىدىم ، ئۇنىڭدىن كېيىن رەڭگىرويىنى ئۇقتۇرغانىدىم ، مۆلچەرلەپ بىرىنىڭ ئېتىنى يازغان چېغى ، «ئەمدى كېتىۋېرىڭ ، ئەرزنى ئۆزۈم تاپشۇرىمەن» دېدى . جاۋابىنىمۇ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆزىدىن ئالارمىشمەن ...

بۇ ئاسانلىقنى قاراڭ ، تەقسىر . دۇئا قىلىپ قەلەم ئۇچىغا ماتانى ئۇزاتتىم ، ئالمايدۇ . «ئاپلا ، ئازسىندى ـ دە ، قۇرغۇر» دەپ قورقتۇم . «ئەرز ئورۇندالسا يەنە خىزمەتلىرىدە بولارمىز ، مىرزا بېشى» دېسەم يەنە ئالمىدى ، «تازا پالاكەت باستى» دەپ تۇرسام ، «ئەرزگە هەق ئالمايمەن ؛ ماتايىڭنى ئەكېتىۋەر» دېمەسمۇ . بەرىكە تاپقۇرنى قاراڭ ، تەقسىر . هە ، شۇنداق ئادەممۇ بولىدىكەن ، سەمەت ئاكا ، «ئالتۇن ئالمساڭ دۇئا ئال» دەپ قولۇمنى ئاچتىم . هە ، ئەمدى بۇنى قويىۋېرىڭ . ئەتىسى كەچقۇرۇن گۆلە توغرىلاپ ئولتۇرسام ، ئىشىكنى بىرى تاقىلدىتىدۇ . «هە ، كېلىۋېرىڭ» دېدىم . دۇكانغا ماتا قولتۇقلىغان بىر ئادەم كىردى :

«سەپەر باي سىزمۇ ؟»

«هە ، بىز .»

«ئەرز بەرگەنمىدىڭىز ؟»
«بەرگەنىدىم .»
«ئاتىڭىزنىڭ ئىتى نىمە ؟»
«مەمەتباي .»
قولتۇقىدىكى ماتانى ئالدىمغا تاشلىدى . خۇددى تۈنۈگۈنكى ماتالىرىم ؛ توپتوغرا سەككىز دانە .
«ماتالىرىڭىزنى ئالدىڭىز ؟»
«ھە ، ئالدىم .»
«خەير .»
«خوش .»
بۇ ياخشىلىق ئەرزدىنمۇ بۇرۇن مىرزا بىشىدىن بولدى ، دەپ ئويلىدىم . بالىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىككى ماتانى كۆتۈرۈپ نامازشام ۋاقتىدا مىرزىنىڭ ئۆيىگە باردىم . چاقىردىم ، چىقتى ، مىننەتدارلىق بىلەن ئىككى ماتانى ئۇزاتتىم ؛ ھېچ ئالسىچۇ ، «يەكتەككە ماتىرىم بار ، كېتىۋېرىڭ» دەيدۇ . «سېتىپ پۇلىنى بېرەيمۇ» دېسەم ، «پۇلۇممۇ جىق» دەيدۇ . ھېچبولمىغاندا بىرىنىمۇ ئالسا كاشكى . يەنە دۇئا قىلىپ ماتا بىلەن ياندىم . پەرىشتىمۇ شۇنچىلىك بولار ، دەپ ئويلاپ قالدىم . شۈكۈر سوپى ! ھە ، شۇنداق يىگىت مىرزا بېشى بولماي كىم بولسۇن ، سەمەت باي ! كۆپنىڭ دۇئاسى كۆل دېيىشىدۇ ؛ ئىشەنمىسەڭلار ، مانا تەقسىرىمدىن سوراڭلار !

ھېكايىنى ئاڭلاش داۋامىدا ئىمامدا بىر غىجىنىش ۋەزىيىتى بار ئىدى ، ھېكايە تۈگىگەندىن كېيىن زەھەرخەندىلىك بىلەن سەمەت پوقاقىا قارىدى . دېمى سىقىلىپ كېتىۋاتقان پوقاق بۇنىڭدىن روھلاندى .

— يالغاننىمۇ يالىماي يۇتىدىغان بوپسەن ـ دە ، سەپەر ، — دېدى پوقاق .

سەپەر بۆزچى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ كەتتى ، رەڭگى ئۆچتى .

— ئەزىمرايى خۇدا ، قەسەم كىرەكمۇ ؟
— ئىككى ماتانى ئىككى قوللاپ ئاپارساڭ ، — دېدى سەمەت پوقاق ، — قايسى ئەخمەق ئالماي ياندۇرىدىكەن ؟ يالغاننى سەل كىشى ئىشەنگۈدەك قىلىپ سۆزلەش كىرەك ، سەپەر !
— ئەزىمرايى خۇدا ، ئالمىدى ! — دېدى سەپەر ۋە تېرىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، — مۇشۇ كەبە تۇللانىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ يالغان گەپ قىلغان ئادەم مۇسۇلمان ئەمەس ، كىشىنىڭ قەسىمىگە ئىشەنمىگەن يەتتە مەزھەپتە مۆمىن ئەمەس !
سەپەر ئاكىنىڭ ئەستايىدىل ئاچچىقلانغىنىنى سەزگەن ئىمام ئارىغا چۈشۈپ :
— بۇنداق ياخشىلىقنى ھەممىلا ئادەم قىلالايدۇ ، سەپەر ئاكا ، — دېدى ، — شۇنىڭ ئۈچۈن مىرزا بېشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا مەن ئىشەندىم . ئەمما ، بىزنىڭ مۇزاكىرىمىز ئۇنىڭ ئاجىز - بىچارىلەرگە قىلغان ياخشىلىقى توغرىسىدا بولماستىن ، بۇ ئادەم ئوردىدىكى مىرزىلارغا باشلىق بولالامدۇ ، يەنى شۇنداق چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە .
— باركاللا ، تەقسىر ! — دېدى سەپەر بۆزچى تۇرغان جايىدىن مىدىرلىماي ، — مېنىڭچە بولسا ، ئىنشائاللا ، ھۆددىسىدىن چىقىدۇ !
ئىمام سەپەر بۆزچىگە چۈشىنەلمەي ، بىرئاز تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن سورىدى :
— ئۇنىڭ ھۆددە قىلىشىنى سىز نەدىن بىلىسىز ؟
— خۇدا بىلدۇرسە ، بىلىمەن - دە ، تەقسىر !
— خوش ؟
— چۈنكى كۆپچىلىكنىڭ دۇئاسى كۆل - دە ، تەقسىر !
— كۆپچىلىكنىڭ دۇئاسى كۆل بولسا ياخشى ، — دېدى ئىمام ، — ئەمما ، بۇ خىزمەتكە ئۇنىڭ ئىلمى يېتەمدۇ ؟
— يېتىدۇ ، تەقسىر ، يېتىدۇ !
— سىز زادى يېتىدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسىز ؟

— زادى يەتمەيدىغانلىقىنى سىز نەدىن بىلىسىز ، تەقسىر ؟
— يەتمەيدىغانلىقىنى مەن شۇنىڭدىن بىلىمەنكى ، — دېدى ئىمام ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتقان هالدا ، — بۇنداق مەنسەپكە مىنىدىغان ئادەم بۇخارايى شەرىپتە ئوقۇمىغاندىمۇ ئەڭ بولمىغاندا قوقان مەدرىسىلىرىدە ئوقۇغان بولۇشى كېرەك ، ئەمما سىزنىڭ مىرزا بېشىڭىز خەت تونۇغاندىن باشقىنى بىلمەيدۇ .
— بىلمىگىنىنى سىز نەدىن بىلىسىز ، تەقسىر ؟
— چۈنكى مەن ئۇنى ئۆز قولۇمدا ئوقۇتقان ··· بىر يېتىم بالا ئىدى !
— خۇدانىڭ بېرىشى ، تەقسىر ! — دېدى سەپەر ئويلاپمۇ تۇرماستىن ، — جانابىڭىز بۇخارايى شەرىپتە نەچچە يىل ئوقۇپ ناهايىتى كەلسە مەهەللىگە ئىمام بولدىڭىز ··· خۇدا بەرمىسە شۇنداق ، تەقسىر ، ئۇ بولسا مەدرىسە كۆرمەستىن مىرزىلارنىڭ مىرزىسى بولماقچى ؛ خۇدا بەرسە شۇنداق ، تەقسىر .
سەپەر بۆزچىنىڭ بۇ سۆزىدىن ئىمامنىڭ قانسىز رەڭگى تېخىمۇ قانسىزلانغان ، ئالىمۇنچاق كۆزلىرى ئاللىقانداق بولۇپ كەتكەندى :
— ئەبلەخ ئادەم ئىكەنسەن ! — دېدى .
— سىزمۇ ئەخمەق موللا ئىكەنسىز ! — دېدى سەپەر بۆزچى .
ئىمام غەزىپى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سەپەر بۆزچىگە دېۋەيلىگەندى ، ئۇنى سەمەت پوقاق تۇتۇپ قالدى .
— پەدەر لەنەت ، ئەدەپسىز ! — دېدى سەمەت ، — داموللىغا شۇنداق سۆزنى ئېيتامدۇ ـ هە ؟ !
سەپەر بۆزچى تۇرغان ئورنىدىن مىدىرلىماي :
— كېكىردىكىڭنى سوزما ، پوقاق ، — دېدى ، — قېنى قويۇپ بەرگىنە تەقسىرىڭنى ، مەن بىلەن ياقىلاشسۇنچۇ ! جىم تۇرسا قورقىدۇ دەۋاتامسەن ؟ !
شۇكۇر سوپى ئورنىدا قېتىپ قالغانىدى . ئىمام بولسا گويا هۇجۇم قىلماقچى بولغاندەك سەمەت پوقاقنى ئىتتىرەتتى . سەمەت

پوقاق غەيۋەتتىن باشقا ئىشقا يارىمايدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئىمامغا ياردەم قىلىشقا چامىسى يەتمەيتتى .

— مۇشۇ ئەدەپسىزلىكىڭ بىلەن ، — دېدى سەمەت نەسىھەت ئاھاڭىدا ، — يەنە داموللىنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇمسەن ، سەپەر !

— ئوقۇمسام قۇتۇلمەمنمۇ سەنلەردىن !

— ئوقۇمساڭ ماڭ ، كەت ! ! !

— هۇ … — دەپ تىللىدى سەپەر بۆزچى ۋە مەسچىتنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ كەينىدىن «پەدەر لەنەت ، جاهىل » دەپ تىللىدى ئىمام ۋە ئاۋۋالقى ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى . خېلى ۋاقىتقىچە ئۈچىلىسى جىمجىت بولۇپ قېلىشتى .

— بىر ئىت ـ دە ، تەقسىر ، خاپا بولماڭ !

ئىمام جاۋاب بەرمىدى ، يەنە بىرنەچچە كىشى كېلىپ قوشۇلغاندىن كېيىن ، شۇكۇر سوپى مۇنارغا چىقىپ ئەزان ئېيتتى . ھەممەيلەن نامازدىگەرنى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە كىرىشتى .

## 19 . ئىپلاس بىر ئۆتمۈش

ئىمامنىڭ مىجەزى بەك بوشاشتى ، نامازشام ۋە خۇپتەن چاغلىرىدىمۇ ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمىدى . سەپەر بۆزچىنىڭ «بۇخارايى شەرىپتە نەچچە يىل ئوقۇپ ناھايىتى كەلسە مەھەللىگە ئىمام بولدىڭىز… خۇدا بەرمىسە شۇنداق ، تەقسىر !» دېگەن سۆزى زەھەرلىك خەنجەردەك ئۇنىڭ يۈرىكىگە يېگىدىن ـ يېڭى جاراھەت سالاتتى .

ھەقىقەتەنمۇ ، سەپەرنىڭ بۇ سۆزى ئىمامنىڭ كونا يارىسىنى يامان تۇزلىۋەتتى ، بۇ يارا مۇشۇ كۈنگىچە ئىچىدىنلا يىرىڭ يىغىپ يۈرگەن بولسا ، بۈگۈن سەپەر بۆزچىدەك بىر «بىمەنە» بۇ يارىنى رەھىمسىزلىك بىلەن يېرىۋەتتى ، سەمەت پوقاق ۋە شۇكۇر سوپىغا ئوخشاش تېتىقسىزلارنىڭ ئالدىدا ئىمامنىڭ ئابرۇيىنى تۆكتى . بۇ بىر تەرىپى . ئىككىنچى تەرىپى بولسا ، سەپەرنىڭ «ئۇ بولسا ،

مەدرىسە كۆرمەستىن، مىرزىلارنىڭ مىرزىسى بولماقچى…»
جۈملىسى يەنە ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك بولدى. يەنى
ئىمامنىڭ كۆرەلمەسلىك ئوتى تۆت تەرەپتىن پۈۋلەندى، گويا ئۇ
ئىككى ئوتنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك بولدى.

ئۇ ئەنۋەرنىڭ باش مۇنشىلىققا يارىمايدىغانلىقىنى، ئىلىمسىز،
قابىلىيەتسىزلىكىنى نېمىشقا شۇنچە ئىسپاتلاشقا تىرىشتى، سەپەر
بۆزچىدەك بىر «ئەبلەخ» بىلەن تالىشىپ، نېمىشقا ئۆزىگە بۇنچە
خاپىلىق تېپىۋالدى. گەرچە ئەنۋەرگە خالىس باھا بەرمەكچى
بولغىنىدىمۇ، بۇنى سەپەرگە ئوخشاش بىلىمسىز، نادان بىر ئادەمگە
چۈشەندۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟! بۇنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەشتىن
ئىلگىرى ئىمام ئەپەندىنىڭ ئۆتكەن تارىخىغا بىر ئاز كۆز
تاشلىۋېلىشقا مەجبۇرمىز. چۈنكى، بۇنىڭسىز ئوقۇغۇچىمىزغا
چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

ھازىرقى ئىمامىمىز — موللا ئابدۇراخمان بۇنىڭدىن يىگىرمە
يىللار ئىلگىرى، قىسقىلا، ئەھمىيەتسىزلا «راخمان» ئىسمى
بىلەن ئاتىلاتتى. ئابدۇراخماننىڭ ئاتىسى ئۆلىما نەسلىدىن، ئەمما
بۇ شەرەپ نېمە سەۋەب بىلەندۇر بۇنىڭ ئاتىسىغا نېسىپ بولمىغان،
لېكىن ئابدۇراخماننىڭ ئاتىسىنىڭ بىر تۇغقانلىرى ئاتا كەسپىنى
تۇتۇپ ئوقۇغان جايلىرى بۇخارا بولۇپ، چوڭ مۇدەررىسلەردىن
سانىلاتتى. ئابدۇراخمان كىچىك بالا چېغىدا ئاتىسى ئۆلۈپ، ئانىسى
ۋە ئاتا تەرەپلىرىنىڭ تەربىيىسىدە قالدى. ئون بەش ياشلىرىغىچە
سالىھ مەخسۇمنىڭ مەكتىپىدە ساۋات چىقارغاندىن كېيىن،
مۇدەررىس چوڭ دادىلىرىدىن بۇخارايى شەرىپكە كېلىپ ئوقۇش
توغرۇلۇق چاقىرىپ يازغان خەتنى ئالدى. خەتتە ئابدۇراخماننىڭ
بوۋا كەسپى ئۆلىمالىق ئىكەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا
كەسپلەرگە ئۇرۇنۇپ ئۆمرىنى زايە قىلىش كېرەك ئەمەسلىكى،
ئۆز تەربىيىلىرىدە ئوقۇپ بىلىم ئېلىشى لازىملىقى ئېيتىلغانىدى.
بۇ چاقىرىق ئابدۇراخماننىڭ ئانىسىغا ۋە باشقا تۇغقانلىرىغا ناھايىتى
لايىق تېپىلىپ، ئۇنى بۇخاراغا يولغا سېلىش قارارىغا كېلىشتى.

ئابدۇراخمانمۇ ئىستىقبالىدىكى مۇدەررىس، مۇپتىلىق شىرىن خىياللىرى ئىچىدە بۇخاراغا سەپەر قىلدى.
چوڭ دادىسى بۇخارانىڭ «خوجا پارسا» مەدرىسىسىنىڭ مۇدەررىسى بولۇپ، ئابدۇراخمان شۇ كىشىنىڭ تەربىيىسىگە كەلگەندى... داموللا مۇدەررىس گەرچە مەدرىسىدىن ھۇجرا بېرىش مۇمكىن بولسىمۇ، ئابدۇراخماننى ئۆز مېھمانخانىسىغا جايلاشتۇردى، مۇشۇ ھالدا ئابدۇراخمان ئوقۇشنى باشلىدى...
ئەمما، مۇدەررىسنىڭ مېھمانخانىسىنىڭ تاملىرى ئابدۇراخماننى «بۇخارايى شەرىپ» تە ئەۋج ئالغان بۇزۇقلۇقلاردىن ساقلىيالمىدى. ئابدۇراخمان بۇزۇق بايۋەچچىلەرگە ئارىلىشىپ چوڭ دادىسىدىن يوشۇرۇن ئەيش - ئىشرەتلەرگە بېرىلدى. بىر كۈنى سىر ئېچىلىپ قالدى. داموللا مۇدەررىس بۇ نومۇسقا چىدىيالماستىن، ئابدۇراخماننى ئۆز ئۆيىدىن ھەيدىۋەتتى. ئابدۇراخمان توۋا قىلىپ، داموللا مۇدەررىستىن ئەگ بولمىغاندا مەدرىسىدە تۇرۇشنى سورىدى. ئارىغا ئادەملەر چۈشۈپ يۈرۈپ رۇخسەت ئېلىش بىلەن، مەدرىسىدە يېتىپ - قوپۇشقا باشلىدى. لېكىن، ئىشرەتبازلىق مەدرىسە ئىچىدە، تالىپلار ئىچىدىمۇ كەم ئەمەس ئىدى. ئابدۇراخمان ئۈچ يىل بويى سودىگەرلەرنىڭ ئارىسىدا «ئەخلاق تۈزەتكەن» بولسا، يەنە ئىككى يىل مەدرىسىدە تۇرۇپ، شۇ تۈزەلگەن ئەخلاقىنى «كامالەت» كە يەتكۈزدى.
كۆپ ئۆتمەي، ئابدۇراخمان مەدرىسە ئەھلى ئارىسىدىمۇ ئابرۇيسىز بولۇپ قالدى.
ئاخىر ئابدۇراخمان چايخانىدىن چىقمايدىغان تاۋكاچى ۋە بوۋا بەڭگىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزىگە جاي تاپتى. ئۇنىڭ بۇ دەۋرىدىكى ئەھۋالىنى يېزىشقا قەلەم ئۆزرىلىكتۇر. شۇ تەرىقىدە بۇ كېيىنكى تەبىقە ئارىسىدا ئۈچ يىلچە يۈرگەندىن كېيىن ئاجايىپ پۇلغا ئامراق، ئوخشىشى كەم شاللاق، ھەممە شارائىتلىرى بىلەن بىر بەڭۋاش ۋە لۈكچەك بولغىنى ھالدا بەچچىلىك دەۋرى بىلەن خوشلاشتى. چۈنكى، يۈز - كۆزىنى نانغا چۈمۈلە چاپلاشقاندەك

ساقال ـ بۇرۇت قاپلاپ كېتىپ ، ئەمدى ئۇ موچىنغا بوي بەرمەيدىغان ھالغا يەتكەنىدى .

## 20 . ھوشيارلىق

ئەمدى ئابدۇراخمان ئۆزىنىڭ يېقىنقى ئۆتمۈشىدە ئۇستىۋېشىغا مىلەنگەن ئات تېزىكىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرمىگەندەك ، ئىستىقبالىدىمۇ ئەپلىككىنە بىر ھالنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى ، بىرنەچچە ئايلارغىچە ئۇ تولىمۇ روھسىز ، كەيپسىز ۋە دەرسكىمۇ ھەپسىلىسىز قاراپ يۈردى . گويا بۇ كۈنلەردە ئۇ ھەدەدىدىن ئارتۇق ئىچكۈلۈكتىن كېيىنكى باش ئاغرىقى دەۋرىنى ئۆتكۈزەتتى ، شۇ تەرىقىدە ئۇزۇنغىچە روھىي كېسەللىك بىلەن يۈرۈپ ، كۈتۈلمىگەندە جانلىنىپ كەتتى . يەنى «قائىدە» نىڭ شەرھىسىنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن يەڭ تۈردى .

يۇقىرىدىكى روھىي چۈشكۈنلۈك دەۋرىدە بۇ ئەمدىكى شۆھرەتنى موچىن ئىشلىتىش بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئەقائىد ، شەرھى ۋە ئىزاھاتلار ۋاسىتىسى بىلەن تاپماقچى بولغان ، يەنى پەردە غايىسىگە دىنىي ئالىملىق كىيىمىنى كىيدۈرۈش پىكرىگە كەلگەنىدى . بەش يىل «غايە» ئۈچۈن قاتتىق بېرىلىپ ، زەي ھۇجرىدا ئازاب چېكىپ ، سالامەتلىكى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى تۈگىمەيدىغان ئورۇقلۇق ، رەڭسىزلىك ئاشۇرۇپ ، يىگىرمە سەككىز يېشىدا «خەتمە كۈتۈپ» قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى . بەش يىللىق ئۆزگىرىشتىن كېيىن داموللا مۇدەررىس ئابدۇراخماننىڭ كونا گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلغانىدى ، ئۆز يېنىدىن بىرمۇنچە خىراجەت قىلىپ ، ئابدۇراخمان ئۈچۈن ئوقۇش تۈگىتىش تويى قىلىپ بەردى .

موللا ئابدۇراخمان قوقان سەپىرىگە تەييارلىنىۋاتقاندا ، كۆڭلى قوقاندا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ئۈلىمالىق شۆھرىتىگە — مۇپتىلىق ، قازى ۋە ئەلەملىك مەنسىپىگە ئالدىرايتتى . ئۇنىڭ

ئۆيىچە ، قوقاندىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ ياش ئالىمنىڭ ئىستىقبالىغا تەييارلىنىۋاتقاندەك ئىدى .

شۇ تەرىقىدە ، ئاشقلار يارنى كۆرۈشكە ئالدىرىغاندەك ، موللا ئابدۇراخمانمۇ ئۆز شەھىرىگە پالاقلاپ يېتىپ كەلدى . ئۇ ئويلىغاندەك ئالدىغا پۈتۈن قوقان كۆچۈپ چىقمىسىمۇ ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئۈچ - تۆت كىشى ، مەھەللە چوڭلىرىدىن ئىككى ساۋاب تەلەپ بوۋاي دەرۋازا يېنىدا كۈتۈۋېلىشتى . بۇ ساددىغىنا كۈتۈۋېلىش ئابدۇراخماننىڭ بۇخارادا تۇرۇپ قىلغان شېرىن خىيالىغا بېرىلگەن بىرىنچى زەربە ئىدى . ئۇ ئۆيىگە بېرىپ چۈشتى ، بىرنەچچە كۈنگىچە پەتە ئوقۇش ، هاردۇق چىقىرىش مۇراسىملىرى داۋام قىلدى ، لېكىن بۇنىڭدىنمۇ قانائەتلىنەلمىدى ، تەتۈرىچە ، خۇيى تۇتۇپ قالدى . چۈنكى ، زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ تولىسى مايماق - سايماق قوۋم - قېرىنداشلىرى ، يىراق - يېقىن كۆز تونۇش مەدرىسە تالىپلىرى ۋە بىرنەچچە مەھەللە ئىماملىرى بولۇپ ، ئۇ كۈتكەن ئاساسىي مۇددىئادىكىلەر ، يەنى مۇدەررىس ، پېشۋالار ، مۇپتى - ئۆلىمالار ۋە بەگزادىلەر ، ئابرۇيلۇق مۆتىۋەرلەر ۋە بايلار زىيارەتچىلەرنىڭ ئارىسىدا ھەتتا كۆز ئاغرىقى ئۈچۈن دورىلىققىمۇ كۆرۈنۈشمىدى . بۇ ئىككىنچى زەربە ئىدى .

ئۇ زىيارەت قىلىشقا «قولى تەگمىگەن» بەزىلەر ئۆزرە ھېسابىدا ئۆز ئۆيلىرىگە «مەخسۇس زىياپەت» بىلەن چاقىرىشار ، دەپ كۈتتى . بەختكە قارشى ، بۇ ئۈمىدمۇ بىكار بولدى . بىرنەچچە قېرىنداشلىرىنىڭ تىترەپ - قاقشاپ ئۆتكۈزگەن زىياپەتلىرى بىلەن ئۆيدىن ئۆيگە ئۆتۈپ ، «نېمەتلەرنىڭ ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرۈش» خىيالىمۇ «بىر خىيال» بولۇپ قالدى . بۇ ئۈچىنچى زەربە ئىدى .

بىر ئاي ئۆتمەستىن قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭمۇ زىياپىتى ئاخىرىغا يېتىپ ، تۇل ئانىسىنىڭ ئۈمىچىغا قانائەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى . بۇخارادا ئويلىغاندەك بىرەر مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسلىكى ياكى بۇ تېپىلمىغاندا مۇكەررىرلىكىلا ئەمەس ، ھەتتا

نېرىقى مەھەللىنىڭ ئىماملىقىنى ئېلىشمۇ تەس بولدى . ئۆزىدىن ئىككى مەھەللە نېرىدا بولغان ھازىرقى مەسچىتنىڭ ئىماملىقىغا تەيىنلىمەكچى بولۇشقانىدى ، بۇنىڭغىمۇ توسقۇنلۇق چىقتى : موللا ئابدۇراخمان قىسقىسى سۈننەتنى ئورۇندىمىغان ، يەنى ئۆيلەنمەستىن ، سۈننەتنى تەرك قىلغان كىشىنىڭ ئىمام بولۇشىغا نۇقسانى بار ، دېيىشىپ ، مەھەللىدىكى بەزى تەقۋادارلار قارشى چىقىشتى . شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە يار - بۇرادەرلىرى توي قىلىمىنى ئۆز ئارا ئۇستىلىرىگە ئېلىشىپ ، ئۇنى ئۆيلەندۇرۇش پىكرىگە چۈشۈشتى . بۇخارادىكى «خىياللار» ئاستىن - ئۇستۈن بولغىنى ھالدا ، موللا ئابدۇراخمان ئۆيلىنىش شەرتى بىلەن ، ھېلىقى مەھەللىنىڭ ئىماملىقىغا بەلگىلەندى . ھازىر شۇنچىلىك «پەس» ئىشقىمۇ باش ئېگىش زۆرۈرىيىتى بار ئىدى .

موللا ئابدۇراخماننىڭ ئەلچىلىرى دەسلەپ سالىھ مەخسۇمنىڭ قىزى رەنا ئۈچۈن بېرىشتى . چۈنكى ، رەنانىڭ ھۆسنى بۇ ئەتراپتا مەشھۇر ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇراخماننىڭ ئۆزى سالىھ مەخسۇمدا ئوقۇپ يۈرگەن ۋاقتىدا كىچىك رەنانى كۆرگەن ، ئۈچىنچىدىن ، ياش ئالىم قېرى داموللىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنسە يەنە بىر ھۆسن بولاتتى . بولۇپمۇ ، موللا ئابدۇراخمان مۇشۇ چاغقىچە رەنانىڭ ئەرگە بېرىلمىگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بۇ تاسادىپنى كېلەچىكىنىڭ ياخشىلىق ھاللىرى ھېسابىغا كىرگۈزگەن ، رەنا بۇ ئون يىل ئىچىدە تېخىمۇ تولغان بولسا كېرەك ، دەپ توينى كۈتمەيلا ئۇنىڭ خىيالىي سىيماسىنى قۇچاقلاشقا باشلىغانىدى ، مەكتەپداش داموللىلارغا قارىغاندا ئۆز ئىلىم ۋە مەرتىۋىسىنى ئاللىقانچە يۇقىرى قويغانلىقتىن ، سالىھ مەخسۇمنىڭ سۆزسىز كۈيئوغۇل قىلىشىغا ئىشىنەتتى ۋە بۇگۇنمۇ ، ئەتىمۇ رەنانى ھەقىقىي قوينىغا ئېلىش ئۈچۈن ئالدىرايتتى . لېكىن ، تەقدىر بۇنىڭدىمۇ ئۇنى ئالدىدى . ئەلچىلەر نىگار ئايىمدىن بولمىغان ئۆزرىنى ئېلىپ كېلىشتى : «قىزلىرى تېخى ياش ئىمىش ، ئەمدى ئون ئىككى ياشقا كىرگەنمىش» .

موللا ئابدۇراخمان خوتۇنلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەستىن ، سالىھ مەخسۇمنىڭ ئالدىغا مەھەللىدىن بىر - ئىككى نەپەر قېرى ئادەمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى . بۇ ئەلچىلەرمۇ يەنە ئاچچىقراق جاۋاب بىلەن كېلىشتى : «سالىھ مەخسۇم قىزىنى ئۆردىدا مىرزىلىق قىلىدىغان ئەنۋەر ئىسىملىك بىر يىگىتكە پەتە ئوقۇتۇپ قويغانىكەن . پەتە ئوقۇلمىغاندا ، ئەلۋەتتە سىزگە بېرىدىكەن ، كۆپ ئەپسۇسلاندى !»

بۇ جاۋابتىن كېيىن ئابدۇراخمان دىمى ئىچىگە چۈشۈپ ئۆز تەقدىرىگە لەنەت ئوقۇدى . ئەمما ، كۆڭلىدە رەنانى ئالىدىغان ئەنۋەر ئاتلىق يىگىتكە قارشى ئۆچمەنلىك تۇغۇلدى ، بۇ جاۋاب راستتىن شۇنداقمۇ ، يالغىنى يوقمۇ ، دەپ ئۆردىدا خىزمەت قىلىدىغان ئەنۋەر ئاتلىق مىرزىنى سۈرۈشتۈردى ، راستلىقىنى بىلگەنىنىڭ ئۈستىگە ھەتتا بۇ ئەنۋەرنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلدى : ئۆزى بۇخاراغا كېتەر ئالدىدا سالىھ مەخسۇمنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇپ يۈرگەن شۇ يېتىم بالا ئىمىش . ئۈچ - تۆت يىللاردىن بېرى ئۆردىدا مىرزىلىق قىلىپ نەچچە تىللا مائاش ئالارمىش ... بۇ سۈرۈشتۈرۈپ بىلىشتىن كېيىن ئابدۇراخماننىڭ يۈرىكى يەنە كۆيۈپ كەتتى : بۇخارادا ئوقۇش تۈگىتىپ كەلگەن بىر «ئالىم» ، ئاددىيسى بىر مەھەللىنىڭ ئىماملىقىغا غەلۋىسىز ئۆتەلمىسۇنيۇ ، ئۇنىڭ هارام تۈكىگە ئەرزىمىگەن بىر ساۋاتسىز يېتىم ۋە بەد نىجات مەينەت ئۆردىدا پالان تىللا مائاشلىق بولسۇن ھەم شۇنىڭ تۈپەيلىدىن رەنادەك بىر قىزنىمۇ ئۆزىنىڭكى قىلسۇن . بۇ تولىمۇ چىدىغىلى بولمايدىغان ئىش ئىدى ...

موللا ئابدۇراخمان پۈتۈن كامالىتىنى ئىشقا سېلىپ ، ئىماملىق ۋە خېتىپلىققا كىرىشتى . ھەر كۈنى قوۋملىرىغا ئەمرىمەرۇپ ، نەھيي ئەنىلمۇنكەر ئېيتىپ ، خۇسۇسەن ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى ئەمرىمەرۇپنى كەڭرەك دائىرىدە يۈرگۈزۈپ ، كۆپلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېرىتىشكە مۇۋەپپەقمۇ بولدى . ئۆزىنى كۆرسىتىش نىيىتىدە قىلىنغان بۇ كۆز بوياش كۆپلەرنىڭ

دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى ، ھەتتا ئۇنىڭ ئەمرىمەرۇپىنى ئاڭلاش ئۈچۈن جۇمە كۈنلىرى باشقا مەھەللىلەردىن كىشىلەر ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى . بۇ مۇۋەپپەقىيەتتىن يېرىلىشقا تاس قالغان موللا ئابدۇراخمان بارغانچە كۈچىنەتتى ، بولۇپمۇ ئارىدا خانغا تېگىشلىك ھۆكۈمدار بەگلەر كۆرۈنۈپ قالسا ، جەننەت ۋە جەھەننەم ئۈستىدىكى مەسىلىنى دەرھال خانغا ئىتائەت ، بەگلەرگە ھۆرمەت بىلەن يەڭگۈشلىۋالاتتى ، ھەممىباب بولۇشقا قارىغاندا ، بولۇپمۇ خانباب بولۇشقا تىرىشاتتى . ئۇنىڭ بۇ جانبازلىقى باشقا تەرەپتىن بىرەر ئەمەلىي نەتىجىگە يېتىشمىگەن بولسىمۇ ، پەقەت بىر تەرەپتىن ئاخىرىدا ياخشى نەتىجە بەردى . ئۇنىڭ «دەريادەك بىلىمى» گە مەپتۇن بولغان سودىگەرلەردىن بىرى قىز قېرىنداشىنى بېرىپ ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلدى ، ياخشى ئائىلىگە كۈيئوغۇل بولۇپ شەھەردىكى باشقا دۆلەتمەنلەر بىلەن ئالاقە باغلىدى ۋە ئۇلارنىڭ زىياپەتلىرى ۋاستىسى بىلەن بەزى مەدرىسلەرنىڭ مۇدەررىسلىرى ، مۇكەررىرلىرى بىلەنمۇ تونۇشتى . قىسقىسى ، بىرئاز بۇرنى كۆتۈرۈلۈپ قالدى . ئەمدى ئوردىغا يېقىنلىشالىسا ... ئەمما تېخىچە بۇ بولمايۋاتىدۇ ـ دە .

ئىمامنىڭ كۆڭلى ئەنۋەرگە بىرئاز كىر ئىكەنلىكىنى ئوقۇغۇچى يۇقىرىدا چۈشەندى . ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى شۇ ئازغىنە كىر ئەنۋەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشىدىن تىنچسىزلانغانىدى .

«نادان ئەنۋەر ئوردىدىن قوغلىنىش ئورنىغا سەرمۇنشىلىق مەنسىپىگە مىنمەكچى !»

خالىس مۇھاكىمە تولىراق مۇھاكىمە بولۇپ قالىدۇ . ئەمما ، غەرەزلىك پىكىر كۆپىنچە سۆزلىگۈچىنى شەرمەندە قىلىدۇ . شۇنىڭغا ئوخشاش ، موللا ئابدۇراخمانمۇ مۇھاكىمىسىگە ئازغىنە غەرەز ئارىلاشتۇرۇپ ، سەپەر بۆزچىنىڭ ئاچچىق ھاقارىتىگە ئۇچرىدى .

شۇنداق ، ئۇ ئەنۋەرگە ئۆچ ئىدى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەنۋەرگە قارشى ئەمەلدە بىر ئىش قىلىش كۈچىدىنمۇ مەھرۇم

ئىدى . بەلكى سىلەر «ئەمدى ئىمام ئەپەندى ئۆيلىنىۋاپتۇ ، رەناغا ئىھتىياجى قالماپتۇ ، بەس ، شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆچمەنلىكىنى ساقلىشىدا قانداق مەنتىق بار ؟ » دەرسىلەر . بۇ تولا ساددا پىكىر ، ئەسلىدە بۇ ئۆچمەنلىك رەنا بىلەن باشلانغان بولسىمۇ ، ھازىر باشقا دائىرىگە كەتكەن . مەسىلەن ، دەمسىلەر ؟ مەسىلەن ، سەپەر بۆزچى ناھايىتى بىلىپ سۆزلىدى : «سىز شۇنچە يىل بۇخارادا ئوقۇپ كېلىپ ناھايىتى كەلسە مەھەللىگە ئىمام بولدىڭىز ، ئۇ بولسا ... »

تۈگەشكە مەھكۇم بولغان ئۆچمەنلىكنى مانا مۇشۇ «نەچچە يىل بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەنلىك ياكى بۇخاراغا بارمىسىمۇ ، كىمسەن پالانچى بولغانلىق» ساقلاپ تۇراتتى . ئەگەر سىلەر ساددا بولساڭلار ، مەسىلىگە سەپەر بۆزچى قارىغاندەك قاراپ ، «خۇدا بەرسە شۇنداق» دەرسىلەر ، يەنە گەپكە چۈشەنمەسسىلەر ، ئابدۇراخمانغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ مىجەزىگە چۈشىنىش ئەلۋەتتە تەس ۋە چۈشەنمىگەن ياخشى .

## 21 . يارلىق بېرىش مۇراسىمى

يارلىقنىڭ كىمنىڭ ئىسمىغا يېزىلغانلىقىنى ئەتىگەندىلا ئوردىدىكى ھەممەيلەن سېزىپ قالدى . دىۋاندا كونا ئادىتى بويىچە ئۆز ئىشىنى قىلىپ ئولتۇرغان ئەنۋەرنىڭ يېنىغا ئارقا ـ ئارقىدىن مىرزا ۋە باشقا ساراي خادىملىرى كېلىپ ، ئاستاغىنا ئۇنى تەبرىكلەپ كېتىشەتتى . ئەنۋەر تەبرىكلەرگە ئىلتىپاتسىز ئىدى ، ئاددىي ۋەزىيەتتە خانغا ئاڭلىتىش زۆرۈر بولغان ، بۈگۈن ئەتراپتىكى ھاكىملاردىن كەلگەن خەت ۋە ئەرزلەردىن مۇھىملىرىنى ئەھمىيەتسىزلىرىدىن ئاجرىتىپ ، ھۆددىچىگە[1] تاپشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلايتتى ، بەزىلىرىنى بىرىنچى بۆلۈمدە ئالدىغا دۆۋەت قىلەم ،

① ئەرز ۋە باشقا مەلۇماتلار خانغا بەقەت ھۆددىچى تەرىپىدىن بەتكورۇلەتتى .

دەپتەر قويۇپ ئولتۇرغان مىرزا مۇپتىلارغا بېرەتتى .
سەرمۇنشى بۆلۈمىدە ئەنۋەردىن باشقا يەنە ئىككى كاتىپ بار ئىدى . بۇ ئىككىسى قەغەزگە مىخلانغاندەك گەپ ـ سۆزسىز قومۇش قەلەمنى قەغەز ئۈستىگە قىر ـ قىر قىلىپ ماڭدۇرۇپ تۇراتتى . بۇ قاپاقلىرى چۈشۈپ تۇمشۇقلىرى سوزۇلۇپ كەتكەنلەرنىڭ بىرى شاھادەت مۇپتى بولۇپ ، نامزاتى خانغا تەقدىم قىلىنغانلاردىن ئىدى ، ئىككىنچىسى شائىر «مەدھىي» نىڭ سەرمۇنشى بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان كەلانشا ئاتلىق يەنە بىر پېشقەدەم مىرزا ئىدى .
بىرىنچى بۆلۈمدىكى ئون بەشكە يېقىن مىرزىلارمۇ تۈرلۈك ۋەزىيەتتە : سۇلتان ئەلى مىرزىغا ئوخشىغانلار يەر ئاستىدىن يېنىدىكىلەرگە كۈلۈپ مۇئامىلە قىلىشاتتى ۋە بەزىلىرى شاھادەت مۇپتىدەك تونىنى تەتۈر كىيىۋېلىشقانىدى . ئەنۋەر يېنىدىكىلەرنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشلىرىدىن سىقىلغاندەك بولۇپ ، ھەربىر ئەرزنى كۆرۈپ چىقىش ئارىسىدا ئۇلارغا قاراپ قوياتتى . ئۇدۇلىدىكى ئىككىسى گويا موم چىشلىگەندەك سۆزسىز ئىدى .
— بۈگۈن مىنى زاڭلىق قىلىشقا باشلاشتى ، — دېدى ئاخىر ئەنۋەر ، — گويا مەن سەرمۇنشى بولارمىشمەن ! ...
شاھادەت مۇپتى قومۇش قەلىمىنى دۈۋەتكە بىر ـ ئىككى تىقىۋېلىپ ، كۆزىنى قەغەزدىن ئۈزمەي جاۋاب بەردى :
— بولسىڭىز ئەجەب ئەمەس ...
— ياق ! — دېدى ئەنۋەر ئەرزنى پۈكلەۋېتىپ ، — سىز يېزىغا كەتكەنلىكىڭىز سەۋەبلىك سىز كەلگۈچە ئىشلار توختاپ قالمىسۇن ، دەپ ۋەزىپەمدىن تاشقىرى ئىشلارغا ئارىلاشتىم . ئەتىدىن باشلاپ بۇ ۋەزىپىنى ئۆزىڭىز ئېلىڭ ، تەقسىر ، مەن بۇ زاڭلىق قىلىشلارغا چىدىيالمايمەن !
شاھادەت مۇپتى مەيدىسىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك يېپىۋالغان ھەيۋەتلىك ماش ـ گۈرۈچ ساقىلىنى قەلەم بىلەن تارىدى .
— زاڭلىق بولمىسا كېرەك ، — دېدى ئۇ بىلىندۇرمەستىنلا ئۇھ تارتىپ ، — ھازىر ياش سىز ، خاتىرىڭىز ياخشى ، زېرىكىش

سىز ئۇچۇن ئەيىب بولىدۇ ··· بىز ئەمدى بۇ ئىشنى كۆپ ئىشلەپ زېرىكككەنمىز ! ···

— ئەلۋەتتە ! — دېدى مۇپتىنىڭ يېنىدىكى كەلانشا مىرزا كۆزىنى قەغەزدىن ئالمىغان هالدا ، — زاكىلىق قىلىشلارغا قولاق سېلىش كېرەك ئەمەس !

ئەنۋەر تەبرىكلەرنى بىرقەدەر ھەقىقەتكە يېقىن چاغلايتتى . ئەمما ، ئۇلارغا «زاكىلىق» دەپ تەبىر قىلىشى ئۆزىنى خىجالەتچىلىكتىن قۇتقۇزۇش ۋە ئۇلارغىمۇ يېنىكلىك بېرىش ئۇچۇن ئىدى .

لېكىن ، كەلانشا مىرزىنىڭ كېيىنكى سۆزى يەنە ئۇنى ئېزىپ ، ئوچۇقتىن - ئوچۇق بولغان بۇ ئاداۋەتكە قارشى قانداق يول تۇتۇشنى بىلەلمەي قالدى . شۇنداق تۇرغاندا بىرىنچى بۆلۈمنىڭ دالىنىدىن ھۆدەيچى كۆرۈندى ۋە تۇرغان جايىدىن ئەنۋەرنى چاقىردى :

— مىرزا ئەنۋەر !

ئەنۋەر ھۆدەيچى ئۇچۇن ئاجراتقان ئەرزلەرنى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى :

— ئەرزلەر تەييار ··· ھوزۇرىڭىزغا چىقارماقچى بولۇپ تۇرغانىدىم !

ھۆدەيچى بېشىنى چايقىدى :

— ئەرزلەرنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇڭ ، — دەپ يەرگە شەرەت قىلدى ، — ئۆزىڭىز مەن بىلەن بىللە يۈرۈڭ !

— نەگە ، تەقسىر ؟

— ھوزۇرى مۇبارەككە !

مىرزىلار بىر - بىرلىرىگە قارىشىۋېلىشتى . شاھادەت مۇپتى تاتىرىپ ھەمراھىغا قارىدى . ئەنۋەر بولسا ئەرزلەرنى تۇتقان پېتى تۇرۇپ قالغانىدى ، دالاندا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ھۆدەيچى يەنە ئەسكەرتتى :

— مەن سىزگە دەۋاتىمەن ، ئەنۋەر !

ئەنۋەر قولىدىكىنى ئۆز جايىغا قويۇپ ، هۆدەيچىنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى .

خان تەختتە ئىدى . ئوڭ تەرەپ كۇرسىدا ئابدۇراخمان ئافتابەچى[1] ۋە سولدا شائىر موللا نىياز داموللا قول باغلاپ ئولتۇرۇشاتتى . بىرىنچى بۆلۈمدىن خۇدايار هۇزۇرىغا كىرىدىغان ئىشىكنىڭ ئىككى يېنىدا ئايپالتا كۆتۈرگەن ئىككى جاللات سۇرەتتەك قېتىپ تۇرۇشاتتى . بۇ بۆلۈمدە خان ئۇلۇغلىرى — ئەئيان ۋە ساراي بەگلىرى تىزىلىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى .

هۆدەيچى «هۇزۇرى مۇبارەك» كە كىرىپ تەزىم قىلدى ...

— چاقىردىڭمۇ ؟ — دېدى خان .

— چاقىردىم ، تەقسىر !

— ئىزىن بېرىمىز !

هۆدەيچى تەزىم قىلغان پېتى كەينىچە مېڭىپ ، بىرىنچى بۆلۈمنىڭ دالىنىغا چىقتى ۋە دالاندا كۈتۈپ تۇرغان ئەنۋەرنى «هۇزۇرى مۇبارەك» تەرەپكە يولغا سالدى .

ئەنۋەر «هۇزۇرى مۇبارەك» نىڭ بوسۇغىسىدا توختاپ تەزىم قىلدى ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكىلەرگىمۇ يېرىم تەزىم ئىشارىسىنى بەردى .

— ئىشلىرىڭ ياخشىمۇ ، مىرزا ؟ ! — دەپ سورىدى خان .

— دۆئالىرىنىڭ بەرىكەتىدە ، قىبلىگاھ ، — دېدى ئەنۋەر .

خان موللا نىياز داموللىغا قاراپ :

— بۇ يىگىت بىزنىڭ مىرزىلار ئارىسىدا ئوبدان كۆرۈندۇ ! — دېدى .

داموللا نىياز ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى :

— پەيزى شاهىنشاهى !

— مەن بۇ يىگىتنى مىرزا بېشى قىلماقچى بولدۇم ، — دېدى خان ۋە تىزىنىڭ ئاستىدىن بىر قەغەزنى ئېلىپ ، داموللا نىيازغا

---

[1] بۇ كىسى مەسهۇر ئافتابەچى مۇسۇلمان قۇلىنىڭ ئوغلى .

ئۇزاتتى ، — ئوقۇڭ ، داموللا !

داموللا نىياز ئورنىدىن تۇرۇپ ، قەغەزنى ئېلىپ سۆيدى ، ئابدۇراخمان ئافتابەچى ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىرىنچى بۆلۈمدىكى ئەئيانلار تەڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى .

داموللا نىياز ئۆرە تۇرۇپ ، يارلىقنى ئوقۇدى :

«بەئىسمى سۇبھانەھۇ ئەمرۇللاھــى پەرىزەتون ۋە ئەمرۇنا ۋاجىپ . بىز كىم پەرغانە مەملىكىتىنىڭ خاقانى سۇلتان ئىبن سۇلتان ئەئنى سەيــــت خۇدايارخان سۆزىمىــــز : جۇلۇســــى سالىسەمىزنىڭ ئۈچىنچى سەناسى مۇتابىقى 1287 ـ ھىجرىيە[1] ماھى سەپەرنىڭ يىگىرمە بەشىنچىسى ، ئۇشبۇ يارلىقىمىزنى بەردۇق ، قوقانلىق مىرزا ئەنۋەرگە كىم ، مەزكۇر موللا مىرزا ئەنۋەر بىننى سەلىمباي شەرئى شەرىپ ئۆزرە ئۇستىۋار تۇرۇپ ، ئەمرىمىزگە ئىنقىيات ئېيتىپ ، دىۋانبېگى ئۇنۋان دېگەن سەدرى مۇنشىلىق ئۆمرى ۋەزايىپلىرىمىزنى كەما يەنبەغى ئادا قىلغاي دەپ ، ئەدايى خەدەمەئەسناسى بىز ئۆمرى ۋەزىپە مۇتلەقەلىنان دارسەلتەنەنىڭ ھەقىقي شەرئىسگە خىيانەت قىلىشتىن ئىجتىناپ ، ئادالىتىمىز ئەينىكىنى دانائەت غۇبارەتى بىلەن خالالدار ئەيلەشتىن پەرھىز ، ئەرزى داد پۇقرايىمىز سۇرئىتى ئىستىمائىدە ئىخمال ۋە سۇسلۇق كۆرسەتمەي ئىنتىشار ئادالىتىمىز كۇششىدە سۇبھۇشام مەشغۇل ۋە مەبزۇل دىققەت ۋە ئېتىبار تام قىلغاي دەپ ۋە يەنە مەزكۇر ئىسمىگە يارلىق مەكتۇپ بولمىش ئىتائىتىگە ئەفرادى دىۋانخانىمىز مەئمۇرلەر دەپ ، مۆھرى شاھانىمىز بىلەن ئۇشبۇ يارلىقنى تەكىت ۋە تەقرىر قىلدۇق . »

داموللا نىياز يارلىقنى تۈگىتىپ ، قەغەزنى پېشانىســــگە كۆتۈردى ۋە ئىككى قوللاپ خۇدايارغا ئۇزاتتى .

---

[1] مىلادىيە ھېسابى بىلەن 1872 ـ يىلى .

خۇدايار يارلىقنى ئېلىپ ئۇدۇلىدا باش ئېگىپ تۇرغان ئەنۋەرنى شەرەت قىلدى. ئەنۋەر يۇگۇرۇپ كېلىپ، يارلىقنى ئېلىپ سۆيدى ۋە ئۇنى سەللىسىگە سانجىپ، كەينىچە مېڭىپ، ئاۋۋالقى ئورنىغا بېرىپ توختىدى.

داموللا نىياز ئەنۋەر ئۈچۈن دۇئاغا قول ئاچتى:

— دۆلىتى شاھىنشاھى روز - پەرۇز ئەفرۇن، دۇشمەنانى ئەمىرەلمۆمىنىن سەرنىگۈن باباشەد. ئاللاھــى تائالا سايائــى زىللاللاھىرا، ئەزسارى رەئىيە تون كەم نەكۇنەند...

خۇداۋەندە، بىگاردانى بەلار[1].
زى ئافەتها نىگاھ دارى تومار[2].
بۇ ھەققى ھەر دوگويى مۇھەممەت[3]،
زابۇن گەردان زەبەر دەستانى مارا[4].

دۇئا ۋاقتىدا، بولۇپمۇ بىرىنچى بۆلۇمدىكى ئەئيانلىڭ يىغا ۋە «ئۇزۇك ئاھاڭدىكى» «ئامىن! ئامىن!» سادالىرى «ھۇزۇرى مۇبارەك» نى تىترەتتى. دۇئادىن كېيىن ھۆدەيچى ئىككى تون ئەكېلىپ، كىمخاب توننى دامولـلا نىـيازغا ۋە قارا دۇخاۋىدىن تىكىلگەن مىرزا بېشىلىق مەخسۇس توننى ئەنۋەرگە كىيدۇردى. دامولـلا نىياز كىمخاب توننى كىيىۋالغاندىن كېيىن، «ساخاۋەتتە خاتامى تايىدىن، ئادالەتتە نۇشراۋانى ئادىل» دىن ئارتۇق بولغان ئۇ جانابنىڭ ھەققىگە يەنە يېڭى دۇئا ۋە سانالار توقۇدى، گويا «ئەمىرەلمۆمىنىن» نى كۆمدى ۋە ئۆزىمۇ قايىندى. بۇنىڭدىن كېيىن مۇراسىم ئاياغلىشىپ، ئەنۋەر ئاستا - ئاستا كەينىچە مېڭىپ، بىرىنچى بۆلۇمگە ۋە ئۇ يەردىكى ئەئيانلىڭ تەبرىكلىرىگە

---

1. ئەي خۇدا، سەن بالالارنى قايتۇرغۇچىدۇرسەن.
2. ئاپەتلەردىن بىزنى ساقلىغۇچىدۇرسەن.
3. مۇھەممەدنىڭ ئىككى كاكۇلى ھۆرمىتىگە.
4. بىزگە غالىب كەلگۈچىلەرنى خار قىل.

كۆمۈلۈپ دالانغا چىقتى .

ئەنۋەر دىۋانخانىغا يەتكەندە ئىچكىرىدىن چوڭ ـ كىچىك مىرزا ، مۇنشىلار يېڭى باشلىقلىرىنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى . ھازىر بەزىلەرنىڭ رەڭگىدە بايىقى «چۈشىنىلمەسلىكلەر» گويا بولمىغاندەك ، ھەتتا موللا شاھادەت مۇپتىمۇ ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك ، ئۆز ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئەنۋەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئورنىدىن تۇردى .

— مۇبارەك ، مۇبارەك ! بارىكاللا ، مىرزا ئەنۋەر ! — دېدى .

بەزى مۇنشىلاردىكى يېرىم سائەتلىك بۇ ئۆزگىرىشتىن ئەجەبلەنمىسەكمۇ بولىدۇ ، بۇنىڭ سەۋەبى ئاددىي ۋە ئوچۇق . سەرمۇنشى — ئۇ ساقىلى مەيدىسىنى قاپلىغان شاھادەت مۇپتىغا ئوخشاشلارنىڭمۇ خوجىسى . مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ ئۇلارنىڭ تەقدىرى مۇشۇ بىر كىشىنىڭ قولىدا بولىدۇ .

ئەنۋەر سەمىمىي ۋە رىيا تەبرىكلەردىن خېلى خىجالەت بولغاندى ، بېشىدىكى يارلىقنى قولىغا ئېلىپ ، ئۆز ـ ئۆزىدىن ھەيران بولغان قىياپەتتە ئەتراپتىكى مىرزىلارغا قارىدى .

— جانابىنىڭ ئەمرلىرى بىلەن ، — دېدى ئەنۋەر ئۇلارغا خىتاب قىلىپ ، -- ئەڭ ئېغىر ۋە جاۋابكارلىق بىر خىزمەتنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم . بۇ مەجبۇرىيەتنى ئۆزۈمگە ئىشىنىپ كەتكەنلىكتىن ئەمەس ، بەلكى سىلەردەك ئاتىلىرىم ، ئاكىلىرىمغا يۆلەنچۈكۈم دەپ ئىشەنگەنلىكىمدىن ئالدىم . ئۇيلايمەنكى ، بۇنداق مەجبۇرىيەتتە قالغان بىر ئۇكاڭلارنى ئەلۋەتتە يەرگە قاراتمايسىلەر ۋە ئۇنىڭدىن مەرھەمەتىڭلارنى ئايىمايسىلەر ... مەن سىلەرنىڭ سايەڭلەردە تەربىيىلەندىم ، ماڭا ئۆز شاگىرتىڭلاردەك مۇئامىلىدە بولۇپ كەلدىڭلار ، بۈگۈن مەن رەسمىي جەھەتتىن باشلىق بولۇش مەجبۇرىيىتىدە قالغان بولسام ، يەنە ھېچ ئەھمىيىتى يوق . مەقسەت : بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ماڭا تۈنۈگۈنكى ئەنۋەرگە ئوخشاش تەكەللۇپسىز مۇئامىلىدە بولۇشۇڭلارنى ۋە ھۆرمەتلەر بىلەن مېنى رەنجىتمەسلىكىڭلارنى

سوراشتۇر . چۈنكى ، ساددا مۇئامىلە يېقىنلىق ۋە مېھرىبانلىقنىڭ بەلگىسىدۇر !

— بۈگۈنگىچە بىز سىزنى مەرھۇم موللا مۇھەممەت رەجەپ بەگنىڭ شاگىرتى بولغىنىڭىز ئۈچۈن ئېھتىرام قىلىمىدۇق ، — دېدى جاۋابەن سۇلتان ئەلى مىرزا ، — بەلكى سىزنىڭ قابىلىيىتىڭىزنى ھۆرمەت قىلدۇق . بۇنىڭدىن كېيىنمۇ باش مىرزىلىقىڭىزنى ئەمەس ، مىرزا ئەنۋەرلىكىڭىزنى ئېھتىرام قىلىمىز !

موللا شاھادەت مۇپتى يەر تېگىدىن سۇلتان ئەلىگە ھومىيىپ قارىدى ۋە ئاغزىغا ناسۋال سېلىپ ئۆز جايىغا بېرىپ ئولتۇردى .

— سىز ، ھەمىشە مېنى مۇبالىغىڭىز بىلەن ئىزا تارتقۇزىسىز ، موللا سۇلتان ئەلى ئاكا ، — دېدى ئەنۋەر ، — ئەگەر ماڭا ھۆرمەت لازىم بولسا ، مۇبالىغە بىلەن ئەمەس ، يەنە تەكرار ئېيتىمەن ، بىر قېرىندىشىڭىز قاتارىدا تەكەللۇپسىز مۇئامىلە قىلىش بىلەن بولسۇن !

دۇئادىن كېيىن ھەممە ئۆز ئىشىغا ئولتۇردى . ئەنۋەرمۇ دۇخاۋا تونىنى يېشىشكە باشلىغانىدى . يېنىغا سۇلتان ئەلى مىرزا كەلدى :

— ئەنۋەر ، سىز ئۆيگە بارسىڭىز ياخشى بولاتتى !

— نېمىشقا ؟

— يارلىق ئالغىنىڭىزنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ھازىر شەھەرگە جاكارچى چىقىدۇ . ئۆيىڭىزگە سىزنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن كىشىلەر كەلسە ...

— بىرىنچىدىن ، مېنىڭ ئۆيۈم يوق . ئىككىنچىدىن ، مېنى مۇبارەكلەيدىغان تونۇشلىرىممۇ يوق ، — دېدى ئەنۋەر قول شىلتىپ ، — بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ !

— ياشلىق قىلىسىز ، ئەنۋەر !

ئەنۋەر جاۋاب بېرىش ئورنىغا كۈلۈمسىرەپ قويدى ۋە جايىغا ئولتۇرۇپ ئەرزلەرنى كۆرۈشكە باشلىدى .

# 22 . ئەدرەس تون ۋە ئىسسىق نان «پاجىئەسى»

يارلىق ئېلىشنىڭ ئىككىنچى سائەتلىرىدە پۈتۈن شەھەرگە بۇ خەۋەر تارقىلىپ كەتتى . ئوردا جاكارچىسى بازار ۋە تۆت كوچىلاردا توختاپ : ئەييۇھەنناس ! بىلمىگەنلەر بىلسۇن ، ئاڭلىمىغانلار ئاڭلىسۇن :

ۋاقىتتىكى ، ئەجەل پەيمانىسى تولدى ،
مۇنشى موللا مۇھەممەد رەجەپ بەگ ئۆلدى !
پەزىلەت بېغىدا ئېچىلغان بىر گۈل ،
يەنى گۈل شېخىغا قونغان بۇلبۇل ،
بەنامى موللا مىرزا ئەنۋەر
كامالىغا مۇسەللەمدۇر ئەكسەر ،
ھۇزۇرى مۇبارەكتىن ئېلىپ يارلىق .
مەيدانى قەلەمكەشلىكتە قىلۇر سۇخەندانلىق ،
ھەركىم سىنىڭكى بەختى كۈلسە .
شاھىغا جان ـ دىل بىلەن خىزمەت قىلسا ،
لۇتپى شاھانىگە سازاۋەر بولغاي ،
ئەتراپى زەرۇزىۋەر بىلەن تولغاي ! ...

بېيىتى بىلەن جاكار قىلىپ يۈرەتتى .

تۈنۈگۈنكى خەۋەرلەرگە كۈلكە ۋە زاڭلىق قىلىش تەرىقىسىدە قارىغان شەھەر ئۆلىمالىرى ، مۆتىۋەرلىرى بۈگۈنكى ھەقىقەت ئالدىدا پات ـ پات ياقىسىنى تۇتۇپ : «تووۋا ، بۇ قانداق تېتىقسىزلىق ؟ نامۇنشانسىز بىرنېمىگە نېمە بۇنچە ئىلتىپات ! » دېيىشەتتى . شەھەرنىڭ كۆپچىلىك قىسمىنى تەشكىل قىلغان كەمبەغەل كاسىپلار بۇ مەسىلە ئۈستىدە بىر خىلراق پىكىر قىلىشىپ «كىم بولسىمۇ ئۆزى ئىنساپلىق بولسۇن ، قانداق

دەيسەن ـ ھە ، مەمەرىيىم ؟ » دېگەندەك ساددا جۈملە بىلەن ئۆز ئارزۇلىرىنىڭ نېمىدە ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشەتتى . ئەمما ، ئەنۋەرگە ئىشى چۈشۈپ ، ئۇنىڭ شەپقىتىنى كۆرگەن سەپەر بۆزچىگە ئوخشاشلار بۇ خەۋەردىن تولىمۇ خۇشال : «ياخشىلىقتىن تاپتى بۇ يىگىت ، بۇنىڭ بولغىنى ناھايىتى ئوبدان بولدى» دەپ ، يېڭى مىرزا بېشىنىڭ تەرىپىنى قىلىشاتتى .

مەخسۇم بۇ خەۋەرنى ئىلگىرىدىن كۈتۈپ تۇرغان بولسىمۇ ، يەنە ھودۇقۇپ كەتتى . خۇش خەۋەر ئەكەلگەن يىگىتنى توختىتىپ قويۇپ ، دەرھال ئىككى بالىنى مېھمانخانىنى سۈپۈرۈپ ، جاي سېلىشقا بۇيرۇدى ۋە باشقا بالىلارنىڭ جىمىسىنى ئازاد قويۇۋەتتى . ھاپىلا ـ شاپىلا ئىچكىرىگە كىرىپ ، ئوقۇغۇچى قىزلارنىڭ ئارىسىدىكى نىگار ئايىمنى ئۆز يېنىغا چاقىردى :

— ھەي ، — دېدى ، — ئەنۋەرىڭدىن كىشى كەلدى ، ساندۇقۇڭنى ئاچقىنا !

نىگار ئايىم مەخسۇمنىڭ ئالدىراپ ئېيتقان بۇ سۆزىنى چۈشەنمىدى .

— ئەنۋەردىن نېمە ئۈچۈن كىشى كېلىدۇ ، ساندۇقنى نېمىگە ئاچماقچىمەن ؟

— ھەي ، ئەخمەقسەن ، — دېدى مەخسۇم ھاسىراپ ، — ئەنۋەر يارلىق ئاپتۇ ، خۇش خەۋەرچى يىگىت كەلدى ؛ ساندۇقنى ئېچىپ ، شۇنىڭغا بىرنېمە بېرەيلى دەيمەن ، چاپسان بول !

نىگار ئايىممۇ ئالدىرىدى ، ئۆيگە كىرىپ ، ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى تاپالماي تۆت تەرەپنى ئىزدەيتتى ، مەخسۇم دالاندا تۇرۇپ ئۇنى كايىيتتى . ئاچقۇچ چاپسان تېپىلماستىن ، مەخسۇم تاقىتى تۈگەپ ، چىقىپ قىزلارنىڭ ئىچىدىن رەنانى چاقىردى .

— تاپتىم ، تاپتىم ! — دېدى نىگار ئايىم .

مەخسۇم ئۆيگە يېنىپ كىردى . نىگار ئايىم ساندۇقنى ئېچىپ سورىدى :

— قانداق توندىن ئالاي ؟

— بۆزدىن ئال ، بۆزدىن .
شۇ چاغدا رەنامۇ ئۆيگە كىرىپ كەلدى . مەخسۇم قىزىغا قاراپ كۈلۈپ :
— بەختىڭ ـ دە ، قىزىم ، — دېدى ، — ئەنۋەر ئاكاڭ سەرمۇنشى بوپتۇ !
رەنا كۈلۈمسىرەپ چەتكە قارىدى :
— مېنى نېمىشقا چاقىرغانىدىڭىز ؟
— ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى بىلەمدىكىن دەپ چاقىرغانىدىم ، ئاچقۇچ تېپىلدى .
نىگار ئايىم بىر بۆز توننى ئېلىپ ئېرىگە كۆرسەتتى :
— مۇشۇ بولامدۇ ؟
— ھە ، بولىدۇ ، تاشلا !
نىگار ئايىم بۆز توننى تەكشۈرۈپ كۆردى :
— ئوردىدىن كەلگەن كىشىگە مۇشۇ توننى بەرسە بولارمىكىن ؟
رەنامۇ بۆز تونغا نارازىلىق بىلدۈردى :
— ئۇنى بېرىشكە بولمايدۇ ، سەت !
مەخسۇم ئويلاپ قالدى :
— بولمىسا ، — دېدى ئىككىلىنىپ ، — ئاددىيراق ئەدرەستىن ئالغىنا !
نىگار ئايىم بىر ئەدرەس تون ئېلىپ مەخسۇمنىڭ قولىغا بەردى . مەخسۇم توننى يورۇققا تۇتۇپ كۆردى :
— ياق ، ئەدرەس زايە كېتىدۇ ، رەنا ، — دېدى توننى قاتلاپ ، — ھېلىقى بۆزنى بېرىۋەر !
— بۆز تون بەرگەندىن بەرمىگەن ياخشى ، — دېدى ئاچچىقلىنىپ رەنا ، — ئەرزىمىگەن نېمە ئۈچۈن ئەنۋەر ئاكامنى ئىزا تارتقۇزماقچىمۇسىز ؟
رەناغا نىگار ئايىممۇ قوشۇلدى :
— ئادەم ئىزا تارتىپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن ، رەنا !

— زايە كېتىدۇ ـ دە ، زايە ! — دېدى مەخسۇم ، ئەدرەس توننى دەڭسەپ تۇرۇپ . بايىقى ھودۇقۇش ھالىتى ھازىر يوق ، ئەمما چىرايىدا ئېچىنىش ۋەزىيىتى بار ئىدى ، — ئۇۋال ـ دە ، ئۇۋال ، قىزىم ، يىپىكى بەكمۇ قويۇق ئىكەن !

— يىپىكى قويۇق بولسا ھېچنېمە بولمايدۇ ! — دېدى تېپىرىكىپ رەنا ، — ئادەمنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيى ئۇنىڭدىنمۇ قويۇق !

— خەير ـ خەير ! — دېدى مەخسۇم ئەدرەس تون بىلەن خوشلاشقاندەك ، — سەن قىزلىرىڭنى ئازاد قىلغۇەت ، نىگار ، داستىخان تەييارلاپ ، چاي قاينات ، پەتىگە ئادەملەر كېلىپ قېلىشىدۇ . سەن رەنا ، چاچلىرىڭنى يۇيۇپ ، سەل ئادەم چىراي بولۇپ يۈرسەڭ بولمامدۇ ، قىزىم ؟

مەخسۇم شۇ سۆزنى ئېيتىپ بولۇپ چىقىپ كەتتى . رەنا مەخسۇمنىڭ كەينىدىن نېمە ئۈچۈندۇر كۈلۈپ ، يۈزىنى قوللىرى بىلەن توستى . نىگار ئايىم يۈگۈرۈپ ئېرىنىڭ كەينىدىن چىقتى ـ دە :

— ھەي ، ئاتىسى ! — دېدى مەخسۇمغا ، — نانلىرىمىز قېتىپ كېتىپتۇ ، خېمىر ئېتىشكە ۋاقىت ئاز ، بازاردىن ئىسسىق نان ئالدۇرامسىز ؟

بۇ مەخسۇمغا ئەدرەس توننىڭ ئەلىمى ئۈستىدىن تۈز سەپكەندەك بولۇپ ئاڭلاندى .

ئۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشىنى تاتلاپ تۇرۇپ قالدى ۋە كۆزىنى قىسىپ خوتۇنىغا قارىدى :

— بەك قاتتىقمۇ ؟

— بەك قاتتىق ، ھەتتا ئوشتۇشقىمۇ قولنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ .

جاۋاب يەنىلا پالاكەتلىكرەك ئىدى . مەخسۇم «ماقۇل ، نان ئالدۇرىمەن» دېيىشكىمۇ ماجالى قالمىغان ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، جاۋابسىز تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى ، مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ ئولتۇرغان يىگىتكە ئۆز قولى بىلەن ئەدرەس تونن

كىيدۇردى . يىگىت دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكۇچىمۇ مەخسۇمنىڭ كۆزى «زايە كەتكەن» ئەدرەس توندا بولۇپ ، ھەتتا يىگىتتىن ئەنۋەرنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى سوراشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى . ئۇ ھويلىنى سۇپۇرگەن بالا سۇ سەپمەي چاڭ چىقىرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن «ئەبلەخ ئىت !» دەپ كايىدى ، مېھمانخانىدا كۆرپە سېلىۋاتقان بالىنىڭ يېنىغا كىرىپ ياردەملەشتى ۋە بالىنىڭ پەمسىزلىكىدىن رەنجىپ ، ئۇنىمۇ بىرئاز سېپىستىۋالدى .

— سەن چېپىپ گۇزەرگە چىق ! — دېدى مەخسۇم بالىغا كۆرپىلەر سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن ،— چوڭ تالنىڭ تۈۋىدە ساۋۇر ناۋاينىڭ دۇكىنى بار ، «مەخسۇم داموللىغا يىگىرمە نان كېرەك ئىكەن ، نەرخى قانچىكىن ؟» دەپ سوراپ كەل ! «مەخسۇم داموللىغا» دېگىن ، ئەرزان قىلىپ ئېيتسۇن دېدى ، پۇلى نەق ئىكەن ، دېگىن ··· «يېڭى مىرزا بېشىنىڭ ئوردىدىن مېھمانلىرى كېلىدىكەن» دېگىن ··· يۈگۈر !

مەخسۇم بالىنى نەرخ سوراشقا ئەۋەتىپ ، ھويلىغا چىقتى . ھويلىدىكى بالا سۇنى جىق چېچىپ يەرنى لاي قىلىۋەتكەنىكەن ، يەنە كايىدى ۋە دەرۋازىنىڭ ئالدىغا — كوچىغىمۇ سۇ چاچقۇزغاندىن كېيىن ئىچكىرىگە كىردى .

— قىزلارنى ئازاد قىلىۋېتىپسەن ، ياخشى ، — دېدى مەخسۇم نىگار ئايىمغا ، — بىز بۇ خەۋەرنى كۈتۈپ تۇرغان ئەمەسمىدۇق . شۇنداق بولغاندىن كېيىن ، نان ـ پىينىڭنى توغرىلاپ تۇرمامسەن ؛ ئۇن بولسىمۇ بىلەر ، ئەخمەق ، ئەخمەق ··· قېنى ماڭا شۇ نېنىڭدىن ئۈچ ـ تۆتنى ئېلىپ كۆرسەتكىنە !

رەنا ئاپىسىنىڭ سۆزى بىلەن ساندۇقتىن بەش ـ ئالتە نان ئېلىپ دادىسىنىڭ قولىغا بەردى . راستتىنمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمىغان بۇ نانلار تارىشىدەك قېتىپ كەتكەنىدى . مەخسۇم ئۇرۇنۇپ كۆرۈۋىدى ، بىرىنىمۇ سۇندۇرۇشقا كۈچى يەتمىدى . رەنا تەتۈر قاراپ ، كۈلۈپ تۇراتتى . مەخسۇم كۈچىنىۋېرىپ سۇندۇرالماي ئاخىرىدا ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى :

— قارغىش تەگكۈر ، ئەجەبمۇ قىتىپ كېتىپتۇ ـ ھە ، كۈنمۇ ئىسسىق ـ ھە ، رەنا ؟

بۇ سۆزدىن رەنا تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى . نىگار ئايىممۇ كۈلۈمسىرىدى .

— ئۆزىڭىز تونۇگۈنلا مەن خىمىر ئېتەي دېسەم كايىدىڭىز ، — دېدى نىگار ئايىم ، — بىزغۇ مەيلى ، كەچكىچە ئىشلەپ كەلگەن ئەنۋەرگە ئۇۋال ! شۇنچىلىك خىراجەت قىلدۇرۇپ ، ھەتتا يۇمشاقراق نانمۇ يېگۈزمىسەك ... ئادەم بەكمۇ ئىزا تارتىدىكەن !

— مەن ئىسسىق نانغا بالا ئەۋەتتىم ! — دېدى مەخسۇم قاتتىق نانلارنى رەناغا بېرىپ ، — ئەنۋەرگە ئۇۋال بولىدۇ ، دەپ ئويلىساڭ ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە لايىق ، ئاز ـ ئازدىن نان يېقىپ تۇر . سەن بىلەن مەن بولسام ، قاتتىق نانىمۇ يەۋېرىمىز . جاجىسى چايغا چىلاش ـ دە !

مەخسۇم ئېيتمىسىمۇ نىگار ئايىم ئەنۋەر بىلەن رەناغا ئوغرىلىقچە يۇمشاق نان يېقىپ بېرەتتى ؛ بۈگۈن پەقەت شۇ ناندىن بىر ـ ئىككىسىلا قالغانىدى . مەخسۇم ئەمدى نان سېتىۋېلىشنى بويىنىغا ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى . نەرخىنى سوراپ بىلىپ كەلگەن بالىغا يىگىرمە پۇل بېرىپ ، ئۈلى كۆيمىگىنىنى ئېلىش شەرتى بىلەن نانغا ئەۋەتتى .

ئەنۋەرنىڭ «تونۇشسىزلىق ۋە ئۆيسىزلىك» خىيالىنىڭ تەتۈرچە پەتىجىلەرمۇ كېلىپ قېلىشتى . ئىككىنچى ، ئۈچىنچى تۈركۈم پەتىجىلەر كېلىشكەندىن كېيىن ، مەخسۇم ئەنۋەرنىڭ يېنىغا كىشى ئەۋەتىپ ، ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى .

شۇ كۈنى كەچكىچە شەھەرنىڭ ھەممە تەبىقىلىرىدىنمۇ پەتىجىلەر كېلىپ تۇرۇشتى . ھەتتا ئەنۋەرنى نادان دەپ زاڭلىق قىلىپ ياقىسىنى تۇتقان ئۆلىمالار ، باي ۋە مۆتىۋەرلەر مۇبارەكلىگۈچىلەرنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىشتى . چۈنكى ، بۇ كېيىنكى تەبىقە مەۋقەسىزلىك ، مۇرەسسە ۋە تەدبىرلەر بىلەن

باشغۇچىلاردۇر . ئەنۋەر ئۆزىنى تەبرىكلىگۈچى ئۆلىما ۋە مۆتىۋەرلەردىن ئۇچۇق رەۋىشتە رىئاللىق ، شەيتانلىق ۋە تەمە ھېس قىلاتتى ، كەمبەغەللەردىن بولسا ساددا سەمىمىيەت كۆرەتتى .

## 23 . كىتاب سۆزى

نامازدىگەردىن بىرئاز بالدۇرراق ئىدى . مەخسۇم دەرۋازا يېنىدا مۇبارەكلەپ كەلگۈچى مۇدەررىسلەردىن بىرىنى ئىككى پۈكۈلۈپ تەزىم قىلغان ھالدا ئۇزاتماقتا ئىدى . ھەزرىتى مۇدەررىس خوشلاشقان جايىدا يەنە توختاپ گېلىنى قىرىپ قويدى .

— ھەي ، موللا سالىھ ، يەنە بىر گەپنى ئۇنتۇپتىمەن ! — دېدى ھەزرىتى مۇدەررىس . سالىھ مەخسۇم يۈگۈرۈپ ھەزرەتنىڭ يېنىغا كەلدى ، — مىرزىغا ئېيتىشنى ئەپ كۆرمىدىم : مەسىلەن ، رىۋايەت ۋەھاكازا مەسىلىلەرگە ھاجەت چۈشسە ، بىزدىن باشقىغا بېرىپ يۈرمىسۇن ... جانابىڭىز شۇنىمۇ دەپ قويارسىز !

— خوپ ، تەقسىر ، خوپ !

— ئۇنتۇپ قالماسسىز ، ئەلۋەتتە ؟

— خاتىرجەم ، تەقسىر !

مەخسۇم ئۆلىما ، ئەمەلدار ۋە باشقىلاردىن شۇنىڭغا ئوخشاش تاپشۇرۇقلارنى تۆت - بەش سائەتتىن بېرى قوبۇل قىلىۋېرىپ بەكمۇ ھېرىپ كەتكەنىدى . ھازىرقى ئىلتىماسنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا بويىنىغا ئېلىپ ، ھەزرىتى مۇدەررىسنى يولغا سالدى .

ماتا سەللىسىنى بېشىغا چالا - بۇلا ئوراپلا ، يالاڭ ئاياغ پۈتىغا كەشىنى سىپىۋېلىپ شاپ - شۇپ قىلىپ دەسسەپ دەرۋازىدىن ئىچكىرىگە كىرىپ كېلىۋاتقان سەپەر بۆزچىنى مەخسۇم توختاتتى .

— خوش ، خوش ، ئۇكا ! دېدى ئۇ سەپەر بۆزچىگە ، — يول بولسۇن ؟

ھازىر مەخسۇم مۇبارەكلەپ كەلگۈچى كەمبەغەللەر ئۆيىدا تۇرسۇن ، ئۆلىما ۋە بايلاردىنمۇ زېرىككەنىدى . بۇ زېرىكىشكە

ئىككىنچى قېتىم نان ئالدۇرغانلىقىنىڭمۇ ئالاقىسى بار ئىدى.

سەپەر بۆزچى بوسۇغا تۈۋىدىن مەخسۇمغا سىنچىلاپ قاراپ:

— لەببەي، تەقسىر؟ — دېدى.

— يول بولسۇن دەۋاتىمەن؟

— مىرزا ئەنۋەر ئىنىمغا خۇدا مەرتىۋە ئاتا قىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى سەپەر بۆزچى، — پىرىمنى زىيارەت قىلاي، دەپ كېلىۋاتىمەن.

— كەلگىنىڭىز ياخشى، لېكىن ئۆزى ھازىر ناھايىتى ھېرىپ كەتتى. تاشقىرىدىن دۇئا قىلىپ تۇرسىڭىزمۇ كۇپايە، ئۇكا!

سەپەر بۆزچى بېشىنى تاتىلاپ، يەنە مەخسۇمنىڭ چىرايىغا قاراپ قويىدى:

— زىيارەت قىلىپ چىقىۋېرىمەن، تەقسىر! باشقا ئىش يوق، تەقسىر!

مەخسۇم سەپەر بۆزچىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى:

— مەيلىدىغۇ، ئۇكا، رەنجىتمىسىز - دە!

— مىرزىنىڭ سادىغىسى كېتەي، — دېدى سەپەر بۆزچى مەخسۇمنىڭ قاتارىغا بېرىپ، — بەرىكە تاپقۇرنىڭ ئۆزى رەنجىيدىغان يىگىت ئەمەس، كەمتەر - دە، تەقسىر كۆرسىڭىز بىلەرسىز، مەن بىلەن بەك قەدىردان - دە، ئۆزى، تەقسىر!

مەخسۇم تېرىكىپرەك سەپەر بۆزچىنىڭ يۈزىگە قارىدى. سەپەر بۆزچىمۇ مەخسۇمغا بىرئاز تىكىلىپ تۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى - دە:

- كۆرسىڭىز بىلەرسىز. مەن بىلەن بەك قەدىردان - دە، ئۆزى، تەقسىر، -- دېدى يەنە ۋە مەخسۇمغا ئىلتىپات قىلماستىن ئىچكىرىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم كېلىپ ئەنۋەرنىڭ مېھمانخانىسىغا ئۆگىنىپ قالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ توغرىدا مەخسۇمنىڭ ياردىمىگە موھتاجمۇ ئەمەس ئىدى.

ئەنۋەر مېھمانخانىدا شاھىد بەگ ۋە يەنە بىر ئەسكەر باشلىقىغا ئوخشاش ئادەم بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى، سەپەر بۆزچىنى دالاندا كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئىككىسى بىرنەچچە يىللىق

قەدىردانلاردەك سەممىي كۆرۈشتى . سەپەر بۆزچى كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئەنۋەرنى تەبرىكلىدى . ئەنۋەر ئۇنىڭغا ئۆز يېنىدىن جاي كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشتى . سەپەر بۆزچىنىڭ دۇئاسىغا ئاۋۇ ئىككى بەگ ئارانلا قول كۆتۈرۈپ قويۇشتى .

— زاكاتچىدىن تىنچمۇسىز ؟ — دەپ ئەنۋەر كۈلدى .

— خۇداغا شۈكۈر ، دۆلىتىڭىزدە ، مىرزام !

— بازارلار ياخشىمۇ ؟

— بىر خىل … ئەپلەپ - سەپلەپ تىرىكچىلىك قىلىپ ، مىدىرلاپ تۇرۇۋاتىمىز ، ئۇكا !

سەپەر بۆزچىنىڭ بايىقى ھەرىكىتىدىن خاپا بولۇپ تاشقىرىدا قالغان مەخسۇمنىڭ كىمنىدۇر ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى . سەپەر بىلەن ئەنۋەرنىڭ سۆزلىرى مەجبۇرەن بۆلۈندى .

موللا ئابدۇراخمان ئەنۋەر بىلەن يانمۇيان ئولتۇرغان «دوستى» سەپەر بۆزچىنى مېھمانخانىنىڭ دالىنىغا قەدەم قويۇشى بىلەنلا كۆرۈپ قالدى ۋە سىرىق رەڭگى تاتىرىپ كەتكەن ھالدا ئىچكىرىگە كىرىپ كەلدى . سەپەر بۆزچىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ھەتتا مىدىرلاپمۇ قويمىغان بەگلەر موللا ئابدۇراخماننى قارشى ئېلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . مەخسۇم موللا ئابدۇراخمان بىلەن ئەنۋەرنى بىر - بىرلىرىگە تونۇشتۇردى …

— بەلكى خاتىرىڭىزدىدۇر ، مىرزا ئەنۋەر ، — دېدى مەخسۇم ، — سىز مېنىڭ قولۇمغا كەلگەن يىللىرىڭىزدا موللا ئابدۇراخمان ئاكىڭىزمۇ بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيتتى !

— يادىمدا ، ياخشى ، سالامەت تۇردىلىمۇ ، تەقسىر ؟

— ئەلھەمدۇلىللا ! — دېدى ئابدۇراخمان ۋە يەر تېگىدىن سەپەر بۆزچىگە قاراپ قويدى ، — مەرتىۋىلىرى مۇبارەك بولسۇن !

— قۇتلۇق ، تەقسىر ، قېنى مەرھەمەت قىلسىلا .

ئولتۇرۇشتى ، دۇئادىن كېيىن يەنە بىر قاتار ئەھۋال سورىشىۋالدى . ھازىرقى كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىش بەك ئاجايىپ بولغانىدى . موللا ئابدۇراخمان بۇ ئۇچرىشىشتىن ناھايىتى خىجالەت

بولدى . ئەنۋەرنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئىغىز ئېچىشقا پېتىنالمايتتى ۋە پات ـ پات ئۇدۇلدىكى «بىمەنە» گە قاراپ قويۇاتتى . شۇ ھالدا بىردەمگىچە گەپ ـ سۆزسىز ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ، ئەنۋەر كۆپچىلىكنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى . شاھىد بەگ موللا ئابدۇراخماننى سۆزگە تارتتى :

— نېمە ۋەزىپىدە ئىشلەۋاتىدىلا ، تەقسىر ؟

— ئىمامەتتە ، — دېدى ئابدۇراخمان ۋە يەر تېگىدىن ئەنۋەرگە كۆز تاشلىۋالدى ، — بۇخارادىن كەلگىنىمىزدىن بېرى ئىماملىق قىلىۋاتىمىز ... مەدرىسىدىمۇ ئازراق مۇكەررىرلىكىمىز بار ...

— تولا ياخشى ئىكەن ؛ ئىماملىقلىرى قايسى مەھەللىدە ؟

— بىزنىڭ مەھەللىدە ، — دېدى سۆزگە ئارىلىشىپ سەپەر بۆزچى ، — تەقسىرىمنىڭ ئىلىملىرى بەك چوڭ ، دەريا ، ئۆزى بۇخارادا ئوقۇشىنى تۈگەتكەن !

شاھىد بەگ گويا كۆڭۈل ئۈچۈن يەنە :

— تولا ياخشى ئىكەن ! — دەپ قويدى .

— موللا ئابدۇراخماننىڭ ئىلمى ھەقىقەتەن ياخشى بولغان دەپ ئاڭلايمەن ! — دېدى مەخسۇم .

سەپەر بۆزچى موللا ئابدۇراخماننىڭ تىلىكىگە قارشى يەنە سۆزلەپ كەتتى :

— ياخشىلىققا كەلگەندە ياخشى ، لېكىن تەقسىرىمنىڭ تەلىيى بىرئاز تۆۋەنلىك قىلىپ تۇرىدۇ . بولمىسا مۇدەررىسلىك ، مۇپتىلىق ، مىرزىلىق — مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگىلا تەقسىرىم يېتىلگەن ... پەقەت تەلەي تۆۋەن ـ دە ، بەگ بوۋا ! مانا ئەمدى مىرزام ئاتىلىق قىلىپ ، ئوردىدىن بىرەر ئىش تېپىپ بەرسە ، تەقسىرىمگىمۇ ئاپتاپ تەگسە ئەجەب ئەمەس ، ئۆزىمۇ بىر ھەپتىدىن بېرى مىرزامنىڭ ھەققىگە دۇئادا ئىدى . ھە تەقسىر ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

موللا ئابدۇراخمان سەپەر بۆزچىنىڭ ئالدىدا ھازىر ھەرقانداق پەسلىككىمۇ باش ئېگەتتى ، پېشانىسىدىكى تەرىنى ئېرتىپ

ئولتۇرغانلارغا بىسەرەمجان ھالدا قاراپ چىقتى ۋە غودۇڭشىغاندەك:

— شۇنداق، — دەۋەتتى.

مەخسۇم سەپەر بۆزچىنى موللا ئابدۇراخمان تەرىپىدىن ۋاستىچىلىك قىلىش ئۇچۇن ئاتايىن كەلگەن، دەپ ئويلىدى.

— موللا ئابدۇراخمان ئۆزىمىزنىڭكى! — دېدى مەخسۇم، — ئەلۋەتتە مىرزا ئەنۋەر قولىدىن كەلگەن ياردىمىنى ئايىماس.

— ئەلۋەتتە، مۇنىشى تەرىقىسىدە ئوردىغا ئېلىنىسىمۇ بولىدۇ! — دېدى بىر بەگ.

ئەنۋەر ۋەدە بېرىپ قويۇشنى ئەپ كۆرمىگەنلىكتىن، سۆزسىز ئولتۇراتتى. موللا ئابدۇراخمان پات - پات پېشانە تەرىنى سۇرتۇۋالاتتى. سەپەر بۆزچى ئۇ كۇنكى ئەدەپسىزلىكنى تەقسىرىمنىڭ كۆڭلىدىن چىقاردىم، دەپ موللا ئابدۇراخماننىڭ كۆزىنى ئۇچرىتىشقا ۋە ئازغىنە بولسىمۇ تەقسىرىمدىن مىننەتدارچىلىق ئېلىشقا تىرىشاتتى. بىر ئاز ۋاقىتقىچە شۇ پېتى جىم ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن بەگلەر دۇئا قىلىپ قوزغالماقچى بولۇشتى. سەپەر بۆزچىنىڭ ئاغزىنى يەنە ئېچىۋېتىشىدىن قورقۇپ، ھەتتا مىدىرلىماي ئولتۇرغان ئىمامىمۇ بەگلەرنىڭ دۇئاسىغا قوشۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى. بۆزچىمۇ مىرزىنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىپ ئىمامغا ئەگەشتى. چۇنكى، ئىمام بىلەن بىللە كېتىش ئارزۇسى، شۇ باھانىدە ئۇ كۇنكى ئېگىز - پەس گەپلەرنى موللا ئابدۇراخماننىڭ كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىش نىيىتى بار ئىدى.

ئەنۋەر بىلەن خوشلىشىپ، تۆت ئادەم تەڭ كوچىغا چىقىشتى. ئوتتۇز قەدەمچە بىللە مېڭىپ، شاھىد بەگ ئۆز ئۆيى تەرەپكە بۇرۇلدى، يەنە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئىككىنچى بەگمۇ باشقا كوچىغا كىرىپ كەتتى. موللا ئابدۇراخمانمۇ سەپەر باي «دوستى» بىلەن بىللە مېڭىشنى خالىمىدى بولغاي، ئىتتىك - ئىتتىك چامداپ ھەمراھلىق ئالاقىسىنى ئۇزمەكچى بولدى. بۇنىڭغا قارشى سەپەر بۆزچى ئۇچ ئاتلاپ، بىر دەسسەپ، ئابدۇراخماننىڭ يېنىدىن

چىقتى . بۇ ئەھۋالدىن يەنە مىجەزى قوداڭشىغان ئىمام يول ئۈستىدە توختىدى ۋە سەپەرنىڭ يۈزىگە مۆشۈكتەك تىكىلدى .

— نېمىشقا توختىدىڭىز ؟ ماڭىۋېرىڭ !

سەپەر بۆزچى ئابدۇراخماننىڭ توختىغىنىدىن خەۋەرسىز ئىككى - ئۈچ چامداپ نېرىغا ئۆتكەنىدى :

— بىللە ماڭىمىز - دە ، تەقسىر ؟

— مەن سىز بىلەن مېڭىشنى خالىمايمەن ، كېتىڭ ، كېتىڭ !

سەپەر بۆزچى چۈشىنەلمەي بىردەم قاراپ قالدى :

— نېمىشقا ، تەقسىر ؟

— نېمىشقا دەيدىيا ، ئەخمەق ئادەم ! ...

— ئۆزۈڭلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، مۇسۇلمان ئادەم ئۈچۈن ئاداۋەت ساقلاش بىر ياغلىقنى يۇيۇپ قۇرۇتقۇچىلىك ئىكەن ! — دېدى سەپەر بۆزچى ، — بىز بولساق تۆت كۈندىن بېرى شەيتاننى ھاپاش قىلىپ يۈرىمىز ... شۇمۇ يېتىدۇ - دە ، تەقسىر !

— ئەستاغپۇرۇللا ، — دېدى ئىمام ، — سىز شۇ كۈنى مېنىڭ ئۈستۈمدە تۆت كۈنلۈك گەپ قىلدىڭىزمۇ ؟

— شەيتاننىڭ ئىشى - دە ، تەقسىر ! — دېدى سەپەر ، — ئاخىر مېنىڭ دېگىنىم بولدىغۇ ، مەن بۇنىڭغا بىر نەرسە دەۋاتىمەنمۇ ؟ نېمىلا بولسا ، ئاداۋەتنى تاشلايلى دەۋاتىمەن - دە !

موللا ئابدۇراخمان ئىستىغپار ئېيتىپ يولغا چۈشتى . سەپەر بۆزچىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا مۇلايىمغىنا قول قوۋۇشتۇرۇپ ماڭدى .

— خوش ، ئاداۋەتنى تاشلىغان بولسىڭىز ، — دېدى كېتىۋېتىپ ئىمام ، — نېمىشقا بايا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاغزىڭىزغا كەلگەننى سۆزلەيسىز ؟

— ياخشىلىقتىن باشقا ھېچنېمە دېمىدىم ، پەقەت ئىلمىڭىزنى ماختىدىم !

— باشقا گەپ قىلمىدىڭىزمۇ ؟

— نېمە دېدىم ، زادى ؟ شۇنچىلىك بىلىمى بولسىمۇ تەلىيى بىرئاز تۆۋەنلىك قىلىپ تۇرىدۇ ، دېدىم . بۇ توغرا گەپ ئەمەسمۇ ،

تەقسىر ؟

— مەن سىزگە مىرزىدىن خىزمەت سوراپ بېرىڭ، دەپ ۋاكالەت بەرگەن ئەمەس ئىدىمغۇ !

— ۋاكالەتقۇ يوق ... زادى قاچانغىچە ئىلمىڭىزنى خار قىلىپ مەسچىتتە ياتىسىز ... سىزمۇ بىرىنى ئاكا، بىرىنى ئۇكا دەپ تۇزۇكرەك ئىشقا قاتنىشىڭ - دە، تەقسىر !

— ئەستاغپۇرۇللا ... بەلكى ماڭا پادىشاھلىقتىنمۇ شۇ ئىماملىق ياخشىدۇ .

— بەللى، شۇمۇ گەپمىكەن، تەقسىر ! — دېدى سەپەر بۇزچى، — بۇ گەپنى قويۇڭ، ھەقىقەتنى سۆزلىگەن ياخشى. شەھەردىكى بىرەر مۇدەررىس دامولىلىنى مۇشۇنداق مىرزا بېشىلىقتا كۆتۈرسە ياق دەرمۇ؟ ۋاي - ۋۇي، تەقسىر، ... سىزگىمۇ ئوردىدىكى بىر مىرزىلىقنى بەرسە، دېگەن نىيەت بىلەن «سىزنىڭ ھەققىڭىزگە تەقسىرىم دۇئادا بولدى» دېدىم - دە، خالىسىلىقىمنى شۇنىڭدىنمۇ بىلىۋالسىڭىز بولاتتى، ئۇكا !

— ئەستاغپۇرۇللا ! — دېدى ئىمام، — راستتىن مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ دۇئا قىلغانمىدىم ... يالغاننىڭ نېمە كېرىكى بار ؟

— تەقسىرىم بولسىڭىزمۇ تېخى ياش سىز - دە، — دەپ كۈلدى سەپەر، — ئەگەر راستىنى ئېيتىپ «سىزنىڭ مىرزا بېشى بولۇشىڭىزنى تەقسىرىم كۆرەلمىگەندى» دېسەم خۇشال بولاتتىڭىزمۇ، ۋاخ - خاخ - خا، ھى - ھى - ھى ... ياق، تەقسىر، ئۆزىڭىزمۇ بۇخارادا ئوقۇغان بولسىڭىز كېرەك؛ كىتابلاردا ئىككى جايدا يالغان ئېيتىشقا بولىدۇ دېيىلگەنىكەن : بىرى، ئەر بىلەن خوتۇننىڭ ئارىسىدا؛ يەنە بىرى، ئىككى مۇسۇلماننى ئەپلەشتۈرۈش ئۈچۈن. بۇنى خۇدا رەھمەتى داموللام ئوقۇپ بېرەتتى. شۇ گەپ قۇلىقىمدا قالغانىكەن، مەن يالغان ئېيتقان بولسام كىتاب سۆزىگە ئەمەل قىلدىم - دە، ئىككى مۇسۇلماننى ئەپلەشتۈرۈش ئۈچۈن سۆزلىدىم - دە !

موللا ئابدۇراخمان يەنە ئىغىز ئاچالمىدى. چۈنكى، سەپەر بۆزچى «كىتاب سۆزى» بىلەن ئۇنى يىڭىپ قويدى. مەھەللىگە يېتىپ كېلىشتى. سەپەر بۆزچى ئاداۋەتنى كۆڭلىدىن پۈتۈنلەي يۇيۇۋەتكەندى. نامازشامنى مولا ئابدۇراخماننىڭ كەينىدە ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە كىردى. مەسچىت هويلىسىدا ناماز كۈتۈپ ئولتۇرغان قوۋملارنىڭ ئىچىدە سەمەت پوقاق، شۈكۈر سوپىلارمۇ كۆرۈنەتتى. سەپەرنىڭ ئىمام بىلەن بىللە مەسچىتكە كىرىشىگە ھەيران قالغان سەمەت پوقاق ئۇنى نوقۇپ سورىدى:

— ئەپلەشتىڭلارمۇ؟!

— ئاداۋەت دېگەن ياغلىقنى يۇيۇپ قۇرۇتقۇچىلىك، — دېدى سەپەر بۆزچى، — يېڭى مىرزا بېشىنىڭ ئۆيىدىن داموللا بىلەن پەتە ئوقۇپ كېلىۋاتىمىز. تېخى ئاڭلىمىدىڭلىمۇ، شۇ مېنىڭ مىرزام يارلىق ئاپتۇ ـ ھە!

سەمەت پوقاق ئۇنچىقماستىن چەتكە بۇرۇلۇپ كەتتى. شۈكۈر سوپى نامازشامنى ئوقۇش ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىشقا باشلىدى.

## 24. شائىرنىڭ سىرى

ئون بەش كۈننىڭ ئىچىدە مەخسۇمنىڭ مېھمانخانىسى رەسمىي بىر مەھكىمىگە ئايلىنىپلا قالدى. ئوردىغا ئەرز بىلەن مۇراجىئەت قىلىدىغانلىكى كىشىلەر، ھەتتا خېلى چوڭلارمۇ مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن ئاۋۋال ئەنۋەرنىڭ يېنىغا كېلىشەتتى. كۈندۈزلىرى ئوردا دىۋانىنى باشقۇرۇش، ئەتىگەنلىكى ۋە كەچقۇرۇن ئۆز ئۆيىدە خۇسۇسىي كىشىلەرنى قوبۇل قىلىش، ئەلۋەتتە، ئەنۋەر ئۈچۈن ئېغىر ئىدى. ئەمما، بۇ ئېغىرلىق بۇرۇندىن تارتىپ سەرمۇنشى كىشىنىڭ ئۇستىدىكى قانۇنىي ۋەزىپە ھېسابلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كىشىلەرنى ئۆيدە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ خۇسۇستا كەمبەغەللەرنىڭ بىرىدىغان ئاۋارىگەرچىلىكلىرى ئەنۋەرگە

ئانچە ئېغىر چۈشمىسمۇ، بەگلەرنىڭ، ئۆلىما ۋە بايلارنىڭكى تولىراق مۇجمەل ۋە مۇشەققەتلىك بولاتتى. چۈنكى، كەمبەغەلنىڭ مەسلىھەت سوراپ كېلىشى ناھايىتى مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە، مەسىلەن، بىر بەگنىڭ قىلغان زۇلمى ئۈستىدە شىكايەت، بەكمۇ كەمبەغەل بولغىنى ئۈچۈن سېلىقلاردىن ئازاد قىلىشىنى سوراش ۋەھاكازا ... كېيىنكىلەر بولسا، مەسىلەن، بىر مۇدەررىس يەنە بىر مۇدەررىس ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، بۇ توغرىدا داموللا نىياز مۇھەممەد شاغاۋۇل بېشىنىڭ قۇلىقىغا كىچىككىنە لا شىۋىرلاپ قويۇشنى سورايتتى؛ بىر زاكاتچى يەنە بىر زاكاتچىنىڭ خىيانىتىدىن «خالىسانە» شىكايەت قىلاتتى ۋە بىر سودىگەر ئۆزىنىڭ تولىمۇ كەمبەغەللىكىدىن ھەسرەتلىنىپ زاكاتتىن ئازاد قىلىنىشىنى سورايتتى، ئەگەر زاكاتتىن قۇتقۇزۇۋەتسە، ئەنۋەرنىڭ «كۆڭلىنى ئېلىش»قا تەييارلىقىنىمۇ بىلدۈرەتتى. ئەنۋەر بۇ كېيىنكى ئىلتىماسچىلاردىن گاھىدا خاپا بولۇپ، گاھىدا كۈلەتتى، ھەرھالدا، بىرنەچچە مىنۇتلۇق ۋاقىتتا ۋەدىلەر بىلەن ئۇلارنى يولغا سالغۇچە ھېرىپ كېتەتتى.

بۇ كېيىنكىلەرنىڭ كېلىشلىرى ئەنۋەرگە قانچىلىك ھۇزۇرسىزلىق بەرسە، مەخسۇمغا شۇنچىلىك مەغرۇرلۇق ۋە لەززەت بېغىشلايتتى، ھەتتا ئەنۋەرنىڭ ئوردىدا بولغان چاغلىرىدىمۇ ئۇلارنى مېھمانخانىغا قوبۇل قىلىپ، ئەنۋەر كەلگۈچە ئۇنىڭغا قانچە ئىلتىماسلار ۋە تولىراق ئىلتىماسچىلارنىڭ ئۆزلىرىنى يىغىپ - توپلاپ تۇراتتى. يۇقىرىدا سەپەر بۆزچى بىلەن ئۆتكەن ۋەقەدەك، مەخسۇم ئەرز ۋە مەسلىھەتكە كەلگۈچى كاسىپ ۋە ئەسكى چاپانلار بىلەن چىقىشالمايتتى، ئۇلارنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرۈپ، «مىرزا بۇگۇن كەلمەيدۇ، سىز بىلەن گەپلىشىشكە ۋاقتى يوق، مەنىسىزلىك قىلماڭ» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر بىلەن كەمبەغەللەرنى ئىشىك تۈۋىدىن ياندۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئەنۋەرنىڭ بىرەر كەمبەغەل بىلەن «ئېزىلىشىپ» ئولتۇرغىنىنى كۆرسە،

ئىچىدە خاپا بولۇپ «كۆللۈشەيئىن يەرجىمۇ ئىلائەسلىھى ... پەس ھەممىشەم پەسلىكىنى قىلىدۇ ... سۆت بىلەن كىرگەن خۇي ، جان بىلەن چىقىدۇ ، دېگەن ماقال تولىمۇ توغرا» دەپ ئويلايتتى ۋە جۇدۇنى تۇتۇپ نېرى كېتەتتى .

مەخسۇم شۇ چاغقىچە ئەنۋەر بىلەن رەنانىڭ توينى قىلىشقا ئالدىرىماي كېلىۋاتاتتى . بۇنىڭغا بىرقانچە سەۋەبلەر بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرى — ئەنۋەرنىڭ رەناغا قاتتىق باغلانغىنىنى ئوبدان سەزگەنلىكى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئەنۋەردىن «خاتىرجەم» لىكى ئىدى . ئالدىرىماسلىقنىڭ ئىككىنچى ۋە كۆچلۈك سەۋەبى مۇمكىنقەدەر توينى ئۇزاققا سوزۇپ ، شۇ ۋاستىدە ئەنۋەرنى سىغىش ... چۈنكى توي قىلىنىپ رەنا ئەنۋەرگە بېرىلسە ، بۇ كىرىمنىڭ قەتئىي كېسىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى .

ئەنۋەر باش مۇنشىلىق دەرىجىسىنى ئالغاندىن كېيىن مەخسۇم ئىلگىرىكى «سىياسەت» نى يەنە داۋام قىلدۇرۇش ۋە قىلدۇرماسلىق توغرىسىدا ئىككىلىنىپ قالدى . چۈنكى ، ئەنۋەر ھازىر پۈتۈن شەھەرگە داڭق چىقارغان ؛ شەھەرنىڭ ئۆلىماسى ، مۆتىۋەرلىرى ، بەگ ۋە بايۋەچچىلىرى ئەنۋەرنى تونۇيدۇ ؛ ئەنۋەرگە مەزكۇر ئالىي تەبىقىلەرنىڭ ھەرقاندىقىمۇ ئۆز قىزىنى بېرىپ كۈيئوغۇل قىلىشقا تەييار ! بەس ، شۇنداق بولغاندىن كېيىن مەخسۇم يەنە كونا تەدبىر بىلەن ئىش قىلسا بولارمۇ ؟

مەخسۇم ئىلاجسىز ئەنۋەر سەرمۇنشى بولۇشنىڭ يىگىرمىنچى كۈنلىرىدە نىگار ئايىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، مىرزا سۇلتان ئەلىگە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى : مىرزا سۇلتان ئەلىدىن ئەنۋەرنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى .

ئەنۋەر كەچقۇرۇن ئوردىدىن قايتىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى . خان ئەئيانلارغا رۇخسەت بېرىپ ھەرەمگە كىرگەن ، ئوردىنىڭ كۈندۈزلۈك خادىملىرى تارقىلىشىپ ، پەقەت مىرشەپلەر ، ياساۋۇللار ۋە دائىمىي خادىملار قېلىشقانىدى ، ئەڭ ئارقىدا قالغان

ئەنۋەر بىلەن سۇلتان ئەلى مىرزىمۇ ئوردىدىن چىقىشتى . ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئوردىنىڭ دەرۋازىسى تاقالدى .

سۇلتان ئەلى مىرزا ئەنۋەرنىڭ تاشقى ئەھۋالى بىلەن ئوبدان تونۇش بولسىمۇ ئۇنىڭ ئىچكى سىرىدىن خەۋەرسىز ئىدى . چۈنكى ، ئەنۋەر خۇسۇسىي ھاياتى ، بولۇپمۇ رەنا بىلەن ئالاقىسى ھەققىدە ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمايتتى . ئەنۋەرنىڭ مەخسۇمنىڭكىدە تۇرۇشىنى جايىسىزلىقتىن ۋە ياشلىقىدىن شۇ يەردە ئۆسۈپ ئۆگەنگەنلىكىدىن ، دەپ يۇرگەن سۇلتان ئەلى مىرزا بۈگۈن ئەتىگەن ئۆز ئۆيىگە كەلگەن مەخسۇمنىڭ سۆزىدىن كېيىن ھەقىقەتكە بىرئاز چۈشەنگەندەك بولدى . بولۇپمۇ ، مەخسۇمنىڭ ھېچبىر باش سۆزسىزلا «ئاجىزەمىز بىلەن مىرزا ئەنۋەرنىڭ تويىنى قىلىش نىيىتىمىز بار ئىدى . شۇ توغرىدا جانابىڭىز مىرزا ئەنۋەردىن تويىنى باشلىشىمىز ئۈچۈن بىر ئېغىز جاۋاب ئېلىپ بەرسىڭىز !» دەپ توغرىدىن ـ توغرا پەقەت توي ۋاقتىنى بەلگىلەشنى سورىشى ، سۇلتان ئەلى مىرزىغا يەنە باشقا سىرلارنى چۈشەندۈرگەندى .

ئىككىسى يول بويلاپ سۆزلىشىپ كېتىشىۋاتاتتى .

— مېنىڭ سۆزۈمگە كىرسىڭىز ، ئەلۋەتتە بىر ئات ئېلىڭ ، — دېدى سۇلتان ئەلى مىرزا ، — بولۇپمۇ سىزگە ئەمدى پىيادە يۈرۈش قاملاشمايدۇ !

ئەنۋەر بايىقىدەك يەنە كۈلدى :

— تەييار ئاياغ ئېتىمىز تۇرغاندا ، ئات مىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار ...

— شۇنداققۇ ، بۈنىڭدىن كېيىن ياخشى ئەمەس ـ دە .

— ھازىر ياخشى ئەمەس ئىكەن ، — دېدى ئەنۋەر ، — مەن بۇ خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىن پىيادە مېڭىش ياخشى بولامدۇ ؟

— نېمىشقا چۈشىدىكەنسىز ... ئۇزاق يىللار مۇشۇ ۋەزىپىدە

قالىسىز !

ئەنۋەر كۈلۈپ قويدى .

— لېكىن ، مېنىڭچە بىر يىلمۇ قالالمايمەن ··· ئەگەر ئاكام بولسىڭىز ، خۇدادىن سوراڭكى ، بوينۇمغا بىرەر بوھتان ئارتىلماي ، بوشىتىلاي !

— بولمىغان ۋەسۋەسىلەرگە چۈشمەڭ ، ئەنۋەر .

— شاھادەت مۆپتىڭىزنىڭ رەڭگىگە زادى قاراۋاتامسىز ، شائىرىڭىزنىڭ دارىتمىلىرىنى بايقامسىز ؟ ئەگەر شۇ جانىۋارلار مېنىڭدىن سەرمۇنشىلىقنى تىنچلىق بىلەن ئېلىشسا ، ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك سانايتتىم . شۇنچىلىك چوڭ خېرىدارلىرى تۇرغان بىر زاماندا بۇ ۋەزىپىنىڭ ماڭا كېلىپ توختىغىنىغا ھازىرغىچە ئەقلىم يەتمەيدۇ . بۇ ۋەقە مېنى ياكى بەكمۇ بەختىيارلىقتا ۋە يا پاجىئەلىك بىر پالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ . سىز ئېيتقاندەك ۋەسۋەسەمگە ياكى باشقا بىر ئۈمىدسىزلىكىمگە بىنائەن كېيىنكى ئېھتىمال ···

— نە شاھادەت مۆپتى ۋە نە شائىرنىڭ قولىدىن بىر پۇللۇق ئىش كەلسە ، مەندىن نارازى بولىۋېرىڭ ! — دېدى سۇلتان ئەلى ، — سىزنىڭ سەرمۇنشى بولۇشىڭىز ھەرھالدا بىر ھەقىقەت ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خىيانەت ، ئىغۋا بىلەن كۈن كەچۈرۈپ يەتتە ياشلىق باللارنىڭ ئالدىدىمۇ ئىككى پۇللۇق ئابرۇيى قالمىغان مۆپتىنىڭ سىرىنى يالغۇز مەنلا ئەمەس ، پۈتۈن شەھەر ، ھەتتا خاننىڭ ئۆزىمۇ بىلىدۇ . بەس ، بۇ جەھەتتىن ئۇنىڭ يارلىق ئالالماسلىقى ئېنىق ئىدى . داموللا بورھان مەخسۇمنىڭ بولسا ، شاغاۋۇل داموللا بىلەن ئوتتۇرىلىرى يامان ؛ ئەگەر خان يارلىقنى ئۇنىڭ ئىسمىغا بۇيرۇغاندىمۇ شاغاۋۇل داموللا يازمايتتى . بۇنىڭدىن تاشقىرى ، داموللا بورھاننىڭ ھەپسىلىسىزلىكى ، دىۋانخانىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىشى تۇرغان گەپ ··· شائىر «مەھدىي» نىڭ بولسا يەنە ئەھۋالى مەلۇم :

خاننى ماختاش ، ئۆزىگە ياقمىغاننى ھەجۋي قىلىش ، خوتۇنبازلىق ، بەچچىۋازلىق بىلەن ئاۋارە بىر تايىنسىز . بۇنىڭدىن باشقا ، «مەھدىي» نىڭ يارلىق ئالالماسلىقىغا يەنە بىر سەۋەب بار ئىدىكى ، بۇ سىرنى ئوردىدىن پەقەت بىز بىرنەچچە ئادەملەرلا بىلەتتۇق …

— خوش ؟

— بۇنى سورىماڭ ھەم كۆلمەڭ !

— خوش ، خوش ؟

سۇلتان ئەلى مىرزا كۆلدى ۋە ئاۋازىنى ئاستىلىتىپ :

— شائىر ھەرەمدىكى كېنىزەكلەردىن بىرى بىلەن ئالاقە باغلىغانىكەن ، — دېدى .

— خوش ، شۇنىڭدىن كېيىن ؟

— بۇ ھالنى سەزگەن ئىككىنچى بىر كېنىزەك خاننى بۇ ئالاقىدىن خەۋەردار قىلىدۇ . خان كېنىزەكنى ھەرەمدىن ھەيدىگىنىدەك ، شائىرنىمۇ ھۇزۇرىغا چاقىرىپ ، كېكىردىكىگىچە ئوبدان تويغۇزىدۇ ، ھەتتا ئانىسىنىڭ ئوسما - سۈرمىسىگىچە قالدۇرمايدۇ … شائىر توۋا قىلىپ ئاران قۇتۇلىدۇ !

ئەنۋەر كۆلدى :

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا يارلىق بېرىلمىدى ، دەمسىز ؟

— ئەلۋەتتە ، شائىرنىڭ ھوشى جايىدا بولسا بويىنى باشاقتا ئۈزاتماستىن ، سارايدىن ھەيدەلمىگىنىگىمۇ شۈكۈر قىلسا بولاتتى . دېمەك ، سىزنىڭ خىياللىرىڭىز پۈتۈنلەي ئورۇنسىز ، ياخشى ، ئۇنىمىسىڭىزمۇ پىيادە مېڭىپ زېرىككىنىڭىزدىن كېيىن ئات مىنىشكە مەجبۇر بولارسىز ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى قويۇپ تۇرايلى - دە ، ئاتتىنمۇ زۆرۈرەك مەسىلىگە ئۆتەيلى ، مەسىلەن ، بېشىڭىزنى ئىككى قىلىش ئۈچۈن ، ئەلۋەتتە ۋاقتى يەتكەندۇر ، دەپ ئويلايمەن .

— نەدىكى گەپلەرنى تاپىسىز ، سۇلتان ئەلى ئاكا .

— چاقچاق ئەمەس ، ئۆيلىنىش سىزگە ھەم پەرز ، ھەم قەرز .

بۇنىڭغا كەلگەندە سەۋەب تاپالمايسىز ، ئەلۋەتتە .
ئەنۋەر كۇلۇمسىرەپ قويدى :
— ئۆيلىنىشىنىمۇ بىكار بولغۇچە توختىتىپ تۇرساق دەيمەن .
— مانا گەپ ! — دېدى سۇلتان ئەلى ، — بەلكى ئۆمۇر بويى شۇ ۋەزىپىدە قېلىپ كېتەرسىز . ئۇ چاغدا پۈتۈن ئۆمرىڭىزدە خوتۇنسىز يۈرىدىكەنسىز ـ دە ، هاھ ـ هاھ ! ...
— كىم بىر ۋەزىپىدە ئۆمۇر بويى قالغىنى بار .
— قالغانلار نۇرغۇن ، مەسىلەن ، مەرهۇم مۇهەممەد رەجەپ بەگ ؛ مۇهەممەد ئەلىخان زامانىدىن بېرى دىۋان بىلەن هەپىلىشىپ كەلگەنىدى . مەن سىزگە جىددىي ئېيتىمەن ؛ شەهەردىن كىمنىڭ قىزىنى ياقتۇرسىڭىزمۇ بىز ئېلىپ بېرىشكە هەرىكەت قىلىمىز !
— رەهمەت ...
— راست گەپ قىلىۋاتىمەن ، ئەنۋەر !
ئەنۋەر يېرىم جىددىي تەرزدە سۇلتان ئەلىگە قارىدى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈۋاتقىنىنى سېزىپ :
— ماقۇل ، مەن بۇ توغرىدا داموللا بىلەن مەسلىهەتلىشىپ ، سىزگە جاۋاب بېرەي ! — دېدى .
— بۈگۈن ئەتىگەن داموللا بىزنىڭكىگە كەلگەنىدى ، — دېدى سۇلتان ئەلى جىددىي تۇردە ، — دامولللىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ، سىزنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىش پىكرى بار ئوخشايدۇ . سىزنىڭ رازىلىقىڭىز بىلەنمۇ ، ئەمەسمۇ ، بۇ تەرىپىنى بىلەلمىدىم ...
ئەنۋەر قىزاردى . جاۋاب بېرىش ئورنىغا «نەتىجە ؟» دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى .
— دامولللىنىڭ گېپىگە قارىغاندا ، باشقا تەرەپلىرى پۈتكەنگە ئوخشايدۇ ، — دېدى سۇلتان ئەلى سۆزىنى داۋام قىلىپ ، — پەقەت ئۇ مېنىڭ ۋاستەمدە تويىنى باشلاش ئۈچۈن سىزدىن رۇخسەت ئېلىشقا كەلگەنىكەن . مەن بۇ توغرىدا سىزدىن جاۋاب ئېلىپ بەرمەكچى بولدۇم .

ئەنۋەر كۆلدى . ئەمما بۇ كۈلۈش ئۇنىڭ بايىقى كۈلكىلىرىدىن پۈتۈنلەي باشقا ، يەنى بەختىيارلىق كۈلكىسى ئىدى .

— ياخشى ، — دېدى ئەنۋەر ۋە ئۇن قەدەمچە سۈزسىز ماڭدى ، — ياخشى ، مەن ئەتىگىچە ئويلىنىپ ، سىزگە جاۋابىنى بېرىمەن !

— ماقۇل ، ئەگەر بۈگۈن داموللىغا يولۇقسام ، جاۋابىنى ئەتىگە ئالىمەن ، دەيمۇ ؟

— ئەلۋەتتە .

— خەير ، خۇدانىڭ پاناھىغا ، ئەنۋەر !

— خوش ، سۇلتان ئەلى ئاكا !

ئىككىسى ئايرىلىشتى .

## 25 . ھايات شامى

نەچچە يىللاپ ئەنۋەرنىڭ كۆڭلى مەشغۇل بولۇپ كەلگەن بىر قىيىن مەسىلە ئاخىرىدا ئارزۇغا مۇۋاپىق ھەل قىلىنغاندەك ، يەنى گۇمان ئىچىدە قىزارغان مۇھەببەت غۇنچىسى قوشۇلۇش خەۋىرى بىلەن ئېچىلاي دەپ قالغاندەك ۋە قورقۇق كۆرۈش بىلەن ئۆتكەن ئۇنىڭ ئاي ، يىللىرى بۈگۈن رەناگۈلىنى پۇراش خۇشاللىقىغا يېتىشكەندەك ئىدى . راستتىنمۇ ، شۇنچە يىللاردىن بېرى مەخسۇمنىڭ ئىشىكىدە قېلىشى ، ئاچىسى نادىرەنىڭ : «مەن سېنى ئانامنىڭ ئۆيىگە چىراغچى بولارسەن ، دەپ خۇش بولغانىدىم . ئۆز ئىستىقبالىڭ ئۈچۈن قايغۇرماي ، بىر كىشىنى سەمرىتىپ يۈرۈشۈڭ ئەقىللىق يىگىتلەرنىڭ ئىشى ئەمەس ، ئەنۋەر !» دېگەندەك تەنىلىرىگە باش ئېگىشى ۋە ھەتتا مۇشۇ ئۆيدىن سىلجىماسلىق ئويىدا ئۆزى خالىمىغان ۋەزىپىلەرگىمۇ ئۇرۇنۇشى يەنە مۇشۇ خۇشاللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەسمىدى .

ئىستىقبال سۆزىنى ھەر كىشى ھەر تۈرلۈك چۈشىنىدۇ . ئەنۋەر ئۆز ئىستىقبالىنى پەقەت مۇھەببەت ئارقىلىق كۆرەتتى .

ئانا ـ ئانىنىڭ چىرىغىنى يېقىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزىگە بىر هايات شامى ناپىماقچىدى ۋە ئۆزى شامسىز تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىغا چىراغ يېقىشنى زادى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى ، يەنى ئىستىقبال ئەنۋەرنىڭ يەككە هاياتىدا پەقەت مۇهەببەت ئىدى .

يىگىتلەر ئۆز ئىستىقباللىرىنىڭ قايغۇسىدا يېڭى بىنا ، يېڭى ئىگىلىك تۇزۇشىدۇ ۋە ھەتتا دۇنيادا خىيالىدىمۇ بولمىغان رەپىقىلىرى ئۈچۈن كىيىم تىكتۇرۇشىدۇ ... ئەنۋەر بولسا ئاۋۋال رەنادەك بىر رەپىقىگە ئىگە بولماقچى ۋە شۇنىڭ بىلەن باشقا مەسىلىلەرگە قارىماقچىدى .

ئەنۋەر سۇلتان ئەلى مىرزىغا بايىقى ۋەدىنى بېرىپ ، بۇ خەۋەر بىلەن يۈرىكى دۇپۇلدىگەن هالدا ئۆيگە كەلدى . مېهمانخانىدا ئۆزىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانلار بىلەن نېرى ـ بېرى ئىشنى تۈگىتىپ ئىچكىرىگە كىردى . ئۇنىڭ بۇ كىرىشى هەر كۈندىكىدەك كىشى بىلمەس ، تاسادىپىي ئەمەس ئىدى ، رەنانى كۆرۈشتىن باشقا يەنە مەلۇم بىر مەنىنى رەنادىن ئۇقۇش ئۈچۈن ئىدى .

رەنا ئايۋاننىڭ تۇۋرۇكىگە يۆلىنىپ كىتاب ئوقۇماقتا ، نىگار ئايىم ئوچاق بېشىدا غىزا پىشۇرۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى . رەنا ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئەنۋەرگە يەر تېگىدىن كۈلۈمسىرەپ قويغاندىن كېيىن ، بىرئاز كۆرۈنۈپ تۇرغان پۇتىنىڭ ئۇچلىرىنى سېرىق ئەتلەس كۆڭلىكى بىلەن يوشۇردى ، ئەتلەس كۆڭلەكنى ئوبدانلا كۆتۈرۈپ تۇرغان سىرلىق كۆكسىنىڭ ئۈستىگە يان ئۆرۈمە چاچلىرىنى تاشلاپ قويدى ، ئەنۋەر يېقىنلاشقاندا ، ئاستاغىنا كىتابتىن كۆزىنى ئېلىپ «هارماڭ» دەپ ، يەنە كىتابقا قارىۋالدى . ئەنۋەر كەلدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابقا كۆز تاشلاپ :

— ئۆمەر هەييام ! — دېدى ۋە رەنانىڭ ئۇدۇلىغا ، هويلىغا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى ، — قېنى ، ئوقۇغىنا ، ئاڭلايلى !

رەنا كىتابنى ئاستا يېپىپ ، ئەنۋەرگە ئۇزاتتى :

— سىز ئوقۇڭ ، مەن ئاڭلاي .

— ئۆزۈڭ ئوقۇ ، بېخىلسەن ـ دە !

— مەن توغرا ئوقۇيالمىسام ، ئۇ كۈندىكىدەك كۈلىسىز ...

— قەستەن خاتا ئوقۇپ ، ئۆزۈڭ كۇلدۇردۇڭ ··· ئوقۇ ، رەنا !
رەنا كىتابنى يەرگە قويدى .
— مەن ئوقۇپ زېرىكتىم ···
— مېنىڭ ئۈچۈن ئوقۇپ بەر دەۋاتىمەن !
رەنا شەرەت بىلەن يۆلەك تەرەپنى كۆرسەتتى :
— دادام كېلىپ قالىدۇ .
— نەدىن بۇنچىلىك ئۈياتچان بولۇپ قالدىڭ ؟
رەنا كۇلۇمسىرەش بىلەن جاۋاب بەردى ۋە ئۇنىڭدا بىرئاز قىزىرىش بەلگىسى بار ئىدى . ئەنۋەر بۇنىڭدىن بىر نەرسە سەزگەندەك ، گەپنى باشقا ياققا ئايلاندۇردى :
— كۆن ئىسسىقمۇ ، رەنا ، تەرلەپسەن ؟
رەنا بۇرنىنىڭ ئۈستىدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس مەرۋايىت تامچىلىرىنى ياغلىقى بىلەن ئېرتتى .
— تەرلىشىم ئىسسىقتىن ئەمەس ، — دېدى كۇلۇمسىرەپ رەنا ، — باشقا نېمىدىن ···
— نېمىدىن ، قېنى ؟
رەنا بىرئاز ھەزىل ئارىلاش سۆزلىدى :
— سىز بەگ بولغىنىڭىزدىن بېرى ··· سىزنى كۆرسەم ئىزا تارتىدىغان بولۇپ قاپتىمەن . تەرلىشىممۇ سىزدىن ئىزا تارتقانلىقىمدىن ···
— ياپتا گەپچىلىك ھۈنىرىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمىكىن ، دېسەم ھەرھالدا يادىڭدا ئىكەن ، يەنە ، خوش ؟
— خان جانابلىرىنىڭ مۇنشىلار مۇنشىسى بولغان بىر يىگىتنىڭ سالاپىتى بارلىقىنى كىم ئىنكار قىلسۇن ··· ئەلۋەتتە ، بۇ توغرىدا كېنىزىكىڭىزگە ھەق بېرەرسىز دەپ ئويلايمەن !
— خوپ ، ھەق بەردۇق ! — دېدى كۇلۇپ ئەنۋەر ۋە ئورنىدىن تۇردى ، — ئەگەردە كېنىزىكىمىز ئىزا تارتمىسا ، بىزنىڭمۇ بىر ئەمرىمىز بار . ئەمر قىلساق ئىزا تارتماسمىكىن ؟
— ئەمرىڭىزگە ئۈياتلىق رەۋىشتە بويسۇنۇشقا كېنىزىكىڭىز تەييار .

— كىنىزەكلەرنىڭ ئۆز خوجايىنلىرى بىلەن ئولتۇرغان هالدا مۇئامىلە قىلىشلىرى مۇمكىنمۇ؟ ئەمرگە بويسۇنۇشتىن ئىلگىرى مۇشۇ توغرىدا جاۋاب بەرسىڭىز.

رەنا ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى، گويا كىنىزەكلەردەك، ئىككى قولى يېنىدا ۋە بېشى كۆكسىدە هالدا ئەپۇ سورىدى:

— ئىنسان مۇشتەق ئەز نىسيانەست ... ئەقىلسىز كىنىزەك هەمىشە ئەپۇ ئەتاغا لايىقتۇر، چۈنكى سېتىۋالغان خوجىسىغا سادىقتۇر!

ئەنۋەر ئوچۇقلۇق ۋە ئويۇن - كۈلكىنى بىر مىنۇتمۇ قويۇپ تۇرالمىغان پەرىنىڭ سەنئەتكارلىق بۇ ۋەزىيىتىگە كۈلۈمسىرىگەن پېتى خېلى قاراپ تۇردى ۋە ئۆزىنىڭ خوجايىنلىق رولىنى بۇزماستىن:

— مەن سۇپىغا چىقمەن، پۇرسەت تېپىپ يېنىمغا چىق، ساڭا ئېيتىدىغان مەخپىي بىر سۆزۈم بار! — دېدى.

رەنا كىنىزەكلەردەك باش ئېگىپ «تەييارمەن» ئىشارىسىنى بەردى ۋە تەبەسسۇمغا مايىل جادۇ كۆزلىرى بىلەن ئەنۋەرگە ئاستا باش كۆتۈرۈپ قارىدى ...

ئەنۋەر ئۆزىنى زوق هەم كۈلكىدىن توختىتالمىغان هالدا، بۇرۇلۇپ تاشقىرىغا ماڭدى. ئوچاق بېشىدا مەشغۇل بولۇۋاتقان نىگار ئايىممۇ قىزىنىڭ كېيىنكى هەرىكەتلىرىدىن كۈلۈپ ئەنۋەرگە قارىدى. لېكىن، رەنا بىلەن ئەنۋەرنىڭ ئاشۇنداق ئويۇنلىرىغا كۆنۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ توغرىدا گەپنى ئايلاندۇرمىدى.

— ئاش پىشىپ قالدى، ئەنۋەر، — دېدى ئوچاق بېشىدا تۇرۇپ كۈلۈمسىرىگەن هالدا، — سۇپىدا بولامسىز؟

— بولىمەن.

— دادىڭىز نامازدىگەردىن چىقىپ بىر يەرگە بېرىپ كېلىمەن، دېگەنىدى. سىزنىڭ ئېشىڭىزنى ئۇسۇپ چىقىرىۋېرەيمۇ؟

— مەيلى.

— تاشقىرىدا باللار كۆرۈنسە چاقىرىۋېتىڭچۇ؟

— خوپ.

ئەنۋەر مەخسۇمنىڭ نەگە بېرىپ كېلىشىنى ئويلىغان ھالدا تاشقىرىغا چىقتى .
نامازشامدىن بىرئاز بالدۇرراق ئىدى . يۇمشاق بىر شامال سۇپىنىڭ چۆرىسىدىكى گۈللەرنى ئېرىنىپقىنا مىدىرلىتاتتى ۋە بۇ مىدىرلىتىشتىن رەيھانلارنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى تۇرۇپ - تۇرۇپ دىماغقا كېلىپ ئۇرۇلاتتى . ئون ئىككى - ئون ئۈچ كۈنلۈك ئاي ئاسماننىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىن غۇۋا بولۇپ كۆتۈرۈلۈپ كەلمەكتە ۋە كۈن پاتقانسېرى ئۇنىڭ ئۆزى بارغانچە ئېچىلىۋاتماقتا ئىدى . شەھەر پادىسى قايتىپ ، ئەتراپتىن ئىنەك ۋە موزايلارنىڭ «مە ە ە مۆ ۆ ۆ» لىرى ، قوزىچاق ۋە قويلارنىڭ «بە ە ە بۆ ۆ ۆ» لىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .
ئەنۋەر سۇپىدا ، ئۇردا مەكتۇپلىرىنى كۆرۈۋاتقان چاغدا ، ئىچكىرىدىن رەنا چىقىپ كەلدى . ئەنۋەر گويا رەنانىڭ كەلگىنىنى سەزمىگەندەك ئۆز ئىشىغا قاتتىق بېرىلگەنىدى . رەنا ئاستاغىنا ئەنۋەرنىڭ يېنىغا كېلىپ سۇپىغا يۆلەندى ، ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ ، نېرىدىن ئەنۋەرنىڭ ئىشىغا قارىدى . ئەنۋەرمۇ مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ رەناغا كۆز قىرىنى تاشلاش بىلەن ، گويا ئىلتىپاتسىزدەك ، يەنە قەلىمىنى سىياھقا چىلاپ ، قەغەز ئۈستىگە بىر - ئىككى سۆز يازدى ، ئەمما ئۈچىنچى سۆزگە ئۆتكەندە قەلىمىنى تۇتقان ھالدا ئويلىنىپ قالدى ۋە ھېلىقىدەك يېنىدىكىگە كۈلۈمسىرەپ قويدى . رەنانىڭمۇ كۆزى ئۇنىڭغا تۇقۇنۇشۇپ ، بىردەم بىر - بىرلىرىگە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا تىكىلىپ قېلىشتى ...
— نېمىشقا توختىدىڭىز ، يازىۋېرىڭ !
— سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ دائىم شۇنداق ، رەنا !
— مەسىلەن ؟
— مەسىلەن ... ھەمىشە ئىش ۋاقتىدا كېلىپ ، پىكرىنى بۆلىسەن .
— مەن ئوتتۇرىغا سۆز ئارىلاشتۇردۇممۇ ؟ ... يازىۋېرىڭ ، مەن مۇشۇنداق قاراپ تۇرىمەن .

ئەنۋەر رەناغا توغرىلىنىپ ئولتۇردى :

— پايدىسى يوق ، ئەمدى پىكىرنى ئوغرىلىدىڭ !

— مەن پىكىر ئوغرىسى ئەمەس ... قېنى يېزىڭ !

ئەنۋەر قولىدىكى يېزىلغان قەغەزنى قويۇپ ئىككىنچى ئاق قەغەزنى ئالدى :

— ئەمدى باشقا نېمە يازىمەن ؟

— مەيلى ، يېزىڭ !

— سەنمۇ جاۋاب يازساڭ ، بولامدۇ ؟

— بولىدۇ .

— ئۇ كۈندىكىدەك جاۋاب تاپالمىساڭ ، نېمە قىلاي ؟

رەنا سۈپىغا پۈتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇۋالدى .

— يۈزۈمگە بىر شاپىلاق ئۇرۇڭ ، لېكىن شېئىرىيەت ۋە قاپىيىسى ئاسان بولۇش شەرتى بىلەن !

— ماقۇل ! — دەپ كۈلدى ئەنۋەر ۋە رەناغا قارىغان ھالدا ئويلاندى . بۇ ئويلىنىشقا رەنا قاشلىرىنى يىمىرىپ قارشى چىقتى :

— كۆپ ئويلىماڭ !

ئەنۋەر جاۋاب بېرىش ئورنىغا قەلەمنى سىياھقا چىلاپ يازدى :

ئەگەر پەرھاتنىڭ شىرىن ، بولسا مەجنۇننىڭ لەيلىسى ،
نېسىپ بوپتۇ ماڭا گۈلشەن ئارا گۈللەرنىڭ رەناسى .

ئەنۋەرنىڭ قەلەمدىن قەغەزگە چۈشۈۋاتقان سۆزلەرنى تەكشۈرۈپ تۇرغان رەنا قەغەزدىن كۆزىنى ئېلىپ قىزاردى ۋە بېشىنى چايقاپ تەتۈر قارىدى .

— قېنى جاۋاب ، رەنا !

رەنا شۇ پېتى بىردەم ئەنۋەرگە قارىماستىن تۇردى ۋە قايرىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن قەغەز ـ قەلەمنى ئېلىش بىلەن :

— زاڭلىق قىلمامسىز ؟ — دەپ سورىدى .

— مېنىڭ يازغىنىمنى سەن زاڭلىق قىلمىساڭ ، مەنمۇ

سېنىڭ يازغىنىڭنى زاڭلىق قىلمايمەن . لېكىن ، شەرت شۇكى ، مېنىڭ ئىككى قۇرۇمغا ئەينى جاۋاب بولسۇن !
رەنا يەنە بىرئاز ئويلىنىپ ، ئەنۋەرگە كۆرسەتمەستىن يازدى :

ئەگەر ئار قىلسا لەيلى ھەقلىقتۇر قەيسىنىڭ جۇنۇنىدىن ،
نە بەخت ، رەنا ، خېرىدارىڭ تەلەپ ئەھلىنىڭ «مىرزاسى» .

رەنا قەغەزنى ئەنۋەرنىڭ ئالدىغا تاشلاپ ، قىــــزارغان ۋە كۈلۈمسىرىگەن ھالەتتە يۈگۈرۈپ گۈللەرنىڭ يېنىغا كەتتى . ئەنۋەر جاۋابنى ئوقۇپ زوقلاندى :

— ئاپىرىن ، رەنا ، لېكىن بىراۋنىڭ ئۈستىدىن ئارتۇقراق مۇبالىغە قىپسەن !

رەنا گۈللەرنىڭ يېنىدىن ئەنۋەرگە جىددىي قارىدى :

— سىزمۇ مۇبالىغە قىلغانىدىڭىز !

— مېنىڭكى مۇبالىغە ئەمەس ، — دېدى ئەنۋەر ، — مەسىلەن ، سەن ھازىر گۈللەرنىڭ يېنىدا سەن ··· مانا ، مەن يەنە يېزىشقا باشلىدىم . جاۋابقا تەييارلان ، رەنا !

رەنا يۈگۈرۈپ ئەنۋەرنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ قەلىمىدىن تامغان سۆزلەرنى ئوقۇپ ماڭدى :

ھەمىشەم خەۋپتە كۆڭلۈم بۇ مۇھەببەت ئىنتىھاسىدىن[1] ،
مېنىمۇ قىلمىسا مەجنۇن دەيمەن رەنانىڭ سوداسى .

رەنا كېيىنكى قۇرنى ئوقۇپ ئويلىنىپ قالدى . ئەنۋەر رەنانىڭ بۇ ئويچان كۆزىگە خېلىغىچە تىكىلىپ تۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى :

— جاۋابى تەس كەلدىمۇ ، رەنا ؟

— قەلەمنى بېرىڭ ! — دېدى رەنا قېيىدىغان قىياپەتتە قول

---

[1] ئىنتىھاسى ئاخىرى ، ئاقىۋىتى .

ئۆزىتىپ ، — ئويلىغىلىمۇ ۋاقىت بەرمەيسىز !
رەنا يازدى :

مۇھەببەت جامىدىن نۇش ئەيلىگەن ئەھلى زەكا[1] بولمىش ،
پۈتۈنى تىبدە[2] مەجنۇندۇر كىشىنىڭ كۆيسە سەپراسى .

— يەڭدىڭ ، رەنا ، يەڭدىڭ ! — دېدى ئەنۋەر ، — لېكىن كېيىنكى قۇردا بىر خاتا قىلدىڭ ...
— مەسىلەن ؟
— تىبنىڭ ئېيتىشىچە ، سەپرا ئەمەس ، قان كۆيسە ، كىشى ساراڭ بولىدۇ ...
— قاننىڭ بۇزۇلۇشىغا ئاۋۋال سەپرانىڭ كۆيۈشى كېرەك ، سەپرا كۆيمەي تۇرۇپ قان بۇزۇلمايدۇ ... خوش ، يەنە يازامسىز ياكى يېڭىلدىڭىزمۇ !
— يېڭىلدىم ...
— يېڭىلگەن بولسىڭىز ، ئۇتۇقۇمنى بېرىڭ .
ئەنۋەر مەڭزىنى تۇتۇپ بەردى . رەنا ئۇنىڭ مەڭزىگە ئاستىلا ئۇرۇپ قويدى .
— ئەگەر مۇشۇ قېتىممۇ يەڭگەن بولسام ، — دېدى ئەنۋەر ئېچىنىپ ، — مەن سېنى ئۇرۇپ ئولتۇرمايتتىم ...
— نېمە قىلاتتىڭىز ؟
— ئەمدى پايدىسى يوق .
— ئېيتىڭ ـ دە ، ئەگەر ماڭىمۇ لايىق كەلسە ، ئۇرغىنىم ھېساب ئەمەس ، ئاستىلاپ ئۇردۇمغۇ .
— لېكىن سەن ئۇنى قىلالمايسەن ...
— نېمىشقا قىلالمايمەن ، قېنى ئېيتىڭا !
— قىلالمايسەن ... — دەپ كۈلدى ئەنۋەر ۋە بىردەم ئېيتىشقا

1 رەكا — زېرەكلىك ، ئەقىللىق
② پۈتۈنى تىب     تىبىي ئەن ، مىدىنىسا .

ئۈمىدلىنىپ ـ كۆچىنىپ تۇردى ، — مەن ... مەن سىنىڭ مەڭزىڭگە قولۇم بىلەن ئەمەس ، كالپۇكۇم بىلەن ئۇراتتىم ...

رەنا قىزىرىپ يەرگە قارىدى . مەڭزىگە كالپۇك بىلەن ئۇرۇشنى ئۇ ئۆز ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغانلىقى ئۇچۇن قىزىرىشقا ۋە يەرگە قاراشقا ھەققىمۇ بار ئىدى . ئۆزى يازغان مۇھەببەتكە ئائىت شېئىرلىرى ۋە ئەنۋەرگە بەرگەن ھېلىقىدەك جاۋابلىرى بىلەن ھەقىقىي بىر مەھبۇبە ۋە مەشۇقە بولۇپ كۆرۈنسىمۇ ، لېكىن كېيىنكى گەپلەر بىلەن تېخىچە تونۇش ئەمەس ۋە مەڭزىگە كالپۇك بىلەن ئۇرۇشلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى . بۇ گەپ ئەنۋەرنىڭمۇ بىرىنچى جاسارىتى بولۇپ ، ئىككىلىسى شۇ «يېڭىلىق» نىڭ خىجالەتچىلىكىدە قېلىشتى ...

كۆك گۈمبەز قەندىلىدە كامپۇر شاملىرى يېقىلىشقا باشلىغانىدى . ئايمۇ بىرئاز نۇرلىنىپ ، تۇرمۇشقا يېڭى قەدەم تاشلىغان بۇ ئىككى ياشنىڭ ھازىرقى ئەھۋاللىرىدىن كۈلۈمسىرىگەندەك كۆرۈنەتتى .

بايىقىدىن بىرئاز كۆچىيىپ قالغان شامال گۈلنى گۈلگە قوشۇلدۇرۇپ ، گويا بۇ ئىككى ياشقا : «سىلەرمۇ مانا مۇشۇ گۈللەردەك قوشۇلۇڭلار» دېگەندەك بولاتتى . ئەپسىز ئەھۋالدا قالغان رەنا خىجالەت ئارىلاش ئەنۋەرگە كۈلۈمسىرەپ باش كۆتۈردى .

— مەن سىزنىڭ «ئەمرىڭىز»گە مۇۋاپىق چىققانىدىم !

— ئەمرىمگە مۇۋاپىقمۇ ؟ — دېدى ئەنۋەر ۋە رەنانىڭ كۆزىگە ئۇدۇل قاراپ كۈلۈمسىرىدى ، — نامازشامدىن كېيىن ...

— نېمە نامازشامدىن كېيىن ؟

— «ئەمرىم»گە مۇۋاپىق چىقىشىڭ !

— ھازىرچۇ ؟

— ھازىر مۇمكىن ئەمەس !

رەنا قېيداش بىلەن ئەنۋەرگە قارىدى ۋە تۇرۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى .

# 26 . نېمىشقا يەرگە قارايسەن ، رەنا

كۆچلۈك شامال كۆتۈرۈلۈپ ، باغدىكى ھەممە نەرسىنى تۆت تەرەپكە ئېگىشكە باشلىدى . كوچا چاڭلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىنى غۇۋا بىر ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى . چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىشى ، كېچە ھاشاراتلىرىنىڭ نەغمىسى كۈچلۈك شامال ئاۋازى بىلەن كېسىلدى . سۇپىنىڭ ئۈستىدىكى بىاراڭ پات - پات تۆت تەرەپكە ئىرغاڭلاپ ، ئۆز ئاستىدا ئولتۇرغانلارنىڭ يۈزلىرىنى گاھى كۆرسىتىپ ، گاھى يوشۇرۇپ ، ئۇلار بىلەن ئويناشقاندەك ، ئەتراپقا ھۆسىنى ئۈزۈمنىڭ دانىلىرىنى بىر - ئىككى قېتىم ئۈزۈپ تاشلىدى . ئەنۋەر ئۆزىدىن نېرىراقتا چۈشكەن بىر شىڭگىل ئۈزۈمنى ئېلىپ يېدى ۋە بىر - ئىككى تالنى ھەمراھىغا ئۇزاتتى :

— مە ، رەنا ...

— مەن يېمەيمەن .

— مەنمۇ ساڭا يېگىن ، دېمەيمەن .

رەنا ئۆزىنىڭ يېنىدىكى ئۈزۈملەرنى يىغىپ ، ئەنۋەرگە بەردى .

— مانا ئۈزۈم يېسىڭىز ... مېنىڭدە نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى ؟

— بىارىكاللا ... تۆكۈلگەن ئۈزۈملەرنى يىغىپ بەرگىنە ماڭا !

رەنا يەنە بىرنەچچە تال ئۈزۈمنى تېرىپ ئۇزاتتى .

— قېنى ئىشىڭىز ؟

— سىپىڭدە نېمە ئىش بولسۇن ، رەنا ! ھەر كۈنكى ئۆزۈڭ بىلىدىغان گەپ ... سۆزلىشىپ ئولتۇرىمىز : ئۈزۈم تۆكۈلسە ، ماڭا تېرىپ بېرىسەن ، دەپ چاقىرغانىدىم .

— دادام خۇپتەندىن يېنىپ كېلىپ قالىدۇ . گېپىڭىز بولمىسا ، مەن كېتىمەن .

— خۇپتەن تېخى ئوقۇلمىدى ، ئەزان ھازىر ئېيتىلىدى .

ئەگەردە دادىمىز خوپتەننى ئوقوماي كېلىپ قالسا ، بۇنىڭ ھېيلىسى ئاسان ؛ دەررۇ ئاۋۇ گولنىڭ تۇۋىگە موكىمىز !

— ئەگەردە دادام بىزنى ئىزدەپ ، گولنىڭ تۇۋىدىن تېپىۋالسا قانداق قىلىمىز ؟

— قانداق قىلاتتۇق ؟ ··· سەن ئۆيۈڭگە كېتىسەن ، مەن بولسام مېھمانخانىغا .

— ئىككىڭلار گولنىڭ تۇۋىدە نېمە قىلىپ ئولتۇرغانىدىڭلار ، دەپ سورىسا ، قانداق جاۋاب بېرىمىز ؟

— ئۆزىمىز ئولتۇرغانتۇق ، دەيمىز .

— نېمە ئۇچۇن ، دېسىچۇ ؟

— قىزىڭىز ئىزا تارتقىنى ئۇچۇن ، دەيمىز .

رەنا كۈلۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە سۇپىدىكى ئۆزى ئىلغىغان ئۈزۈملەرنى تېرىپ ئەنۋەرگە بەردى :

— خەير ، ئىشىڭىز بولمىسا مەن كەتتىم ، شامال قولاقلىرىمنى پۈتتۇرۇۋەتتى !

— گېپىم بار ، گېپىم ! — دېدى ئەنۋەر ، — كەل ، ئېيتىمەن .

رەنا يېنىپ كەلدى .

— ئېيتىڭ !

— ئولتۇر !

رەنا ئەنۋەرنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇردى . ئولتۇرۇشى بىلەن كۈچلۈك شامال ئۇرۇپ بېشىدىكى رومىلىنى ئۇچۇردى ۋە ئېلىپ بېرىپ ئەنۋەرنىڭ يۈزىگە ياپتى .

— ھا ـ ھا ـ ھا ، شامال سىزدىن ئۆچۈمنى ئالدى . قېنى ، سۆزلەڭ !

ئەنۋەر رومالنى قولىغا ئېلىپ سىقىملىۋالدى .

— ھازىر سۆزلەيمەن . لېكىن شەرتىم بار .

— ئېيتىڭ شەرتىڭىزنى .

— ئاچچىقلانمايسەن !

— خوپ ...
— ئىزا تارتمايسەن !
رەنا مەسىلىگە چۈشەنگەندەك ئويلىنىپ قالدى .
— رومىلىمنى بېرىڭ !
— رومىلىڭ ئۇچۇپ كەتتى ... شەرتىمگە ماقۇل بولدۇڭمۇ ؟
رەنا جاۋاب بەرمىدى . ئەنۋەر رەنانىڭ ئالا - بۇلا كۆلەڭگە ئىچىدە خىيالىي بولۇپ كۆرۈنگەن يۈزىگە قارىدى . ئۇنىڭ هاياتى ئىچىدە ئالىيلىقتا ئىگە بولغان جادۇ كۆزى ئەنۋەرنىڭ هازىرقى مەقسىتىگە چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادە قىلىپ تۇراتتى . بىردەمگىچە شۇ هالدا جىم بولۇپ قېلىشتى . شامال بىر كۆچىنىپ ۋە بىر بېسىلىپ قالاتتى . شامال ئۇرغاندا گۈللەرمۇ كېلىنلەردەك هەر تەرەپكە ئېگىلىشىپ سالام قىلىشىۋاتاتتى .
ئەنۋەر ئۆزىنى سۆيىنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىگە ئالدى . رەناغا ئېيتماقچى بولغان سۆزى ئېهتىمال ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ ئەپسىز هالغا چۈشۈرەتتى .
— تۇغۇلغاندىن كېيىن چوڭ بولۇش ، چوڭ بولغاندىن كېيىن جۈپ - جۈپ بولۇپ ياشاش بار ! — دېدى ئەنۋەر ۋە بىردەم توختىۋالدى ، — جۈپلۈك يالغۇز ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىلا ئەمەس ، يەر يۈزىدىكى هەربىر مەخلۇقتىمۇ بار ... مەسىلەن ، تاغلاردىكى كېيىكلەر ، جاڭگالدىكى تۇتىلار ، چىمەنلىكتىكى بۇلبۇللارمۇ يالغۇز ئەمەس ، جۈپ بولۇپ ياشايدۇ ... سىنىڭچە قانداق ، مەن ئۇنى بىلمەيمەن . ئەمما مېنىڭچە جۈپلىنىشنىڭ ئەڭ مۇهىم بىر شەرتى بولۇپ ، ئۇمۇ هەر ئىككى تەرەپنىڭ مۇهەببەت زەنجىرى بىلەن بىر - بىرىگە قاتتىق باغلىنىشىدۇر ... بىز ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن بىللە ياشاپ كېلىۋاتىمىز ، ئارىمىزدا يوشۇرۇن سىرلىرىمىز يوق ۋە بىزنىڭ ئۆز ئارىمىزدىكى سىرلىرىمىزدىن خەۋەردار بولغان ئادەملەرمۇ يوق ! شۇنىڭغا بىنائەن سەن بىلەن مېنىڭ هەرقانداق توغرىدىمۇ ئوچۇق سۆزلىشىشىمىزگە هېچبىر توسقۇنلۇق بولماس ، دەپ ئويلايمەن ... ئەگەر خاتالاشمىسام ،

ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە مۇئامىلىلىرىمىز سەمىمىي ۋە يۈرەكلىرىمىزنىڭ تېپىشىمۇ بىر ئاھاڭدىدۇر! ياكى خاتا سۆزلىدىممۇ، رەنا؟

رەنانىڭ يەرگە قارىغان كۆزى ئاستاغىنا ئەنۋەرگە كۆتۈرۈلۈپ، يەنە يەرگە ئاغدى. ئەنۋەر ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەن ئاڭلىدىڭمۇ، ئاڭلىمىدىڭمۇ، بىلمەيمەن، ئۇلار ئىككىمىزنى جۈپلەشتۈرمەكچى بولۇپ، بۈگۈن كىشى ئارقىلىق مېنىڭدىن توي ۋاقتىنى بەلگىلەشنى سورىتىشقانىدى، مەن ئەتىلىككە جاۋاب بەرمەكچى بولدۇم ... سېنى بۇ يەردە تۇتۇپ تۇرۇشۇممۇ، سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەتىلىككە شۇنىڭ جاۋابىنى ئۇلارغا ئېيتىش ئۈچۈندۇر ... نېمىشقا يەرگە قارايسەن، رەنا؟

رەنا ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى ۋە يۈزىنى چەتكە ئۆرۈۋالدى ...

— سەن ئىزا تارت، ئىزا تارتما، ئوخشاشلا، ئۇلار بىزنى جۈپلەشتۈرىدۇ. مەرھۇم ماھىلەر ئومايىنىڭ دۇئاسى يەردە قالماس! ئەگەر سەن شۇنداق يۈرۈڭبىرەيلى، دېسەڭ، مەنمۇ ئۇلارغا سېنىڭ جاۋابىڭنى ئېيتىمەن ... سۆزلە، رەنا!

— يۈرۈڭبىرەيلى! — دېدى رەنا چەتكە قارىغان ھالدا، — ئۇلارغا نېمە ئېھتىيالىقى بار؟

رەنانىڭ بۇ سۆزى ئەنۋەرنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنى كۆتۈرۈپ تاشلىغاندەك بولدى.

— ئىككىمىزدىن باشقىغا ئەلۋەتتە ئېھتىياج يوق ... لېكىن، سەن ئېيتقاندەك بولغاندا قاچانغىچە يۈرۈڭبىرەيلى؟ ئۇلارغا بىر مۆھلەت كۆرسىتىشىمىز كېرەك، رەنا!

— قېرىغىنىمىزغۇچە.

— قېرىغىنىمىزغۇچە، دەپ مۆھلەت سورايمۇ؟

— ئۆلگىنىمىزگۈچە ...

ئەنۋەر كۆلدى ۋە سۆرۈلۈپ ، رەنانىڭ يېنىغا كەلدى ، گويا ئۇنى ئۆزىگە قاراتماقچى بولغاندەك ، مۇرىسىگە قولىنى سۇندى …
— ماڭا قارا ، توغرا جاۋاب بەر ، رەنا !
رەنا قولىقىنىڭ تېگىگە تەگكەن ئىسسىقلىقتىن چۆچۈپ ئۆزىنى ئوڭلىغاندى ، تۇيۇقسىز لەۋلىرى ھېلىقى ئىسسىقتا ئۇچراشتى … ئىلاجسىزدەك ، لېۋىنى ئىككىنچى ھارارەتلىك لەۋدىن ئاجرىتالماي ، بىرنەچچە سېكۇنت كۆتۈپ قالدى … كۈچلۈك شامال قوزغالغانىدى . ئۇ شامال گويا ياردەملەشكەندەك ئارقىدىن چىقىپ رەنانى ئەنۋەر تەرەپكە قىستايتتى . تېرەكنىڭ كەينىدە قالغان ئايمۇ كۈچلۈك شامالنىڭ ياردىمىدە تېرەك بېشىدىن بۇلارغا ماراپ قارىۋالدى . ئىككى ياشنىڭ ھازىرقى ھالىنى يېقىندىن كۆرۈپ تاماشا قىلماقچى بولغان رەڭسىز بىر يۇلتۇز ئاسمان سەھنىسىنىڭ يەرگە يېقىنراق قىسمىغا ئۇچۇپ چۈشتى …
— جاۋاب بەر ، رەنا !
— بۇنداق تۇرۇپ مەن جاۋاب بېرەلمەيمەن …
— جاۋاب بەرمىسەڭ ، مەنمۇ سېنى قويۇۋەتمەيمەن !
— دادام كېلىپ قالىدۇ …
— داداڭدىن بۈگۈن رۇخسەت ئالدىم !
رەنا ئەنۋەرنىڭ ئېڭىكى ئاستىغا سول چېكىسىنى قويۇپ ، چەتكە قارىدى .
— سىز خالىغان ۋاقىتتا بولسۇن !
— ماڭا قالسا ، ئەتىلىككە …
— مەيلى …
ئەنۋەر ئېڭىكىنىڭ ئاستىدىكى مۇلايىملاشقان قىزنىڭ مەڭزىدىن سۆيدى ۋە ئۇنىڭ توزۇغان چاچلىرىنى تۈزەپ ھايات بەخش ئەتكۈچى كوكۇلىلىرىنىڭ يېقىملىق پۇرىقىنى ئۇزاق پۇرىدى .
— راست سۆزلە ، مەن سېنىڭ رايىڭ بىلەن ئۇلارغا جاۋاب بەرمەكچىمەن ، رەنا !
— ئەتىيازلىققا …

— ھەقىقىي گېپىڭمۇ ؟
— ھەقىقىي گېپىم .
— ياخشى بولىدۇ ، مەن ئەتىلىككە ، تويىمىز ئەتىيازلىقىقا بولسۇن دەپ جاۋاب بېرىمەن ... يەرلەر يېشىل گىلەملەر بىلەن ياسانغاندا ، ھەر تەرەپنى بىنەپشە چېچەكلەر قاپلىغاندا ، قۇشلار ئۇۋا قايغۇسىنى قىلىۋاتقاندا بىزمۇ توي قىلىمىز ؛ كۆشۈگىدە بەخت سازىنى تىڭشاپ ، ئىستىقبال كۈيىنى كۈيلەيمىز ... شۇنداقمۇ ، رەنا ؟
— شۇنداق ...
— ئۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ قۇچىقىمدا بوۇنىڭغا ئوخشاش داداڭنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ، ئادەم قولىغا چۈشكەن قۇشنىڭ بالىسىدەك تېپىرلىمايسەن . مۇشۇ چىرايىڭ ، مۇشۇ ئۇزلۇقۇڭ ۋە مۇلايىم - گۈزەللىكىڭ بىلەن پۈتۈنلەي مېنىڭكى بولىسەن ، شۇنداقمۇ ؟
رەنا جاۋاب بەرمەستىن ئەنۋەرنىڭ قۇچىقىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى . سۇپىنىڭ پەلەمپىيىگە بېرىپ كەشىنى كىيدى ۋە ئەنۋەرنىڭ قوغلىشىدىن قورقۇپ ، سەكرەپ يەرگە چۈشتى ...
— جاۋاب بېرىپ كەت ، رەنا !
— ھە ، شۇنداق ! — دېدى رەنا گۈلنىڭ يېنىدا روملىنى توغرىلاپ ، — ئەمدى سىزنىڭ يېنىڭىزغا چىقمايمەن .
— نېمىشقا چىقمايسەن ؟
— شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، ناھايىتى يامان ئادەم بوپسىز ... مەن ئاپامغا دەيمەن .
ئەنۋەر كۈلدى .
— نېمىنى ئېيتىسەن ؟
— ھەممىنى ئېيتىمەن !
شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن مەخسۇم ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلدى ، ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىۋاتقان رەنانى

توختىتىپ : «ئەنۋەر ئاكاڭغا چاي بەردىڭمۇ ، قىــــزىم ؟» دەپ سورىدى .

## 27 . زۇلۇم ئوچىقى

خۇدايارخانغا ھىجرىيە 1283 ـ يىلىدا[1] ئۈچىنچى قېتىم تەختكە چىقىش نېسىپ بولدى . ئۇنىڭ ئاخىرقى سەلتەنىتى خانلىق ئىستىبداتىنىڭ ئاچچىق زۇلۇم ۋە جەبىرلىرىنىڭ ئازابلىق قارا سەھىپىلىرىنى تەشــكىل قىلىدۇ . ھىجــرىيە 1283 ـ يىلىدىن 1292 ـ يىلىغىچە بولغان سەككىز يىل ، خۇدايارنىڭ ئەركىن نەپەس ئېلىپ ، پەرغانە ئۈستىدە ئۆزى خالىغانچە قامچىسىنــى ئويناتقان ۋە زۇلۇم تىغىنى كەمبەغەللەرنىڭ قېنى بىلەن راسا بويىغان ئاداققى دەۋردۇر . مەملىكەتنى ئاۋات قىلىش باھانىسى بىلەن 1284 ـ يىلىدا قوقان كاسىپلىرىنى ھەقسىز ـ بىكارغا ئىشلىتىپ يېڭى رەستە ، كارۋان ساراي ، پاختا ساراي ۋە ئاشلىق بازىرى سالدۇردى . 1285 ـ يىلىدا قوقاننىڭ ئۆرگەنچ دېگەن جايىدا مەشھۇر ئاقسارايىنى بىنا قىلدۇردى ، ئۇزاق يەردىن ئېرىق قازدۇرۇپ كېلىپ ، ئاقساراي ئەتراپىنى سۇغارغۇزدى ، ئىسسىق كۈنلەردە سەگىدەش ، مەلىكە خانىملار بىلەن ئىشرەت قۇرۇش ئۈچۈن «باغى ئىرەم» ياساتتى ، ئانىسى ھاكىم ئايىــــمنىڭ ۋەسىيىتىگە مۇۋاپىق ، 1286 ـ يىلىدا «ھاكىم ئايىم مەدرىسىسى» دەپ مەشھۇر مەدرىسىنى ، يەنە شۇ يىلى ئەمىر ئۆمەرخان تەرىپىدىن ئۇلى قويۇلغان مەلۇم يېڭى ئوردىنىمۇ ئەتراپىدا باغ ۋە گۈلزارلىرى بىلەن قۇرغۇزۇپ تاماملىدى[2] .

---

① مىلادىيە ھېساب بىلەن 1864 ـ ، 1865 ـ يىللار . ئەسەرنىڭ داۋامىدىكى يىللار تولۇق ھىجرىيە ھېسابى بويىچە بېرىلگەن .

② كونا ئوردا سەھرۇ خاننىڭ ئوغلى ئابدۇكېرەمخان تەرىپىدىن ھىجرىيە 1145 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىنا قىلىنغان ، خۇدايارنىڭ ئارزۇلىرىغا جاۋاب بېرەلمەيدىغان ھالغا كەلگەن دەرىجىدە كونىرىغانىدى .

ئۇ 1286 ـ ، 1287 ـ يىللاردا «ئۇلۇغ نەھر» ياكى «خانئېرىق» دەپ مەشھۇر ئۆستەڭنى قازدۇردى، 1287 ـ يىلىدا ئۆز نامىدىكى «مەدرىسەئى ئالىي» نى ۋە «دەخمەئى شاھان» نى، 1288 ـ يىلىدا قوقاننىڭ كونا قەلەندەرخانىسىنى بۇزۇپ، يېڭىدىن تۇزۇپ ھەم ئۆلگەن ئاكىسى سۇلتان مۇراتخان ئىسمىغا مەدرىسە بىنا قىلدۇردى، يەنە شۇ يىلى ئوغلى ئورمانخاننىڭ خەتنىسى ئۈچۈن بىر يۈز يىگىرمە كۈن ئاش بېرىپ، تۆت ئايلىق توي ئېلان قىلدى. شۇنداق بولدىكى، ھەر كۈنى ئىككى يۈز قازان ئاش دەملىنەتتى، سەككىز يۈز تونۇر نان يېپىلاتتى، ئىككى يۈزلەپ ئوغلاق بېرىلەتتى، مەملىكەتتىن تويغا كەلگۈچى مۆتىۋەرلەرگە ھەر كۈنى مىڭلاپ تون كىيدۈرۈلەتتى.

بۇنچىلىك ساخاۋەت ۋە بۇنچىلىك داغدۇغىلار، ئەلۋەتتە، خەزىنىدىكى ئالتۇنلارنىڭ كۈچى بىلەن بولغاندۇر، دەپ بەزىلەرنىڭ كۆڭلىگە كېلەر. خانلار ۋە پادىشاھلارنىڭ خەزىنىسىدىكى ئالتۇنلارنىڭ مەنبەسىمۇ پۇقرانىڭ بىلەك كۈچىدۇر. لېكىن، خۇدايارنىڭ ساخاۋەتچىلىكى ۋە سېخىيلىقى ئەمگەكچىلەرنىڭ خەزىنىگە ئالتۇن تەرىقىسىدە يىغىلغان كۈچىدىن ئەمەس، بىۋاسىتە بىلەك كۈچىدىن، كۆز يېشىدىن ئىدى. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلىخان (1240 ـ يىلى) دەۋرىدىن باشلانغان ئۆزئارا تەخت تالىشىش، ئۆزبېك، قىپچاق جېدىلى ۋە باشقا توپىلاڭلار خەزىنىنى تاراقلىتىپ قويغان، خۇدايار 1283 ـ يىلىدا تەختكە ئولتۇرغاندا ئىشىكى ئوچۇق قۇرۇق خەزىنىگىلا ئىگە بولغانىدى.

بۇ «مەئمۇرچىلىك دەۋرى» سانالغان بەش ـ ئالتە يىل پەرغانە پۇقرالىرىنىڭ ئومۇمىي قايغۇلۇق، قارا كۈنلىرى بولغانىدى. خۇدايارنىڭ سىر دەرياسىدىن سۇ چىقىرىش ماجىراسىنى مىسال ئۈچۈن ئالايلى:

خاننىڭ رايى سۇ چىقىرىشقا توختىدى. ئۇ خەزىنىنىڭ قۇرۇقلۇقىنى ۋە قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ بەكمۇ چوڭلۇقىنى

ئويلىمىدى ، ئۆزىگە قاراشلىق ھەممە شەھەر ـ يېزىلارغا نازارەتچى ۋە ئىغۋاگەرلەرنى تارقاتتى . ئۇلار خەلقتىن سېلىق يىغىشقا ، ياردەم توپلاشقا ئەۋەتىلگەندى . بۇ «ئىختىيارىي رەۋىشتىكى» تەييارلىقتىن كېيىن ، «مەملىكەتتىكى ھەربىر ئائىلە بىر كەتمەن ۋە بىر مەدىكار بەرسۇن !» دەپ ھېچكىمنى ئالا قويماي ئومۇمىي بىر پەرمانمۇ چىقىرىلدى . قامچىسى ئاسماندا تاۋلىنىپ ، خەنجىرى زەھەر چاچقان خان ھەزرىتىنىڭ بۇيرۇقىغا كىم قارشى چىقالىسۇن ؟ ھەربىر ئائىلە بىر ئادەمنى ، ھەتتا ئائىلە باشلىقىنى بىر كەتمەن بىلەن خان تەيىن قىلغان جايغا يوللاشقا باشلىدى . بايلار بىر مەدىكار ياللاپ بەرگەنىنىڭ ئۈستىگە ئات ياكى ھارۋىمۇ چىقىرىشقا مەجبۇر ئىدى .

ئېنى ئالتە ، چوڭقۇرلۇقى بەش گەزدىن ئون بەش گەزگىچە كولىنىدىغان ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز چاقىرىم بولۇپ ، شۇ ئوتتۇز چاقىرىملىق ئۆستەڭ چېپىلىپ پۈتكەندە ، نەمەنگان ۋە ئەنجان تۈمەنلىرىدىن ئىككى مىڭ پاتمانغىچە يەر سۇغىرىلاتتى . شۇ تەرىقىدە ئۆستەڭ چېپىلىشقا باشلىدى . لېكىن ، ئىشچى نۇرغۇن ، ئوزۇق ـ تۈلۈك يوق ئىدى . بايلار ئادەم ياللاپ قۇتۇلۇشقان ، ئوتتۇز چاقىرىملىق ئۆستەڭ بويىغا بالا ـ چاقىنى ئاچ تاشلاپ ، كەتمەن كۆتۈرۈپ كەلگەن ئەمگەكچى ، كاسىپ ۋە دېھقانلار تىزىلىشقانىدى . ئۇلارنىڭ ئۆز يانلىرىدىن خىراجەت قىلىشقا پۇللىرى يوق ، ھۆكۈمەت تەرەپتىن بېرىلىدىغان غىزانىڭ بولسا كۆچى يوق ئىدى . ئىسسىق كۈندە ، ئوت ـ چۆپسىز چۆلنىڭ باغرىدا كەتمەن چېپىش ئادەتتىكىدىن تولىراق غىزا تەلەپ قىلىدۇ . ئۆستەڭ چاپقۇچىلار غورىگىل غىزادىن دەرمانى كېتىپ ، ئىلىكلىرى قۇرۇغان ، يەردىن ئون قاداق توپىنى ئېلىپ ئىرغىتىشقا ئەمەس ، ھەتتا كەتمەنىنىڭ ئۆزىنى كۆتۈرۈشكىمۇ ھالسىز ئىدى . خان تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ تۆپىسىگە بوتۇلۇڭ قىلىپ بەلگىلەنگەن نازارەتچىلەر ، ئاچلىق دەرمانسىزلىقىنى ھورۇنلۇق ھېسابلاپ ، قولاق ئاڭلىمىغان تىللاشلار بىلەن بىچارىلەرنى ھاقارەتلەيتتى ،

يىقىلىپ ـ ئۇچۇپ چۇشمىگۇچە كەتمەننى قويىدۇرمايتتى . ھەر ئون بەش ـ يىگىرمە كۈندە ئۆستەڭ بېشىغا كېلىپ تۇرىدىغان خان نازارەتچىلىرى سىياستى بىلەن ھەر قېتىمدا بىر ـ ئىككى ئەمگەكچىنى ھۇرۇنلۇقتا ، ئۆزگە ئىتائەت قىلماسلىقتا ئەيىبلەپ ، كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا بوغۇزلىتاتتى ۋە ھەر قېتىم كېلىپ ـ كېتىشتە مۇشۇنىڭدەك بىچارىلەرنىڭ قېنى بىلەن يېڭى «خانئېرىق » نى نەمدەپ تۇراتتى . بۇ زۇلۇمنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇرغان بىچارىلەر ئاچلىقتا ، دەرمانسىزلىقتا قارىماي جان ئاچچىقىدا ئىشقا چاپلىشاتتى .

مۇشۇنداق زۇلۇمنىڭ كۈچى بىلەن ناھايىتى چوڭ ئىش بىر يىلغىمۇ قالماستىن پۈتكەن ، سىر دەرياسىنىڭ سىرلىق سۈيى مىڭ چاقىرىملار بويلاپ كۆمۈشتەك ئاققان ۋە ئوت ـ چۆپ ئۈنمىگەن چۆللەر ئەمگەكچىلەرنىڭ قېنى بەدىلىگە ياپيېشىل بولۇپ كۆكەرگەندى . مۇشۇ مىسالدىن چۈشىنىلگەن بولسا كېرەككى ، خاننىڭ مەمۇرىيەتپەرۋەرلىكى ، يەنى ئۇنىڭ مەدرىسىلەر ، باغلار ، قەسىرلەر ، ساراي ـ رەستىلەر ۋە مازارلارنى بىنا قىلىشى ، تۆت ئايلاپ توي قىلىشى خەزىنىدىكى ئەسىرلەردىن بېرى يىغىلىپ ياتقان ئالتۇنلارنى سەرپ قىلىپ ئەمەس ، توغرىدىن ـ توغرا پۇقرانى بىكارغا مەجبۇرىي ئىشلىتىش يولى بىلەن بولغانىدى .

خاننىڭ گەرچە زۇلۇم بىلەن بولسىمۇ سالغان مەدرىسىلىرىگە ، چاپتۇرغان ئۆستەڭلىرىگە قايىل بولۇپ :«زالىم بولسىمۇ مەمۇرىيەتپەرۋەر ئىكەن !» دەيدىغان بەزىبىرلەر ئارىمىزدا تېپىلىپ قالار . شۇنىڭ ئۈچۈن خاننى مەمۇرىيەتپەرۋەر قىلغان ئامىللارنىڭ ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز :

خان ئىككى قېتىم تەختتىن ھەيدىلىپ ، خېلىلا تەجرىبىسىنى ئاشۇرغان ، ئۇچىنچى قېتىم تەختكە چىقىشى مەدەنىيەتلىك رۇس ئىستىبداتىنىڭ تاشكەنتنى ئېلىپ خوجەنتكە قول ئۇزاتقان يىللىرىغا توغرا كەلگەنىدى . ھازىرقى شارائىت تەجرىبىلىك خاننى باشقىچە سىياسەت تۇتۇشقا مەجبۇر قىلاتتى . تولىمۇ قاتتىق قوللۇق

بولۇش ، يۇقىرى تەبىقە ھېسابلانغان ئۆلىما ، ئەشرەپلەرنى ئۆزىگە قارىتىش لازىم ئىدى ۋە تەختكە ئەجدىھادەك ئېغىز ئېچىپ كېلىۋاتقان رۇس پادىشاھىغا قارشى ئۆز مەدەنىيىتىنى قۇرۇپ ، جاۋاب بېرىشى كېرەك ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمگەكچىلەرنى رەھىمسىز ئېشلىتىپ مەدرىسىلەر بىنا قىلماقتا ، ئۇستەڭلەر چاپماقتا ، ساراي ۋە رەستىلەر ، قەلەندەرخانا ۋە ئوردىلار قۇرماقتا ئىدى . ئابدۇكېرەمخاندىن بۇيان ئونلاپ خانلارغا ياراپ كەلگەن ئوردىنى بۇزۇپ ، يېڭى ئوردا بىنا قىلىشى ئۆز كەيپىگە قارىغاندىمۇ رۇس پادىشاھىغا جانلىقلىق كۆرسىتىش ، شانۇشەۋكەت ، پال ـ پۇلى بىلەن پەرغانىنى ئۆز قولىدا ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىدى . ئۆچىدىغان چىراغ يېنىپ ئۆچىدۇ ، دېگەن ماقالدىكىدەك تۈركىستان خانلىرىدا شالاڭ ئۇچرىغان بۇ مەمۇرىيەتپەرۋەرلىك بىزنىڭچە بولسا ئەنە شۇ ئامىللاردىن تۇغۇلغان ۋە بۇنىڭدا سەمىمىي ھېچنېمە يوق ئىدى .

## 28 . ھەرەم

يېڭى ئوردا ، يۇقىرىدا يازغىنىمىزدەك ، ھەقىقەتتە سۆلەتلىك ۋە گۈزەل مەنزىرىلىك بىنا قىلىنغانىدى ، بۇنى ئۇنىڭ ھازىرقى ۋەيرانىسىدىن كۆرۈش مۇمكىن ، ئوردا سېپىلىنىڭ تاشقىرىقى ئايلانمىسى (تۆت تەرىپى) ئاجايىپ گۈلزارلار ، خىلمۇخىل مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن زىننەتلەنگەن . بۇ باغنى ماختاپ خۇدايارنىڭ ئۆز شائىرى داموللا نىياز مۇھەممەد :

ياساپ قەسرى سائەت دەۋرىدە باغى جاھان ئارا ،
مۇئەننەر بولدى گۈلزارىدىن ئالەم گۇنبەزى ھەزرا .
شەھى ۋالاكى بەردى زىب باغ ئىچرە رەياھىندىن ،
ئۇشال كۈن تۇتتى يەرسە ھىنىن بويى ئەنبەرى سارا .
يەسەردە تەرھىنى تەرراھلەر ئەنداغ سەكىز گۈلشەن ،

بۇ گۇلشەن ھەربىرىدىن تاپتىلەر يۈز مىڭ چەمەن ئارا .
كى ھەر ئەشجار ئەسمارىنى تەئىمدە شەكەر مەزمەر ،
ئاچار شەككەر ئاغزىدىن مۇددەئىلىككە نەھەد ئارا ،
خىيابان رەستىلەردىن باغ تاپتى زىبى ئارايىش ،
گۇلىستانىغا بىر گەندىك چەمەن ئارا گۇلى ھۇمرا .
جاھان باغىدە ھەرنە نېئمەتېدىر بۇندا ئۇل مەۋجۇت ،
نەسىپ ئەتكەي سىڭا يۈز يىلغىچە ھەق ، ئەي جاھاندارا ...

دەيدۇ ۋە خۇدايارغا بۇ باغدا يۈز يىللاپ راھەتلىنىشنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ .

داموللا نىياز مۇھەممەد ئېيتقاندەك ، گۇلشەننىڭ ئۈچ تەرىپى خىيابان ، رەستىلەر بولۇپ ، بۇ يەردە ئەتىگەندىن كەچكىچە خەلق قاينىشىپ تۇراتتى . ئوردا بېغىنىڭ ئىشىكىدە دائىم قاراۋۇللار قاراپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ، ئوردىغا مۇناسىۋەتسىز ئادەملەر باغقا كىرىشەلمەيتتى ، پەقەت ھەپتىدە بىر كۈن ، خاننىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان سائەتلىرىدە ، بەزى ئالايىتەن زاتلار ئۈچۈن باغنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولاتتى ، باغقا كىرگەندىن كېيىن ، ئۇدۇلدىن يېڭى ئوردىنىڭ دەرۋازىسى ، ھەشەمەتلىك قىسىلچاق گۈمبەز ۋە راۋاقلار كۆزنى قاماشتۇرۇپ ، كىشى گويا ئۆزىنى خان ھۇزۇرىدا ، ئىستىبدات سالاپىتى ئاستىدا سېزەتتى ۋە تەنتەنىلىك ھەم زىننەتلىك قەسىردىن روھ ئېلىش ئورنىغا ، تەتۈرىچە ، بىر دەھشەت ۋە خەۋپ ھېس قىلىشقا باشلايتتى . ئوردىنىڭ خىشتىن ياسالغان كۈنگۈرىلىك سېپىللىرىنىڭ تۈۋىدە جەزايىر قىلىچىنى ئاسقان مەخسۇس مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر ئايلىنىپ يۈرۈپ ، يات ئادەمنى سېپىلنىڭ يېنىغا يولاتمايتتى . بولۇپمۇ ، ئوردىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدىن قويۇلغان ھەرەم دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ، ھەتتا ئوردىنىڭ ئۆز خادىملىرىغىمۇ رۇخسەت يوق ئىدى . ھەرەم دەرۋازىسىدىن ماڭغۇچىلار يالغۇزلا خاننىڭ ئوغلى — شاھزادە ، خاننىڭ خوتۇنى ، قىرىنداشلىرى ، كېنىزەكلەر ، خىزمەتچى خوتۇنلار ۋە يەنە بەزى «مەخسۇس» ئىشلارغا خان تەرىپىدىن

بەلگىلەپ قويۇلغان خوتۇنلاردىنلا ئىبارەت ئىدى . بۇ دەرۋازىدىن خاننىڭ ئۆزىمۇ ماڭمايتتى ، چۈنكى ئۇنىڭ ھەرەمگە كىرىدىغان يولى ئۆز مەھكىمىسى ۋە شاھىنشىن ئارقىلىق ئىدى .

1287 ـ يىلىنىڭ سۇنبۇلە ئېيى ، يەنى باش كۈزنىڭ باھار ھاۋاسىغا ئوخشايدىغان سالقىنغىنا بىر كۈنى ، كەچقۇرۇن سائەت بەشلەردە ئوردىنىڭ ئىچىدە قايناپ تۇرغان ھايات بىرئاز جىمىپ قالدى ، دەرۋازىنىڭ يانلىرىدىكى قاراۋۇللار ئىچكىرىگە كىشى كىرگۈزۈشمەي قويدى . ئوردا خىزمەتچىلىرى ، مەسلەن ، بەگلەر ، مىرزىلار ، ياساۋۇللار ۋە شۇلارغا ئوخشاش «سەيد»[1] خادىملىرى بىر ـ بىردىن چىقىپ تارقىلىشقا باشلايتتى . بىرىنچى دەرۋازىنىڭ ئىككى بىقىنىدا تۇرغان قاراۋۇل ئەسكەرلەر ئوردىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بەگلىرىنى تەزىم بىلەن ئۇزىتىشاتتى ، مەنسىپى تۆۋەنرەك ياساۋۇللار بىلەن چاقچاق قىلىشىپ قېلىشاتتى ، سەركەردىلەردىن بەزىسى دەرۋازا تاشقىرىسىدا خىزمەتچى تەرىپىدىن قاڭتۇرۇلۇپ تۇرغان ئېتىنىڭ يېنىغا كېلىپ قاراپ چىقاتتى ، ياخشى باقمىغىنى ياكى پاكىز سۈپۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئات باققۇچىنى كايىپ قوياتتى ۋە تىللاش بىلەن ئات باققۇچىنىڭ ياردىمىدە ئېتىغا مىنىپ كېتىپ قالاتتى .

دەرۋازىۋەنلەر ئوردىدا زۆرۈر ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ ئىلتىماس قىلغان ھەرقانداق ئادەمنىمۇ ھازىر ئىچكىرىگە يولاتمايتتى ۋە تېرىكىپ كايىپ قايتۇرۇشاتتى .

— بۇ ئۆزى قانداق ئادەم ، قولىقىغا پاختا تىقىۋالغانمۇ ! — دەپ خاپا بولۇپ تۇرغان بىرىنچى دەرۋازىۋەن نېرىدىكى كىمگىدۇر قاراپ قالدى ، شۇ تەرەپكە تىكىلگەن ھالدا ھېلىقى سۆزىنى تەكرارلىدى ، — كېتىۋېرىڭ ، ئاغزىڭىزنى ئاچماڭ ، شېئىرىيەزدان كەلگەندىمۇ ئىچكىرىگە كىرگۈزمەيمىز !

ئىلتىماس قىلغۇچى ئۇمىدسىزلىنىپ دەرۋازىدىن يىراقلاشتى . ئۇنىڭ كەينىدىن دەرۋازا يېنىدا بەنارەس پەرەنجىلىك

---

[1] سەيد — ئەمىر دېمەكچى .

بىر خوتۇن پەيدا بولۇپ ، ئىچكىرىگە پەرۋاسىز كىرىپ كېتىۋەردى . «شىئىرىيەزدان» نىمۇ كىرگۈزمەيدىغان دەرۋازىۋەنلەر خوتۇنغا باشتىن ـ ئاياغ قاراپ چىقىپ ، گەپ قىلماستىن قاراپ قېلىۋېرىشتى . خوتۇن ئىچكىرىگە كىرىپ ئۇدۇلغا قاراپ ماڭدى ، ئەسلىي ئوردىنىڭ چوڭ ھەشەمەتلىك دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن ئوڭدىكى ئاچا يولغا بۇرۇلدى .

خوتۇن ھەرەم دەرۋازىسىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى . سېپىل تۈۋىدىكى ساقچىلار خوتۇنغا ياۋاشقىنا قاراپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنەتتى ۋە ئۇنى تونۇغاندەك پەرۋاسىزلا ئۆز يانلىرىدىن ئۆتكۈزۈشۈۋېتەتتى .

خوتۇن ھەرەم دەرۋازىسى يېنىغا يېتىپ كېلىپ ، ئاستاغىنا قەددەم باسقان چېغىدا بوسۇغىدىكى ئەسكەر «ۋىش ـ ش» قىلدۇرۇپ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇردى .

— توختاڭ ! ! !

خوتۇن توختىدى ۋە ئەسكەرگە قاراپ يۈزىدىكى چۈمبىلىنى قىيا ئاچتى . ئەسكەر دەرھال كۆلۈمسىرەپ ، ھاۋادىكى قىلىچىنى ياندۇرۇپ غىلىپىغا سالدى . خوتۇن يۈزىنى ئاچقان پېتى ئىچكىرىگە ماڭدى . ئوتتۇز بەش ياشلاردا كۆرۈنگەن بۇ گۈزەل خوتۇن ھەرەم خادىملىرىدىن گۈلشەنبانۇ ئىدى .

گۈلشەنبانۇ خۇدايار خانلىقىنىڭ ئىككىنچى دەۋرىدە ئۆز ھۆسنى بىلەن بىرنەچچە قېتىم خاننىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغان ھەرەم كېنىزەكلىرىدىن ئىدى . خۇدايار تەختنى تاشلاپ بۇخاراغا قېچىشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىن ، ئاكىسىنى غەيرىي شەرئى ئىشلاردا ، جۈملىدىن خوتۇنبازلىقتا ئەيىبلەپ تەختكە چىققان مەللەخان ئۆز دەۋاسىغا مۇۋاپىق خۇدايارنىڭ ھەرىمىدىكى يۈزلىگەن خوتۇنلارنى ئۆز ئەسكەرلىرىگە خوتۇنلۇققا تەقسىم قىلىپ بېرىۋەتكەنىدى . شۇ جۈملىدىن گۈلشەنبانۇمۇ مەللەخان تەرىپىدىن خۇدايارغا قارشى ئۇرۇشتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن بىر ئەسكەرگە تارتۇق قىلىنىپ ، شۇنىڭدىن بېرى ھېلىقى ئەسكەرنىڭ نىكاھلىق

خوتۇنى ئىدى . خۇدايار ئۇچىنچى قېتىم تەختكە چىققاندىن كېيىن ، گۈلشەنبانۇ خاننىڭ يېنىغا كېلىپ ، كونا «قەدىردانلىق» ھۆرمىتىگە ھەرەمدىن بىر خىزمەت سورىغىنىدا ، «مەرھەمەتلىك» خان گۈلشەنىنىڭ ئەرزىنى يەردە قالدۇرماستىن ، ھەرەم خادىملىرىنىڭ بەك ئازلىرىغا نېسىپ بولىدىغان تولۇق بىر مەرتىۋە ئاتا قىلدىكى ، بىز گۈلشەنگە تاپشۇرۇلغان بۇ ۋەزىپىنىڭ نېمىدىن ئىبارەتلىكىنى تۆۋەندە كۆرىمىز .

گۈلشەن دەرۋازىدىن ئىچكىرىگە كىرگەندىن كېيىن ، پەرەنجىنىڭ تېگىدە بىسىلىپ چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى تۈزەتتى ، چاڭ قونۇۋالغان نىل رەڭلىك تاۋار كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى قاقتى ، قولىدىكى ياقۇت ۋە زۇمرەت كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈكلىرىنى توغرىلاپ قويدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا قاراپ چىقىشقا باشلىدى . پەلەمپەينىڭ يىگىرمىنچى باسقۇچىدىن كېيىن ئۇزۇن ئوردىنىڭ ئىچىگىچىلىك بىر يۆلەك باشلىنىپ ، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سولىنى ئونچە بۇخارا چەكمە ئىشىكلىرى زىننەتلىگەنىدى ، بۇ ئىشىكلەر ھەرەمدىكى ئالاھىدە ھويلىلار كىرىش يولىنى كۆرسىتەتتى .

گۈلشەن ئۇزۇن يۆلەككە چىقىپ ، ئوڭدىكى بىرىنچى ئىشىكنى ئىتتەردى . ئىچكىرى تەرەپتىن قېرى بىر خىزمەتچى — ئىشىك ئاچار ئايىلا كۆرۈنۈپ گۈلشەنگە سالام بەردى ۋە «خۇش كەپتىلا !» دېدى ، گۈلشەننى ئىچكىرى كىرگۈزۈپ ، ئىشىكنى ئەتتى . بۇ ھەرەمنىڭ كىچىككىنە سۇ ھويلىسى ئىدى . ئوتتۇرىسىدىكى مىس كۆلدە كۆپكۆك سۇ دولقۇنلىنىپ ، بىرنەچچە كېنىزەك كۆلدىن سۇ ئېلىشىۋاتاتتى . ھويلىنىڭ شىمالىدىكى خىزمەتچى ئاياللار تۇرىدىغان كىچىك بىر ئۆيدىن باشقا يەردە بىنا يوق ، جەنۇبتا ھېلىقىدەك بىر ئىشىك بار ئىدى . سۇ ھويلىسىدىكى بۇ كۆل ھەرەمنىڭ ھەممە ئېھتىياجىنى قامدايتتى ، بۇ كۆل ھەپتىدە بىرنەچچە قېتىم مەخسۇس سائەتلەردە سۇچىلار تەرىپىدىن تولدۇرۇلۇپ تۇراتتى .

گۇلشەن پەرەنجىسىنى قولىغا ئېلىپ ، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى ، ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ ھالقىسىنى ئاستا - ئاستا شىلدىرلاتتى . ئىشىك ئىچكىرىدىن ئېچىلىپ ، بۇنىڭدىمۇ ئىشىك ئاچار ئايلا كۆرۈندى . لېكىن ، بۇسى ياشقىنا بىر كېنىزەك ئىدى ، گۇلشەندىن پەرەنجە ۋە چۈمبەلنى ئېلىپ ، ئاستاغىنا «خوش كەپتىلا !» دېدى . بۇ ھەرەمنىڭ بىرىنچى ھويلىسى ئىدى . ھويلىنىڭ تۆت تەرىپى نەقىشلەنگەن ، ئەينەك سېلىنىپ ، گۈل چېكىلگەن دېرىزىلىك ، ھەممىسى بىر خىل چوڭلۇقتا كەلگەن تەنابى (زال) ئۆيلەر ، ھەربىر ئۆيدە مەخسۇس دالانلار بولۇپ ، بىر - بىرىگە تاقاپ سېلىنغان ئۆيلەرنى شۇ دالانلار بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇراتتى . ئۇنچىلىك كەڭ بولمىغان مەيدانچاق ئۈستىگە خىش ياتقۇزۇلغان ، ھويلىدا قىزىل يۇڭ رەختتىن كۆڭلەك ۋە باشلىرىغا سېرىق يۇڭ رومال سېلىپ ، پۇتلىرىغا كۆندىن كەش - مەسە كىيگەن ياش كېنىزەكلەر چېچىلغان ھالدا ئۆز ۋەزىپىلىرىنىڭ كەينىدىن يۈرۈشەتتى . ئۇلارنىڭ مۇشۇ يېقىن يەردە تۇرغان دۈشمەنگە سەزدۈرمەسلىككە تىرىشقاندەك ياكى ئۇيقۇدا ياتقان دەھشەتلىك يىرتقۇچنى ئويغىتىۋېتىشتىن قورققاندەك ، پۇتلىرىنى يەرگە ئاستا قويۇپ - دەسسەپ ، ئاۋايلاپ يۆتكەشلىرى ۋە بىر - بىرلىرى بىلەن شەرەتلىشىپ ، ئىلاجسىز قالغاندىلا يېرىم ئاۋاز چىقىرىپ مۇئامىلە قىلىشلىرى بۇ ھويلىدا قانداقتۇر بىر پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بارلىقىنى سەزدۈرەتتى . گۇلشەنمۇ بۇ ئەھۋالغا چۈشەنگەندەك ئۇلار بىلەن ئاستا ئەھۋال سوراشتى ۋە كېنىزەكلەرنىڭ بىرىدىن يېرىم ئاۋاز بىلەن سورىدى :

— ئانھەزرىتىم نەدە ؟

— شاھنىشىندە ! — دېدى كېنىزەك ئاۋازىنى ئۇنلۇك چىقارماسلىققا تىرىشىپ .

شاھنىشىن — خاننىڭ مەخسۇس ھۇجرىسى ، خان غىزا يەيدىغان ، ئۇخلايدىغان ۋە خوتۇنلارنى قوبۇل قىلىدىغان ئۆي بولۇپ ، سۇ ھويلىسىنىڭ قاتارى بىلەن تا تەخت جايلاشقان

مەھكىمىگىچە قاتار ئۈچ بۆلمە ئۇزۇن ئۆيلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئۆيلەر شاھىنشىنلىككە مۇۋاپىق باشقا بىنالاردىن ئېگىز قىلىپ سېلىنغانىدى. ھويلىنىڭ شەرق تەرىپى مەھكىمىگە قارىتىپ سېلىنغان بىنالارنىڭ كەينى، جەنۇبى «خاس ئايىملار»، يەنى خانىملار ئۆيى، غەربى قىسمەن ئۆي ۋە قىسمەن ئاشخانا ھەم ھەرەم خەزىنىسىنىڭ بىنالىرىنى ۋە باشقا ھويلىلارغا چىقىش ئىشىكلىرىنى تەشكىل قىلاتتى.

گۈلشەن «شاھىنشىندە!» دېگەن جاۋابتىن كېيىن ئىككىلەنگەندەك بولدى، شۇنداق بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم چېچىنى، روملىنى، كىيىمىنى تۈزىتىۋېلىپ شاھىنشىن تەرەپكە يۈرۈلدى.

— ئايخانىم چاقىرىۋاتىدۇ، — دەپ بىر كېنىزەك شىۋىرلىدى.

گۈلشەن ئۈچ - تۆت چامدام ماڭغانىدى، تۆردىكى ئۆيدىن چىقىپ كەلگەن كېنىزەكنىڭ ھېلىقى سۆزى بىلەن توختىدى ۋە سۆزسىز كېنىزەك تەرەپكە يۈرۈلدى. گۈلشەن كىرگەندە دالاننىڭ تۆرىدە ئۈچ نەپەر كېنىزەك كەشتە تىكىپ ئولتۇرۇشاتتى، ئۇلار بىلەن سالاملاشتى. ئۇ سالاملىشىۋاتقان چاغدا ئىچكەركى ئۆيدىن ئالتە ياشلار چامىسىدا ئاق يۈزلۈك، قارا كۆز چىرايلىققىنا بىر بالا سېرىق ئەتلەس كۆڭلىكىنى لەپىلدىتىپ چىقىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ... سالامەت تۇردىلىمۇ، شاھزادەم! — دېدى گۈلشەن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بالىغا پۈكۈلۈپ تەزىم قىلغان ھالدا.

شاھزادە جاۋابسىز كۈلۈمسىرەپ، گۈلشەنگە بىردەم قاراپ تۇردى - دە، ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

گۈلشەن پەگاھقا ئايىغىنى يېشىپ گىلەمگە چىقتى. دالان ئۇزۇن بىر ياغاچلىق چوڭ نەقىشلەنگەن ئۆيدىن ئىبارەت بولۇپ، ئويۇقىدا ئەتلەس ۋە ئەدرەس يوتقان، كۆرپىلەر دۆۋىلەنگەن، تەكچىلىرى خىلمۇخىل جانان چىنىلەر، بۇخارانىڭ مىس ۋە كۈمۈش قاچىلىرى

بىلەن زىننەتلەنگەنىدى . گۈلشەن كەشتىنى يېشىشكە باشلىغاندا يۇقىرىدىكى كەشتە تىكىۋاتقانلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقانىدى ، كېلىپ كۆرۈشۈشتى . ئۇلار كۆرۈشۈپ بولۇشىغا بايىقى كېنىزەك ئىچكىرىدىن چىقىپ :

— كىرسىلە ، — دېدى گۈلشەنگە .

## 29 . ئاغىچا ئايىم

گۈلشەن ئىشىككە مېڭىپ كېلىپ ، رومال - لېچەكىنى تۈزەتتى ۋە ئىچكىرىگە قەدەم باستى ، ئىشىكنىڭ ئىچىدە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان كېنىزەك پۇكۇلۇپ تەزىم قىلدى :

— خوش كەلدىلە !

ئېسىل گىلەملەر ، دۇخاۋا كۆرپىلەر ، ئالتۇن ۋە كۈمۈش جابدۇقلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئۆينىڭ ئارقا ۋە ئالدى — ھەممە يېرى دېگۈدەك كۆزنى چاقنىتىۋېتىدىغان سۆلەتكە چۆمۈلگەنىدى . ئۆينىڭ ھويلا تەرىپىگە قۇرۇلغان ئۈچ دېرىزىسىنىڭ ئەينەكلىرىمۇ سۈپىتىنىڭ ئېسىللىقىدىن ھەربىر كۆزى ھەر خىل رەڭدە جىلۋىلىنەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئەكس نۇرى بىلەن تورۇسقا ئېسىلغان ئالتۇن قەندىل خىلمۇخىل رەڭدە تاۋلىناتتى . بۇ زال ئۆينىڭ تۆرىدە ، يېپەك جايناماز ئۈستىدە قىبلىگە قاراپ ئولتۇرغان ئايىم تىزىغا بېشىنى قويغان شاھزادىنى ئەركىلەتكىنىچە ، يېنىغا قايرىلدى ، ئىشىكتىن كىرىپ قول قوۋۇشتۇرۇپ توختىغان گۈلشەن ئىككى پۇكۇلۇپ سالام بەردى .

— كېلىڭ ، گۈلشەن ! — دېدى ئايىم ، — ئولتۇرۇڭ ، ۋەئەلەيكۇمئەسسالام !

گۈلشەن تەزىم بىلەن بىرىنچى دېرىزىنىڭ يۇقىرىسىغا بېرىپ ئولتۇردى ۋە دۇئاغا قول كۆتۈردى :

— ئايخانىمنىڭ بەخت ۋە ئابرۇيلىرى زىيادە ، شاھزادەمنىڭ ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولسۇن !

ئىشىكنىڭ تۈۋىدە تىك تۇرغان كېنىزەكلەر دۇئا ۋاقتىدا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىشتى، دۇئادىن كېيىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ تىزلەندى. ئايىم تېخىچىلا شاھزادىنى ئەركىلىتىپ جايناماز ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

پەۋەزلىك ئەتلەس كۆڭلەك، بۇخارا كىمخابىدىن جىلىتكە كىيگەن ۋە بېشىغا ئىراقى رومال ئورىغان ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى بۇ خانىم خاننىڭ ئىشەنچلىك خوتۇنى ئاغىچا ئايىم، شاھزادە بولسا خاننىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى ئورمانبېك ئىدى. ئاغىچا ئايىمنىڭ چوڭگو خانىملىرىنىڭكىگە ئوخشاش قارا بادام كۆزى ۋە ئومۇمىي قىياپىتى تۈركىستان قىزى ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ تۇراتتى، لېكىن تىلىدا بىگانىلىك سىزىلمەيتتى. ئاغىچا ئايىمنىڭ ئەسلىي ئىسمى مەسئۇدە خانىم، ئەمما «ئاغىچا ئايىم» دەپ مەشھۇر بولۇشى ئۇنىڭ قەشقەر قىزى بولغانلىقىدىندۇر. ئۇيغۇرلار بىزدىكى «خانىم، بىكەچ»نى ئورنى «ئاغىچا» دېيىشىدۇ. مەسئۇدە ئۇش ئەتراپىدا تۇرغان ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئىبادۇللا غوجىنىڭ قىزى بولۇپ، خۇدايار ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىككىنچى دۆلىتىدە ئۆيلەنگەنىدى. خۇدايار تەختىنى تاشلاپ بۇخاراغا كېتىشكە مەجبۇر بولغاندىن كېيىن، خوتۇنلىرى ئۇنىڭغا ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئەرگە تېگىشىپ كەتكەندە، مۇشۇ ئاغىچا ئايىم ئېرىنىڭ خارلىق ۋە موھتاجلىق كۈنلىرىگە شېرىك بولۇپ يۈرگەن ۋە شۇ ۋاپادارلىقى جەھەتتىن خاننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەنىدى. ئىككىنچىدىن ئاغىچا ئايىم خۇدايارنىڭ ھەرەم خوتۇنلىرى ئىچىدە ئەقىللىق، تەدبىرلىك بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ھەرەمنىڭ ھەممە خانىملىرى ۋە يۈزلەپ كېنىزەكلەر بۇنىڭ رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇلغانىدى. يۈزلىگەن كۈنداشلار ئارىسىدىكى جېدەللەرنى ئاغىچا ئايىم ئۆزى بىر تەرەپ قىلاتتى. ھەرەمدىكى ھەربىر كىشى بۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر، ھەتتا خاننىڭ ئۆزىمۇ خوتۇنلىرىنىڭ ئارىسىدىكى چۈشىنىشمەسلىكلەرنى ئاغىچىنىڭ ھەل قىلىشىغا تاپشۇراتتى. يېڭى كىيىم بېرىش ۋاقتى يەتكەندە، كىمگە قانداق كىيىملىك

كېرەك ، كىم قانداق نەرسىگە موھتاج — بۇ مەسىلىمۇ ئاغىچا ئايىم تەرىپىدىن ھەل قىلىنىپ خەزىنىچىگە بۇيرۇلاتتى ۋە تەييارلانغان كىيىملىكلەر ئۇنىڭ تەرىپىدىن تەقسىم قىلىناتتى . بۇنىڭدىن باشقا كۈندىلىك ئاشخانا غىزاسىمۇ ئاغىچىنىڭ بەلگىلىشى بىلەن پىشۇرۇلاتتى ، ئايىم ۋە كېنىزەك ، خىزمەتچى خوتۇنلار ۋە كەشتىچىلەرنىڭ ھامامغا بېرىشلىرى ، بەگلەرنىڭ تويىغا چىقىشلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش لازىم - ئامادىلارمۇ بۇ ئايىمنىڭ دېگىنى بويىچە بولاتتى . بەزىدە ئاغىچا ئايىم مەملىكەت ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشۋالاتتى ، گاھىدا ئۆز پىكرىگە خاننى ئۇنىتىپمۇ قوياتتى . خۇدايارنىڭ خوتۇنلىرىدىن كىچىك شاھ ئايىم[1] ۋاپات قىلىپ ، ئۇنىڭدىن بىر بالا — ئورمانبېك يېتىم قالغانىدى . خۇدايار ئورمانبېكنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۆزىگە ۋەلىئەھد قىلىپ بەلگىلىگەنىدى . كىچىك شاھ ئايىم ئۆلگەندىن كېيىن ئورمانبېكنى ھەرەمدە ئىشەنچلىك بولغان ئاغىچا ئايىمغا تاپشۇردى . شۇنىڭدىن بېرى ئاغىچا ئايىم ئورمانبېكنى ئۆز بالىسىدەك تەربىيىلەپ كېلىۋاتاتتى ۋە بۇ سەۋەبتىنمۇ خاننىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ قەدرى بەك يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنىدى .

ئاغىچا ئايىم تېخىچە گۈلشەنگە ئىلتىپاتسىز ھالدا ، ئورمانبېك بىلەن سۆزلەشمەكتە ئىدى .

— ناھايىتى شوخلىشىپ كېتىپسەن ، ئوغلۇم ! مەن سېنى خان ئاتاڭغا چېقىشتۇرۇپ ، بىر ئۇردۇراي !

— بۆدۈنە بەرسىڭىز ، شوخلۇق قىلمايمەن .

— بۆدۈنىلىرىڭنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتىڭغۇ ، زالىم ، بۆدۈنىلەرنى يەنە نەدىن ئالىمىز !

— مەن ئۆلتۈرمىدىم ، ئۆزلىرى ئۆلۈپ تۈگىدى .

— زېرەكنى نېمىشقا ئۇردۇڭ ؟

— زېرەك ماڭا بۆدۈنە تېپىپ بەرمىدى .

ئاغىچا ئايىم ئىشىك يېنىدا تىك تۇرغان كېنىزەككە قارىدى :

---

(1) كىچىك شاھ ئايىم — شۇئەنان بېگىنىڭ قىزى .

— كەل ، مىسقال ! — دېدى ۋە ئورمانبېكنىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى ، — سەن غوجەڭ بىلەن ئويناپ كىر ، بۆدۈنىنى ئەتىلىككە تاپتۇرارمىز !

كېنىزەك ئورمانبېكنى يېتىلەپ چىقىشقا باشلىدى .

— يېنىمغا ھېچكىم كىرمىسۇن ! — دېدى ئاغىچا ئايىم ، — ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەت !

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاغىچا ئايىم جايىنامازدىن كۆرپىگە سۈرۈلۈپ ئولتۇردى ، تەكرار : «يېقىنراق كېلىڭ ، گۈلشەن !» دەپ تەكلىپ قىلدى . ئاغىچا ئايىمنىڭ بىر ئەر مۇھىم سۆزى بارلىقىنى سەزگەن گۈلشەنبانۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ ، ئايىمنىڭ يېنىغا بىرىپ تىز چۆكتى .

— شەھەردىن نىمە خەۋەرلەر تاپتىڭىز ، گۈلشەنبانۇ ؟

— شەھەر خەۋەرلىرى ئايخانىمدىن مەخپىي ئەمەستۇر .

— ئۆزىڭىز تىنچمۇسىز ، ئۆي ئىچىڭىز ساق - سالامەتمۇ ؟

— شۈكۈر … ئانھەزرىتىم ۋە ئايخانىمنىڭ دۆلەتلىرىنىڭ سايىلىرىدە .

— ئىشلىرىڭىز قانداق ؟ — دېدى كۈلۈمسىرەپ ئاغىچا ئايىم ، — بىزگە كۈنداشلار تېپىلىۋاتامدۇ ؟

بۇ سوئالدىن گۈلشەن بېشىنى تۆۋەن سالدى ، ئاغىچا ئايىم كۈلۈمسىرىگىنىچە گۈلشەندىن جاۋاب كۈتۈپ تۇراتتى .

— سىزنىڭ بىزگە كۈنداش ئىزدىشىڭىز ، — دېدى ئاغىچا ئايىم ، — ئەلۋەتتە ، ئۆز ئىختىيارىڭىزچە ئەمەس ، سەيىدنىڭ[1] ئەمرى بىلەن ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئەيىبلىك ئەمەس .

بۇ سۆز بىلەن گۈلشەن بىرئاز خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلغاندەك بولدى .

— ئەلۋەتتە ، ئايخانىم …

— سۆزۈمنى يەردە قالدۇرماسلىقىڭىزغا ئىشەنگىنىم

---

[1] سەيىد — پەيغەمبەر ، پەيغەمبەر ئەۋلادى دېگەن مەنىدە بولۇپ ، بۇ يەردە خوجىلارنى ئېيتىلىدۇ .

ئۈچۈن، — دېدى ئاغىچا جىددىي تۈس ئېلىپ، — سىز بىلەن بۇ توغرىدا مەخپىي بىر - ئىككى ئېغىز گەپلەشمەكچىدىم.

— كېنىزەكلىرىڭىزنىڭ بېشى ئۈستىگە، ئايخانىم!

ئاغىچا ئايىم تامغا يۆلەكلىك ياستۇقنى جەينىكىنىڭ تېگىگە تارتىپ يۆلەندى.

— مەن بۇ گېپىمنى ئۆتكەن كۈنى باتۇر بېشى ئايلىغىمۇ ئېيتىپ قويدۇم. لېكىن، سەيدىنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزمەسلىك شەرت. بۇ توغرىدا ئايلىدىنىمۇ سىز ئېھتىياتلىقراقسىز، دەپ ئىشىنىمەن. چۈنكى، سىزنىڭ مەن بىلەن كونا قەدىردانلىقىڭىز بار.

— دېدىڭىز سۆز توشۇشنى يامان كۆرىدۇ، ئايخانىم!

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولۇشى كېرەك، — دېدى ئاغىچا ئايىم، — باشقىلاردىنمۇ سىزگە چۈشىنىشلىك، گۈلشەن، سەيدىنىڭ نىكاھىدا بىز ئۈچلا كۈنداشمىز...[1] ئەگەر كېنىزەكلەرنىمۇ قوشۇپ ھېسابلايدىغان بولساق، كۈنداشلارنىڭ سانى بىر يۈزدىن ئاشىدۇ. باتۇر بېشى ئايلا، يەنە بىرنەچچىلەر ۋە ئەتراپتىكى بەگلىرىمىزنىڭ خۇشامەتلىرى سايىسىدە[2] سەيدىنىڭ ھەرىمى ئۈچ - تۆت يىلنىڭ ئىچىدە بۇنچىلىك دېدەكلەرگە ئىگە بولدى... يېڭى ۋە كەڭ ئوردىغا كېلىپ يايرىشارمىز، دېگەنىدۇق، بەرىكەتلىرىڭىزدە كۈندىن - كۈنگە بەتتەررەك قىسىلىشىپ كېتىۋاتىمىز. ھەتتا ئىچكەركى ھويلىلاردا بىر ئۆيگە سەككىز - توققۇز كېنىزەك جايلىشىشقا توغرا كېلىپ قالدى. بۇ ئەھۋال داۋام قىلىۋەرسە، بىرەر يىللاردا يەنە بىر يېڭى ئوردا سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدىن كېيىن سەيدىنىڭ ھەممە دىققىتى ھەرەمگە تارتىلسا، مەملىكەت ئىشى

---

① شەرىئەتتە تۆتتىن ئوشۇق خوتۇن ئېلىش يوق. خۇدايارنىڭ رەسمىي نىكاھىدىكى خوتۇنى تۆتتىن ئاشماسلىقى، ئەگەر يېڭى خوتۇن ئالىدىغان بولسا، تۆتىنچى خوتۇنىنى كېنىزەكلىككە ئۆتكۈزۈپ، ئورنىغا يېڭىسىنى قويۇپ تۇراتتى. ئاندىن كېنىزەكلىككە ئۆتكۈزۈلگەنلەرنىمۇ بۇ پەردە قوشۇپ ھېسابلايدۇ.

② ئەتراپ ھاكىملىرى خۇشامەت يۈزىسىدىن چىرايلىق قىزلارنى خانغا ئەۋەتىپ تۇرۇشاتتى...

زىيانغا ئۇچرىشىغا ۋە بۇنىڭ ئۇۋالىنى بىزنىڭ كۆتۈرۈشىمىزگە شۇبھە قالمايدۇ. مۇشۇ ئەندىشىلەر تۈپەيلى، سىز بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچىدىم... بۇ ئەندىشەم باتۇر بېشى ئايلىغىمۇ ماقۇل كېلىپ، ۋەدە بەردى. سىزمۇ بۇ گەپلەرنى ئوبدان ئويلاپ، ئۆز پىكرىڭىزنى ماڭا ئېيتىڭا، گۇلشەنبانۇ!

گۇلشەن ئاغىچا ئايىمنىڭ مەقسىتىگە چۈشەنمىگەندەك، بىردەم ئويلىنىپ تۇردى:

— مۇددىئالىرىغا دېدەكلىرى چۈشىنەلمىدىم، ئايخانىم!

— چۈشەنمىگەن بولسىڭىز، — دېدى ئاغىچا، — بۇنىڭدىن كېيىن ھەرەمگە خوتۇن ۋە كېنىزەك ئەكېلىنمىسۇن، دەيمەن!

گۇلشەن بېشىنى تۆۋەن سالدى. كۆرۈنۈشچە، ئاغىچا ئايىمنىڭ تەكلىپى ئۇنىڭغا ياقمىغاندەك ئىدى. ھەقىقەتتىمۇ، ئېغىزدىكى ئاشنى ئالدۇرۇش ھەممە ئۈچۈنمۇ بىر خىل ئەمەستۇر.

— بىز كەمىنىلەردە نېمە گەپ، ئايلىناي، ئايخانىم!... بىز نېمە قىلساق، ئانەزرەتنىڭ بۇيرۇقلىرى بىلەن قىلىمىز... بىز ئانەزرەتنىڭ ئاتقان ئوقلىرىمىز!

ئاغىچا ئايىم گۇلشەننىڭ كۆزىگە خېلى تىكىلىپ قالدى. لېكىن، گۇلشەن كۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ يەرگە قارىدى.

— ئەلۋەتتە، بىز سەيىدنىڭ ئاتقان ئوقلىرىمىز! — دېدى ئاغىچا ئايىم تېرىككەندەك، — لېكىن، غوجام بۇيرۇدى، دەپ ئىشنىڭ ئوڭ - تەتۈرىگە قارىماي يۈگۈرۈۋېرىش ئەخمەقلىق. ئەگەر سىز بىلەن مەن ئانەزرەتنىڭ خالىس قۇللىرى بولساق سەيىدنىڭ دۆلەتلىرىگە زىيان يەتكۈزمەيلى، نادان دوستلۇق قىلمايلى! مانا بۇ — خالىس قۇللۇق دەۋاسىدا بولغان بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدۇ... كۆرۈنۈشتە سەيىدكە خىيانەت كۆرۈنسىمۇ، ھەقىقەتتە خالىس دوستلۇق، دەپ سىزگە بۇ تەكلىپنى قىلدىم. سەيىدنى كۆنلەيدۇ، دەپ خىيالىڭىزغىمۇ كەلتۈرمەڭكى، ھازىرمۇ مەن ئانەزرەتنىڭ بىر يۈزىنچى خوتۇنى بولىمەن. يۈز خوتۇننىڭ بىرى بولۇپ تۇرۇپ، كۈنداشلىق قىلىش ئۆزى ساراڭلىقتۇر. لېكىن،

ئوتتۇرىدا بىر غەرەز بار ، ئۇمۇ سىزگە ئېيتقاندەك — خالىس قوللۇق ، ھەقىقىي دۆلەتپەرۋەرلىكتۇر . چۈشەندىڭىزمۇ ، گۈلشەن !

گۈلشەن «بىز سەيدىنىڭ ئاتقان ئوقلىرىمىز» دەپ ئاغىچا ئايىمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەنىدى . ئۆز خاتاسىغا چۈشەنگەن گۈلشەن ئۆزرە ئېيتتى .

— مەن سىزگە ئۇ گەپنى باشقا مەقسەتتە ئېيتتىم ، ئايخانىم ! بىز دېدىم ... ئەلۋەتتە ، بىز ...

— ئەگەر سىز بۇنىڭدا نائىلاج بولسىڭىز ، مېنىڭدىن يول سوراڭ !

— پىر بولۇپ قولۇمدىن تۇتسىڭىز ، ئانھەزرەتنىڭ يوللىرىدا بېشىم پىدا بولسۇن !

— گەپ شۇنداق بولسا ، ئىككىمىزنىڭ بۇ ئىشقا ياردەملىشىشىمىز ياكى جىم تۇرۇشىمىز دۆلەتپەرۋەرلىك ئەمەس ، دۈشمەنلىك ، — دېدى ئاغىچا ئايىم ، — مېنىڭ سىزگە مەسلىھەتىم ، — بۇنىڭدىن كېيىن ئۇستىڭىزدىكى خىزمەتكە بىر ئاز ئويلىشىپ قەدەم بېسىڭ !

— مېنى قىستىسا قانداق قىلىمەن ؟ ...

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان ، — دېدى ئاغىچا ، — ئاۋۋال شۇكى ، سەيدىنىڭ كۆزلىرىگە ئاز كۆرۈنۈڭ ، كۆرۈنگەن چېغىڭىزدا چىرايلىق دېدەك تاپالمىدىم دەپ ئۆزرە ئېيتىڭ . سىزنى تاپالمايسەن دەپ قىيىن ـ قىستاققا ئالمايدۇ ، جازاغا تارتمايدۇ . موھتاجلىقتىن قورقسىڭىز ، مەن بار . مەن سىزگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن . ماقۇلمۇ ، گۈلشەنبانۇ !

كېيىنكى جۈملە بىلەن گۈلشەننىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى .

— خوپ ئايلىناي ، ئايخانىم !

— ئەھسەن ! !

دالاندا كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان كېنىزەكلەردىن بىرى — خەزىنىچى يۈگۈرۈپ كىردى .

— لەببەي !

— ئاچاڭغا ئىككى تىللا بەر ، ئۈستىگە چاپان ياپ !
ئەھسەن ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ، تەزىم قىلغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى .

— مۇشۇنداق ئادىتىڭىز بويىچە ، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ تۇرۇڭلار ، كېرەك نەرسىڭىز بولسا ، تارتىنماي ئېيتىڭ !

گۈلشەن باش ئېگىپ تەزىم قىلدى . ئىشىك ئېچىلىپ ، قولىدا ئەدرەس چاپان كۆتۈرۈپ ئەھسەن كىردى ۋە گۈلشەننىڭ بېشىدا توختىدى . گۈلشەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئايىمغا باش ئەگدى . شۇ هالدا ئەھسەن چاپاننى ئۇنىڭ ئۈستىگە يېپىپ ، قولىغا ئىككى تىللانىمۇ ئۇزاتتى . گۈلشەن ئۈستىدە چاپىنى بىلەن ئاستاغىنا ئولتۇردى . ئەھسەنمۇ تۇرغان جايىغا يۈكۈندى . گۈلشەن دۇئاغا قول كۆتۈردى . ئەھسەن ئامىن دېدى . دۇئادىن كېيىن گۈلشەن ۋە خەزىنىچى ئاستا ـ ئاستا كەينىگە مېڭىشىپ ، ئاغىچا ئايىمنىڭ ئالدىدىن چىقىشتى .

## 30 . خانىم ئايىملار

گۈلشەن ئۈستىدىكى چاپىنى بىلەن دالانغا چىقىپ ، ئۇ يەردىكى كېنىزەكلەر تەرىپىدىن «ئىلتىپاتقا لايىق كۆرۈلگىنى» ئۈچۈن تەبرىكلەندى ، پەگاھدا كىيىنىۋېتىپ ، كۆزى ئۇدۇلدىكى شاھنىشىندە ئىدى ، كېنىزەكلەر بىلەن خوشلىشىپ هويلىغا چىقتى .

يۇقىرىدا سۆزلەنگىنىدەك ، بۇ هويلىدا خاننىڭ ئارزۇلۇق خوتۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەخسۇس خىزمەتچى ، كەشتىچى ، كېنىزەكلىرى ۋە قۇللىرى بىلەن تۇرۇشاتتى .

ئاغىچا ئايىمنىڭ قاتارىدىكى ئىككىنچى زال ئۆي خاننىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى رازىيە ئايىمغا قارايتتى . رازىيە ئايىم گەرچە ئۆتكەن يىللىرىلا خانغا نىكاھلانغان بولسىمۇ ، ئۆزىنىڭ چۆچەكلەردىكىدەك چىرايى بىلەن «سەيىد»نىڭ ئىلتىپاتىنى جەلپ

قىلىپ ھەرەمدە بىرىنچى مەۋقەگە چىققان خانىمدۇر . خىزمىتىگە تۆت كېنىزەك ۋە ئىككى قۇل سوۋغات قىلىنغان بۇ ئايىم ئەسلىي قەشقەرلىك بولغان ئاخۇنجانباي دېگەننىڭ قىزىدۇر . رازىيە خانىم قىزلىق چېغىدا قوقان بايلىرىدىن جانبابا ئاتلىق بىر كىشىگە تېگىپ ، بىر بالا تۇغقاندىن كېيىن ئېرى ئۆلىدۇ ، بۇنىڭدىن كېيىن قوقانلىق مىيان فەزل ۋەھھاب ھەزرەتكە تېگىدۇ . گۈلشەنباتۇغا ئوخشاش خۇپپىلا «سەيىد» نىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزگەن بولۇشسا كېرەك ، بىر كۈنى خان ، تۇيۇقسىزلا ھارۋا ئەۋەتىپ ، رازىيە خانىمنى «مېھمان»غا قىچقىرىدۇ ...

مىيان فەزل ۋەھھاب خاننىڭ ھۆكمىگە قارشى نېمىمۇ قىلالىسۇن ! رازىيە خانىم خان ھەرىمىدە بىر كېچە قونۇپ ، ئەتىسى ئۆيىگە قايتىدۇ . ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە مىيان فەزل ۋەھھاب رازىيە خانىمنىڭ قولىغا تالاق خېتىنى تاپشۇرۇپ ، يەتتە ھارۋا مال بىلەن ئوردىغا يولغا سالىدۇ ... مىيان فەزل ۋەھھاب بۇ ئىشنى قورققىنىدىن قىلغانمۇ ياكى ئاچچىق قىلىش تەرىقىسىدىمۇ ، ھەرھالدا بۇ تەرىپى ھەتتا رازىيە ئايىمنىڭ ئۆزىگىمۇ قاراڭغۇ[1]

گۈلشەن رازىيە ئايىمنىڭ ئىشىكىگە يەتكەندە ، ئىككى نەپەر كېنىزەك دالاندىن چىقىپ ، بوسۇغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قول باغلاپ ۋە باشلىرىنى ئېگىپ توختاشتى . شۇ ھالدا ئىچكىرىدىن گويا يۈزى سۈت بىلەن سۇغىرىلغاندەك ئاق ، چولپاندەك كۆزى ئايسىز ۋە بۇلۇتلۇق كېچىدىنمۇ قارىراق ، قەددى سۇۋادادەك كېلىشكەن ، قارا چېچى تېقىمىغا چۈشكەن ، ئۇستۇۋىشى يىپەك ۋە ئالتۇنلار بىلەن كۆمۈلگەن بىر خانىم ئەركىن ھالدا چىقىپ كەلدى . بېشىدىكى سانسىز كوكۇلىلىرىنى كەشتە تىكىلگەن ئاق يىپەك رومال بىلەن ئازارسىزغىنا باغلىغان ، ياقا ۋە ئېتەكلىرىگە نەپىس پەۋاز تۇتقان

---

[1] ھەرەم توغرىسىدىكى مەلۇماتىمىزنىڭ تولىسى ھازىرمۇ ھايات بولغان مۇشۇ رازىيە ئايىمدىن ئېلىندى . ھازىر توقسان ياشلارغا يەتكەن بۇ موماي ئۆزىنىڭ كۈچلۈك خاتىرىسى بىلەن بىزگە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بەردى . ئېچىچە ساقلىنىپ كەلگەن بەزى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىزنى ھەيران قالدۇردى . مۇھەممەد رازىيە ئايىمغا ۋە ئىككى ئارىدا ۋاسىتىچى بولۇپ مېنى مىننەتدار قىلغان قوقانلىق دوستۇم ياسىن قادىرغا تەشەككۇر ۋە رەھمەتلەر ئېيتىشقا قەرزدارمەن (ئاپتور) .

خانئەتلەس كۆڭلەك ، بۇخارا كىمخابىدىن چۆرىلىرىگە ئالتۇن ئۇقا تۇتۇلغان جىلىتكە كىيىپ ، ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن تۈگمىلەرنى بوشلا ئەتكەن ، ھۆسندە ئوخشىشى ئاز بۇ نازىنىن خانىمنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى — مەزكۇرە رازىيە خانىم ئىدى . رازىيە خانىمنىڭ كەينىدىن سەككىز - توققۇز ياشلار چامىسىدا ، كۆز ۋە چىشىدىن باشقا ئەزاسىدا ئېقى يوق بىر بالا كۆرۈنۈپ ، خانىمنى كۆزىتىپ تۇردى . بۇ ياش يۈگۈر - يېتىمچى قولچاق خانىمنىڭ ھەربىر ئۇششاق ئىشلىرىغا تەييارلەك ئاياغ باساتتى[1] .

رازىيە خانىمغا ئۇدۇل كەلگەن گۈلشەن پۈكۈلۈپ سالام قىلدى . رازىيە خانىم باش شەرتى بىلەن جاۋاب بېرىپ : «تىنچمۇسىز » دېدى ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن شاھنىشىن تەرەپكە قاراپ يول سالدى .

گۈلشەن رازىيە ئايىمنىڭ تۆۋىنىدىكى دالانغا قاراپ مېڭىپ ، ئۇ يەردىكى كېنىزەكلەردىن قۇربان ئايىمنىڭ ساقلىقىنى سوراپ ئۆتتى . قۇربان ئايىمنىڭ ئۆيىدىن كېيىن ھويلىنىڭ كۈنپېتىشىغا جايلاشقان بىنا شادمان ئايىمغا قاراشلىق بولۇپ ، مۇشۇنىڭ بىلەن ھەرەمنىڭ بىرىنچى ھويلىسىدىكى ئايىملارنىڭ ھېسابى تۈگەيدۇ[2] .

گۈلشەن ھويلىنىڭ كۈنپېتىشى — ئاشخانا ۋە باشقا كېرەك - ياراغ ئۆيلىرىنىڭ يېنى بىلەن مېڭىپ ، بىر ئىشىك ئارقىلىق بىرگە مەلۇم ئۆزۈن يولەككە چىقتى ، يولەكتە سۇ ھويلىسىدىن چىقىپ كەلگەن بىر كېنىزەك گۈلشەننى كۆرۈشى بىلەن قولىدىكى سۇلۇق مىس كورىنى يەرگە قويۇپ يۈگۈردى[3] :

— تىنچمۇسىز ؟ چاپان مۇبارەك ! ئاپاملار سالامەتمۇ ؟

---

1 340 - بەتتىكى ئەسلىي ئىزاھاتقا قاراڭ .
2 340 - بەتتىكى ئەسلىي ئىزاھاتقا قاراڭ .
3 بىر رازىيە ئايىمنىڭ يېنىدىكى ۋاقىتلىرىدا يولداش ياسىن «خان ئەجەب خوشۇن ئالغاندى ، ئاي »دەپ خاپىچاق ئەرغىمىسىدە تەكرار سوئال بەردى رازىيە ئايىم مىسكىدىن ئەيمەنگەن قىيايىدە . «خان قۇرۇشۇن ، ئۇنىڭ ئالغان خوشۇنلىرىنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ، يالام !» دېدى ۋە مىسكىچە بولىمۇ بويرا سۆزى ئېيتتى …

گۈلشەن قولىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆرۈشتى :
— ئۆزۈڭ ئويناپ - كۈلۈپ يۈرەمسەن؟ مۇنىسخان ، پاشا ئايىم سالامەتمۇ؟ بىبى پاشا ئايىم ساقىيىپ كەتتىمۇ؟
— شۈكۈر ، شۈكۈر ... بىزنىڭكىگە كىرىڭ !
— كىرەرمەن ! — دېدى گۈلشەن ۋە ئۈستىدىكى چاپاننى يېشىشكە باشلىدى ، — سەن مېنىڭ كەلگىنىمنى ئۇلارغا ئېيتما . مەن ئۆزۈم بىرئازدىن كېيىن چىقارمەن !
كېنىزەك كەينىگە بۇرۇلۇشى بىلەن يولەكنىڭ يۇقىرى ئىشىكلىرىدىن بىرى تاراق - تۇرۇق ئېچىلىپ ، ئىچكىرىدىن ئىككى ياش ، يالاڭ ئاياغ كېنىزەكلەر قوغلىشىپ چىقىشتى . گۈلشەننىڭ چاپان بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقىنىنى كۆرگەن قىزلار شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى .
— گۈلشەنجان ، گۈلشەنجان ! ئامانمۇسىز ، تىنچمۇسىز؟ سەرپايىلار قۇتلۇق بولسۇن !
شوخ كېنىزەكلەرنىڭ بىرى گۈلشەننىڭ ئالدىدىن ۋە يەنە بىرى يېنىدىن ئۆمىلەپ ، بىرىنىڭ ئاغزىدىن ئىككىنچىسى «گۈلشەنجان ، ئامانمۇسىز !» نى ئېلىپ ئېسىنى چىقىرىۋېتىشتى .
— بولدى ، بولدى ! ئۆلىدىغان شوخ بايتاللار ! — دېدى گۈلشەن ، — ئايىملار ئاڭلىسا ، قانداق ئىش بولىدۇ؟
قىزلار گۈلشەننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي ، كەلگەن تەرەپلىرىگە قاراپ ئۇنى سۆرەشتى .
— توق بايتال ! گۈلشەنجان ! توق بايتال ! ...
گۈلشەن خاپا بولسىمۇ يەنە ئۇلارنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىدىن كۈلۈشكە مەجبۇر ئىدى .
— قۇرۇپ كەتكۈرلەر ! ... شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سەنلەرنىڭ يانلىرىڭغا كىرگۈم كەلمەيدۇ - دە !
سۆزگە ئىلتىپاتسىز ، ئويۇن بىلەن بولۇۋاتقان كېنىزەكلەردىن بىرى گۈلشەننىڭ قولىدىكى چاپاننى يۇلۇپ ئۆزىگە تارتتى .

— قايسى گۆردىن ئالدىڭ ، ماڭا بەرسەڭچۇ بۇنى !
— ئال ، ئال ! — دېدى گۇلشەن چاپاننى قويۇۋېتىپ ، — ئۆلۈملۈك قىلارسەن !
— ئەلۋەتتە تاۋۇتۇمغا يېپىشار !
يۆلەكنىڭ بېشىدىكى ئىشىككە يېتىپ بېرىشتى ۋە ئۈچى بىرلا سىقىلىشىپ ئىچكىرىگە كىرىشتى .

## 31 . قىرىق قىزلار

گۇلشەنلەر كىرگەن هويلا «قىرىق قىزلار» دەپ ئاتىلاتتى . بۇ يەردە خاننىڭ كۆڭۈل ئېچىشىغا خىزمەت قىلىدىغان «قىرىق قىزلار» تۇرۇشاتتى . بۇ هويلا ئۇ يەردىكى ئۇسسۇلچى ، سازەندە ۋە ناخشىچى كېنىزەكلەرنىڭ ساندىن ئېلىپ «قىرىق قىزلار» دەپ ئاتالغاندى .
خۇدايارنىڭ هەرەم كېنىزەكلىرىنىڭ سانى بىر يۈز ئەللىك بەش نەپەر بولۇپ ، بۇلاردىن ئون تۆت نەپىرى ئاقسارايدا ، سەككىزى شاهنشىندە (بۇلار خاننىڭ يېتىش - تۇرۇشىغا مەخسۇس ) ، سەككىزى ئورمانبېككە قارىغۇچىلار ، ئون نەپىرى خىزمەتچى خوتۇنلار هۇزۇرىدا ، يىگىرمە بەشى مۇشۇ «قىرىق قىزلار» دا ۋە قالغانلىرى هەربىر خانىم - ئايىمىلارنىڭ خىزمەتلىرىدە ئىدى . هويلىدا پومزەك ئويناۋاتقان «قىرىق قىزلار» دىن يەتتە - سەككىزى گۇلشەننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى .
— تىنچمۇسىز ؟
— يۈگۈرۈپ - سوكۇلداپ هارماي يۈرەمسىز ؟
— ئېرىڭىز ئۆلمىدىمۇ ؟
— شەهەر يىگىتلىرى ئامانمۇ ؟ ...
بۇ قىزلارمۇ هېلىقىلاردىن قېلىشمايدىغان شوخ ئىدى . گۇلشەنمۇ ئەمدى جىددىيەت ساقلاپ تۇرمىدى .
— زېرىكمەي ئولتۇردۇڭلارمۇ ؟ ئىچىڭلاردا تۇغۇپ

قويۇشقىنىڭ يوقمۇ؟ ئويناش قىلىپ تۇتۇلۇشمىدىڭمۇ؟
بۇ هويلا تۆت كىچىك ۋە بىر چوڭ زال ئۆيدىن ھەم «قىرىق قىزلار» غا مەخسۇس ئاشخانا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، قىزلار كىچىك ئۆيلەرگە جايلاشقانىدى. ئۇلارنىڭ ياسىنىشىغا كەلگەندە، يۇقىرىدىكى كىنىزەكلەردە كۆرۈلگەندەك قىزىل يۇڭ رەختتىن كۆڭلەك، سېرىق گۈللۈك قىزىل يۇڭ رومال، شۇۋە مەتاس ياكى ئەدرەس جىلىتكە كىيىشكەنىدى. هازىرقى پومزەك ئويناۋاتقان قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يالاڭ ئاياغ ئىدى. ئىش قىلىۋاتقان ۋە ئاشخانىدا ئاش ئېتىۋاتقان قىزلار ئىككى رەڭلىك كۆن كەشلەر كىيىشكەنىدى. تولىراقى يىگىرمىدىن ئاشقان قىزلار، ئارىلىرىدا ئون ئالتە - ئون يەتتە ياشلىقلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ قىزلار مەملىكەتنىڭ ھەر تەرىپىدىكى بەگلەردىن خانغا سوۋغات تەرىقىسىدە ئەۋەتىلگەنلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تاللانما ئوماقلار ئىدى. دېدەك ئىسمى بىلەن ھەرەمگە كەلگەن كۈنلىرى ھەممىسىلا خانىنىڭ «ئىلتىپاتى» غا بىر - ئىككى قېتىمدىنلا «لايىق» كۆرۈلۈپ، كېيىن «قىرىق قىزلار» ئىچىگە ئەۋەتىلگەنىدى. ئۇلار ھازىرمۇ شەھەرنىڭ مەشھۇر خوتۇنلىرى بولغان نۇسرەت ھاپىز، باتۇر بېشى ئايلا، تىللا ھاپىز، تاجى ھاپىز، مىسقال ھاپىز، خان ئاغىچا، مىساق ئاغىچا، ئۇلۇغ ئويۇنچى، شاھ بەچچە، رەجەپخان، تاش ھاپىز، ھەتتا مەرغىلانلىق زىبى خانلاردىن ئۇسسۇل، ساز، ناخشىلاردىن تەلىم ئېلىپ تۇرۇشاتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسىسى ئۆز ھۈنىرىدە ياخشى سەنئەتكار بولۇشقانىدى. جۈمە كۈنى يېتىپ كەلگەندە بۇ ھويلىدىكى چوڭ زال ئۆي تەرتىپكە سېلىناتتى، «قىرىق قىزلار» يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ، ئۇپا - ئەڭلىكلەر سۇرۇشەتتى، تۈرلۈك زىننەتلەرنى ئېسىپ ئاجايىپ رەۋىشتە بەزمىگە تەييارلىناتتى. جۈمە نامىزىدىن كېيىن خان بەزىدە رازىيە ۋە ئاغىچا ئايىملارنى ئېلىپ بۇ ھويلىغا كىرەتتى ۋە چوڭ زالنىڭ تۆرىگە قويۇلغان مەخسۇس كۇرسىغا ئولتۇرۇپ «قىرىق قىزلار» بەزمىسىنى كۆرەتتى…

شۇنداق قىلىپ قىزلار گۈلشەننى هويلا ئوتتۇرىسىدىكى پومزەك ئويۇنىغا سۆرەشتى . گۈلشەن ئويۇنغا قاتنىشىشقا كاجلىق قىلىپ بېقىۋىدى ، قىزلار زور كېلىشتى ، ئىلاجسىز ئۇ بىر چەتتە ئولتۇرۇپ يېشىندى ، شۇ قىزلاردەك يالاڭ ئاياغ ، يالاڭۋاشتاق بولدى . تاۋار كۆڭلىكىنى ئاياپ ئىشتىنىغا قىستۇردى ، يېڭىنى جەينىكىنىڭ يۇقىرىسىغىچە ۋە ئىشتىنىنىمۇ پاچىقىغىچە تۇردى .

قىزلار ئۆزى ياسىغان يوغان يىپەك پومزەكنى گۈلشەنگە بېرىشتى :

— پەللە بەش ، ئون ؛ هەر ئوندا بىر ئايلىنىش ؛ ئەگەر پومزەكنى پەللىگە يەتكۈزمەي قاچۇرۇپ قويسىڭىز ، هەربىرىمىزنى هاپاش قىلىپ هويلىنى بىر ئايلاندۇرۇپ چىقىسىز ! — دېيىشتى قىزلار .

گۈلشەن شەرتنى ئاڭلاپ ، ئويلىنىپ تۇرۇپ دېدى :

— ئەگەر پەللىگە يەتكۈزسەمچۇ ؟

— بىز هاپاش قىلىپ ئايلاندۇرىمىز !

— قېچىڭلار بولمىسا ! — دېدى گۈلشەن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ، — پومزەككە تەگسەڭلار ، ماڭا كاشىلا قىلساڭلار هېساب ئەمەس !

قىزلار ئۇنىڭ شەرتىگە كۆنۈپ هويلىنىڭ ئەتراپىغا تارقىلىشتى . گۈلشەن ئويۇننى باشلىدى ، بىرىنچى ئوننى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن تاماملىدى ، ئون ئىككىنچى ئۇرۇشتا بىرىنچى ئون ئۈچۈن ئايلانغانىدى . ئۇزۇن چاچلىرى ئەتراپقا تارقىلىپ ، هەتتا كۆكسىمۇ لەرزىگە كەلدى ··· قىزلار قىرقىرىشىپ كۈلۈشتى . ئىككىنچى ئوننىڭ ئايلىنىشىمۇ شۇنىڭدەك كۈلكە چىقاردى . لېكىن ، ئۈچىنچى ئوننىڭ يەرگە سەككىزىنچى ئۇرۇلۇشىدا پومزەك قاچتى . گۈلشەن پومزەكنى هەرقانچە قوغلاپ ، ئۆرلىتىشكە ئۇرۇنسىمۇ بولمىدى ، يەردە دومىلاپ كەتتى . قىزلار قىيا - چىيا ئىچىدە چاۋاك چېلىشىۋەتتى ۋە گۈلشەننى ئورىۋېلىشتى . گۈلشەن ئاردىن چىقىپ قېچىشقا پەملىسىمۇ بولمىدى ، كۈتۈلمىگەندە

بىر قىز كېيىندىن كېلىپ سەكرەپ مىندى :
— ... خىخ ، ئېشىكىم !
قىزلار كۈلۈشەتتى . ئىككى قىز گۈلشەننىڭ چىچىنىڭ ئالدىنقى ئۆرۈمىسىدىن تۇتۇپ يېتەكلىدى . بۇ تاماشىغا ھەتتە ئۆيدىكى ۋە ئاشخانىدىكى قىزلارمۇ قىزىقىشتى . گۈلشەن بىرىنچى قىزنى ھويلىدا ئايلاندۇرۇپ چىققاندىن ، ئىككىنچىسى مىندى ... شۇ تەرىقىدە بىچارە گۈلشەن ئونلاپ قىزنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ ، دۈمبىسى يېغىر بولاي دېدى . يەنە ئويۇن باشلاندى .
نامازشامغا يېقىن ئاش تەييار بولۇپ ، قىزلار ئۆز قوشاقلىرى بىلەن ئۆيلىرىگە كىرىشتى . گۈلشەنمۇ بىرمۇنچە قىزلارغا قوشۇلۇپ ، ئوتتۇرىدىكى ئۆيگە كىردى . قىزلارنىڭ ئۆزىدەك ، ئۆينىڭ ھەممە يېرى بىسەرەمجان ئىدى . ئۇ يەردە بىر رومال ، بۇ يەردە بىر مەسە ، نېرىدا يەنە بىر نەرسە ...
گۈلشەن بۇ ئەھۋالدىن رەنجىپ قىزلارنى كايىدى :
— سەنلەرگە ھېچ ئەقىل كىرمىدى ... قاچان كۆرسەم ، ئۆيلىرىڭ لولىنىڭ خۇرجۇن ئارتقان مۇرىسى !
— لولىنىڭ خۇرجۇن ئارتقان مۇرىسى بولسا ، — دېدى نازىك ئاتلىق بىر قىز ، — ئۆزۈڭ يىغىشتۇرۇپ بەر ، گۈلشەن ئاچا !
— مەنمۇ ، مېنىڭ نېمە چاتىقىم !
— مېنىڭمۇ نېمە چاتىقىم !
— سېنىڭ تۇرىدىغان ئۆيۈڭغۇ ، — دېدى گۈلشەن ، — يىغىشتۇرساڭ ، كۆڭلۈڭ روشەن بولىدۇ .
— ئۆي يىغىشتۇرۇلمىسىمۇ كۆڭلۈم روشەن ، — دېدى نازىك ۋە يېنىدىكى تۆھپىگە قاراپ كۈلدى ، — تۆھپە ، سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭ روشەنمۇ ؟
تۆھپە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ، گۈلشەننىڭ ئالدىغا كەلدى :
— مانا ، ئۆز كۆزۈڭ بىلەن قارا ، ئاچا : كۆڭلۈم قىرىق چىراغ ياققاندەك روشەن ، كۆردۈڭمۇ ؟
— كۆردۈم ، كۆردۈم ! — دېدى گۈلشەن ئۆزىنى چەتكە

ئۆرۈپ، — كۆڭلۈك روشەنلىكى ئۈستىگە يەنە بىر نەرسىمۇ تىلەپتۇ ...

— نېمە تىلەپتۇ، ئەرمۇ؟ — دېدى ئۈچىنچى تەرەپتىن قۇمرى، — كۆڭلىدىكىنى تاپىدىكەنسەن، ئاچا! مېنىڭكىگە قارىغىنا، نېمە تىلەيدىكەن؟

— سېنىڭكىمۇ ئەر، — دەپ كۇلدى گۇلشەن، — بۇلارغا بىر سۆزنى ئېيتىپلا قاچ! ئاش كەلدى، نازىك، داستىخىنىڭنى سال!

نازىك داستىخان سالدى. ئوتتۇرىغا ئىككى جۇڭگو لېگىنىدە پولۇ قويۇلۇپ، گۇلشەن بىلەن يەتتە قىز ئاشقا ئولتۇرۇشتى.

كېڭەش - پېڭەش بولمىدى. خۇپتەندىن كېيىن ئۆيلەردىكى قىزلار بىردىن - بىردىن چوڭ زال ئۆيگە يىغىلىشقا باشلىدى. ئىككى داپ قىزنىڭ ۋە دۇتار - تەمبۇر، غېجەك، چاڭغا ئوخشاش چالغۇلار سازلاندى. قىزلار ئۆزئارا بەزمىگە تەييارلىنىۋاتاتتى ۋە ھەربىر كېچىدە بەزمە بىلەن كۆڭۈل ئېچىشاتتى. ھەقىقەتتىمۇ ئەركەكلەر دۇنياسىدىن ئالاقىسى كېسىلگەن مەزلۇمە، ئائىلە ھاياتىدىن مەھرۇم بىچارىلەر شۇنىڭدىن باشقا نېمە بىلەنمۇ ئاۋۇنسۇن؟! ئۇلارنىڭ ئاۋۇنچىقى — كۈندۈزلىرى ئويۇن، كېچىلىرى بەزمە ۋە تۈنلىرى ئۇيقۇ ھەم چۈش ئىدى.

قىزلار ئۆزلىرىگە خاس نازاكەت بىلەن ساز چېلىشتى. سازغا يولباشچىلىق قىلغان داپ يېرىم ئاۋازدا گۇمبۇرلەپ قوڭغۇراقلىرى جىرىڭلايتتى. يوغان قەندىلدىكى قىرىق چىراغنىڭ نۇرى ئاستىدا ھەرەم قىزلىرىنىڭ ھۆسن - چىرايى چاقنايتتى. ئوتتۇرىدا ئۇسسۇل ئوينىغۇچىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ كۆكسى مۇقام بىلەن سىلكىنەتتى. «قىرىق قىزلار» دىكى بۇ ھەر كۈنلۈك بەزمىگە ئادەتلىنىپ قالغان باشقا ھويلىنىڭ كېنىزەكلىرى بىلەن زال ئۆي بارغانسېرى تولۇۋېرەتتى.

ئۇسسۇلچى تەزىم قىلىپ سەھنىدىن چىقتى. ئۇنىڭ ئورنىغا

نازىك قوزغالدى . نازىك سەھنىگە چىقىشى بىلەن داپمۇ باشقا ئاھاڭغا يۆتكەلدى :

— دۇم ، تاق ـ تاق ، دۇم ، تاق ـ تاق ...

داپقا سازلار قوشۇلغاندىن كېيىن ، ئىككى ئوتتۇرىدىن ئۈزۈك ۋە شوخ بىر ئاھاڭ تۇغۇلدى . نازىك ئوتتۇرىدا قۇشتەك ئۇچۇپ ئوينىماقتا ئىدى . قىزلارنىڭ بەزىسىدىن سازدەك شوخ ۋە نەپىس ئاھاڭ ئاڭلاندى :

ئېچىلغاندا لەيلىلەر ، تېرىپ يۈرگەن بالىلار ،
ئېيتىڭلارچۇ ئايلىلا ، ئۆتكەن ئوماق سازمىدۇر ؟
ئۆتكەن ئوماق سازمىدۇر ؟
تەلمۈرگەننى بىلمىسە ، پىسەنتىگە ئىلمىسا ،
رەھمى ئەسلا كەلمىسە ، ماڭا قىلغان نازمىدۇر ؟
چەككەن جەبرىم ئازمىدۇر ؟

نازىك ئوينايتتى ، قىزلارنىڭ ناخشىسىغا بەدەن ھەرىكىتى بىلەن تەستىق شەرتىنى بېرەتتى ۋە بۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن نەپىس بىر سەنئەت كۆرسىتەتتى .

باغرىم ئوتتا يانىدۇ ، يارىم مەندىن تانىدۇ .
قۇلنى يوققا سانايدۇ ، مەندىن يا ئازارمىدۇر ؟
مەندىن يا ئازارمىدۇر ؟
يارىمنىڭ ئۆزى گۈلدۇر ، سېكىلەكلىرى سۇمبۇلدۇر ،
بىرلا كۆرگەن قۇل بولۇر ياكى بۇ پەردازمىدۇر ؟
ياكى بۇ پەردازمىدۇر ؟
خۇما كۆزۈڭنى ئوينىتىپ ، ئاشىقنى ئەرزان سېتىپ ،
ئىسيان لېيىغا پېتىپ ، جەبرۇئازاب بازمىدۇر[1] ؟
جەبرۇئازاب بازمىدۇر ؟

[1] بارمىدۇر — بەبە بارمىدۇ ، دىمەكچى .

تاتلىما سەن بۇيارام، يىغلاتما كۆپ، بەر ئارام،
تۇرغان ئورنۇڭدۇر ھەرەم، يەنى شاھىم بەزمىدۇر!
يەنى شاھىم بەزمىدۇر.
ئاي ۋە يىللار بىغلىغان[1] بەختسىز بىر قىز نەزمىدۇر!
بەختسىز بىر قىز نەزمىدۇر.

كېيىنكى بېيىتلار ئېغىر بىر پاجىئەنى تەسۋىرلىدى: ئايلار، يىللار يىغلىغان، ھەسرەتتىن ھوشسىز يىقىلغان بەختسىز بىر قىزنىڭ جانسىز پەريادىنى گەۋدىلەندۇرۇپ كۆرسىتىشتى. بۇ يەردە شوخ ئاھاڭ ئەپلىككىنە كېلىشتۇرۇپ بىر ھەسرەتتە تەرجىمانلىق قىلدى. يۇقىرىدىن باشلاپ ئويناق ـ شوخ روھتا ناخشا ئېيتىپ كەلگەن قىزلار ۋە نازۇكەرەشمىدە داۋاملىق ئويناۋاتقان ئوتتۇرىدىكى ئۇسسۇلچىمۇ بۇنىڭدىكى ئېغىر مەنىنى ئۆزىچە بىلدۇرۇشكە تىرىشتى:

ئاي ۋە يىللار يىغلىغان، باغرىنى بەك تىلغىغان،
ھەسرەتتىن بىغلىغان، بەختسىز بىر قىز نەزمىدۇر!

بۇ «بەختسىز بىر قىز» بەزمىدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم ئىدى. بۇ ئولتۇرۇشتا ئۇنىڭ پەريادى قاتناشسىمۇ، ئۆزى قاتناشمايتتى، ھېسابسىز پەريادلار، پىغانلار، ھەسرەتلەر بىلەن ھارغان بۇ قىز توپا ئاستىدا جىم ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى «قىرىق قىزلار» نىڭ ھەممىسىلا بىلەتتى، ھەتتا ئۇنى سېغىنىپ يىغلىغۇچىلارمۇ بار ئىدى. ھەقىقەتتىمۇ ئازادلىقتىن مەھرۇم قىلىنغان مەزلۇمە قىزلارغا نەچچە ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بىر شائىرەنى كىم بىلمىسۇن، كۆپچىلىكنىڭ ئېيتالمىغان ھەسرىتىنى ئاھاڭلارغا سېلىپ بەرگەن شائىرەنى كىم ئۇنتۇسۇن؟ ئاشىقىدىن ئايرىلغان بىر مەشۇقە، نومۇسغا تاجاۋۇز

[1] بىغلىغان يوقۇلدىغان، ھوشسىز يىقىلغان دېگەن مەنىدە.

قىلىنغان بىر ئاجىز قىزنىڭ پەريادى كىملەرنىڭ يۈرىكىگە كىرىپ ئورناشمىسۇن ؟

شۇنداق ... بۇنىڭدىن بىرەر يىللار ئىلگىرى شۇ «قىرىق قىزلار» ئىچىدىن نەزمى ئىسىملىك بىر قىز ئۆلگەنىدى . بۇ شۇ قىزنىڭ توقۇغان بېيىتلىرىدىن بىرى ئىدى . قىزلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ، نەزمى قوقان يېزىلىرىنىڭ بىرىدىكى چىرايلىق قىز ئىكەن . ئۇ چوڭ ئاپىسىنىڭ ئوغلى بىلەن بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن ، ھەتتا توي كۈنلىرىمۇ يېقىنلاشقانىكەن . دادىسى بەكمۇ كەمبەغەل دېھقان بولۇپ ، خۇدايارنىڭ بىرنەچچە يىللىق سېلىقلىرىنى تۆلىمىگەنىكەن ، خۇدايارنىڭ سېلىق يىغقۇچىلىرى يېزىغا چىقىپ ، نەزمىنىڭ دادىسىنى قىسىشقان ۋە ئۇرغان ... قىزىدىن باشقا مال تاپالماستىن ، ئۈچ يىللىق سېلىق بەدىلىگە نەزمىنى تۇتۇپ خۇدايارغا تارتۇق قىلىشقان . خانغا نەزمىنىڭ ھۆسن - چىرايى ياققان ، ئۇنى خىزمەتچى خوتۇنلارغا قوشۇپ ھامامغا ئەۋەتكەن . خۇدايار بىر - ئىككى كېچە بىچارىنىڭ نومۇسىغا تېگىپ ، كېيىن «قىرىق قىزلار» غا قوشۇۋەتكەن ... نەزمى شۇ يەردە ئىككى يىلچە ھەسرەتلىنىپ يىغلاپ يۈرگەن ، «قىرىق قىزلار» غا نۇرغۇن يېڭىلىقلار بەرگەن ۋە ئاخىرىدا ئۆزى سىل بولۇپ ئۆلگەن ...

نەزمىنىڭ ئاخىرقى ئىككى بېيىتىدىن كېيىن بەزمە تۈگىدى . ھەرقايسىسى ئۆز جايىغا تارقىلىشتى .

## 32 . نازىك

گۈلشەن بايىقى يەتتە قىزنىڭ يېنىدا ئۇخلىماقچى بولدى . نازىك بىلەن تۆھفە ئورۇن سېلىشىۋاتاتتى . قۇمرى گۈلشەنگە شوخلۇق قىلاتتى .

— سەن ئەخمەقسەن ، گۈلشەن ئاچا ! — دەيتتى قۇمرى ، — ئېرىڭنى يالغۇز تاشلاپ بىز «بويتاقلار» نىڭ ئىچىدە نېمە باردۇر

ساڭا ؟

— ئالجىماي ئۆل ! — دېدى گۈلشەن ، — سەنلەردىن نېمە چىقاتتى... ئەس - يادىڭ پەقەت ...

— سېنىڭ ئەس - يادىڭ نېمىدىدۇ ؟

— مېنىڭ ئەس - يادىم تىرىكچىلىكتە سەنلەر توقلۇقتا شوخلۇق قىلىشىسەن ، بىر چاغلاردا مەنمۇ خانىم ئايىملارغا دېدەك ئىدىم . لېكىن ، سەنلەردەك ...

ھەممە قىزلارنىڭ قۇلاق ۋە كۆزى گۈلشەنىنىڭ ئاغزىدا ئىدى . ئورۇننى سېلىپ بولغان تۆھفە سورىدى :

— سەن ئويلىمايتتىڭمۇ ؟

گۈلشەن بىرئاز جاۋابسىز ، كۈلۈمسىرەپ تۇردى .

— ئويلىسامۇ سەنلەردەك ھەممىنىڭ ئالدىدا ۋالاقلىمايتتىم ... بۇ ئۆزى شەيتاننىڭ ئىشى . ناماز ئوقۇساڭ ، روزا تۇتساڭ ، خىيالىڭغا بۇ نېمە زادى كەلمەيدۇ ، مانا بىرى ۋەزىپە ، سەنلەرگە ئوخشاش ئۇيات سۆزدىن ئېغىز ئاچمايدۇ !

— ۋا - ھا - ھا ! — دەپ كۈلۈۋەتتى قۇمرى ، — ئۆزۈڭ ئېيتقىنا ، زەرىپە ، سەن كېچە قانداق چۈش كۆردۈڭ ؟

— قۇرۇپ كەت ! — دېدى زەرىپە ئۆزىنى چەتكە ئۆرۈپ ، — كىشىنى كۆرگەن چۈشى بىلەن ئەيىبلىمەكچى ...

قىزلار بىردىن - بىردىن كېلىپ ئورۇنلىرىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇشتى . ئورۇنلار قاتار ، بىر - بىرىگە تاقاشتۇرۇپ سېلىنغانىدى . گۈلشەن ئۆزى ئۈچۈن چەترەكتىكى ئورۇننى تاللىدى .

— كۆڭلەك يېشىش ! — دېدى قۇمرى تۇرغان جايىدا ۋە كۆڭلىكىنى يېشىپ تاشلىۋەتتى ، — ئىشتان يېشىش !

قىزلاردىن ئۈچ - تۆتى نازىكنىڭ كەينىگە چۈشتى ۋە شاق - شۇق بىر - بىرىنىڭ يالىڭاچ تەنلىرىگە ئۇرۇشۇپ ئوينىشىپ كېتىشتى . قىپيالىڭاچ قىزلار ئارىسىدا كۈلكە باشلاندى .

— سەنلەرنىڭ يانلىرىڭدا ياتقان كىشى گۇناھكار بولىدۇ ! — دېدى گۈلشەن بېشىنى كۆرپىگە پۈركەپ ، — ئەگەر بىلىشسەڭ ،

ھەرقايسىڭ ئىككىدىن ، ئۈچتىن بالىلارنىڭ ئانىسى بولىدىغان ياشقا يېتىشتىڭ !

— توغرا دەيسىز ، ئايلىناي ، گۈلشەن ! — دېدى قۇمرى يالىڭاچ گەۋدىسىنى شامغا تۇتۇپ ، — ماڭا يەنە بىر قاراپ بېقىڭا ، بەلكى بەش بالىنىڭ ئانىسى بولسامۇ ئەرزىيدىغاندۇر !

ھەممە كۈلۈۋەتتى . كۆرپىنى بىر ئاز ئېچىپ قارىغان گۈلشەنمۇ بۇ كۆرۈنۈشكە ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كۈلدى .

— شامنى ئۆچۈر !

قۇمرى تەكچىدىكى شامنى ئۆچۈردى ، ئۆي قاراڭغۇ بولدى . ئەمدى «نېرى يات ، بېرى يات» بىلەن بىر - بىرلىرىنى ئىتتىرىشىپ ، سۈرۈشۈپ كۆرپىنى تۆت تەرەپكە تارتىشىپ جېدەللىشىشكە باشلاشتى .

— ئۇخلىتىشامسەن ، يوقمۇ ؟ — دېدى گۈلشەن ئاچچىق بىلەن .

— جىم ، جىم ! — دېدى يېرىم ئاۋاز بىلەن قۇمرى ، — گۈلشەن بىزنىڭ ئۆيگە ئۇخلىغىلى كەلگەنىكەن .

— ئۆيدە ئېرى ئۇخلاتماپتۇ بىچارىنى !

— مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرگە تەگمەيمەن - دە ، — دېدى قۇمرى ، — ئەر دېگەننىڭ ئېتى ئۆچسۇن ، كىشىنى ئۇخلاتمايدۇ !

— ئۇخلا ، بىچارە ، ئۇخلا ! — دېدى تۆھفە ، — «قىرىق قىزلار» دىن سەرەمجىنىڭنى ئەكەت !

يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى . گۈلشەن ھەرقانچە ئۆزىنى تۇتسىمۇ ، يەنە قىزلارنىڭ كۈلكىسىگە تارتىلدى .

— گەپ - سۆزدىمۇ بىر مەنە بولۇش كېرەك ، — دېدى گۈلشەن ، — بىكاردىن - بىكار ھى - ھى - ھى ؛ ئۇنىڭدىن كۆرە جىم ئۇخلىغان ياخشى !

— مەنىنىڭ ئۆزى نېمە ، گۈلشەن ئاچا !

— مەنىنىڭ مەنىسىنى سورىما ، تۆھفە ، — دېدى قۇمرى .

— گۈلشەن ئاچام جاۋاب بەرسۇن ، بىزنىڭ بۇ «قىرىق

قىزلار» دا سولىنىپ يېتىشمىزدىمۇ مەنە بارمىكىن؟
— ئۆنى قويىۋەرگىن، — دېدى قىزلاردىن يەنە بىرى، — گۈلشەن ئاچام ئېرىنى يالغۇز تاشلاپ، بىز مەنىسىزلەرنىڭ ئىچىدە يەنە بىر مەنىسىز بولۇپ يېتىپتۇ؛ شۇنىڭدىمۇ بىر مەنە بارمىكىن؟
— ئۇنىلىرنىڭ ئۇجۇقسۇن!
— بار، بار، — دېدى كىمدۇر بىرى، — بىزگە ھەمراھ تېپىپ كېلىدۇ.
— بىزگە ھەمراھ تېپىپ كېلىشىدىمۇ مەنە بارمۇ؟
— نېمىشقا مەنە بولمىسۇن، بىزگە ئوخشاش مەنىسىزلەر كۆپىيىدۇ.
— قىرلىپ كەت، ھەممىڭ ... ئەمدى مەنىسىزلەرنى كۆپەيتمەيمەن، جىم ئۇخلاش!
— بارىكاللا، — دېدى نازىك، — مانا ئەمدى سىزگىمۇ مەنە كىرىپتۇ.
— بىكار ئېيتىسەن، نازىك، گۈلشەن ئاچامغا مەنە كىرگىنىگە كۆپ بولغان.
— مەسىلەن، قاچان كىرگەن؟
— خېلىدىن بېرى ... ئەرگە تەگكىنىڭىزگە قانچە يىل بولدى، گۈلشەن ئاچا؟
قىزلار يەنە پاراققىدە كۈلۈشتى.
— تېتىقسىز گەپنى قويۇڭلار، ئۇخلايلى!
— ئۇخلاشنى بىرئاز قويۇپ تۇر، گۈلشەن ئاچا! — دېدى نازىك، — مەن ساڭا تاتلىق بىر ھېكايە ئېيتسام ئاڭلامسەن؟
— ھېكايەڭ قۇرۇسۇن! ...
— ئۆزى تاتلىق گەپ، ئاڭلىمىساڭ، بەربىر ئۇخلاتمايمەن!
گۈلشەن غودۇڭشىپ ئورنىدا ئاغدۇرۇلدى:
— ئېيت، لېكىن سوزما!
— سوزمايمەن، سەنلەرمۇ جىم يېتىش، كېلىنداشلار!
بىر ـ بىرلىرىنى غىدىقلىشىپ كۈلۈشكەن قىزلار نازىكنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشىمىدى.

— تۆھفە ، قۇمرى ! — دەپ ۋارقىرىدى نازىك ، — تىنچىشمىساڭ بوغىمەن ، ماقۇلمۇ ؟

نازىكنىڭ پوپوزىسىغا يەنە قۇلاق سالىدىغانلار چىقمىدى . نازىك ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇۋىدى ، قىزلار يوتقاننىڭ تېگىگە يوشۇرۇنۇشتى .

— ئاغزىڭغا ئايىماي ئۇرىمەن ، نەۋرۇز !

يوتقاننىڭ ئىچىدىن قىزلارنىڭ پىخىلداشلىرى ئاڭلانسىمۇ ، بايىقى غەلۋە تۇگىگەندەك بولدى .

— ئويغاقمۇسەن ، گۇلشەن ئاچا ؟

— گەپ قىلىۋەر !

قىزلارغا يەنە بىر قېتىم پوپوزا قىلغاندىن كېيىن نازىك ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى .

— بىر كۇنى ئەتىگەندە بىز هامامدىن كېلىۋاتاتتۇق ، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى نازىك ، — بىزگە يول ئۇستىدە بىر يىگىت ھەمراھ بولدى ...

— كونا دەرد ، — دېدى كىمدۇر بىرى . قىزلار پىخىلدىشىپ كۇلۇپ كەتتى .

— كونا گەپ بولسا ، كىشىنى ئاڭلىغىلى قويىمامسىلەر ؟ ... مەن گۇلشەن ئاچامغا سۆزلەپ بەرمەكچىمەن ، سەنلەر ئاڭلاشمىساڭ ، ئۇخلاش ، يا بولمىسا ، سۆزگە سۆزنى ئۇلاشتۇرۇش ! ! !

— سۆزلەۋەرگىن ، بىز جىم ياتىمىز ، — دېدى تۆھفە ، — نەۋرۇز ، قۇمرى ، ھەمراھ ، جىم يېتىش ـ دە ، ئەمدى !

— شۇنداق ، گۇلشەن ئاچا ، يولدا بىزگە بىر يىگىت ھەمراھ بولدى . ئۆزى قانداق يىگىت دەپ سورا : سۇرمە قويغاندەك ئاھۇ كۆزى بار ، قىزىل ئالمىدەك بۇدرۇق يۇزى بار ، ئەمدى چىقىپ كېلىۋاتقان كۆك مايسا بۇرۇتى ، رازىيە خانىمنىڭكىدىنمۇ نەپىسرەك قەلەم قېشى بار ... ئۇستىگە كىيگەن بەقەسەم تونى ئۆزىگە شۇنداق يارىشىپتۇكى ، بىز قىزلار ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قاراشتۇق ؛ ھە ، شۇنداقمۇ ، تۆھفە ؟

تۆھفە تەستىقلىدى ، گۈلشەندىن ئويغاقلىق جاۋابىنى ئېلىپ ، نازىك داۋام قىلدى :

— ياش ، تارتىنچاق يىگىت ئوخشايدۇ ، يىگىرمىچە قىزنىڭ ئۆزىگە تىكىلىشىدىن ئىزا تارتىپ يەرگە قارىدى ... بىزنى ھامىمىزغا نەسىبە ئائىلا بىلەن ھەنپە ئاچا ئېلىپ بارغانىدى . ئۇلار بىزنىڭ يىگىتكە ھاڭۋاققىنىمىزنى كۆرۈپ ، چاپسان مېڭىشقا ئالدىرىتىشتى . بىز يىگىتكە قاراپ - قاراپ ، ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزەلمەستىن ، ئىلاجسىزلىقتىنلا قەدەم باساتتۇق . يىگىتچاق بولسا بىزدىن قېلىشماي بىللە كېلەتتى . بىز ئۆردىنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىپ قالغاندۇق ، مەن قايرىلىپ كەينىمگە قارىدىم . ياش يىگىت تېخىچە ئون قەدەم نېرىدا كېلىۋاتاتتى ... شەيتان ۋەسۋەسە سېلىپ كۆڭلۈمگە بىر ئىش كەلدى . ئاستا - ئاستا سۈرۈلۈپ ، قىزلاردىن كېيىن قالىۋەردىم . ئەڭ ئارقىغا چىققىنىمدىن كېيىن ، بېشىمدىكى رومالنى ئېلىپ پەرەنجىنىڭ ئىچىدىن يەرگە تاشلىۋەتتىم ... دەرۋازىغا يېقىنلاشقاندۇق ، دەرۋازىنى ئېچىپ دەرۋازىۋەنلەر يىراقلاشتى . رومىلىمنىڭ يەرگە چۈشكەن - چۈشمىگەنلىكىنى بىلمەيتتىم . لېكىن ، دەرۋازىنىڭ تاشقىرىسىدا چۈشۈپ قېلىشىنى تىلەيتتىم ... ئىش كۆڭۈلدىكىدەك چىقمىدى ، دەپ ئەپسۇسلاندىم ، چۈنكى دەرۋازىدىن ئون چامدام ئىچكىرى كىرگەندۇق . دەرۋازا يېپىلماستىن يەنە كەينىمگە قايرىلىپ قارىدىم . ئۆزۈمدىن بەش چامدام نېرىدا چۈشكەن رومىلىمنى ھېلىقى يىگىت ئېڭىشىپ يەردىن ئېلىۋاتاتتى . مەن بۇرۇلۇپ يولۇمغا كېتىۋەردىم ...

«ئاچا ، رومىلىڭىز چۈشۈپ قالدى !»

يۈرىكىم پۇلاڭلاپ جايىغا چۈشتى . يىگىتچاق رومىلىمنى ئەكەلدى ، چىرايىدا بىرئاز كۈلۈمسىرەش بار ئىدى .

«سىزنىڭكىدۇر ؟» دەپ سورىدى .

«مېنىڭكى» دەپ قولىدىن ئالدىم ، رەھمەت دېيىشمۇ يادىمدىن چىقىپتۇ ، ئۆز يىگىت باشقا گەپ قىلمىدى . رومالنى ماڭا بېرىپ ،

ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ كەتتى . مەن بوشاشقانچە قىزلارنىڭ كەينىدىن ھەرەمگە قاراپ سۆرەلدىم ··· مەن يىگىتنى بىر چامدام نېرىدىن كۆردۈم ، ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىدىم ، قولىمۇ قولۇمغا تەگدىغۇ دەيمەن ··· ئۇخلاۋاتامسەن ، ئاچا ؟

— ئويغاقمەن ! — دېدى گۈلشەن ، — خوش ، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولدى ؟

— نېمە بولغىنىنى ھازىر سۆزلەپ بېرىمەن ··· يۈرىكىم ئوينىغان ھالدا «قىرىق قىزلار» غا كىردىم ، «ئاچا ، رومىلىڭىز چۈشۈپ قالدى ··· سىزنىڭكىمۇ ؟» دېگەن سۆزى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىن كەتمەيتتى ۋە قىياپىتــى كۆز ئالدىمغا كەلگەنسېرى ، يۈرىكىم پۇلاڭلايتتى ، ئۇياقنى ئويلايمەن ، بۇياقنــى ئويلايمەن ، ئويۇمنىڭ بېشىغا چىقالمايمەن ، ئەمما يۈرىكىمگە بىر پارچە ئوت چۈشكەندەك كۆيۈۋېرىدۇ . ئىچىمدىكى شۇ ئوت بىلەن گويا مەن مەست بولغانغا ئوخشايتتىم ، بېشــىم قاپاقتەك بولۇپ كەتكەن ، كۆزۈم قاراڭغۇلاشقان ، ماڭغان - تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن ، نېمىشقا كۆرگەندىمەن ، نېمىشقا قارىغاندىمەن ؟ نېمىشقا رومىلــىمنــى تاشلىدىم ، نېمىشقا ئېلىپ بەردى ، نېمىشقا ئوردىغا كىرەلىدى ؟ بۇ ئۆزى جىن ، مېنى ساراڭ قىلماقچى ··· ئاھ ، يەنە بىر كۆرسەم ئىدىم ! ھامامغا بارغانلارنىڭ ھەربىرىدىن سورايمەن : «يولدىكى يىگىــتنــى سەن كۆردۈڭمۇ ؟» ، «كــۆردۈم» ··· «كۆرگەن بولساڭلار سىلەرنىڭمۇ يۈرەكلىرىڭلار يــانــامدۇ ، يەنە كۆرگۈڭ كېلەمدۇ ؟» ، «ياق» ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ جىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالىمەن : مەن جىنغا يــولۇقتۇم ، جــــن مېنـــى ئېزىقتۇردى ، دەيــمەن ، «بــىزنــىڭ ئوردىدا شــۇنداق يــىگىــت بارمۇ ؟» ، «يوق» ، «سەنلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىمىـــزدىن ئوردىغا ئەگىشىپ كىرگىنىنى كۆردۈڭلارمۇ ؟» ، «ياق» ، دېمەك ، مېنى جىن ئېزىقتۇرغان ··· تــۆھفە بولسا : «سەن پــەرى يــىگىتكە ئــاشىق بوپسەن !» دەپ كۈلىدۇ . مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىمەن ، «بەلكىم پەرى يىگىتتۇر ، ئۇمۇ مېنى ياخشــى كۆرگەندۇر !»

دەيمەن . شۇنىڭدىن كېيىن مەن كۆتۈشكە باشلىدىم . ئەگەر ياخشى كۆرگەن بولسا ، مېنى ئۆز يۇرتىغا ئەكېتەر ، دەپ ئويلىدىم ، ئەتىگەن كۈتتۈم ، كەچ كۈتتۈم ، پەرى يىگىتتىن دېرەك يوق . ئون بەش كۈندىن كېيىن يەنە ھامماغا بېرىش ۋاقتى يەتتى . مەن خۇشال بولدۇم ، بەلكىم بۇگۈن پەرىلەرنىڭ يۇرتىغا كېتەرمەن ، دەپ ئويلىدىم . شۇ ئارزۇدا ھەممىدىن ئىلگىرى مەن ئاتلاندىم . باردۇق . ھاممامدىن چىقىپ پەرى يىگىت بىلەن ئۇچراشقان جايغا يېقىنلاشقاندۇق ، يۈرىكىم ئويناشقا باشلىدى . ئۇچراشقاندا قىلىدىغان شەرتلەرنى ئويلاپ قويغانىدىم . ئەگەر چەتتىن تۇرۇپ ئۆزىگە ئىملىسا ، قىزلاردىن ئايرىلىپ قالماقچىدىم . مەلۇم جايغا يەتتۇق . پەرى يىگىت يوق . ئۇياق - بۇياققا ، تار كوچىنىڭ ئىچىلىرىگە قارىدىم ، يەنە يوق . بەدىنىمدىن سوغۇق تەر چىقتى ، قىزلاردىن ئايرىلىپ ، يولدا توختاپ قالغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن ، بىر چاغدا ، نەسىبە ئايلىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى بىلەن ، كۆزۈم ئېچىلدى ۋە قايسى ئارىلىقتا قىزلارغا يېتىۋالغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن . ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا يەتكۈچە نەچچە قېتىم كەينىمگە قارىدىم ، — دېدى نازۇك ۋە ئۇزاق دەم ئېلىپ بىرئاز توختىدى ، — شۇنداق ، مەن بىر پەرى يىگىتكە ئاشىق . ئۇچ ئايدىن بېرى ئاشىقمەن ، گۈلشەن ئاچا !

-- پەرى يىگىتكە ئاشىقمۇسەن ، ھى - ھى - ھى !

-- نېمىشقا كۈلىسەن ، گۈلشەن ئاچا ! ئىشەنمىسەڭ ، تۆھىدىن سورا .

— ئاشىقلىقىڭغا كۈلمەيمەن ، — دېدى گۈلشەن يەنە كۈلۈپ ، — سەن ئېيتقان يىگىت پەرى ئەمەس !

نازۇك ئورنىدىن چاچراپ تۇردى :

— كىم بولمىسا ؟

— ئادەم !

— ئادەم ؟ سەن ئۇنى كۆرگەنمۇ ؟

— كۆرگەنمەن ... ئۆزى بىزنىڭ ئوردىدا ... ھازىر

بەيگچىنىڭ ئورنىغا كىم ئولتۇرغانلىقىنى بىلەمسەن؟
— بىلىمەن ، مىرزا ئەنۋەر ئاتلىق كىشى !
— سەن ئاشىق بولغان «پەرى يىگىت» شۇ ...
تۆھفە بىردىن قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى . بۇ كۈلكىدىن ئۈيقۇغا كەتكەن قىزلاردىن بەزىسى چۆچۈپ كەتتى .
— مىرزا ئەنۋەرگە ئاشىق بولغانىكەنسەن ، نازىك !
نازىك تېخىچە قېتىپ تۇراتتى ...
— شۇنچىلىك ياش يىگىت مىرزا بېشى بولغانمۇ ، گۈلشەن ئاچا ؟
— بولغان .
— بولسىمۇ ئەرزىيدۇ ، — دېدى نازىك ، — ئۆزى ئۆيلەنگەندىمۇ ؟
— مەن نەدىن بىلەي ، ئۆيلەنگەنمۇ ، ئۆيلەنمىگەنمۇ ؟ ... ئۆيلەنمىگەن بولغاندىمۇ ، سېنى ئالماس .
نازىك بىردەمگىچە جىم بولۇپ قالدى ...
— ئەلۋەتتە مېنى ئالماس ، — دېدى نازىك ، ئۇنىڭ ئاۋازىدا مۇشۇ دەمگىچە ئاڭلانمىغان بىر سۇنۇقلۇق بار ئىدى ، — ئەلۋەتتە ، سەن ئىيتقاندەك ، مېنى ئالماس ، ماڭا ئىت تەگكەن ...
گۈلشەن جاۋاب بەرمىدى ، بىردەمدىن كېيىن قاتاردىن يۇشۇلدىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى ۋە بۇ پۇشۇلداشنى ئارىلاپ - ئارىلاپ ، پىخ - پىخ يىغلىغان ئاۋاز بۇزاتتى .

## 33 . يېڭى «ھۈنەر»

ئىچكىرىدىن چىقىپ كەلگەن مەخسۇم مىرزا بېشىنى ساقلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە موللا ئابدۇراخماننىمۇ كۆرۈپ قالدى .
— بەخەير[1] ، موللا ئابدۇراخمان بەخەير ... ۋەئەلەيكۇم

[1] بەخەبەر ياخشى ، ئوبدان .

ئەسسالام !

سالىھ مەخسۇم موللا ئابدۇراخمان بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنى ئادەملەردىن ئايرىپ مېھمانخانىغا ئەكىردى .

— خوش ، ھەببە ··· ياخشى ، سالامەتمۇسىز ؟

— ئەلھەمدۇلىللا ··· ئۆزلىرىنىڭ سالامەتلىكلىرى ؟

— پەرۋەردىگارغا مىڭ قېتىم ··· خوش ، قەدەملىرىگە ھەسەنات ؟

— مەن ئۇ كۈنكى مەرھەمەتلىرى توغرۇلۇق ··· — دېدى موللا ئابدۇراخمان ، — ئەگەر مىرزا ئەنۋەر جانابلىرى مۇۋاپىق كۆرسە ، مۇنشىلىقىقا كىرسەممىكىن دېگەن نىيەتتە ···

— تولا ياخشى ، تولا ياخشى ! — دېدى مەخسۇم ، — نېمە غارايىپلىقى بار ، ئىلمىڭىز يېتەرلىك ، پەقەت ئىنشا ··· ئىنشادىكى يېتىشمەسلىكىڭىزگە ئەلۋەتتە ئەنۋەر ئۇستازلىق قىلىدۇ ، قاراپ تۇرمايدۇ ··· ھۆسنخەت ۋەجىدە سىزگە تەلىم ھاجەت بولمىسا كېرەك .

— تەھرىر[1] ۋە ئىنشادىمۇ ئۇستازغا موھتاجلىق ئاز ، — دېدى موللا ئابدۇراخمان بىرئاز تە بولغان قىياپەتتە ، — مىرزا ئەنۋەرچىلىك بولمىساقمۇ ، ئۇنىڭدىن بىرىراق ، تەقسىر ···

— يەنە ياخشى ، يەنە ياخشى ! ئەمما لېكىن دىۋانخانىدىكى ھەممە مىرزا ، مۇپتىلارغا قارىغاندا ئەنۋەرنىڭ تەھرىرى سىلىقراقمىش . بۇ ئەلۋەتتە ، تەلىمنىڭ خاسىيىتى ··· كەم - كۈتىلىرى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىلسە ، شەكسىز مەنپەئىتى بولىدۇ . ياخشى ··· مىرزا ئەنۋەرگە ئۆزلىرى ئۇچراشاقچىلىمۇ ياكى مەن ۋاستە بولسام ياخشىمۇ ؟

— بىلمىدىم ··· ئۆزلىرى ۋاستە بولسىلىمۇ بولامدىكىن ، دەپ ئويلايمەن .

— ۋاستىلىكمۇ ياخشى ؛ چۈنكى خاتىرجەم سۆزلىشىمىز ، ئاندىن سىزنىڭ كامالىتىڭىز ھەققىدە مىرزا بېشىنى

---

[1] تەھرىر — سىرىغچىلىق .

قانائەتلەندۇرۇش زۆرۈرىيىتىمۇ بار ، — دېدى مەخسۇم ۋە بىردەم توختاپ ئويلىدى ، — ھەببە . دىۋانخانا قائىدىسى بويىچە ، يېڭى مىرزا ئىش ئۆگىنىپ كەتكۈچە ئايلىق ئالمايدىكەن . بىزنىڭ ئەنۋەرمۇ باشتا مائاشسىز خىزمەت قىلغانىدى .

— مائاشنىڭ چوڭ ئەھمىيىتى يوق ، چۈنكى تۇرمۇشىمىز ئىمامەتچىلىك بىلەن تەمىنلىنىپ تۇرىدۇ ، تەقسىر !

— ھەببە ، ئۇ تەرەپتىنمۇ تەشۋىش ئاز ئىكەن . ئىنشادا چاققان بولۇۋالسىڭىز ، مائاش مەسىلىسى ئاسان ... شۇنىڭدەك ، بابىي ئالىيغا ئالاقە ، كالان ۋە كالانزادىلەر بىلەن مۇناسىۋەتمۇ كىشىگە كۆپ مەنپەئەت بېرىدۇ . بۇ تەرىپى سىزگە بەك غەنىيمەت ، — دېدى مەخسۇم ۋە ئاۋازىنى ئاستىلاتتى ، — ئىمامەت بىلەن بىر يەرگە يەتكىلى بولمايدۇ ... ئەمما ھەرىكىتىڭىز تولىمۇ ماقۇل ! سىز ئۆزىمىزنىڭ پەرزەنتىمىز سىز ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۆز باللىرىمىزنىڭ ئوردا بىلەن ئالاقىدار بولۇشلىرى بىزنىڭ كۆتكەن مەنپەئىتىمىزدۇر . خاتىرجەم بولۇڭ ، موللا ئابدۇراخمان ، مەن ئەنۋەرگە سىزنىڭ ئىشىڭىزنى چۈشەندۈرىمەن ، ئەلۋەتتە ، ئۆز يېنىغا ئالار !

ئابدۇراخمان مەخسۇمغا رەھمەت ئېيتتى ۋە كېتىش ئۈچۈن قوزغالدى .

— قاچان خەۋەر ئالسام بولاركىن؟ ئەلۋەتتە ، جاۋابىنى ئۆزلىرىدىن ئالسام كېرەك؟

— ھەببە ، ئەتىلىككە بامداتتىن كېيىن ، — دېدى مەخسۇم ، — نېمىشقا قوزغالدىڭىز ، چاي - پاي ، تەييار ...

— رەھمەت ، تەقسىر !

مەخسۇم موللا ئابدۇراخماننى ھويلىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئەنۋەرنى ساقلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ يېنىغا كەلدى ، ھەربىر كىشىدىن ئەھۋال ۋە كېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى سورىدى ، چاپىنى يېڭىراقلارنىڭ باللىرى نەدە ئوقۇيدىغانلىقىنى ، ئەگەردە مۇشۇ رايوندىن بولسا ، نېمە ئۈچۈن باللىرىنى باشقا

مەكتەپكە بېرىشكىنىنى تەكشۈردى . بولۇپمۇ ساقلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى ياماق چاپان ، قولى قاداق بىر دېھقان مەخسۇمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى .

— خوش ، ھە ، سىز بۇ ، يېزىدىن كەلگەنگە ئوخشايسىز ، — دېدى مەخسۇم ، — قېنى ئېيتىڭا ، كېسەل نېمە ؟

دېھقان مەخسۇمنىڭ ھۆرمىتىگە ئورنىدىن تۇرۇپ ، قول قوۋۇشتۇردى :

— ئون ئۈچ تاناب يېرىمىز بار ئىدى ، تەقسىر ··· پەمىچە ، ئېرىقىش بولغان بولسا كېرەك ، ئوتتۇز ئۈچ تانابقا ئالۋان سېلىشىپتۇ ··· مەن شۇنىڭغا ئەرز يازدۇرايمۇ ، دەپ···

— ھىم ـ م ـ م ، — دېدى مەخسۇم ، — يېزاڭلاردا ئاقساقال يوقمۇ ؟

— بولغىنى بىلەن ، تەقسىر ··· قۇلاق سالىدىغاندەك ئەمەس !

مەخسۇم دېھقاننى يەنە بىر قېتىم باشتىن ـ ئاياغقا كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى :

— ئەرز يازدۇرۇشقا پۇل كېرەك بولىدۇ ، ئۇكا ! پۇلىڭىز بولمىسا ، ئاۋارىگەرچىلىككە ئەرزىمەيدۇ ، ئىنىم ···

دېھقان بېلىنى تىمىسقىلاپ ، گويا پۇلىنى كۆرسىتىدىغاندەك ھەرىكەتلەندى .

— پۇلسىز ئەرزگە كېلىپ ساراڭ بوپتىمىزمۇ ، تەقسىر !

مەخسۇم دېھقاننىڭ پۇلى بارلىقىغا قانائەتلەنگەن بولسىمۇ ، ئەنۋەردىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى . چۈنكى «زەرناشۇناس» ئەنۋەرنىڭ بۇ دېھقانغا ئوخشاش كەمبەغەللەرنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرۈپ بېرىپ ، ئۇلاردىن «تىيىن» ئالماسلىقىنى بىلەتتى . ھەتتا شۇ توغرىدا ئەنۋەرگە «بۇ ئىشىڭىز زەرناشۇناسلىق ، بالام !» دەپ نەسىھەتلەرنى قىلسىمۇ ھېچ نەتىجە چىقمىغان ، شۇنىڭ ئۈچۈن «زەرناشۇناش» مەخسۇم يېقىندىن بۇيان قىزىق بىر ھۈنەر ئىجاد قىلغانىدى : مەخسۇم تولىراق ، كىشىلەر ئەنۋەرگە ئۇچرىشىپ تارقالغۇچە يۆلەكتە ئولتۇرۇۋالاتتى . ئەنۋەرگە يولۇقۇپ چىققان

ھەربىر كىشىنى توختىتىپ نەتىجىنى بىلەتتى ، ئەرز يازدۇرغان ياكى باشقىچە بىر مەسلىھەت ئالغان بولسا ، ھەق بەرگەن - بەرمىگەنلىكىنى سورايتتى ، ئەنۋەر بېرىلگەن ھەقنى ئالماي قايتۇرغان بولۇپ چىقسا ، دەرھال «سىز تېيىننى ئاز بېرىپسىز - دە ، جىقراق بەرسىڭىز ئەلۋەتتە ئالاتتى . مەيلى ، بوپتۇ ، بارىنى ماڭا تاشلاپ كېتىڭ ، ئۆزۈم ئۇنى ئۇنىتارمەن !» دەپ ئەرز يازدۇرغۇچىنىڭ بار پۇلىنى ئەپلەپ ئېلىپ قالاتتى ، ھەتتا بەزى چاغلاردا ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن يېنىپ چىققان كىشىدىنمۇ بىرنېمە ئۇندۇرۇشكە تىرىشاتتى ، «بىكارغا مۇشۇكمۇ ئاپتاپقا چىقمايدۇ ، سىزدىن پۇل سوراشقا تارتىنغان - دە ، ماڭا بىرنېمە تاشلاپ كەتسىڭىز ، ئۆزۈم ئۇنىڭغا بېرىپ قويىمەن . ئۆزىڭىزگە بېرىشكە ئىزا تارتىپتۇ ، دەپ ئېيتارمەن . ھەببە ، يەنە ئىشىڭىز چىقىپ قالسا كېلىشكە ياخشى - دە !» دەيتتى .

مەخسۇم بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى بۇ «ھۇنەر»نى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان ، ئەنۋەر ئەرز ۋە مەسلىھەتتىن بىر تېيىن تاپمىغان كۈنلەردە ئۇ نەچچە تەڭگىنى يۆلەكتە تاپاتتى ، كىشىلەرنى يولغا سېلىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن شاراق - شۇرۇق پۇل بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ كېتەتتى ، ئىچكىرىدە بۇگۈنكى «دارامەت»نى ساناپ ، بىر تەڭگىنى بەش تەڭگىلىكتىن ، تەڭگىنى تېيىندىن ئاجرىتىپ ، «ۋاي ، گەپ بىلگۈچە ئىش بىل ، بەچچە تالاق !» دەپ ئۆزىچە كۈلەتتى ، ئەلۋەتتە ، بۇ «ھۇنەر» نى ئۆيئىچىلىرىدىن يوشۇراتتى ، بولۇپمۇ ئەنۋەردىن «ھېسابسىز» ئەندىشە قىلاتتى ...

مەخسۇم نامازدىگەر ئوقۇشقا كەتكەن چاغدا ئەنۋەر ئوردىدىن قايتىپ كەلدى . مەخسۇم ئالدىراپ ۋە نامازدىگەرنى چالا ئوقۇپ كەلسىمۇ ، يەنە بەختلىك ئادەملەردىن خېلىسى ئاللىقاچان ئىشلىرىنى تۈگىتىپ تارقاشقانىدى ، نامازدىگەرگە ئەزاننى كەچ ئېيتقان مەزىندىن رەنجىدى ، ئىچكىرىدە يەنە بىرنەچچە كىشى كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن ، كونا ئادىتىچە ، خۇددى بىرىنى كۈتكەندەك

يۆلەككە كېلىپ تۇردى . بىردەمدىن كېيىن مېهمانخانىدىن بىر موللا سۈپەت ئادەم چىقىپ كەلدى . مەخسۇم چىققان ئادەمنى ياقتۇرمىغاندەك يەر تېگىدىن كۆزىنى غىلاي قىلىپ قارىغاندىن كېيىن ، بىردىنلا تۇرقىنى ئۆزگەرتتى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم . كەلگەنىكەنلا ، تەقسىرىم !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! ئوبدان سالامەتمۇسىز ، سالىھ مەخسۇم ؟ مىرزا ئەنۋەردە بىرئاز ئىشىم بار ئىدى ··· روناق تاپقۇر ، تولا ئەقىللىق بالا ، كىچىككىنە ئەرز يازدۇرۇۋالدىم ··· ئوبدان سالامەتمۇسىز ، مەخسۇم ؟

مەخسۇمنىڭ ئاغزىدىن ھەر تۇرلۇك تەكەللۇپلار چىقسىمۇ ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەرز يازدۇرغىنىنى سورىمىدى . چۈنكى ، بۇ ئادەم شۇ ئەتراپنىڭ ئىشانلىرىدىن بولۇپ ، گادايدىن خەير كۈتۈش مەنىسىز بولاتتى . بۇنىڭدىن باشقا ، ئىشانىنى سۆزگە تۇتسا «كەلگۈسى كىرىم» نىڭمۇ قولىدىن چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى بار بولغىنى ئۈچۈن مەخسۇم سۆزىنى قىسقارتىپ تۈگەتمەكچى بولدى :

— تولا ياخشى ، تولا ياخشى ، كېلىپ تۇرسىلا ، تەقسىرىم !

— كېلىمىز ، كېلىمىز ، مىرزا ئەنۋەرگە پەتە ئوقۇشىمىزمۇ كېرەك ! ئۆزىڭىز بىر زىياپەت قىلىپ چاقىرايمۇ دېمەيسىز ، مەخسۇم ! مەن مىرزىغا ئېيتتىم ؛ بۇ خىزمىتىڭىز بىلەن قۇتۇلمايسىز ، بىر زىياپەت قىلىپ چاقىرىسىز ، دېدىم ، مىرزا تولا سېخىي مىجەز كۆرۈندۇ . قاچان كەلسىڭىز زىياپىتىمىز تەييار ، ئىشان ئاكا دەيدۇ ! بالىلارنىڭ توينى قىلارمىشسىز ، دەپ ئاڭلىدىم . مىرزىدىن سورىسام ، كۇلكىگە ئايلاندۇرۇۋېپ توغرا جاۋاب بەرمىدى . خەيرلىك ئىشنى توختاتمىغان ياخشى ··· ياخشى ، توي قاچان ، مەخسۇم ؟

مەخسۇم بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان «بىمەنە» لىكتىن خېلى تاقەتسىزلەنگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ، ئىچكىرىدىن بىرەر كىشى چىقىپ قالمىسۇن دەپ بىسەرەمجانلانغانىدى .

— تويىنى ، ئەتىيازلىقتا باشلىساق ، دەپ تۇرىمىز !

— ۋاقىتنى ئۆزۈڭنىغا سوزۇپسىلەر ـ دە ! خەير ، ھەربىر ئىش ۋاقتى ـ سائىتىگە يېتىپ بولىدۇ . تويۇڭلار كىچىك بولماس ، دەپ ئويلايمەن . تۆت مەھەللىنىڭ ئادەملىرىمۇ تويغا ئېيتىلسا كېرەك ، ھەرەم خانىملىرىنىمۇ بىر كۆن كۆتۈرسىلەر ... چۈنكى ، كۆيئوغلىڭىز كىچىك ئادەم ئەمەس . بىرەر مىڭ تونىنىڭ كېتىشى بۇ يەردە تۇرغان گەپ . ئەلۋەتتە ، تويغا كەلگەنلەرنىڭ قوللىرى قۇرۇق بولمايدۇ ... ھەرەم خانىملىرى بولسا يۈز تىللالىق سەرپايىسىز كېلىشمەس ، قىزىڭىزغا دېدەك سوۋغات قىلىشىسىمۇ ئەجەب ئەمەس ، ئەلۋەتتە ، دارامەتكە يارىشا خىراجەت دېگەن گەپ بار .

مەخسۇم مېھمانخانىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ يامانلىغان ئاتتەك تېپىرلىدى . ئىشان بولسا تىنماي بۇلبۇلدەك سايراۋاتاتتى :

— تويدىن قورقۇش كېرەك ئەمەس . ياخشى ئىشنىڭكىنى ئاللاتائالانىڭ ئۆزى يەتكۈزىدىكەن . سىزنىڭ تويىڭىزغۇ ، ئەلۋەتتە باشقىلارنىڭكىدىن جىق چوڭ بولىدۇ . يەنە شۇنداق بولسىمۇ تەۋەككۈل قىلىپ غۇلاچنى كەڭ يېيىۋېرىش كېرەك . خۇدا خالىسا ، توي كۈنلىرىڭلاردا ئۆزۈم كېلىپ تۇرىمەن ، توي كۆرمىگەن كىشى ئۇچۇن ، ئەلۋەتتە ، ئادەم كۈتۈش تەس . لېكىن ، ماڭا ئوخشاش ئادەمدىن ئىككىسى بىر كۈندە بەش مىڭ ئادەمنى كۈتەلەيدۇ .

مېھمانخانىدىن چىقىپ كەلگەن كىشى بىر خوتۇن ئىدى . ئۇ بۇلارنىڭ يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى . مەخسۇم ئالاق ـ جالاق بولۇپ بىر ئىشانغا ، بىر خوتۇنغا قاراپ قالدى .

— ئايالّلار بولسا ئىچكىرىدىن خاتىرجەم بولۇشسۇن ... بىزنىڭ ئايالّلار تويدا خوتۇنلارنى كۈتۈپ بەكمۇ ئۇستا بولۇشۇۋالغان . تويدىن بىرەر ھەپتە ئىلگىرى خەۋەر بېرىلسە ، ئەلۋەتتە ، باش ئۇستىگە ، ئايالّلارنى ئەۋەتىمىز ... خىيالىڭىز پەرىشان كۆرۈنىدۇ ، مەخسۇم ، بىرەر يېرىڭىز ئاغرىمىدۇ ، موللا سالىھ ؟

ھەقىقەتەنمۇ مەخسۇم ھازىر بەك بىسەرەمجان بولغانىدى . چۈنكى ، مېھمانخانا تەرەپتىن يەنە بىر ئاياغ تىۋىشى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى .

— ياق ، بەھۇزۇر !

— شۇنداق ، تويدا ئادەم كۆتۈشتىن خاتىرجەم بولۇڭ . تويدىن ئىلگىرى ھېلىقى زىياپەتنى ئۆتتۈماك ـ ھە ، موللا سالىھ ! شۇ باھانىدە مىرزا ئەنۋەر بىلەنمۇ بىر سۆھبەتلىشەيلى !

مېھمانخانىدىن چىققان دېھقان يۆلەكتىكى ئىككى «ھۆرمەتلىك» زاتقا تەزىم قىلىپ دەرۋازىغا ماڭدى . تاقىتى تۈگىگەن مەخسۇم ئىشاننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماستىن :

— سىز توختاپ تۇرۇڭا ، ئۇكا ! — دېدى .

دېھقان نېرىدا توختىدى . ئىشان يەنە سۆزىنى داۋام قىلدۇردى :

— ئەگەر ۋاقتىڭىز بولسا ، مەن مۇشۇ ھەپتە ئىچىدە بىكار ئىدىم . مىرزا ئەنۋەر قاچان بولسىمۇ تەييار ئىكەن . تەكەللۇپنىڭ ئانچىمۇ ھاجىتى يوق . مانتىمۇ ، سامسىمۇ ئىشقىلىپ ئىبغىزغا ياقىدىغانراق غىزا بولسا كۇپايە ... ۋاقتىنى بەلگىلەپ ، مەكتەپ باللىرىدىن بىرىنى بىزنىڭ ئۆيگە ئەۋەتسىڭىز ، بەس !

— خوپ ، تەقسىر !

— بولمىسا ، گەپ شۇنداق بولسۇن ، ئۆزىڭىزمۇ بىزنى يوقلاپ ئۆيگە بارسىڭىز ، قەدىمىڭىز كىرا تەلەپ قىلامدۇ . خەير ، موللا سالىھ ، كۆرۈشكۈچە خۇدانىڭ پاناھىغا !

— خەير ، تەقسىر ، خەير !

مەخسۇم ئىشاننى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقىشقا چىدىماي دېھقاننىڭ يېنىدا توختىدى :

— نېمە گەپ ، ئەرز يازدۇردىڭىزمۇ ، ئۇكا ؟

— ياق ، تەقسىر ! — دېدى دېھقان ، — تەقسىرىم مۇشۇ قەغەزنى پۈتۈپ بەردى ، تاناپچىغا كۆرسىتىدىغان قەغەز ئىكەن !

— تولا ياخشى ! — دېدى مەخسۇم ، — قەلەم ئۇچى

بەردىڭىزمۇ ؟

— ياق ، تېيىن بەرسەم ئالمىدى ، تەقسىرىم .

— ئازغىنە بەر ...

مەخسۇم «ئازغىنە بەرگەنسىز» دېمەكچىدى ، لېكىن ، «ئازغىنە بەر» بىلەن تىلىنى چىشلەپ ، دېمى ئىچىگە چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى . چۈنكى ، ھازىر مېھمانخانا تەرەپتىن ئەنۋەر چىقىپ كەلگەن ۋە مەخسۇمغا سالام بەرگەنىدى .

— ۋەئەلەيك ... مەن ، شۇنداق ، مەسچىتتىن ! — دېدى مەخسۇم ئالدىراپ قالغان ھالەتتە ۋە ئۆز ئاغزىغا قاراپ تۇرغان دېھقانغا شەرەت قىلدى ، — ئىشىڭىز پۈتكەن بولسا ، كېتىۋېرىڭ !

## 34 . خەيرۇلئۇمۇرى ئەۋسەتۇھا

دېھقان «ئازغىنە بەر» دەپ تىلەنگەنگە نېمە بېرىشىنى بىلەلمىگەن ھالدا ، يۆلەكتىن چىقىپ كەتتى . مەخسۇم ھودۇققان ھالدا ئەنۋەر بىلەن ئىچكىرىگە ماڭدى ، بىرئاز سۆزسىز ماڭغاندىن كېيىن ئاستا ئەنۋەرنىڭ چىرايىغا قاراپ قويدى .

— غازى ئىشان ھۇزۇرىڭىزغا كەلگەنىكەن ! — دېدى مەخسۇم ، — ئۆزى تولا بىمەنە ئادەم . زىياپەت - مىياپەت دەپ بىر سائەتكە يېقىن ۋاقتىمنى ئالدى . ئۆزى بەك تەمەخور ئادەم . سىزگە زىياپەتتىن گەپ ئاچقان بولسا كېرەك .

ئەنۋەر كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى . مەخسۇم غازى ئىشاندىن كايىشىنى داۋام قىلدۇردى :

— تەمە ئۆزى بەك يامان نەرسە ... يەنى ، ئەرزىمەن قەنە ، زەللەمەن تەمە[1] . . . ئاتىسى مەرھۇم ھېسابسىز تەمەخور ئادەم ئىدى . ئىت يېگىننى قۇسقاندەك ، ئوغلى ئۇنىڭدىنمۇ رەسۋاراق چىقىپتۇ . بۇ ئەۋلادنىڭ چوڭىدىن - كىچىكىگىچە بىر -

---

① قاباھەتلىك — ئەرزىر ، بەمەلىك — كىسى خاردۇر ، دېگەن مەنىدە .

بىرىدىن بەتتەر ... بىكارغا ئەرز يازدۇرۇپسەن ، كېتىۋەر ، دېدىم . يەنە بۇ ئوتتۇرىدا زىياپەت دېگىنى نېمىسى؟ !

ئەنۋەر مەخسۇمنىڭ سۆزىگە كۈلۈپ كەينىدە كېتىۋاتاتتى . مەخسۇم ئىچكىرى تەرەپكە سۆزلىگەن بويىچە ماڭدى :

— تەكەللۇپ لازىم ئەمەسمىش : مانتىمۇ ، سامسىمۇ ، ئىشقىلىپ ئېغىزغا ياقىدىغان غىزا بولسا كۇپايە ئىمىش . كاۋاپ بولسا يېمەسمىدىڭىز ، ئىشان؟ ! تويغا ئۆزى باش بولۇپ تۇرارمىش ، ئادەم كۇتۇشنى تولىمۇ ئوبدان بىلەرمىش ، ۋاي ! ... مەن سەندەك تەمەخورنى توي بېشى قىلىپ سارالڭ بولدۇممۇ؟ ئۆيدىن تاق كېلىپ جۇپ كەتمەكچى ـ دە ، بۇ تەمەخور .

مەخسۇم شۇ سۆز بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ ، هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بوۋاقنى كۆتۈرۈپ تۇرغان رەنانىڭ يېنىدىن ئايۋانغا ئۆتتى . مەخسۇمنىڭ كەينىدىن كىرگەن ئەنۋەر رەنانىڭ ئالدىدا توختاپ ، ئۇنىڭدىن بوۋاقنى ئالدى . دادىسىنىڭ چىرايىدا ئاچچىقلىنىش بارلىقىنى سەزگەن رەنا ئەنۋەرگە «نېمە ئىش» دېگەندەك ئىشارەت قىلغانىدى ، ئەنۋەر كۆز قىسىپ ئەرزىمىگەن ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى .

مەخسۇم ئايۋانغا چىقىپ ئولتۇرۇش ۋاقتىدا يەنە بىر «ئەستاغپۇرۇللا» دەپ قويدى ، چۈنكى كەيپى تولىمۇ بۇزۇلغانىدى ، مەسچىتتىن كەچ قايتىش بىلەن بۇزۇلغان ئوزايى غازى ئىشاننىڭ «پەسلىكى» بىلەن بەكمۇ ئەۋجىگە چىققانىدى . بۈگۈنكى كۈتۈلگەن «كىرىم» باشتىن ـ ئاياغ پالاكەتكە ئۇچراپ ، مەخسۇمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغان ، بولۇپمۇ دېهقانىنىڭمۇ بىكارغا قۇتۇلۇشى ۋە ئۆزىنىڭ ئەنۋەر ئالدىدا شەرمەندە بولۇشقا تاس قېلىشى ... مۇشۇلارنىڭ هەممىسىگە شۇ «پەس» ، «تەمەخور» سەۋەبچى بولدى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەخسۇم غازى ئىشان توغرىسىدا هەرقانداق سۆزنى ئېيتىشتىن تارتىنىپ تۇرمىدى .

ئەنۋەر هويلىدا ، بوۋاقنى ۋاستە قىلىپ ، رەنا بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى . مەخسۇم كەچقۇرۇنلۇق غىزا ئېتىش بىلەن ئاۋارە

بولۇۋاتقان نىگار ئايىمدىن غىزانىڭ تەييار بولۇش ۋاقتىنى سوراپ ، ئەنۋەرنى ئۆز يېنىغا چاقىردى .

— قېنى ، بـويـاقـقا ، ئـەنۋەر ! — دېدى مەخسۇم ، — غىزانى مۇشۇ يەردە يېسەكمۇ بولار ... سەن رەنا ، ئۇكىلىرىڭغا قارىغىنا : مەنسۇر تاشقىرىدا كۆرۈنگەندەك قىلىـــۋىدى ؛ دەرۋازىنىـــمۇ زەنجىرلەپ كىر ، قىزىم !

رەنا تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى . ئەنۋەر قولىدىكى بوۋاق بىلەن ئايۋانىنىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ ئولتۇردى . بوۋاق ئەنۋەرنىڭ قولىدىن ئىرغىپ ھەر تەرەپكە تەلپۈنەتتى ۋە تۈرلۈك ئاۋازلار چىقىرىپ قىرقىرايتتى . مەخسۇم بوۋاقنىڭ ھەرىكىتىگە قىزىقىسىندى :

— مەم ـ مەم ، مەم ـ مەم ، مەم ! — دېدى قولىنى بوۋاققا ئـوينىتىپ ، — دۇ ـ دۇ ـ دۇۋ ... ھـەي ئـەخمەق ، ھـەي ئەخمەق ! ... بەكمۇ شوخ بوپتۇ ـ دە ، بەكمۇ ، دۇ ـ دۇ ـ دۇۋ !

بوۋاق مەخسۇمغا تەلپۈنەتتى ، قوللىرىنى بىر ئېچىپ ، بىر يۇماتتى .

— كەل ، يىگىت ، كەل ! تېخى خام ـ دە ، خام ؛ قىزىل چىقىۋالسا ئىدى . دۇ ـ دۇ ـ دۇۋ !

رەنا ئۇكىلىرىنى باشلاپ كىردى ، مەخسۇم بوۋاقنى قويۇپ ، باللارغا كايىپ كەتتى :

— ھەي بىمەنىلەر ! چاقىرمـــسا ئۆيگە كـــىرىشنـــى بىلىشمەيسەن ! ئۇستۇبېشىنى قارا ، ئۇستۇبېشىـــنـــى ! توپـــىغا ئېغىنىدىڭمۇ ، ئېشەك ! قاق ، قاق !يېشىپ قاق ! ئىسىت ، ئىسىت كىيىم ... بۇلارنى ئەمدى نېمە قىلسا بولىدۇ ، ئەنۋەر ؟

ئەنۋەر مەخسۇمدىن قورقۇپ تۇرغان باللارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى :

— ئەقلى كىرىپ قالىدۇ .

— قىيامەتتە كىرەمدۇ ؟ بۇلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمىسەم ! ... ھوي ، كۆزلىرىڭ چىقسۇن ! رەنا ، سەن ئاكاڭغا كۆرپە سېلىپ ، ئۇكاڭنى ئال ، ئاپاڭغا ئېيت ، ئاش دەم يېگەن بولسا ، ئۇسسۇن !

رەنا ئايۋانغا كۆرپە سېلىپ، ئەنۋەردىن بوۋاقنى ئالدى ۋە ئاپىسىنىڭ يېنىغا كەتتى.

— ئەنۋەر، قېنى كۆرپىگە چىقىڭ! قوللىرىڭنــى يۇيۇپ كېلىش، ئېشەكلەر!

باللار يۇگۈرۈشۈپ ئېرىققا كېتىشتى. ئەنۋەرمۇ قول يۇيۇش ئۈچۈن باللارنىڭ كەينىدىن باردى. ئېرىقنىڭ سۈيى بەكمۇ لاي ئىدى. ئەنۋەر باللارنى ئېرىقتىن ياندۇرۇپ ئاپتۇۋىدىكى سۈزۈك سۇدىن ئۇلارنىڭ قولىغا قۇيۇپ بەردى. نۆۋەت ئۆزىگە كەلگەندە مەخسۇم ئايۋاندىن تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— رەنا، ئاكاڭنىڭ قولىغا سۇ قۇي!

ئەنۋەر رەنانىڭ كېلىپ سۇ قۇيۇشىغا قارىماستــن، ئۆزى يۇيىۋەردى. رەنا يېتىپ كەلگۈچە قولىنى يۇيۇۋالدى. مەخسۇم قىزىدىن خاپا بولدى.

— تولا سۇس چامدايسەن ـ دە، رەنا! تالقان يەپ سېنى سۇغا ئەۋەتكەن كىشى سەن قايتىپ كەلگۈچە، تېلىقىپ ئۆلىدۇ!

مەخسۇمنىڭ ئوخشىتىشىدىن ئەنۋەر بىلەن رەنا كۈلۈشتى. سۆزنى جايىدا ئىشلەتكىنى ئۈچۈن بولسا كېرەك، مەخسۇمنىڭ ئۆزىمۇ كۈلۈمسىرىدى:

— توغرا ـ دە، مىرزا ئەنۋەر، قولى سۇس كاسىپتىن پۇتى چاققان گاداي ياخشى دەيدۇ!

ئۇلار يەنە كۈلۈشتى. مەخسۇم زوقلاندى. ئەنۋەر كۆرپىگە چىققاندىن كېيىن، رەنا ئوتتۇرىغا داستىخان سالدى. نىگار ئايىم ساپال لېگەندە پولۇ ئەكېلىپ، ھەممىسى بىللە ئاشقا ئولتۇرۇشتى. ئاش ئوخشىغانىدى. بىرىنچى ئېلىشتىن كېيىنلا، مەخسۇم نىگار ئايىمنى تەقدىرلىدى:

— بۈگۈنكى ئېشىڭ يارايدۇ، نىگار … لېكىن، گۆشنى جىق ساپسەن!

نىگار ئايىم كۈلۈمسىرەپ ئەنۋەرگە قارىدى:

— گۆش جىق بولسا، ئاش ئوخشايدۇ.

— خەيرۇلئومۇرى ئەۋسەتۇھا[1] نىگار !

— بۇ سۆزنىڭ ئاشقا گۆشنى ئاز - جىق سېلىش بىلەن نېمە ئالاقىسى بار ؟

رەنا ئاپىسىنىڭ سۆزى بىلەن پىخ قىلىپ كۈلدى . ئەنۋەر يۈزىدىكى كۈلكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن چەتكە قارىدى .

— ھەدىسنىڭ ھۆكمى ئام[2] ، نىگار ! — دېدى مەخسۇم ، — بۇ يەردىكى ئۆمۈر - ئۆمۈرىد دۇنيا ؛ ئۆمۈرىد دۇنيا ئىبادەت ئەز ھەرەكەتى ئەھلى مۆئمىن . ئىنچىنىن ھەدىسنىڭ ئەمەلىيىتــــى ئاخىرەت ئۈچۈنمۇ ھۆكمى جارىيدۇ ··· مەسىلەن ، شەبۇرۇز سەۋم ۋە سەلات[3] مۆئمىن كىشىنى جىسمەن ناتەۋان ۋە نەفەقەئى ئەھلى ئايالدىن ئاجىز قىلىدۇ . بەس ، بۇ ھالدا ، ئىبادەتنىڭ كەسرەتى (كۆپلۈكى ) ، يەنى تائەتتە ئىفراتمۇ خەيرۇلئومۇر (ياخشى ئىش ) قا قوشۇلماس ، چۈنكى پەرز ۋە سۈننەت بەندە ئۈچۈن كافى ئىدى . مەنايى كافى چىست ، ئەي ئەۋسەت ··· شۇنىڭ ئۈچۈن ، بۇ ھەدىسى شەرىپ تۇرمۇش بابىدا دەستۇر قىلىنسا يەنە ئەينى ھېكمەت ۋە ساۋاب . مەسىلەن ، ئاشقا يىگىرمە مىسقال گۆش سالماقچىسەن ؛ ئەمما «ئەۋسەت» (ئوتتۇرىچە ) قىلىش نىيىتىدە ئۇنىڭدىن ئون مىسقىلىنى ئايرىپ قالدىڭ ··· بەس ھېكمەتنى كۆرگىن : ئەتىكى كۈنى ئىشىڭ يەنە توغرامچىلىق ، يەنى «ئەۋسەت» بىلەن ئىككى كۈنلۈك ئېھتىياجدىن قۇتۇلۇپ ، ساۋابقىمۇ ئىگە بولدۇڭ ! باشقا ھېكمىتى : دۇنيا تەرىپىڭ ياخشى ئىدى . غىزانى ئوبدان مەززىلىك قىلىپ يەپ ، نەپسىڭ ئوبدان غىزاغا ئۆگىنىپ قالدى . ۋاقتى كېلىپ چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىدىڭ ، كۈنۈڭ گۆشسىز غىزاغا قالدى ؛ ئەمما نەپسى ئۆمما رەڭنى توغرامچىسى جىق غىزاغا ئۆگىنىپ قويغانلىقىڭ سەۋەبىدىن ، گـۆشسىز غىزا ئـاغزىڭغا تېتىمايدۇ ، بۇ — بىر ئەرزىيەت - جاپا ؛ شۇنىڭدىن كېيىن : لەززەتلىك غىزاغا

---

[1] خەيرۇلئومۇرى ئەۋسەتۇھا   ھەر ئىشنىڭ ئوتتۇرا ھال بولغىنى ياخشى .

[2] ھەدىسنىڭ ھۆكمى ئام   پەيغەمبەرنىڭ سۆزى توغرۇق .

[3] شەبۇرۇز سەۋم - روزا . سەلات — نامار .

ئۆگىنىۋالغان نەپسىڭنىڭ تەلىپى بىلەن، تورلۇك يامانلىقلارغا ۋە نەپرەتلىك قىلىقلارغا كىرىشىپ كېتىشىڭنىڭ خەۋپىمۇ بار؛ بۇ نېمىدىن كەلدى؟ ئەلۋەتتە «ئەۋسەت» كە رىئايە قىلمىغىنىڭدىن!

مەخسۇمنىڭ «ئەمرىمەرۇپى» نىگار ئايىمغا قارىتىپ سۆزلەنسىمۇ، ھەقىقەتتە ئومۇمىي، يەنى بىر ئوق بىلەن بىرنەچچە قۇشنى سوقماقچىدى. لېكىن، ئۇدۇلغا قاراپ ئېتىلغان بۇ ئوقتىن مەخسۇمنىڭ ئۆزىمۇ ئامان قالمايتتى. ئەگەر لېگەننىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغۇچىلاردىن بىرى تۇرۇپ، باشقىلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت بۇگۇنكى خەيرۇلئومۇرىڭىزنى مەسالغا ئالايلى: يۆلەكتىكى «ئۇمرىد دۇنيايىڭىز» ئۆزىڭىز ئېيتقان «ئەۋسەت» كە كىرەمدۇ؟ دەپ سورىسا، بىلمىدىم، مەخسۇم نېمە جاۋاب بېرەتتىكىن. مەدرىسە كۆرگەن سالىھ مەخسۇم بەلكىم بۇ سوئالدىنمۇ ئالدىراپ قالمايتتى. كىتابنىڭ «نەپەقە» بابىدىن ۋاراق ئېچىپ «نەپەقەئى ئەھلى ئايال» ئۇچۇن بولغان «ھەرەكات» نىڭ پەرزىلىكىدىن ۋە بۇنىڭدىكى ھېسابسىز ساۋابلاردىن دەم سېلىپ، «نەپەقە» بىلەن ئىشى يوق بەزىلەرنى «يەرگە قارىتىشى» مۇ مۇمكىن ئىدى … لېكىن ئوق يېگەنلەردىن ھېچبىرى مەخسۇمغا قارشى چىقىشمىغاندەك، ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاش بەلگىسىنىمۇ كۆرسىتىشمىدى. ئېھتىمالكى ئۇلار قارشىلىشىشقا ئاجىز ئىدى ياكى قارشى چىقىشقا ئوتتۇرىدا باشقىچە بىر سەۋەب بار ئىدى. پەقەت بىر – بىرىگە ئۇدۇل ئولتۇرۇشقان ئىككى ياش مەنىلىك كۆز ئۇرۇشتۇرۇپ كۈلۈمسىرەشتى.

مەخسۇم «ئەمرىمەرۇپ» تىن كېيىن ئاشقا قارىدى، ئۇزۇنغىچە سۆزسىز، پەقەت ئاشتىن باش كۆتۈرمىدى. مەخسۇمنىڭ دەۋاسىچە، ھەربىر ئىشتىمۇ «ئەۋسەت» يەنى ئوتتۇرا دەرىجە ئۆلچەمدۇر. لېكىن، ئاش ئېلىشتا بۇ «ئۆلچەم» ئۇنتۇلدى. باشقىلار ئارىلاپ – ئارىلاپ بىر تال گۆش قوشۇپ ئالسا، مەخسۇم بىر كاپامنىمۇ گۆشسىز قويۇۋەتمەسلىككە تىرىشىپ ماڭدى، يەنى «ئەۋسەت» تىن ئۆتۈپ «ئەلا» دا ئىش تۇتتى …

ئاش يېرىملاشقاندا، مەخسۇم لېگەندىن باش كۆتۈرۈپ، ئەنۋەرنى تۇزۇكرەك ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى، باللارنى ئاشنى تۆكۈپ يېيىشتە ئەيىبلەپ، رەنانى چىمدىپ يەپ ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن كايىدى:

— ئاشنى چىمدىپ ئولتۇرىسەن - دە، قىزىم ... شۇمۇ ئاش يېيىشمۇ؟

— مېنىڭكى ئەدنا[1]، — دېدى رەنا.

بۇ سۆز ئەنۋەر ۋە نىگار ئايىملارنى ئاۋاز چىقىرىپ كۈلۈشكە مەجبۇر قىلدى.

— ساڭا بىر سۆز تەگمىسۇن، قىزىم! — دېدى مەخسۇم، — ئاشنى سۇس يېگەن كىشى ئىشتىمۇ سۇس بولىدۇ!

— بولمىسا، ئاشنى «ئەلا» يېيىش كېرەك ئىكەن - دە ...

— ئاغزىڭ كۆيمىسە، ئەلاسىمۇ ياخشى!

يەنە كۈلۈشتى.

— ھەي، راستىنلا، — دېدى مەخسۇم كۈلكىنىڭ ئارىسىدا توختاپ، — مىرزا بېشىدىن بىر ئىلتىماسىمىز بار ئىكەن، يادىمدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قاپتۇ ... كىم، ھېلىقى ھەببە، ھېلى موللا ئابدۇراخمان كەلگەنىدى. ئاشۇ ۋەدىمىزگە مۇۋاپىق، سىز بىلەن ئۇچراشماقچىكەن. چېغىمدا ئۇمۇ مىرزىلىققا كىرمەكچى، مەن مىرزا ئەنۋەر بىلەن گەپلىشىپ قويارمەن، ئۆز يېنىغا ئالار، دېدىم. ئۆزى ياخشى موللا بولغاندەك كۆرۈنىدۇ، مىجەزى ئازادە يىگىت ...

ئەنۋەر بىرئاز ئويلاپ تۇردى.

— كىم ئۇ موللا ئابدۇراخمان، يادىمغا كەلتۈرەلمىدىم؟

— ئۆزىمىزنىڭ موللا ئابدۇراخمانچۇ، ھېلىقى ... يارلىق ئالغان كۈنىڭىز پەتىگە كەلگەن ياش ئىمام!

ئەنۋەر يەنە بېشىنى چايقىدى:

---

[1] ئەدنا — بۆۋەن دەرىجە.

— ھېچبىر يادىمدا يوق .
— خوپ ، — دېدى مەخسۇم ئۆلۈك كۆزىنى قىسىپ ، — شۇ كۇنى پەتىگە كەلگەن بۆزچى مۇخلىسىڭىزنى خاتىرىلەمسىز ؟
— خاتىرىلەيمەن .
— ھەببە ، ئەمدى شۇ بۆزچىنىڭ ئۇستىگە كىرگەن ياش موللىنىمۇ خاتىرىلەپ بېقىڭ .
— خاتىرەمگە كەلدى ... ئۆزى ياشلىقىدا بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغان ؟
— ھەببە ! — دېدى مەخسۇم ۋە سۆزىگە نىگار ئايىمنىمۇ تارتتى ، — ئۇنى سەنمۇ بىلىسەن !
— مەن نەدىن بىلىمەن ؟
— ئۆزى بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەن ، رەناغا بىرنەچچە قېتىم ئەلچىلەر ئەۋەتىپ يۈرگەن ئادەم .
نىگار ئايىم بېشى بىلەن «بىلدىم» دېگەن شەرەتنى قىلىپ ، ئەنۋەرگە ئاستا كۆز قىرىنى تاشلىدى . رەنا «ئەلچى» سۆزى بىلەن چىشى قېرىشقاندەك ، لۆڭگىنى ئېلىپ قولىنى ئېرتتى . مەخسۇم كېيىنكى سۆزىنى ئويلاپ ئېيتتىمۇ ، ئويلىمايمۇ ، ھەرھالدا ، ئەنۋەردە كۈنچىلىكتەك بىر ھېس ئويغىنىپ ، ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈۋاتقان مەخسۇمغا ئىلتىپاتسىز ھالدا ، رەنادىن لۆڭگىنى سورىدى .
— ئېمىشقا قولىڭىزنى ئېرتىسىز ، ئەنۋەر ! كەچكىچە ئاچ يۈرۈپ ، يېگەن ئېشىڭىز مۇشۇمۇ ؟
ئەنۋەر نىگار ئايىمغا رەھمەت ئېيتىپ ، تويغىنىنى سۆزلىدى ۋە قولىنى ئېرتىۋېتىپ ، بوۋاققا گەپ قىلدى .
— ئەنۋەر بىلەن رەنانىڭ توپىسى بىر جايدىن ئېلىنغان ، — دېدى مەخسۇم ئاشنى ئاغزىغا سېلىپ ، چۈنكى ئۇنىڭكى تېخىچە «ئەۋسەت» كە يەتمىگەنىدى ، — ئىككىلىسى كەم غىزا !
مەخسۇمنىڭ بۇ سۆزى يۇقىرىدىكى گۇناھىنى يۇغاندەك بولدى . ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرەشتى . نىگار

ئايىممۇ يېنىكلەشتى .

— شۇنداق ، ئەنۋەر ... شۇ يىگىتنى ئۆز يېنىڭىزغا ئالسىڭىز قانداق بولاركىن ؟

— هازىرچە مىرزىغا ئېھتىياجىمىز يوق .

— مىرزىغا ئېھتىياجىڭىز بولمىسىمۇ ، يەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئالغىنىڭىز ياخشى ، دەپ ئويلايمەن . چۈنكى ، بۇنداقلار ئۆزىڭىزگە سىناشلىق ، يەنە ئۆز تەربىيىڭىزدە يېتىشسە ، باشقىلاردىن كۆرە سىزگە خەيرخاهراق ، شۇنىڭ بىلەن خىزمىتىڭىزگە ئەستايىدىل ياردەمچىڭىز بولۇشار . بۇمۇ بىر مەسلىھەت ـ دە ، ئەنۋەر بالام !

— ئويلىشىپ باقارمىز .

— ئويلاشقان ئەلۋەتتە ياخشى ۋە لېكىن مەن بۇنى ئۆزۈمدىن بۇيان ئويلاپ يۈرەتتىم . سىزنىڭ خاتىرجەملىكىڭىز ـ تىنچلىقىڭىز ئۈچۈن ، بۇ تەدبىرنى كۆپ پۇختا ئىدراك قىلدىم . چۈنكى ، سۇلتان ئەلى مىرزىدەك تىلەكداشلىرىڭىز كۆپەيسە سىزگە ياخشى ، دېگەن ئوي كاللامغا كەلدى .

— بەلكى توغرىدۇر ...

ئەنۋەرنىڭ كۆزى داستىخاندا ئىدى . بۇ توغرىدا قەتئىيەتسىز ، مۇجمەل جاۋابلارنىڭ بېرىلىۋاتقانلىقىدىن نېمىنىدۇر پەملىگەن رەنا ئەنۋەردىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇراتتى . نىگار ئايىم مەنسۇرگە قالغان ئاشنى يېگۈزۈپ قويۇش بىلەن ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ گەپكىمۇ قۇلاق سالغاندەك قىلاتتى .

مەخسۇم كېكىرىپ ، لۆڭگە سورىدى .

— بۇ ئويۇمنىڭ ھەقلىقىدە شەك يوق ، ئەنۋەر ! — دېدى ۋە داستىخاندىكى دانلارنى تېرىپ ، ئاغزىغا تاشلىدى ، — ماڭا قايىل بولۇپ شۇ موللا ئابدۇراخماننى ئۆز يېنىڭىزغا ئېلىڭ . ئۇ بىرنەچچە ئايغىچە بىكارغا خىزمەت قىلىشقىمۇ رازى !

— مەسىلە ئۇنىڭ بىكارغا ياكى ھەق ئېلىپ خىزمەت قىلىشىدا

ئەمەس .

— يەنى ، مەسلەن ؟

— مەن يېڭى مىرزا باشلاپ بارسام ، ئۇ يەردىكىلەرگە ئېغىر كەلمەسمىكىن ، دەپ ئويلاۋاتىمەن .

— ئۇ ھەق ئالماستىن خىزمەت قىلىدۇ ، شۇنداق بولغاندىن كېيىن مىرزىلىرىڭىزغا ئۇنىڭ نېمە ئېغىرلىقى ؟

— يەنە ھەرھالدا بىر ـ ئىككى ئايدىن كېيىن بولسىمۇ ، ئۇلارغا رىقابەتچى كۆپىيىدۇ . بولۇپمۇ بىزنىڭ شاھادەت مۇپتىغا ئوخشاشلارنىڭ مىجەزى سىزگىمۇ مەلۇم .

— شاھادەت مۇپتى ئۆزى قانداق ئىت ! — دېدى مەخسۇم ، — ئويمىزمۇ ، مەسلەن ، شۇنداق ئىتلارغا قارشى قىلىپ ئۆز ئادىمىڭىزنى تىكلەپ قويۇش ئەمەسمۇ ؟ ياشلىق قىلىسىز ، بالام ، ياكى يېڭى مىرزا ئېلىشتا بىراۋنىڭ رۇخسىتىگە ھاجەت بارمۇ ؟

— يوق .

— ئۇنداق بولسا نېمە ؟ كاناپچىدىن پۇۋ دېيىشلا كېتىدۇ ! مەن ئەتە ئۇنىڭغا ئېيتاي ، ھۇزۇرىڭىزغا بارىۋەرسۇن !

— بېرىشى قاچماس ... ئاۋۋال مەن ئۇ يەردىكى بەزىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشەيچۇ .

— بولىدۇ ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالغان ، مەسلىھەتلەشكەن تۈزۈك . ئەمما ، ھەرھالدا ئېلىش كېرەك !

مەخسۇم دۇئا قىلىپ نامازشام ئوقۇشقا قوزغالدى . تاشقىرىقى يولەككە يەتكەندە ، يادىغا غازى ئىشاننىڭ بىمەنىلىكى چۈشۈپ قالدى ، شۇ قاتاردا توي ، تويغا قاتنىشىدىغان ئادەملەر ، خانىم ـ ئايىملار ، ھەممىدىنمۇ مۇھىم ۋە قىزىقى يامغۇردەك ياغىدىغان تويلۇق ۋە ئۇلارنى جايلاشتۇرۇش ... مەزىن تەكبىر ئېيتىۋاتقان چاغدا مەخسۇمنىڭ كۆڭلىدىن «رەناغا دېدەك قوشىمىسۇن ـ دە ، چىشلىق ھايۋاننىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى !» دېگەن ئەندىشىلىك ئوي كەچتى ...

# 35 . خان كۆكۆل ئاچماقچى

قەۋس[1] ئېيى كىرگەن بولسىمۇ ، ھاۋا مۆتىدىل . بۈگۈنكى كۈن جۈمە ئىدى . ئوردا بېغىغا سۇ سېپىلىپ سۈپۈرۈلگەن ، ئوتتۇردىكى شاسۇپىغا لەيلىگۈللۈك گىلەم سېلىنىپ ، خاننىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن دۇخاۋا كۆرپە ئۈستىدىن ئارسلان تېرىسى تاشلانغانىدى . ھازىر شاسۇپا خان ۋە خان ئەۋلادلىرىدىن خالىي ، ئەمما شاسۇپىنىڭ ئۇدۇلىدىكى نىم سۇپىلار ۋەزىر ، سەركەردە ، قازىكالان ، شەيخۇلئىسلاملار ، قازى - قۇززات ، رەئىس ۋە شەھەرنىڭ زور ئۆلىمالىرى — مۇدەررىسلەر ، ئەھلى تەرىقەت ئىشانلار ، ئوردا خادىملىرى ۋە ئەڭ تۆۋىنى قوربېشى ۋە ئونبېشىلار بىلەن لىق تولغانىدى . ئۆلىمالاردا ئومۇمەن بەنارەس تون ، سالاپەتلىك ئاق سەللە ، ۋەزىر ۋە سەركەردىلەردە كىمخاب ۋە دۇخاۋا تونلار ، باشلىرىدا بەزىسىنىڭ سەللە ۋە بەزىلىرىنىڭ ئۆسكىلەڭ ئەلتېرىدىن تىكىلگەن تۇماقلار بار ئىدى .

خان بۈگۈن جۈمە نامىزىغىچە كۆكۆل ئاچماقچى ۋە بۇ يەردىكى يىغىلغانلار خاننىڭ كۆكۆل تارتقانلىرى ، يەنى دۆلەت چوڭلىرى ئىدى . خان تېخى ئىچكەركى ئوردىدىن چىقمىغان ، ھەممە «جانابىي ئالىي» نى كۈتۈپ ، ھەشەمەتلىك دەرۋازىغا كۆز تىكىشكەنىدى . شاسۇپىدىن بىرئاز نېرىدا ، ئەتراپى قومۇش بىلەن ئوراقلىق بىر كەپە پەيدا بولغان ۋە بۇ كەپىنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە ئادەم سۈھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى . بىرنەچچە مىنۇت كۈتكەندىن كېيىن ، ھەشەمەتلىك دەرۋازىدىن دەرۋىش ھۆدەيچى كۆرۈنۈپ ، ئولتۇرۇشقان رەئىيەتكە[2] ئورۇنلىرىدىن تۇرۇش شەرىتىنى قىلدى . بىردىن ھەممە رەئىيەت گۈررىدە قوزغالدى . دەرۋىش ھۆدەيچى

---

[1] قەۋس — سىنبەر .

[2] رەئىيەت بىر ھۆكۈمدارنىڭ قول ئاستىدىكى خەلق .

دەرۋازىنىڭ يېنىغا ئۆتۈپ رۇكۇغا باردى . ئىچكىرىدىن كىمخاب تون بىلەن يوغان قورسىقىنى ئورىغان ، ئاق شايى سەللىسىنى پېشانىسىگە چۈشۈرگەن خۇدايار كۆرۈندى . خان كۆرۈنۈشى بىلەن ، رەئىيەتمۇ ھۆدەيچىگە ئوخشاش رۇكۇغا كېتىشتى . خۇدايارنىڭ كەينىدىن ياش ئورمانبېك قىزىل دۇخاۋىدىن تىكىلگەن سىپاھ كىيىمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىزى بىلەن كېلىۋاتاتتى . بۇنىڭ كەينىدىن قىزىل موۋۇتتىن شاھزادىدەك كىيىنىپ ، قورال ئېسىشقان ۋە ھەر قاتارغا تۆت نەپەردىن تىزىلغان ئون ئالتە ـ يەتتە ياشلىق ، ياش ۋە چىرايلىق سىپاھلار چىقىشتى . خان شاسۇپىغا قاراپ كەلدى . ئۇنىنچى قاتاردىن كېيىن ياش سىپاھلار تۈركۈمى ئۈزۈلدى ، بۇ ياخشى ئىنتىزاملىق قىرىق نەپەر يىگىت شاھزادىنىڭ كەينىدە خانغا قاراپ قەدەم تاشلىشاتتى . شۇ چاغدا نىم سۇپىلارنىڭ بىرىدىن چالغۇلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . سازلار نەپىس ۋە ئاھاڭلىق قىلىپ «سەربازچە» كۈينى چېلىشتى . كۈي بىر قايتىلانغاندىن كېيىن ، خاننىڭ كەينىدىكى ياش سىپاھلارنىڭ بىر قىسمىدىن شۇ كۈينىڭ ناخشىسى ئاڭلاندى .

شاھىنشاھىم ، شاھىنشاھىم ، بەختىڭىز كەلسۇن !
دۆلىتىڭىز ، شەۋكىتىڭىز دۇشمەنلەر كۆرسۇن !
قالقان تۇتۇپ ، خەنجەر ئاسقان ياۋلار مەيدانغا !
نومۇسسىزلار ، ۋاپاسىزلىق قىلدىڭمۇ خانغا ؟
بىزنىڭ ئاتىغان نەزىرىمىز بار شاھىمەردانغا !
ئەھدىن بۇزۇپ ، دىنىن ساتقان بويالغاي قانغا !
شاھىنشاھىم ، شاھىنشاھىم ، بەختىڭىز كۈلسۇن !
دۆلىتىڭىز ، شەۋكىتىڭىز دۇشمەنلەر كۆرسۇن !

خان سۇپىنىڭ پەلەمپىيىگە يېتىپ بېرىپ يۇقىرىغا چىقتى . شاھزادىمۇ ئاتىسىنىڭ كەينىدىن چىقتى . ياش سىپاھلار دەرھال سۇپىدىن ئايلىنىپ بېرىپ ، خاننى مۇھاپىزەت قىلىشقا يەنى خۇدايار

ئولتۇرىدىغان ئارسلان تېرىسىنىڭ كەينىگە سەپ تارتىشقا باشلاشتى . خان بېرىپ ئارسلان تېرىسىگە ئولتۇردى . ئورمانىپكنى ئۆزىنىڭ ئوڭ يېنىغا ئالدى . رەئىيەت تېخىچە رۇكۇدا ··· ياش سىپاھلار سۇپىنىڭ ئۈچ تەرىپىنى ئورىۋېلىشتى . خان جايلاشقاندىن كېيىن رۇكۇدىكىلەرگە تىكلىنىش شەرتىنى قىلدى . ھەممە باش كۆتۈرۈشۈپ ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇردى . سازمۇ توختىدى . سۇپىنىڭ پەلەمپىيىدە ھۆدەيچى ھازىر بولۇپ ، قولنى كۆتۈردى . رەئىيەتمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا دۇئاغا قول ئېچىشتى .

— دۈشمەنلەر خاراب ، مۇناپىقلار بىتاب بولسۇن ··· ئانھەزرىتىمىنىڭ دۆلەتلىرىگە خۇدا تەۋپىقۇ ئادالەت بەرسۇن !

دۇئادىن كېيىن ھەممە يۈز سىيپىدى . خان ھۆدەيچىگە بىرنېمە دەپ شەرەت قىلدى .

— مىڭبېشى ، قوشبېگى داموللا شاقاۋۇل ، جانابىي شەيخۇلئىسلام ، ئاتىلىق ۋە ئەمسالھەزرەتكە جاناب ئۆز ھۇزۇرلىرىدىن جاي مېھرىبانلىق قىلدى !

ھۆدەيچى سانىغان ئادەملەر بىر - بىرلەپ شاسۇپىغا چىقىپ خانغا سالام ۋە تەزىم قىلغاندىن كېيىن ياقلاپ تۇرۇشقا باشلىدى . سۇپىغا ئۇنچە ئەرباب چىققاندىن كېيىن ، خان ھۆدەيچىگە يەنە بىرنېمە دەپ قويدى .

— پاراغەت ئاتا قىلدىلەر !

سىپاھلاردىن باشقا ھەممە ئۆرە تۇرغانلار گۇرررىدە قىلىپ ئولتۇرۇشتى . ئۇ يەر - بۇ يەردىن يۆتەلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى .

ھۆدەيچى خانغا ئەرز قىلدى :

— ئانھەزرىتىمىنىڭ دۆلەتلىرىگە خۇدا تەۋپىقۇ ئادالەت بەرسۇن ··· قۇللىرىدىن بىرى ۋەلىنىمەتىمگە ئىككى ئېغىز ئەرزىم بار ، دەيدۇ .

خان «كەلسۇن» دېگەن شەرەتنى قىلدى . ھەممىنىڭ كۆزى ھېلىقى قومۇش كەپىگە چۈشتى . قومۇش توسۇقنىڭ ئىچىدىن ئۇزۇن بويلۇق ، قارا ساقال ، ئۈستىدە مەللە تون ، سىماب رەڭ

ماتا سەللىسىنىڭ ئۈچىنى بىر غېرىچ ساڭگىلاتقان بىر كىشى چىقتى ، تەمكىن ، سالماق قەدەم بىلەن دەسسەپ كېلىپ ، پەلەمپەي يېنىدا ، خانىنىڭ ئالدىدا توختىدى . خاندىن تارتىپ ، ھەممىگە كۈلكە چىراي كىرگەندى . ئۇ كىشى خانغا قاراپ تۇرغان ھالدا سەللىسىنى تۈزەتتى ، ساقال ـ بۇرۇتىنى سىلىدى ، تونىنى قېقىپ ، ئالدىنى ئورىدى ، ئاندىن خاتىرجەم رۇكۇغا باردى . بىردىن خان ۋە رەئىيەت كۈلۈشۈپ كەتتى . بۇ كىشى خۇدايارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن قىزىقچىسى زاكىر ـ گاۋ ئىدى .

زاكىر ـ گاۋ بېشىنى رۇكۇدىن كۆتۈرۈپ ، گويا جىنازا ئوقۇغان كىشىدەك ، ئىككى مۈرىسىگە سالام بەردى . ھەممەيلەن يەنە پاراققىدە كۈلۈشتى . پەلەمپەينىڭ يەنە بىر چېتىدە تۇرغان دەرۋىش ھۆدەيچى زاكىر ـ گاۋغا تەنبىھ بەردى :

— كىمنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرغانلىقىڭنى ئۇنتۇما !

زاكىر ـ گاۋ قولى قوۋۇشتۇرۇلغان ھالدا ، گەۋدىسىنى قىمىرلاتماي يېنىدىكى ھۆدەيچىگە قارىدى :

— ئۆزۈمنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن ، بۇ يەردە ئەخمەق بار ، دەپ ئويلامسەن ؟

— خوش ؟

— خانىمغا ئەرزىم بار !

يەنە كۆتۈرۈلگەن قاتتىق كۈلكە باغقا بىر كەلدى[1] .ھۆدەيچى :

— ئەرزىڭ بولسا دادىڭغا يەتكۈچىنىڭ ھۇزۇرىدا سەن ، سۆزلە !

— ئەرزىمنى ئويلاۋاتىمەن ـ دە ، ئويلىغىلىمۇ قويمامسەن ؟ — دېدى زاكىر ـ گاۋ ، — ياكى مەنمۇ سۆزۈمدىن تېنەپ ، جەپپار ساراڭدەك ئېسىلىپ كېتەيمۇ ؟

— ئەرزىگە كېلىپ تۇرغىنىڭغا بىر ئاش پىشىم ۋاقىت بولدى !

---

[1] بۇ يەردىكى كۈلكىگە سەۋەب «خانىمغا» دېگەن سۆزدۇر . چۈنكى ، «خانىم» دەپ خوتۇن كىشىگە ئىشلىتىلىدۇ .

— مەنمۇ ئەرزىمنى مېڭەمدە پىشۇرۇۋېلىۋاتىمەن ـ دە، پىشمىغان ئاش قورساق ئاغرىتمامدۇ ـ ھە، تەقسىرلەر؟
— ئەرزىڭنى يولدا ئويلاپ كەلمەپسەن ـ دە!
— ھەي، ساراڭمۇ بۇ ئۆزى! — دېدى زاكىر ـ گاۋ، — يولدا ئويلاش ئۇچۇن بۇنىڭدىن باشقا دەرد يوقمۇ؟
— يولدا نېمىنى ئويلىدىڭ؟
— خان ھۇزۇرىغا كېتىۋاتىمەن، دەپ ئۆلۈمنى ئويلىدىم، يېتىم قالىدىغان بالىلىرىمنى، مەن ئۆلگەندىن كېيىن ئەرگە تېگىدىغان يەڭگىڭىزنى ئويلىدىم! (كۈلكە)
— جانابنى ۋە شۇ قاتارلىق رەئىيەتنى قارىتىپ قويما!
— ھا ـ ھا ـ ھا! — دەپ كۈلدى زاكىر ـ گاۋ، — سىلەر ھەر كۈنى مىڭلاپ كىشىنى ئوردىنىڭ تۈۋىدە قارىتىپ قويغىنىڭلاردا، مەن بىردەم قارىتىپ قويسام، ھى ـ ھى ـ ھى ...، تەقسىر، سىزگە ئەرز:
خان «ئېيت» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.
— تەقسىرىمگە بىرىنچى ئەرز شۇكى، — دېدى زاكىر ـ گاۋ، — يېنىمدا تۇرغان مۇشۇ پاقا چىرايىنى مەندىن نېرى قىلسىڭىز، چۈنكى بۇ نېمىڭىزنىڭ غەلۋىسى سىزنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ! (كۈلكە)
خۇدايار ھۆدەيچىگە «سۈپىغا چىق» دەپ شەرەت قىلدى، زاكىر ـ گاۋ قولىنى دۇئاغا ئاچتى:
— ئانھەزرىتىمنىڭ دۆلەتلىرى كەم، ئۆزلىرىدە غەم، كۆزلىرىدە نەم، دۈشمەنلىرىدە دەم، قەدلىرىدە خەم بولمىسۇن ... شاھزادەمنىڭ باشلىرىدا بەخت، ئاستىلىرىدا تەخت ئويناپ، ياش ئۆمۈرلىرىگە ئەجىلى بىۋەخت يەتمىسۇن ... شاھى بەختىيارنىڭ خىزمەتلىرىگە بەل باغلىغان ئاق سەللە، كۆك سەللە، تونى مەللە ئاتىلىرىمىزنىڭ دىللىرىمۇ ھەمىشەم ساقاللىرىدەك ئاق بولسۇن، ئامىن، ئامىن! شۇنىڭدىن كېيىن، ئەرزى بەندىلىكىمىز شۇكى، بىز دەربەدەر دىۋانە، ئەقىل ـ ھوشىدىن بىگانە، خەلق تىلىدا

ئەپسانە ، يۇرت كېزەر غېرىبانە ، قوللىرىڭىز دەردۇئەلەم يۇتار ئىدۇق ، تەۋەيىڭىزنىڭ بىر چېتىدىن ئۆتەر ئىدۇق ، دېيىشتىكى ، بۇ يۇرتنىڭ خاقانى ، ئىسكەندەرى سانى ، ئالتۇن ـ كۇمۇش كانى ، ئەلىنىڭ ئاشۇ نانى ، يەنى ساخاۋەتتە خاتەم ، قەھرى كەلسە ماتەم ••• غېرىبلارنىڭ يارىدۇر ۋە يەنە بىزلەردەك بازىرى كاسات دەربەدەرلەر ، ئانىسى كوچىدا تۇغقان بىپەدەرلەرگىمۇ ئېھسانى جارىدۇر ، دەپ بىز ئەھلى تەمە بىچارە ، نەپسى ئىلكىدە ئاۋارە غېرىبلار ھەرقايسىمىز بەش پەيسە ، ئون پەيسە تەمە دورىسىدىن كاپ ئېتىپ ، دەرگاھىڭىزغا قەدەم قويدۇق ، مەقسەت ، ئەسكى ـ تۇسكى ھۈنەرلىرىمىزنى ئەرز قىلساق ، جانابىڭىزنى بەش پۇل ، ئون پۇل قەرز قىلساق ، دەپ ••• (كۈلكە)

— خوپ ، ھۈنىرىڭلارنى كۆرستىڭلار ! — دېدى خان .

## 36 . قىزىقچىلار

زاكىر ـ گاۋ خانغا تەزىم قىلدى ۋە ئىككى ـ ئۈچ چامداپ كەپە تەرەپكە مېڭىپ ھەممە ئاۋازى بىلەن قىچقاردى :

— بەھرامباي ! ۋا ، بەھرامباي ! ! !

قومۇش كەپە ئىچىدىن بىر پۈتىدا كەشە ، يەنە بىر پۈتى يالاڭ ئاياغ ، ئالدى ئوچۇق ، كىر يەكتەكتىن بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر يىگىت بىر قولى بىلەن دولىسىنى تاتىلاپ ، يەنە بىر قولىدا ئىشتانبېغىنى تۇتقان ھالدا يالاڭغۇاشتاق چىقىپ كەلدى .

— ئېشەك ھاڭرىدىما ؟ — دېدى بەھرام ۋە ئۇياق ـ بۇياققا ئالاق ـ جالاق قاراپ چىققاندىن كېيىن يەكتىكىنىڭ چەكلىرىنى ئاختۇردى ، — سىڭلىسى تالاق پىتنى قاچۇرۇپ قويدۇم ـ دە ! (كۈلكە)

— بەھرام دەۋاتىمەن ، ماڭا قارا !

— ھە ـ ھە ، زاكىر ئاكا ، سەن چاقىردىڭما ••• ھە ، نېمە ئىش ؟

— خاننى ئۇناتتىم !

— ئۇناتتىڭما؟ ... مەنمۇ ئېيتتىمغۇ ، خان ئۆزى گول ئىكەن ، دەپ . (كۈلكە)

— ئۇلار قېنى ؟

— ئۇلىرىڭما؟ ئۇلىرىك ئىچكىرىدە ياتىدۇ .

— نېمە قىلىپ ياتىدۇ ؟

— هاي دېسەم ئۇنىمىدى ، بىر پاي كەشمىنى ئىككىسى هۇزۇر قىلىپ يەپ ياتىدۇ . (قاتتىق كۈلكە)

زاكىر ـ گاۋ ئاچچىقلاندى :

— سەنلەرگە هېچبىر ئەقىل كىرمىدى ـ دە ... ئەمدى خاننىڭ ئالدىغا بىر پاي كەشە بىلەن چىقامسەن ؟

بەهرام ئويلىنىپ بېشىنى تاتىلىدى :

— چىقسام چىقىۋېرىمەن ـ دە ، خانىڭمۇ ماڭا ئوخشاش بىر ئادەم ـ دە ، ئاكا ! (كۈلكە)

— ماڭ ، كىر ، پەدەرلەنەت ، دەررۇ ئۇلىرىڭنى ئاچىق !

بەهرام دولىسىنى تاتىلاپ ، كەشلىك پۇتى بىلەن كەشسىز پۇتىنى «تاق ـ پۇك ، تاق ـ پۇك» قىلىپ يەرگە دەسسەپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى ، بىردەمدىن كېيىن ئىككى هەمراهىنى باشلاپ چىقتى . چىققانلاردىن بىرى پاپپاكار ، يۇپيۇمىلاق ، تۇپتۇز بىر مەخلۇق ئىدى . ئۇنىڭ بۇ «كېلىشكەن» گەۋدىسىگە چىرايىمۇ شۇنچە ماس كەلگەنىدى ، گېلىدا چىلگىدەك پوقىقى كۆپۈپ تۇراتتى ، بېشى خۇددى كۆتەكنىڭ ئۇستىگە قوندۇرۇلغان ياغلىق قاپاقتەك ئىدى ، كۆزلىرى ئاپتاپتا قورۇلۇپ كەتكەن ئىككى تال قاقىقا ، ئاغزى پۇتىدىكى كەشكە ، بۇرنى يۇقىرىغا قاراپ ئۆملەۋاتقان بەتبەشرە پاقىغا ، قۇلاقلىرى رېپىدىگىلا ئوخشايتتى . قاش ۋە باشتىكى چاچ توغرىسىدا ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى ، ئەمما بەش ـ تۆت تال تۈك ، يەنى ساقال ـ بۇرۇت ئاران ـ ئاران كۆزگە چېلىقاتتى . سەپكۈن ۋە چېچەك دېغى بۇ يۈزنى «ئازابلانغان» قىلىپ كۆرسەتسە ، پۇتىدىكى چورۇق ، ئۇستىدىكى قىسقا ئەسكى چاپان ،

بېلىدىكى بەش - ئون يۆگەپ باغلانغان ماتا بەلۋاغ، بېشىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغىلا قوندۇرۇپ قويۇلغان كىچىك پىلتا دوپپا بىر «هۆسن» گە يۈز «هۆسن» قوشۇپ كۆرسىتەتتى. بۇ مەخلۇق دائىم ئوردىدا تۇرىدىغان، خانىنىڭ كۇندىلىك قىزىقچىسى موللا بەختىيار ئىدى. يەنە بىرى، موللا بەختىيار بىلەن ئۆچەكەشكەندەك تولىمۇ ئۇزۇن بويلۇق، ئالغاي كۆز، جىن قوشۇقىدەك يۈزى بار، قاتما، ئۆزىنىڭ بويىدىنمۇ ئۇزۇنراق تون ۋە بېشىغا قەلەندەر كۇلاھىنى كىيگەن، يالاڭ ئاياغ، ئوتتۇرا ياشلاردىكى دۆلەت ئىسىملىك بىر قىزىقچى ئىدى.

زاكىر - گاۋ بۇلارنى قارشى ئالدى.

— هە، هارامزادىلەر، — دېدى زاكىر - گاۋ قولىنى شىلتىپ، — بىرئاز نەپسىلىرىڭنى يىغىشساڭ، خوتۇنلىرىڭ تالاق بولامدۇ؟! بۇنىڭ بىر پاي كەشى قېنى؟

بەهرام مەيۈس هالدا بويۇن ئېگىپ تۇردى. بەختىيار بىلەن دۆلەت كالپۇكىنى سۇرتۇپ، بىر - بىرىگە قاراشتى:

— ئېيت.

— سەن ئېيت.

— نېمىدەپ ئېيتىمەن؟

— يېمىدۇق، دەپ ئېيت...

بەختىيار ئىككى قولى بىلەن بەلۋېغىغا تىرىنىپ قەددىنى رۇسلىدى ۋە بېشىنى بىرئاز كەينىگە تۇتۇپ غادايدى:

— بىلىپ سۆزلە، ئاكا، بىز يېگىنىمىز يوق!

زاكىر - گاۋ ئۇنچىقماستىنلا بەختىيارنىڭ يېنىغا ئۆتتى ۋە ئازارسىز قىلىپ ئۇنىڭ نامايىشكار كۆرۈنۈپ تۇرغان پوقىقىنى سالماقلاپ:

— كەشىنىڭ پاشىنىسى تۇرۇپ قاپتىغۇ، ئىنىم! — دېدى.

كۇچلۇك كۇلكە كۆتۈرۈلدى. زاكىر - گاۋ تۇرقىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارغا ئۇقتۇردى:

— بىز هازىر خانىنىڭ هوزۇرىغا بارىمىز. ئاڭلاشتىڭمۇ؟!

ئۆچىلەڭمۇ ئەدەپلىك، تەۋازۇلۇق بولۇپ كۆرۈن. خانغا ئۆچراشقانلىرىڭدا ئىككى پۇكۇلۇپ تەزىم قىل، ئۇنىڭدىن كېيىن خانغا دۇئا قىلىشىسەن. ماقۇلمۇ؟ قېنى، ئارقامدىن كېلىۋېرىش!

تۆتى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تىزىلىشىپ شاسۇپىنىڭ يېنىغا بېرىشتى. زاكىر - گاۋ پەلەمپەينىڭ يېنىدا توختىغانىدى، كەينىدىكىلەر بىر - بىرىگە ئىتتىرىلىشىپ، بىرى ئۇياققا، بىرى بۇياققا، ئۆچىنچىسى خانغا كەينىنى قىلغان هالدا توختاشتى. بۇ هالدىن خەۋەرسىز زاكىر - گاۋ ئۇلارنى خانغا تونۇشتۇردى:

— قۇلبەچچىلىرىڭىز ... سالامغا كېلىشتى. (كۈلكە)

زاكىر - گاۋ ئۇلارغا بۇرۇلۇپ قاراپ هودۇقتى ۋە ئالدىراپ ئۇلارنىڭ يۈزىنى خانغا قاراتتى.

— هەي، بىپەدەرلەر، هەي بىئەدەپلەر ... ئۇدۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئادەمگە تەڭ تەزىم قىلىش.

ئۆچى تەڭ تەزىم قىلىشتى، كۈلكە باشلاندى. چۈنكى ئۇلارنىڭ هەرقايسىسى باشقا كىشىگە تەزىم قىلىپ، خان چەتتە قالغانىدى.

زاكىر - گاۋ خانغا ئۆزرە ئېيتىپ، ئۇلارنى كايىدى:

— كىمگە تەزىم قىلىشتىڭ؟!

— ئۇدۇلىمىزدا ئولتۇرغانغا.

— چاققان بول، چاققان، ئۆچىلەڭمۇ! ... دۇئا قىل، دۇئا!

ئۆچى دۇئاغا قول ئاچتى، قول ئاچقان پېتى خىلىغىچە قارىشىپ تۇرۇشتى، كېيىن جەينىكى بىلەن بىر - بىرلىرىنى نوقۇشقا باشلىدى. «سەن قىل، سەن ...» كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئۇلاردىن ئاۋاز چىقمىغاندىن كېيىن زاكىر - گاۋنىڭ ئۆزى قول ئاچتى:

— ئامىن، دېيىش ئۆكۈزلەر! — دېدى. ئۇلار «ئامىن، ئامىن» دەپ تۇرۇشتى، — بەلكىم دۇئايىمىز قوبۇل بولار ... ئاللاتائالانىڭ موللا بەختىيار، بەهرام ۋە دۆلەتكە ئوخشاش ئەقىللىق بەندىلىرىگە بىزنىڭ ئېهتىياجىمىز يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن

دۇئا قىلىمىزكى، بۇ ئۇچىنىڭ جىنىنى چاپسانراق ئالسۇن ۋە بەندىلىرىنى بۇ پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرسۇن، ئامىن!

ئۇچىلىسى دۇئاغا يۈز سىيپاشقانىدى، يەنە ئەتراپىنى قاقاقلىغان قاتتىق كۈلكە باستى. دۇئادىن كېيىن زاكىر - گاۋ ئۇلارنى يولغا سالدى:

— تىلەك تىلەش، تىلەك! پارقىراپ تۇرۇشىۋېرەمسەن؟

ئۇچى يەنە بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئۆزئارا بىرنېمە دېيىشىۋېلىشتى. دۆلەت نېمىنىدۇر دەپ، سۇپىدا ئولتۇرغانلارنى شەرەت قىلدى. ئارىدىن بەھرام تىلەككە ئېغىز ئاچتى:

— سەللە، كاللا، شاپۇ - شالاپنى كۆرۈپ، ئۆزىمىزمۇ بەك قورقۇپ كەتكەن ئوخشايمىز ... ماۋۇ دۆلەت بولسا «بۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىلا ئادەمخور» دەۋاتىدۇ. (كۈلكە) ئەمدى تىلىكىمىز شۇكى، بىزگە رۇخسەت بېرىشسە، جايىمىزغا تىنچقىنا كەتسەك ... (كۈلكە) ئىلاھىم مانا مۇشۇ ئولتۇرغانلارغا ئىنساپ بەرسۇن ... (كۈلكە) يۈرىكىمىز بەكمۇ ئەنسىرەۋاتىدۇ! (كۈلكە)

— ھەي، تىلەكلىرىڭ بىلەن بېرىپ يات! — دېدى زاكىر - گاۋ يانپېشىغا ئۇرۇپ، — قېچىپ كېتىش، يەپ قويىدۇ!

ئارىدىن «داد» دېگەن ئاۋاز چىقتى، ئۇچىلىسى ئۈچ تەرەپكە قېچىپ كېتىشۋېتىپ، بەختىيار دۆلەتنىڭ پۇتىغا پۇتلىشىپ يىقىلدى. (قاتتىق كۈلكە) بەھرام بىلەن دۆلەت ھاپىلا - شاپىلا قومۇش كەپىگە كىرىپ كېتىشتى ... زاكىر - گاۋ بەختىيارنى تۇتۇپ قالدى.

— قوي، ئاكا، قوي! — دەپ يىغلىدى بەختىيار، — بىكار ئۆلۈپ كەتمەي، بالا - چاقام بار!

— يېمەيدۇ سېنى!

— يەيدۇ، ئاكا، يەيدۇ! ئاۋۇ بەگنىڭ كۆزىگە قارا ... ۋايجان قويۇۋەت! (كۈلكە)

— مەن سەنلەرگە ئوچۇق ئېيتتىم - ھە، پەدەر لەنەت!

— مەندە ئۆچۈك بارغا ئوخشايدۇ، ئاكا! ئاۋۇ داموللاڭ خۇددى ئادەمخورنىڭ ئۆزى، كىيىمىڭنىمۇ يەشتۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ ... ئۇ تەرىپىنى سورىساڭ، خانىڭنىمۇ ئىشەنمەي قالدىم! (كۈلكە)

بەختىيار يۇلقۇنۇپ زاكىر ـ گاۋنىڭ قولىدىن چىقتى ۋە غىلدىرلىغاندەك بولۇپ كەينىگە قاراپ چاپتى. زاكىر ـ گاۋمۇ ئۇنى قوغلىغان پېتى كەينىگە كىرىپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن تۈزۈكرەك كىيىمدە، بېشىغا سەللە يۆگىگەن، پۇتىغا سەندەل كەش كىيگەن دۆلەت جايىنامازغا ئوخشاش بىرنېمىنى كۆتۈرۈپ كەيىدىن چىقتى، خانغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن، جايىنامازنى يەرگە سالدى، خانغا يەنە تەزىم قىلىپ:

— شەيخۇلئىسلام ۋەلىخان تۆرە[1] مۇشۇ يەرگە مەرھەمەت قىلىدىكەن! — دېدى. خان داموللا نىيازنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان شەيخۇلئىسلام ۋەلىخان تۆرىگە قارىدى. داڭقېتىپ قالغان شەيخۇلئىسلام «نېمە ئىش» دېگەندەك قىلىپ، جايىنامازنىڭ يېنىدىكى دۆلەتكە كۆز قىرىنى تاشلىدى. دۆلەت «ھېچنېمە» دېگەن شەرەتنى قىلىپ كەينىگە قايتىپ كەتتى. دېمەك، ھازىر شەيخۇلئىسلام ۋەلىخان تۆرىنى دورىماقچىدى. بۇنى بايقىغان كۆپچىلىك ئاستا ـ ئاستا بىر ـ بىرلىرى بىلەن ئىمالىشىپ، كۈلۈمسىرەشتى ۋە ھەممىنىڭ كۆزى قومۇش كەينىگە تاشلاندى. بىر چاغدا كەيە ئىشىكىدىن بەنارەس تون كىيىپ، ئوڭ قولىدا ھاسا تۇتقان ۋە سول قولىدا ئەدرەس رومالغا تۈگۈكلۈك كىتاب كۆتۈرگەن شەيخۇلئىسلام ۋەلىخان تۆرە (زاكىر ـ گاۋ) كۆرۈندى. شەيخۇلئىسلامغا ئوخشاش قەددى بىرئاز پۈكۈلگەن ۋە قەدەم تاشلىشىمۇ ۋەلىخان تۆرىدەك ئىككى تەرەپكە مايىل ئىدى. ھەممىنىڭ كۆزى ۋە دىققىتى ھەر ئىككى شەيخۇلئىسلامدا بولدى. خاننىڭ يېنىدىكى ھەقىقىي شەيخۇلئىسلام بولسا، مەللىدەك

---

[1] ۋەلىخان تۆرە بۇ كىشى ئەسلى خوتەنلىق بولۇپ، نىكى سېلىنغان ھاكىم ئاتىم مەدرىسىسىنىڭ باش مۇدەررىسى ۋە شەيخۇلئىسلام بولغان.

قىزارغان ھالدا پات ـ پات «توۋا» دەپ قويات‌تى .
«شەيخۇلئىسلام» يول ئۈستىدە توختىدى ۋە يەرگە چۈشۈپ قالغان بىرنېمىنى ھاسىسىنىڭ ئۇچى بىلەن تەكشۈرۈپ كۆردى ، كېيىن ئۇنى ئىتتىرىپ چەتكە چىقارغىلى تۇردى . كۆپچىلىك چىديالمىدى ، پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى . ۋەلىخان تۆرىنىڭ ئۆزىمۇ «توۋا» ئارىلاش كۈلۈپ قويدى . چۈنكى ، زاكىر ـ گاۋ ھېچبىر ئۇقسانسىز دورىماقتا ئىدى . زاكىر ـ گاۋ جايناماز يېنىغا يەتتى ، ھاسىسىنى شەيخۇلئىسلامنىڭ ھاسىسى يېنىغا يۆلىدى ، كەشىنى يېشىپ جايناماز‌غا چىقتى ، ئولتۇرۇپ كىتابنى تىزىغا قويدى ۋە شىۋىر ـ شىۋىر ئايەت ئوقۇپ يۈزىنى سىيپىدى .
«شەيخۇلئىسلام» ئۇياق ـ بۇياققا قارىغاندىن كېيىن چاقىردى :
— ھاي ، مىرزا ھەمدەم ، ھاي ، مىرزا ھەمدەم !
كۈلكە كۆتۈرۈلدى ، بولۇپمۇ شەيخۇلئىسلامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان موللىلار قاتتىق كۈلۈشتى .
— ھاي ، مىرزا ھەمدەم ...
كەينىدىن بەھرام چىقتى ، ئۇمۇ موللىلاردەك كىيىنگەنىدى :
— لەببەي !
بەھرام «شەيخۇلئىسلام» نىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ سالام بەردى . «شەيخۇلئىسلام» جاۋاب بېرىپ ، جايناماز‌نىڭ يېنىغا يەشكەن كەشىگە قارىدى .
— ھەي ، شۇ كەشىمنى بىر پاك قىلىپ قويۇڭ ، مىرزا ھەمدەم .
«مىرزا ھەمدەم» تەۋازۇ بىلەن يانچۇقىدىن ياغلىقىنى ئېلىپ كەشنى ئېرتىشقا باشلىدى ۋە شۇ چاغدا كەينىنىڭ ئىچىدىن موللا بەختىيارمۇ موللىلارنىڭ كىيىمىدە چىقىپ كەلدى ، «شەيخۇلئىسلام» نىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ سالام بەردى .
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — دېدى «شەيخۇلئىسلام» ۋە كەلگۈچىنىڭ باش ـ ئايىغىغا قاراپ چىقتى ، — شىنىد ، بەچچە ،

شىنىد !

بەختىيار ئولتۇردى .

— خوش ، پىسەرچى گەپ ؟

— تەقسىر ... سىزگە ... ئەرزىم بار ئىدى ... پادىشاھىمىز يېڭى مەدرىسە بىنا قىپتۇ ، دەپ ئىلىم تەلــــپــــدە يېزىدىن كەلگەندىم ؛ بىر ھۇجرا بەرسىڭىز ، دەپ سىزگە ئەرزگە ...

— خوپ ، خوپ ... شۇما گۇجايى ؟

— تەقسىر ، ئالتە ئېرىقتىن ...

— ئىسىت ، ئىسىت ، — دېدى «شەيخۇلئىسلام» ، — بالدۇرراق كەلمەپسىز ـ دە ، بەچچە ، ھازىر ھەممە ھۇجرىلاردا جاي يوق ، تالىپلار جايلىشىپ بولغان .

— موللىلارنىڭ ئارىسىغا قويسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ ، — دېدى تەۋازۇلىنىپ بەختىيار ، — بىز يېزا ئادىمى ، سىقىلىشساقمۇ ياتىۋېرىمىز ، تەقسىر !

— خوپ ، خوپ ... ھازىر ھۇجرىلىرىمىز تالىپلار بىلەن لىق تولغان ، ھەتتا بىر تال تېرىقمۇ سىغمايدۇ ، بىز يالغان سۆزلىمەيمىز ، بېشىدىن ...

ھەقىقىي شەيخۇلئىسلام گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ ، تەرلەشكە باشلىدى . بەختىيار (تالىپ) مەيۇس ھالدا دۇئا قىلىپ «شەيخۇلئىسلام» ھۇزۇرىدىن كەتتى . «مىرزا ھەمدەم» كەشنى تۇكۇرۇپ تازىلاپ بولغاندىن كېيىن «شەيخۇلئىسلام» نىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇردى . نېرىقى ياقتىن «شەيخۇلئىسلام» نىڭ ئالدىغا دۆلەت كېلىپ توختىدى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، تۆرە ئاكا ! — دېدى دۆلەت ۋە كەشنى يېشىپ كېلىپ ، «شەيخۇلئىسلام» بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ، — ياخشى سالامەت ، ئافىيەت ھەستىدمى ، تەقسىر ؟

— خۇدايا شۇكۇر ، خۇدايا شۇكۇر !

دۆلەت رۇخسەت ـ پۇخسەتنى كۇتمەيلا «شەيخۇلئىسلام» نىڭ يېنىغا ئولتۇرۇۋالدى .

— بەجاناب ئەرز …
— بىسىيار خوپ ، ئەرز كۇنىد .
— ئاچىق گەۋ : بىزگە بىر ھۇجرا بەرسىلە دەپ كەلدۇق ـ دە ، تۆرە ئاكا !
— خوپ … گۇجايى ؟
— تەقسىر ، چۇستى ، بەجەنابى شۇما ھەمشەھرى .
— يەنى پىسەرى كى ؟
— پىسەرى ئۇستا مۇھەممەت سابۇنگەر .
— خوپ ، خوپ ، — دېدى «شەيخۇلئىسلام» ۋە «مىرزا ھەمدەم» گە بۇيرۇدى ، — بەھەمىن ئادەم يەك ھۇجرا دادەنگىر !

دۆلەت دۇئا قىلىپ «شەيخۇلئىسلام» نىڭ ھۇزۇرىدىن كەتتى . قوقانلىق تالىپ رولىدا بەختىيار كەلدى . ئۇنىڭغا يەنە : «بىز دۇرۇغ (يالغان ) سۆزلىمەيمىز ، مەدرىسىمىزگە بىر تال تېرنقمۇ سىغمايدۇ» دېگەن جاۋاب بېرىلىپ يولغا سېلىندى . دۆلەت يەنە چۇستلۇق بىر تالىپى ئىلىم بولۇپ كەلگەنىدى . «مىرزا ھەمدەم» ئارقىلىق «دادەنگىر !» بۇيرۇقى بېرىلدى . قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى . خان ۋە داموللا نىيازنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار چىقتى . ئەمما شەيخۇلئىسلام ھەدەپ پېشانە تەرىنى ئېرتىپ تۇراتتى . زاكىر ـ گاۋ خانغا تەزىم قىلىپ ، شاگىرتلىرىنىڭ يېنىغا باردى . خان ۋە رەئىيە قىزىقچىلىقنى كۈتۈپ قېلىشتى .

## 37 . بىرلىشىش

دەلۋە ئېيى[1] ، قاتتىق قىش . دېۋاننىڭ ھەر ئىككى بۆلمىسىگە بىرنەچچىدىن سەندەل قويۇلغانىدى . ھەربىر سەندەلگە تۆتتىن مىرزا جايلىشىپ ، يارلىق ـ پەرمانلارنى يېزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى .

---

① دەلوە ئېيى — سەمسىيە ھېسابىدا 11 ـ ئاي . قىش ئوتتۇرىسى .

خان ھۆزۈرىغا چاقىرىلغان ئەنۋەر يېرىم سائەتچە كېچىكىپ چىقتى . ئەنۋەر ئۆز بۆلمىسىگە كىرىپ كەلگەندە ، چەتتىكى سەندەلدە شاھادەت مۇپتى باشلىق ئابدۇراخمان ۋە كەلانشاھ مىرزىلار نېمە توغرىسىدىدۇر ئاستا - ئاستا سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى . ئىشىكتە ئەنۋەر كۆرۈنۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتى كېسىلدى ۋە ھەرقايىسىسى ئۆز قولىدىكى ئىشىغا قارىدى .

— ئوھۇ ، ئوھ ، — دەپ يۆتەلدى شاھادەت مۇپتى ، — نېمە پەرمان بار ، مىرزا ئەنۋەر ؟

— ھېچنېمە !— دېدى ئەنۋەر ئۆز سەندىلىگە جايلىشىپ ،— ئوش ، ئەنجان ھاكىملىرىغا نامە بۇيرۇلدى ··· سىز ، موللا ئابدۇراخمان ئاكا ، قولىڭىزدىكىنى نەچچە نۇسخا تەييارلىدىڭىز ؟

موللا ئابدۇراخمان ئالدىدىكى قەغەزلىرىنى ساندى :

— ئۈچ نۇسخا .

— يەنە بىر نۇسخا يازسىڭىز بولدى ، زاكاتچىنىڭ ئىسمىنى قويمىغاندۇرسىز ؟

— قويمىدىم .

— تولا ياخشى ، ئۆزۈم قويارمەن . قولىڭىزدىكىنى چاپسانراق يېزىپ تۈگەتسىڭىز ، يەنە بىر ئىش بار ، — دېدى ئەنۋەر ۋە شاھادەت مۇپتىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى ، — تەقسىر ، سىزدىن بىر ئىلتىماس : تۈنۈگۈنكى ئابدۇشۇكۇر پەنسادقا ئەرزىنى ئۆزىڭىز يېزىپ بەرمىسىڭىز بولمايدىغان ئوخشايدۇ . بايا ماڭا يەنە كەپتۇ ، غودۇڭ - غودۇڭ قىلىدۇ ، مەقسىتىگە ھېچبىر چۈشىنەلمىدىم . پەمىمچە ، ئۇنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى سىز ياخشىراق بىلىدىغان ئوخشايسىز ؟

— قويۇڭ شۇ باش ئاغرىقنى ، — دېدى مۇپتى ،— نەچچە قېتىم ماڭا ئىشى چۈشۈپ بىرەر قېتىممۇ ھەق بەرگىنىنى ئەسلىيەلمەيمەن .

— ھەق ئېلىپ بېرىشكە مەن كېپىل .

— ئوھۇ ، مەن ئالالمىغاننى سىز ئالالامسىز ؟

— ئالالمسام ، سزگە ئۆز يېنىمدىن تۆلەي ، تەقسىر ؛ ئىشقىلىپ ، شۇنىڭ دەۋاسىدىن مېنى قوتۇلدۇرۇڭلا .

شاھادەت مۇپتى ئۈنچىقمىدى . ئەنۋەر قەغەز ئېلىپ بىرنېمە يېزىشقا باشلىدى . شاھادەت مۇپتى ئاستاغىنا يېنىدىكى ئابدۇراخماننى نوقۇپ قويدى ۋە شەرەت بىلەن ئەنۋەرنى كۆرسىتىپ ، «ئەنە ئەھۋال» دېگەندەك قىلىپ ھىجايدى . يەنى ئۇنىڭ ھەرىكىتى «كۆردۈڭمۇ مىرزا بېشىنى ، قولىدىن ئەرز يېزىشمۇ كەلمەيدۇ» دېگەن مەزمۇندا ئىدى . موللا ئابدۇراخمان ئاستا باش كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى . بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ ئولتۇرغان كەلانشاھ مىرزا قولىنى ئاغزىغا كاناي قىلىپ ئەنۋەرگە توغرىلىدى ، يەنى زاڭلىق قىلدى . شۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە ئىشكتىن سۇلتان ئەلى مىرزا كىرىپ كەلانشاھقا تىكىلىپ قالدى ...

— مايمۇنلۇق مۇبارەك !

ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئولتۇرغان ئەنۋەر قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئىشكتىكى سۇلتان ئەلى مىرزىغا قارىدى :

— نېمە ئىش ؟

— ھېچ ئىش ، — دەپ كۈلدى سۇلتان ئەلى ، ئەمما كۆزىدە غەزەپ ئوتى ياناتتى ، — مەن بايىقى قەغەزگە كىرگەنىدىم .

ئەنۋەر يېنىدىكى قەغەزلەر ئىچىدىن بىر ئەرزنى ئاجراتتى .

— جاۋاب مەن ئېيتقاندەك بولسۇن .

— خوپ .

سۇلتان ئەلى قەغەزنى ئېلىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ ، يەنە ئۇلارغا قاراپ قويدى . ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى جىددىي رەۋىشتە ئىشقا بېرىلگەن ، قەغەزدىن باش كۆتۈرۈشمەيتتى . سۇلتان ئەلى چىقىپ كەتتى . بىردەمدىن كېيىن شاھادەت مۇپتى ئاستا باش كۆتۈرۈپ ئەنۋەرگە قارىدى . ئەنۋەر ئۆز ئىشىغا قاتتىق بېرىلگەنىدى . شاھادەت مۇپتى كەلانشاھ بىلەن كۆز توقۇنۇشتۇرۇپ «ياخشى بولمىدى» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى چايقىدى . كەلانشاھ ئەھمىيەتسىز قىلىپ كۆز قىستى . ئادەتتىكىدىنمۇ رەڭگى تاتىرىپ

كەتكەن ئابدۇراخمان بۇلارنىڭ ھازىرقى شەرەتلىشىشلىرىگە قاتناشماستىن ، ئۆز ئىشىغا قارىغان ھالدا ئولتۇردى .

سالىھ مەخسۇمنىڭ ھېلىقى سۆزى بىلەن ئابدۇراخمان ئىشقا ئېلىنغانىدى . ئۈچ ئايدىن بېرى ئەنۋەرنىڭ قېشىدا — ئۆز ھۇزۇرىدا مىرزىلىق قىلىپ كەلدى ۋە ئىككىنچى ئايدىن باشلاپ بەش تىللالىق مائاشمۇ ئالدى . بىر ئايلارغىچە ئەنۋەرگە ساداقەت بىلەن ئۇنىڭ قانىتى ئاستىغا كىرگەندەك ئىشلىدى . بۇ ئارىدا شاھادەت مۇپتى ۋە كەلانشاھ مىرزىغا ئوخشاشلار بىلەن سىرداش بولمىسىمۇ تونۇشتى ، يېقىنلاشتى . باشتا شاھادەت مۇپتىلار ئۇنى يات كۆرۈپ ، ئۇنىڭ يېنىدا ھەر تۈرلۈك غەيۋەتلەرنى قىلىشتىن چۆچۈشتى . چۈنكى ، موللا ئابدۇراخماننىڭ ئەنۋەرنىڭ ئادىمى بولۇشى تەخمىن قىلىنغانىدى . ئۇنىڭ ئىككىنچى ئايدىن باشلاپ مائاش ئېلىشىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئەندىشىلىرىدە خاتالاشمىغانلىقىنى بىلدۈرگەندەك قىلاتتى . لېكىن ، ئابدۇراخماننىڭ بەزى ھەرىكەتلىرى ، مەسىلەن ، ئەنۋەرنىڭ ئەرەبچە ، پارسچە سۆزلەردىن خالىي ، ساددا يازمىلىرىنى كۆپەيتىپ كۆچۈرۈۋېتىپ «ئەتتە ئامۇبىلا مىلىھى» (تۇزسىز ئاش) دەپ كۈلۈپ قويۇشى مۇپتىلارنى ئويلاندۇرۇپ قوياتتى . ئۇلار بۇ تەنىنىڭ ئۇنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىققانلىقىغا گۇمانلىنىشىنىمۇ ، گۇمانلانماسلىقىنىمۇ بىلمەيتتى . شۇنداق چاغلاردا «ئەلەملىك» مۇپتىلارمۇ بىرەر لەتىپە سۆزلەشكە كىرىشەتتى ، تولىراق لەتىپىنىڭ مەزمۇنىنى بىر تەرەپكە بۇراپ سۆزلەيتتى . بەزىدە شاھادەت مۇپتى ئىشتىن ھارغاندەك ئۇھ تارتىپ ، ئۆزىچە «يەمۇتۇل ئەسەدۇفىلغابايى جۇئەن ۋەلەھمۇتتەيرى يۇترەھۇلىل كىلاب»[1] دېسە ، ئىككىنچى تەرەپتىن كەلەنشاھ مىرزا شۇ ماقالىنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ «ۋەخىنزىرۇ يەنە مۇفىل فىراش ۋە ئۇلۇلۇقولى ، يەنە مۇئەلەتتۇرابى»[2] دەيتتى . موللا ئابدۇراخمان ئۇلارنىڭ كىنايىسىنىڭ مەزمۇنىغا چۈشىنىپمۇ ياكى

① ئارسلان جاڭگالدا ئاچلىقتىن جان بېرىدۇ ، ئەمما ئىتتىنى قوشنىنىڭ گۆشى بىلەن باقمىدۇ .
② نوڭگۇر ھۆرۈر قىلىپ كۆرسە ئۇخلايدۇ ، ئەقىل ئىگىلىرى توپىدا يانىدۇ .

چۈشەنمەستىنمۇ ھەرھالدا بىر ھىجىيىپ قويايتتى .
شۇ تەرىقىدە ، ئىككىنچى ئايدا بۇ ئىككى مۇپتى موللا ئابدۇراخماننى سىناپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشتى . ئابدۇراخمانمۇ ئۆزىنىڭ تولىراق سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇلارنى گۇماندىن چىقىرىپ ماڭدى ، ئاخىر ئىككى مۇپتى ئۈچىنچى ياش «ئالىم» نىمۇ گەرچە بىر «نادان» تەرىپىدىن كېلىنگەن بولسىمۇ ، «قەدىرشۇناس» دەپ بىلىشتى ۋە ئۈچىنچى ئايدىن باشلاپ ئۇنىمۇ ئۆز يانلىرىغا ئېلىپ سىرداش بولۇشتى . بايىقىدەك «قازىخانا» ئەرزلىرى ئۇلارغا دەسمايە بولدى .
ئەنۋەر ئۆزى ۋاقىت تاپالماي ، بىرەر نېمىنى مۇپتىلارغا تاپشۇرىدىغان بولسا ، ئۇلار «مىرزا بېشىنىڭ چىشى ئۆتمىدى» دەپ كۈلۈشتى . موللا ئابدۇراخمانمۇ ئىگىدارلىق قىلغۇچى ئەنۋەرنى يۈز - خاتىر قىلىشنى ئۇنتۇپ قالدى . چۈنكى ، مەزكۇر ئىككى مۇپتىنىڭ تەسىرلىرى كۈچلۈك بولغاندىن باشقا ، ئۆزىمۇ شۇلارغا مايىل ، ھەتتا بۇ كەمىستىشلەردىن لەززەتلىنەتتى ...
ئەنۋەر ئىككى مۇپتىنىڭ غەيۋەتلىرىنى ئوبدان بىلسىمۇ ، ئابدۇراخماننىڭ بۇ غەيۋەتكە قاتنىشىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى . پەقەت يېقىندىن بېرى سۇلتان ئەلى مىرزا ئابدۇراخماننىڭ بۇنىڭدا قاتنىشى بارلىقىنى سېزىپ قالدى . ھەتتا بۇ توغرىدا ئەنۋەرگە بەزى سۆزلەرنىمۇ ئېيتتى : «موللا ئابدۇراخماندىن ھەزەر ئەيلەڭ ، سىزگە قارشى قاتتىق قۇتىرىغان ئىككى ئىتىمىز بار ئىدى ، ئەمدى ئۈچىنچىسىنى ئۆزىڭىز ئەكەلگەن ئوخشايسىز» ...
كەچكە يېقىن مىرزىلار تارقىلىشتى ، لېكىن بىزنىڭ مۇپتىلار ھېچ قوزغىلىشمايتتى . ئەنۋەر بولسا ھەممىدىن كېيىن ماڭاتتى . ئىككى مۇپتىنىڭ قوزغالماسلىقلىرىغا ئۆزى سەۋەبچى بولغانلىقىنى ياخشى بىلگەن سۇلتان ئەلى مىرزا ئەنۋەر بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى . شۇنىڭدىن بىرئاز كېيىن مۇپتىلارمۇ كېتىشكە ھەرىكەتلىنىشتى .
ھاۋا سوغۇق ، تۆت ئىلىكچە قار يېغىپ كوچا - يەرلەرنى

قاپلىغانىدى . قوقاننىڭ ئىزغىرىن شامىلى بۇ قار بىلەن ياخشى قوراللىنىپ ، كىشىنىڭ قۇلاق ـ بۇرنىنى زەھەردەك ئاچچىق يالاپ ئۆتەتتى . ئادەملەر تۇماقلىرىنى باستۇرۇپ كىيگەن ياكى سەللىلىرىنى قۇلاق ۋە پېشانە ئارىلاش يۆگەپ ، ماتا چاپانلىرىنى تۇمشۇقلىرىغىچە كۆتۈرۈشكەنىدى . ھەممەيلەن كوچىدا چېپىشاتتى ، بىرنېمىدىن قورۇق قالىدىغاندەك يۈگۈرۈشەتتى . بۈگۈنكى سوغۇق بىلەن قار ھەممىگىلا غېرىبلىق كەشىسى تەقدىم قىلغان ، باي ۋە بەگلەرنىڭ پۈتلىرىدىكى پوزۇر مەسە ـ كالاچلار بىلەن ، كەمبەغەل كاسىپلار كىيگەن موزاي تېرىسى ، كۆن كەشە ـ مەسلەرنىڭ ئۆزئارا پەرقى قالمىغان ۋە ھەتتا بەزىلەرنىڭ پۇتىدىكى ياغاچ كەشلەرمۇ ئاجايىپ نەغمە ـ ناۋا قىلىپ ماڭاتتى .

## 38 . غېرىب كۆڭلى

ئەنۋەر باشقىلاردەك يۈگۈرمىسىمۇ ، شاپاشلاپ كېلىۋاتاتتى . خىش كۆۋرۈككە يەتكەندە ، چوڭ ئۆستەڭ يېنىدىكى ھۇجرىنىڭ ئىشىكىدە ئەسكى جۇۋىغا ئورىنىۋالغان كۆزەتچى ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ سالام بەردى :

— سوغۇقتا توڭلاپ كەتكەن ئوخشايسىز ، تەقسىر … گۈلخېنىمىز بار .

ئەنۋەر تۇمشۇقىنى توندىن چىقىرىپ كۈلۈمسىرىدى ۋە ئىس چىقىپ تۇرغان ئىشىككە بۇرۇلدى ، كۆزەتچى ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ بەردى ، ئەنۋەر ئېڭكىرىگە كىردى . ئىس بىلەن قاپقارا بولۇپ كەتكەن پاكارغىنا قاراڭغۇ ھۇجرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېنىۋاتقان گۈلخاننىڭ يالقۇنى مورىغا ئۇرۇلاتتى . گۈلخان يېنىدا قولىغا كۆسەي تۇتقان سۇلتان ئەلى مىرزا ئوتنى كولاشتۇرۇپ ئولتۇراتتى .

— سىزمۇ سوغۇقتا توڭلاپسىز ـ دە ! — دەپ كۈلدى ئەنۋەر .

— جان ئوت — جان ئەر ، دەپتىكەن بىر خوتۇن … گۈلخان

ئوتلۇق يىگىتنىڭ ئىسسىق قۇچىقى ئىمىش . قىنــــى بۇياققا مەرھەمەت !

ئەنۋەر كۆزەتچى ۋە سۇلتان ئەلى مىرزىلارنىڭ زورلاشلىرى بىلەن گۇلخاننىڭ تۆرىگە ، تۆت قاتلاپ سېلىنغان كىگىــــزگە ئولتۇرۇپ ، قولىنى ئوتقا تۇتتى .

— ئۆزىڭىز ئولتۇرماسىز ، ئاكا ، ئولتۇرۇڭ !

ئەنۋەرنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئەدەپ ساقلاپ تۇرغان كۆزەتچى گۇلخاننىڭ بىر چېتىگە زوڭزىيىپ ، گۇلخان يېنىدىكــى قارا چۆگۈننى ئوتقا تاقاپراق قويدى .

— سوغۇق ئوبدانلا بولدى ، — دېدى ئەنۋەر ئىسسىنىپ ، — ئوردىدىن چىقىپ ، ئۆزىڭىزنى گۇلخانغا ئېتىپسىز ـ دە ؟

— قارىسام ، ئۆيگە يەتكۇچە قېتىپ قالىدىغان ئوخشايمەن ، تاھىر ئاكامنىڭ تۇڭلۇكىدە ئىسنى كۆرۈپ ، ئىشىكنى ئاچسام ، ئىش چوڭ . قىلىنىدىغان بولسىمۇ كىردىم ، نېمە بولىدۇ ... لېكىن ، سىزنى تاھىر ئاكىنىڭ ئۆزى چاقىرىپ كىرگەن ئوخشايدۇ ، تېخى سىزگە چاي دەملەيمەن ، دەپ ئاۋارە بولۇۋاتقان ئېھتىمال ...

تاھىر ئاكا چۆگۈننى يەنە ئوت تەرەپكە ئىتتىرىپ قويدى :

— ھازىر دەملەيمىز ، تەقسىر ، ھازىر سۇمۇ قايناشقا ئاز قاپتۇ ، ياخشى كۆكچىيىمىزمۇ بار .

— ئۆزۈڭلار ئىچمىسەڭلار ، مېنىڭ ئۇچۇن ھاجەت ئەمەس ، مەن ھازىر كېتىمەن .

— گۇلخاننى تاشلاپ ، نەگە ؟

— ئۆيگە ... بەلكىم كىشىلەر كۈتۈپ ئولتۇرۇشقاندۇر .

— شۇنداق سوغۇقتا سىزنى كىــــم كۈتسۇن ، چاينــــى دەملەۋېرىڭ ، تاھىر ئاكا ، مىرزا بىشىنى قويۇۋەتمەيمىز !

— شۇنداق بولسۇن ، تەقسىر ... غېرىبلارنىڭ چېيىدىنمۇ بىر ئىچىپ قويۇڭ ! — دېدى تاھىر ئاكا ۋە ئورنىــــدىن تۇرۇپ بۇلۇڭدىكى يېرىلغان تارشىدىن بىر قۇچاق ئەكېلىپ گۇلخاننىڭ يېنىغا تاشلىدى ، قايناپ تاشقان چۆگۈننى ئوتتىن ئېلىپ ، چاينى

دەملىدى .

— تاھىر ئاكامنىڭ گۈلخېنىنى تاشلاپ كېتىش بولمايدۇ ، — دېدى سۇلتان ئەلى ، — بىر - ئىككى پىيالە چېيىنىمۇ ئىچىش كېرەك ، بىر - ئىككى ئېغىز سۆھبىتىنىمۇ ئاڭلاش كېرەك .

ئەنۋەر كۈلۈمسىرەپ قويىدى . تاھىر ئاكا قوزۇقتىكى تۈگۈننى يېشىپ تۆت - بەش نان ، بىر چاڭگال كاتتا قورغان يېمىشىدىن ئېلىپ كىچىك پەتنۇسقا سالدى ، پەتنۇسنى ئەنۋەرنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئۆزرە ئېيتتى .

— كەمبەغەلچىلىك ، تەقسىر ، ئالدىڭىزغا داستىخان سالالمىدۇق ...

— نېمە ئەيىبى بار ، — دېدى ئەنۋەر ، — مەن مۇشۇنداق قاراڭغۇ ئۆيدە ، گۈلخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشنى ۋە مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن .

— بۇ ئولتۇرۇشنىڭ بىر پەيزى بار ، — دېدى سۇلتان ئەلى .

— بار ... شائىرانە ، دەرۋىشانە بىر مەنىسى بار . مەن كىچىك ، يېتىم چېغىمدا ، ئاچامنىڭ ئۆيىدە مۇشۇ ئەھۋالنى كۆرەتتىم . ئاچامنىڭ ئېرى كەمبەغەل كاسىپ ئىدى . قىش كېلىشى بىلەنلا گۈلخان ياقاتتى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گۈلخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچەتتۇق . شۇ گۈلخان ھاياتى تېخىچە مېنىڭ يادىمدىن چىقمايدۇ ۋە شۇ ھاياتقا ھەمىشەم كۆڭلۈمدە بىر مۇھەببەت ساقلايمەن .

تاھىر ئاكا ئەنۋەرگە ھېجىردا چاي ئۇزاتتى . گۈلخان كېيىنكى قالانغان تارىشىلار بىلەن يالقۇنلىنىپ ياندى . قاراڭغۇ ھۇجرا يورۇپ ئۇچقۇنلار بىلەن زىننەتلەندى .

— بالا - چاقىڭىز بارمۇ ، تاھىر ئاكا ؟

— يوق ، تەقسىر ... مۇشۇ يەردە يۇرتقا دۇئا قىلىپ ياتىمەن .

— تاھىر ئاكامۇ سىزگە ئوخشايدۇ ، — دەپ كۈلدى سۇلتان ئەلى ، — تۈنۈگۈن ئەتىيازغا قالدۇرغىنىڭىز ياخشى بولمىدى ؛ قىش كۈنلىرى تاھىر ئاكامدەك يالغۇزلۇق ...

— چوڭكى مەن تاھىر ئاكامنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى كۆرىمەن ... دەردىسەرنىڭ نېمە كېرىكى بار ـ ھە ، تاھىر ئاكا ؟
تاھىر ئاكا قولىدىكى كۆسەي بىلەن ئوتنى چوخچىلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى .
— قولىدىن كەلگەن كىشىنىڭ بالا ـ چاقا قىلغىنى ياخشى ، تەقسىر .
— نېمە ئۈچۈن ؟
تاھىر ئاكا ئوتنى چوخچىلىغاچ ، بىرئاز جاۋابسىز ئولتۇردى ، ساقال ـ بۇرۇتىغا ئۇچۇپ چۈشكەن ئۇچقۇنىنىڭ كۇللىرىنى قېقىپ تاشلىدى .
— خۇدا پەرزەنت بەرسە ، قېرىغان چېغىمىزدا ئىشىمىزغا ئەسقاتىدۇ ، — دەپ قويدى تاھىر ئاكا ، ئاندىن يەنە بىردەم ئوتنى چوخچىلىدى ، — مېنىڭ ھېچكىمىم يوق ... يېشىم ئەللىكتىن ئاشتى ، تەقسىر ... ھازىر كۈچ ـ قۇۋۋەت بار ، بىرنېمە تاپقىلى بولىدۇ ... بىر ۋاقىتلار كېلىدۇ ، كۈچ كېتىدۇ ، شۇ چاغدا ماڭا كىم قارايدۇ ، تەقسىر ؟ ئىسسىق جان ، مەن ئاغرىپ ياتارمەن ، بىر قوشۇق سۇغا موھتاج بولارمەن ... شۇ چاغدا سۇنى ماڭا كىم بېرىدۇ ، تەقسىر ؟ ئۆلۈم ھەق ؛ ئەجەل يېتىپ ئامانەتنى ئالسا ، كۆزۈم يۇمۇلسا ، بىر بۇلۇڭدا ئۆلۈپ قالغىنىمنى كىم بىلىدۇ ، تەقسىر ؟ ... كىشىنىڭ بالا ـ چاقىسى بولسا ئەنە شۇنداق ئىشلار بولماس دەپ ئويلايمەن ـ دە .
— توغرا گەپ ! — دېدى سۇلتان ئەلى ، — ئەمەلىيەتتىمۇ ، كىشى ئۆزىنىڭ قانداق كۈنلەرگە قېلىشىنى بىلمەيدۇ . تاھىر ئاكام ئېيتقاندەك ، بالا ـ چاقا بىرئاز كۆڭۈل توقى ـ دە .
ئەنۋەر بىردەم سۆز قىلماي ئويلىنىپ تۇردى ، قولىدىكى ھېجىرنى بوشىتىپ تاھىر ئاكىغا ئۇزاتتى .
— ئۆيلەندۈرۈپ قويايلىمۇ سىزنى ؟
تاھىر ئاكا مىننەتدار ئاھاڭدا كۈلۈپ :
— ھەي ، تەقسىر ، — دېدى ، — ئەمدى بولمايدۇ .

— نېمىشقا بولمايدۇ ؟
— ساقالغا قاراڭ ، ئۆلۈم پۈرىقى كېلىدۇ ...
— بولمىغان گەپ ... سىز بىزدىنمۇ ياش كۆرۈنىسىز .
— كۆڭۈل قېرىغان ، تەقسىر ، كۆڭۈل ، — دېدى تاھىر ئاكا قولىنــى مەيدىســـــگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ ، — ئەمدى كۆڭۈل ھېچنېمىمۇ خالىمايدۇ ، پەقەت تىنچلىقنى خالايدۇ ... تىنچلىق قاچان بولىدۇ ، ئۇنى بىلمەيمىز ـ دە .
سۆزنى يەنە ئايلاندۇرۇشقا يول قالمىدى . ئەنۇەر يەر تېگىدىن سۇلتان ئەلىگە كۆز يۈگۈرتتى . سۇلتان ئەلى بېشىنى مەنىلىك قىلىپ سىلكىپ قويدى . تاھىر ئاكا ئۆز ئالدىدىكى يېنىــپ ـ ئۆچكەن چۇچىلىلارنى كۇلدىن ئايرىپ گۇلخانغا تاشلايتتى . بايىقى شىددىتى يوقالغان گۇلخان سۇس كۆك ئىس چىقىرىپ ، ئاستاغىنا چايقىلىــپ ياناتتـــــى . كۇللەر كۆككە ئۇچۇپ ، چوغلار كۇلگە چۆكەتتى ، چۇچىلىلار چوغقا ئايلىناتتى . ئۇچىلىســـــى توختاپ قېلىشقاندەك خېلى ۋاقىتقىچە گۇلخانىنىڭ شۇ ھالىتىگە كۆز تىكىپ قاراپ قېلىشتى .

## 39 . بىشۇي ، ئىيى خىرەدمەند[1] ...

— مۇپتىلىرىڭىز مېنىڭ كەينىمدىن كېتىــــشكەن بولسا كېرەك ، مىرزا ئەنۋەر ؟
خىيالى باشقا نېمىدە بولغان ئەنۋەر سۇلتان ئەلىنىڭ سۆزىگە چۈشىنىپمۇ ياكى چۈشەنمەيمۇ ، ھەرھالدا باش سىلكىپ قويدى .
— مەن سىز بىلەن خوشلىشىپ كوچىغا چىقسام دوستىڭىز موللا ئابدۇراخمان ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىكەن . چامىـــــسى ، كۈندۈزكى «سۆھبەت» نىڭ ئايىغى قالغان بولسا كېرەك ؟ !

[1] بىشۇي ، ئىيى خىرەدمەند ، ئەز ئان دوست دەست ، كى با دۇشمەنانەت بۇۋەد ھەمنەشەست .
(ئەي ھوشيار ئادەم ! دۈشمەنلىرىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇشقان ، ھەمسۆھبەت بولغان دوستۇڭدىن قولۇڭنى يۇغىن) .

ئەنۋەر خىيالى بىلەن خوشلاشقاندەك، خالار - خالماس سۇلتان ئەلگە قارىدى.
— قانداق سۆھبەتنىڭ؟
— سۆھبەتنىڭ ئەمەس، غەيۋەتنىڭ.
ئەنۋەر كۈلدى:
— سىز موللا ئابدۇراخمان دامولىنى كۆرەلمەي قالدىڭىز.
— مەسىلە كۆرەلمەسلىكتە ئەمەس، ئۇنىڭ نالايىق ھەرىكىتىدە، دوست بولۇپ كۆرۈنۈپ دۈشمەنلىك كوچىسىغا كىرىشىدە.
— بىز ئۇنىڭ ھەقىقىي يۈرىكىنى بىلىشتىن ئاجىزمىز.
— ھەرھالدا بۇ كەسلەنچۈك بىزگە دوست ئەمەس!
— خوش؟ — دەپ كۈلدى ئەنۋەر.
— مۇپتىلار بىزگە دوستمۇ، دۈشمەنمۇ؟
— بەلكىم دۈشمەندۇر. لېكىن، بىز ئۇلارغا دۈشمەن ئەمەس.
— بارىكاللا! — دېدى سۇلتان ئەلى مىرزا، — ئەگەردە بىزنىڭ ياردىمىمىز بىلەن ئىشلىق بولۇپ قالغان بىر ئادەم ئەتىگەن - ئاخشام بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ھېسابلانغان كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولسا، ئىغىز - بۇرۇن يالاشسا، بىز ئۇنىڭغا قانداق باھا بېرىشىمىز كېرەك؟ بۇنداق ئادەمنى بىز ئوچۇقتىن - ئوچۇق دۈشمەن ياكى ئەخمەق دەيمىز. ئەمما، موللا ئابدۇراخمان ئەخمەق ئەمەس، كۆپ ئىش كۆرگەن قېرى بۆدۈنە! ئەمدى پەقەت ئۇنىڭ دۈشمەنلىك تەرىپى قالدى ھەم بۇ ئېنىق. مېنىڭ ھۆكمۈمگە قانائەتلەنمىسىڭىز، ھېكمەتكە قاراڭ. شەيخ سەئدى دەيدۇ: «بىشۇي، ئېيى خىرەدمەند، ئەزئان دوست دەست، كى با دۈشمەنانەت بۇۋەد ھەمنەشەست.»
— مەن موللا ئابدۇراخماننى ياخشى ئادەم، دەپ ئويلامدىمەن؟
— ئويلىمايسىز، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىگە يارىشا مۇئامىلە قىلمايسىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاۋۇ مۇتتەھەملەرنىمۇ ھەددىدىن

ئاشۇرىسىز !

ئەنۋەر پەتنۇستىكى يېمىشتىن بىر ـ ئىككى تال ئېلىپ قولىدا تۇتتى .

— سىزنىڭچە ، ئۇلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك ؟

— موللا ئابدۇراخماننىــــى ئوردىدىن كەتكۈزۈش كېرەك ؛ تىنچقىنا ئىمام ۋە خاتىپلىقنى قىلسۇن . مۇپتىلارغىمۇ قازىخانىدىن بىرەر ۋەزىپە تېپىلىپ قالار !

ئەنۋەر بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى . تاھىر ئاكا گۈلخانغا ئوتۇن سېلىۋېتىپ نامازشام ئۈچۈن جايناماز سالدى . سۇلتان ئەلى مىرزا ئىمام بولۇپ ، ئۈچ كىشى نامازشامغا تۇرۇشتى . نامازشامنى ئوقۇپ گۈلخان يېنىغا ئولتۇرۇپلا سۇلتان ئەلى سورىدى :

— ياكى ئۇلارنى ئوردىدىن كەتكۈزۈش ئاسان ئەمەسمۇ ؟

— ئاسان ، لېكىن ئاسان ئىشتا لەززەت يوق ! — دەپ كۈلدى ئەنۋەر ، — سىزنىڭ مۇشۇ گېپىڭىز بىلەن بىر كىشى يادىمغا كەلدى ؛ ئۆزى موللا ئابدۇراخماننىڭ قوۋملىرىدىن بولغان ئاق كۆڭۈل ، ساددا بىر كىشى بار . ئېتى ··· ھە ، ئېتى سەپەر باي ، كەسپى بۆزچىلىك — باپكار . ئۆتكەن كۈنى ئوردىدىن قايتىپ ئۆيگە بارسام ، شۇ كىشى مېنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ . «خوش ، كېلىڭ ، سەپــەر ئــاكــا !» دېۋىدىم ، ئۇ كۆيگەن ـ پىشقان ھالدا ماڭا «ئەرز» قىلدى : موللا ئابدۇراخماننىــــڭ بىــــر دوستىــــدىن ئاڭلاپتىمىش ، گويا موللا ئابدۇراخمان بىراۋغا : «مىرزا ئەنۋەرنىڭ تېگىگە يېقىندا سۇ كېلىدۇ» دېگەنمىش ··· «بۇ نېمىدېگەن گەپ ، مىرزا ، نېمىشقا سىزنىڭ تــېــگىڭىزگە سۇ كېلــــدۇ ؟» دەپ سورايدۇ . مــەن كۈلدۈم ··· «ھازىرچە تېگىم قۇرۇق ، ئەگەردە تېگىمگە سۇ كەلسە ، باپكارلىقنى ئۆگىتەمسىز ؟» دەپ سورىدىم . سەپەر ئاكا سوئالىمغا جاۋاب بەرمەيدۇ ، پەقەت سىزدەك سۆزلەپ : «ئىمامىمىز پىتنە ـ پاساتچى ؛ بۇنداق كىشىنى ھەيدىگىنىڭىز ياخشى» دەيدۇ . سىزگە ياقىدىغان سۆزنى ئېيتتىممۇ ، سۇلتان ئەلى

ئاكا ؟ !

— شۇ كىشى سىزگە ھەقىقىي دوست ئىكەن ، — دېدى سۇلتان ئەلى جىددىي ئاھاڭدا ، — مەن ئۆز پىكرىمدە خاتالاشماسمەن . بۇ كەسلەنچۈك يۇتقان چاپاننىڭ يۇرىكىدە ، خۇدا بىلىدۇ ، سىزگە قارشى چوڭ ئاداۋەت بار .

شۇ چاغقىچە ئوتنى كولاپ جىم ئولتۇرغان تاھىر ئاكا سۆزگە قاتناشتى :

— سەپەر ، مۇرىسى چىققان ، ۋىجىك يىگىت ئەمەسمۇ ، تەقسىر ؟

— خۇددى ئۆزى .

— ئۇ مېنىڭ ئاغىنەم بولىدۇ . ئوھۇ ، ئۇنىڭ بىلەن بىز ھەر يازدا بىللە مەدىكارچىلىق قىلاتتۇق ، ئۆزى بەك ئوبدان يىگىت !

— ۋەسسالام ، — دېدى سۇلتان ئەلى مىرزا ، — بەس ، ئابدۇراخمانمۇ ئاداۋەتتە مۇپتىلاردىن قېلىشمايدۇ . شۇنچە ياخشىلىقنى بىلمىگەن كىشى ...

— ياخشىلىق قىل ، دەرياغا تاشلا ؛ بالىق بىلمىسە ، خالىق بىلۇر ، دەپتىكەن ؛ فۇزۇلى : «دەھر بىر بازاردۇر ، ھەركىم ماتاسىن ئەرز ئېتەر» دەپ ناھايىتى توغرا سۆزلەيدۇ . شۇنىڭغا ئوخشاش بىزمۇ ئۆزىمىزدە بار ماتانى بازارغا سالىمىز ، ئۇلارمۇ بىساتلىرىنى كولاپ شۇنىڭدىن باشقىسىنى تېپىشالمايدۇ .

— بۇ شۇنداق ، مىرزا ئەنۋەر ، ئەمما ئۆزىڭىزنى دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلىش كېرەكمۇ ، ئەمەسمۇ ؟

— مەن نېمىنى دۈشمەندىن مۇداپىئە قىلاي ؟ — دەپ كۈلدى ئەنۋەر ، — ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاداۋىتى مېنىڭدىن باش مۇنشىلىقنى ئېلىش ئۈچۈن بولسا ، مەرھەمەت قىلىشسۇن ، ھەتتا ئۆزۈم ياردەممۇ بېرەي . توغرا ، سىز ئۇلارنىڭ نومۇسسىزلارچە ھەرىكەتلىرىگە تېرىكىسىز . خاپا بولىسىز . مەنچۇ ، مەنمۇ بىر ئىنسان ، ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتە ئەمەسمەن ؛ ئۆز ئۈستۈمدىكى غەيۋەتلەردىن ، ھايۋانلارچە قىلىقلاردىن ، ئىززەت - نەپسىمگە

توقۇنۇشقان ھەرىكەتلەردىن خاپا بولىمەن . سىز ئېيتقاندەك ، ئۇلارنى ئوردىدىن ھەيدەش خىياللىرىغىچە بېرىپ يېتىمەن . لېكىن ، بەزى ئويلار مېنى توختىتىپ قويىدۇ . ئەگەر ئاۋۋال ئۇلار بىلەن تەڭ بولۇش مېنىڭ ئۈچۈن كەمچىلىك كۆرۈنىدۇ ؛ ئىككىنچى ، ئۇلارنى دىۋاندىن ھەيدەشكە كەلسەك ، يەنە ئەندىشىلەر بار : ئەگەردە مۇپتىلارنى دىۋاندىن چىقىرىۋەتسەم خەلق نېمە دەيدۇ ، بەش كۈن ئەمەلدار بولۇپ ، ئوتتۇز يىللىق مىرزىلارنى قەدىرلىمىدى ، دېمەمدۇ؟ ئەگەر ئۇلار جىمغىنا چىقىپ كەتسىغۇ ياخشى ، تەتۈرىچە خان ۋە شاغاۋۇل داموللىلارنىڭ ۋاستىسىدە يەنە كىرىۋېلىشسا ، مەن نېمە ئادەم بولىمەن؟ بۇنداق بولغاندا بىر ئاداۋەت ئۈستىگە يۈز ئاداۋەت قوشۇلۇشىغا گۇمان قالمايدۇ . ئەمدى موللا ئابدۇراخمان توغرىسىدا : باشتا مەن بۇ كىشىنى ئوردىغا ئېلىشقا قارشى بولۇپ ، بىرىنچى كۆرۈشۈمدىلا بۇ موللىدىن ياخشىلىق كۈتمىگەنىدىم . لېكىن ، سىزگە ئېيتقىنىمدەك ، ئوتتۇرىدا نازۇك بىر كىشى ۋاستە بولدى ، شۇنىڭدىن كېيىن ئىلاجسىز خىزمەتكە ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم . موللا ئابدۇراخمان ئىپلاسلارنىڭ قاتارىغا ئۆتكەن بولسا ، ئىشى ئاسان ، چىقىرىۋېتىش قولىمىزدىن كېلىدۇ ۋە لېكىن پىكرىمچە ئۇنىمۇ چىقىرىۋەتكۈلۈك ئەمەس . ئاۋۋال خىزمەتكە ئالماسلىق كېرەك ئىدى ؛ ئېلىنغاندىن كېيىن ، ئۈچ ئاي ئۆتمەستىن چىقىرىش تولا ئېغىر ؛ ئەگەر ئىپلاس بولسا ، ئۇنىڭ مىجەزىنى بىز ئۆزگەرتەلمەيمىز ، ھەر كىشى خالىغان ئىشنى ئىچىدۇ .

سۇلتان ئەلى مىرزا مۇپتىلار توغرىسىدا بىرنېمە دېيەلمىسىمۇ ، ئابدۇراخماننى چىقىرىشقا زورلىدى :

— ماقۇل ، مۇپتىلار قالسۇن ، يەنە بىرنەچچە كۈن سىنىشسۇن ، لېكىن ئابدۇراخماننى توختاتاڭ ، ئەگەر سىز شۇ سازاڭ قۇرتنىڭ مېھرىدىن كەچسىڭىز ، ھەمراھلىرىغا چوڭ ئىبرەت كۆرسەتكەن بولىسىز .

ئەنۋەر كۈلۈپ قويدى :

— سىز مېنىڭ دوستۇمغا قاتتىق تىكىلدىڭىز ...

— تىكىلىشنى تىكىلدىم، — دېدى سۇلتان ئەلى مىرزا جىددىي ھالدا، — سىز ئەڭ بولمىغاندا شۇنىمۇ چىقارمىسىڭىز، مەن كېتىمەن. مۇپتىلارنىڭ رەڭگىروينى كۆرۈپ قىينىلاتتىم، ئەمدى بۇ ئۇچىنچى ئىپلاسنىڭ چىرايىغا قاراشقا تاقىتىم قالمىدى!

سۇلتان ئەلى جىددىيلەشكەنىدى. ئەنۋەر يەنە قارشى سۆزلەشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى:

— ماقۇل، سىز شۇنى مەسلىھەت كۆرسىڭىز، يولغا سالايلى.

— بارىكاللا! — دېدى سۇلتان ئەلى، — سىزدىن يەنە بىر تەلەپ: ئەتىدىن باشلاپ مېنى ئۆز بۆلمىڭىزگە ئېلىڭ، مۇپتىلار ئەتىگەندىن كەچكىچە غەيۋەت قىلىشىپ، مايمۇن بولۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزمەيدىغان بولسۇن!

— بۇمۇ ئاسان، — دەپ كۈلدى ئەنۋەر، — ئۇلار مەن يوق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ قورساقلىرىنى بوشىتىشاتتى. ئەمدى بۇنىڭدىنمۇ بىچارىلەرنى مەھرۇم قىلماقچىسىز؛ بۇنچىلىك زۇلۇم ...

سۇلتان ئەلى كۈلمىدى.

— قىلغانغا قىلمىز ـ دە.

شۇنىڭدىن كېيىن، كېتىشكە تەرەددۇت قىلىشتى. ئەنۋەر قوزغىلىۋېتىپ، ھەميانىدىن بىر تىللا ئېلىپ تاھىر ئاكىغا ئۇزاتتى. تاھىر ئاكا بىلىپمۇ، بىلمەستىنمۇ، ھەرھالدا تىللانى قولىغا ئالغاندىن كېيىن يەنە چاپسانلا ياندۇرۇپ بەردى:

— سەت، سەت بولىدۇ.

— بۇ پۇلنى ئۆزۈمگە دەپ ئويلىماڭ، — دېدى ئەنۋەر تاھىر ئاكىنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ، — سىز بۇ پۇلغا ئوتۇن، يېمىش، ئېلىپ قالسا چاي ئالىسىز. سۇلتان ئەلى ئاكام بىلەن كەلگىنىمىزدە گۈلخانىنى بۇنىڭدىنمۇ چوڭ قىلىپ بېرىسىز.

— سىلەر كەلسەڭلار، ھەممىسىمۇ ئۆزىمىزدىن تېپىلىدۇ.

ئەنۋەر پۇلنى ئالمىدى، تاھىر ئاكا مەسلىھەت سورىغاندەك

سوٗلتان ئەلگە قارىدى . سوٗلتان ئەلى ، دۇئا قىلىپ ئىلىك ، دېگەندەك شەرەت قىلدى . تاھىر ئاكىنىڭ دۇئاسىدىن كېيىن ئوٗلار چىقىپ كېتىشتى .

## 40 . ئالداش ئوٗچوٗن بالا ياخشى

بىرنەچچە كوٗنلەردىن بېرى سەپەر بوٚزچى خوٚشال ئىدى ، موللا ئابدۇراخماننىڭ خىزمەتتىن چىقىرىلىشىغا ئوٚزوٗم سەۋەب بولدوٗم ، دەپ ئويلايتتى ؛ ئوٚز سوٚزى بىلەن موللا ئابدۇراخمانغا ئوخشاش بىر كىشىنىڭ سوٗغا چوٗشكەن ناندەك مىلىقلاپ قېلىشىغا : «يوتقىنىڭغا قاراپ پوٗت سوٗن ، موللا بالا !» دەپ ئوٚزىچە كوٗلوٗپ قوياتتى . توٗنوٗگوٗن سەمەت پوقاقنى كوچىدا يولوٗقتوٗروٗپ ، تازا تە قىلدى : «مىرزا بېشىنىڭ تېگىگە سوٗ كەپتوٗ ـ ھە ، گېپىڭنىڭ توغرا چىققىنىنى قارا ، سەمەت ؟» دېدى . چوٗنكى ئوٗ ئەنۋەرگە بېرىپ ئېيتقان خەۋەرنى موٗشوٗ سەمەت پوقاقتىن ئاڭلىغانىدى . سەمەت پوقاق ئوٗنىڭ بوٗ تە قىلىشىدىن قىزاردى : «قوٗلىقىمغا خاتا كىرگەنىكەن ـ دە ، ئەبلەخ !» دەپ گەپنى كوٗلكىگە بوٗرىدى . سەپەر بوٚزچىموٗ گەپنى ئوٗلاشتوٗردى : «داموللاڭغا : بىر قوچقارنىڭ بېشى كەتكوٗچە ، مىڭلاپ قوينىڭ بېشى كېسىلەرمىش ، دەپ ئېيت» دېدى . سەمەت پوقاق ئوٗنچىقمىدى .

سەپەر بوٚزچى موللا ئابدۇراخماننىڭ خىزمەتتىن چىقىرىلغىنىنى ئاڭلىغاندىن بېرى «مىرزامنى بىر كوٚرسەم» دەپ ئەنۋەرنىڭ يېنىغا بېرىشقا جابدوٗپ يوٗرەتتى ، لېكىن دەستىگاھ يېنىدىن ئىشنى تاشلاپ قوزغىلىشقا كوٚزى قىيمىدى ، بوٗگوٗن ماتا توقوٗۋېتىپ ، ئوٚزىچە قارار قىلدى : «بوٗگوٗن چارشەنبە ، ئەتىلىككە پەيشەنبە ... جوٗمە كوٗنى مەنموٗ بىكار ، مىرزاموٗ بىكار . ھە ، ئوٚگوٗنلوٗككە بارغىنىم ياخشى» .

نامازشامدىن بىرئاز ئىلگىرىرەك سەپەر ئاكا ئىشتىن توختىدى . كوٗننىڭ سوغوٗقلوٗقىغىموٗ قارىماي ، موٗزدەك سوٗدا تەرەت

ئالدى ، ماتا سەللىسىنى نىرى ـ بىرى ئوراپ مەسچىتكە يۈگۈردى . ئۇ مەسچىتنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەندە ، تۆردىكى ھۇجرىدىن موللا شاھادەت مۇپتى ، كەلەنشاھ مىرزا ۋە موللا ئابدۇراخمانلار نامازغا چىقىپ كېلىشىۋاتاتتى . سەپەر بۆزچى ھەر ئىككى مۇپتىنىڭمۇ ئوردىدا ئىشلەيدىغانلىقلىرىنى ياخشى بىلەتتى . موللا ئابدۇراخماننى ئوردىغا يەنە ئالىدىغان بولۇشۇپتۇمۇ نىمە ، دەپ ئويلىدى ۋە ئۈچ ئۆلىما كېلىپ مەسچىتنىڭ ئىچىگە كىرگۈچە ، ئەدەپ ساقلاپ ، مەسچىتنىڭ بوسۇغىسىدا قول باغلاپ تۇردى . ئۇلار كېلىپ مەسچىتكە كىرىپ كېتىۋاتقاندا ، ئارىدىن موللا ئابدۇراخمان كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ سەپەر بۆزچىگە قاراپ ئۆتتى ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن سەپەر بۆزچىمۇ خانىقاغا كىردى . ئەمما ھېلىقى قاراشتىن كېيىن ، سەپەر بۆزچىنىڭ بېشىدىن : «بۇ موللىلارمۇ داموللامدەك ئوردىدىن ھەيدەلگەنلەرمىكىن ؟ مىرزىنىڭ غەيۋىتىگە يىغىلىشقانمىكىن ؟» دېگەن بىر پىكىر ئۆتۈپ كەتتى .

مەزىن تەكبىر ئېيتتى . موللا ئابدۇراخمان مېھرابقا ئۆتتى ، مۇپتى ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىشتى . ئىمام قىرائەت قىلىۋاتقاندا سەپەر بۆزچى تىڭشاش ئورنىغا «ماۋۇ كەتمەن ساقالنىڭ رەڭگى سەت ، ئاۋۇنىڭ ئوزايى بۇزۇق ، داموللامنىڭ بولسا مىجەزى بوش … ئۇچىلىسى ئەلەملىكمۇ نىمە ؟ داموللامنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرگىلى كېلىشكەندۇر ياكى مىرزام بىلەن ئىككى ئوتتۇرىنى ئەپلەشتۇرۇشمەكچىمۇ ؟ … مىرزامنىڭ ئەپلەشمىگىنى ياخشى ، ئىككى ئېغىز گەپ ئۇچۇن مۇشۇ چاغقىچە ئۆچمەنلىك ساقلىغان داموللا … » دەپ ئويلايتتى ، ئەنە شۇنداق ۋەسۋەسىلىنىپ نامازشامنى قانداق ئوقۇغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى ، ئەمما يېتىپ تۇرۇشتىن ئېرىنمىدى . دۇئادىن كېيىن جامائەت تارقىلىشقا باشلىدى . بەش ـ ئالتە كىشى ، جۈملىدىن سەپەر بۆزچىمۇ ئەدەپ ساقلاپ ، داموللىلار مەسچىتتىن چىققۇچە قوزغىلىشمىدى . ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سوپى شامنى ئۆچۈردى ، باشقىلار مەسچىتتىن تارقىلىشتى . سەپەر بۆزچى ھويلىغا چىقىپ ھۇجرىغا

قارىدى ؛ ھۇجرىنىڭ دېرىزىسىدىن شامنىڭ يورۇقى چۈشمەكتە ، ئىچكىرىدىن قولىدا قورۇق داستىخان تۇتقان ئون بىر - ئون ئىككى ياشلىق بىر بالا چىقىپ كېلىۋاتاتتى .

سەپەر بۆزچى دەرۋازىنىڭ تۈۋىگە ئۆتۈپ توختىدى . ھۇجرىدىن چىققان بالا ئۆز يېنىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ، بالىنى ئالدىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كوچىغا چىقتى . بالا كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئىدى ، لېكىن ئۇ ئۆز ھويلىسى تەرەپكە يۈرمەستىن ، شۇ بالىنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى .

— ھوي ، شۈكۈر سوپىنىڭ ئوغلى !

شۈكۈر سوپىنىڭ ئوغلى — بالا يول ئۈستىدە توختىدى . سەپەر بۆزچى ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى .

— قېنى ماڭىۋەر ، سېنىڭ ئېتىڭ مەمەتقۇل - ھە ؟

— ھە .

— مەمەتقۇل ... سەن بىزنىڭ ئەسقەر باينى تونۇمسەن ؟

بالا ئەجەبلەنگەندەك سەپەر بۆزچىگە قاراپ قويدى :

— ئەسقەر مېنىڭ ئاغىنەم ، مۇشۇ چاغقىچە بىلمەيدىكەنسىز - دە !

— ھە - ھە ... ئۆزۈڭمۇ ياخشى يىگىتكە ئوخشايسەن ... مەسچىتتە نېمە قىلىپ يۈرەتتىڭ ؟

— ئىمام پاچچەمنىڭ ھۇجرىسىدا چاي قايىنتىپ بەردىم . چوڭ داموللىلار مېھمان بولۇپ كەپتۇ .

— ھە - ھە ... ئەمدى قاياققا بارىسەن ؟

— ئىمام پاچچەمنىڭ ئۆيىدىن ئاش ئەكېلىمەن - دە .

— تۈزۈكلا ئەسقېتىپ قاپسەن ! ئاش ئەكەلگىنىڭدىن كېيىن ، يەنە چاي قايىنتىپ بېرەرسەن تېخى ؟

— ھە ، قايىنتىپ بېرىمەن ، داموللا پاچچىلەر كېتىشكۈچە خىزمەت قىلىپ تۇرىمەن .

— ھە - ھە ... چوڭ داموللىلار قاچان كېلىشتىكىن - ھە ؟

— دادام ئەزان ئېيتىشقا چىققاندا كېلىشتى - دە . ھازىر مەن

قاينىتىپ بەرگەن چاينى ئىچىشىۋاتىدۇ .
سەپەر بۆزچى ئۇن چامدامچە گەپ قىلماي ماڭدى .
— سەن تولا ياخشى بالىسەن - دە ، مەمەتقۇل ، داموللا پاچچىلىرىڭ نېمە دېيىشىۋاتىدۇ ؟
— تېخى گەپلەشمىدى - دە .
— سەنچۇ مەمەتقۇل ، بىلەمسەن ، مۇشۇ دامولا پاچچىلەرنىڭ سۆزىگە ياخشى قۇلاق سېلىپ تىڭشىۋالغان كىشى سۆزىنى جەننەتكە كىرىپ كېتىۋېرىدۇ - دە ... سەنمۇ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشىۋالامسەن ؟
— ھە ، تىڭشىۋالىمەن . دادامىمۇ ساۋاب بولىدۇ دەۋاتىدۇ .
— بارىكاللا ، مەمەتقۇل ، بەكمۇ ئوبدان تىڭشىۋال - دە ... ئەگەر سەن شۇ دامولا پاچچىلەرنىڭ سۆزىنى ياخشى تىڭشاپ ، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ماڭا بېرىپ سۆزلەپ بەرسەڭچۇ ، مەمەتقۇل ، مەن ساڭا ئون پۇل بېرىمەن - دە !
مەمەتقۇل چۆشەنمەسلىك ئىچىدە سەپەر بۆزچىگە قارىدى :
— راست ئېيتىۋاتامسىز ، سەپەر ئاكا ؟
— يالغىنى يوق - دە ، مەمەتقۇل ! — دېدى سەپەر بۆزچى ۋە بۆز - ماتا يەكتىكىنىڭ يانچۇقىنى سىلكىپ جىرىڭلاتتى ، — كۆردۈڭمۇ تىيىنلارنى ؟ ... ئەگەر ئۇلارنىڭ گېپىنى تىڭشاپ ماڭا ئېيتساڭچۇ ، ئون پۇلنى ئالىۋېرىسەن - دە ، مەمەتقۇل ؟
— كېچىسى سىزنىڭ يېنىڭىزغا بېرىشقا قورقىمەن - دە .
— نېمىدىن قورقىسەن ، مەمەتقۇل ؟ ئەسقەر ئاغىنەڭ كېچىسىمۇ قورقماستىن يۈرۈۋېرىدۇ .
— مەن ئىتتىن قورقىمەن - دە .
— بىزنىڭ كوچىدا ئىت يوققۇ ، ئەخمەق ، قورقساڭ ، ئەتە ئەتىگەنلىككە بار . ئەگەر ئىمام پاچچەڭ ئەمدى كېتىۋەر دېسىچۇ ، مەمەتقۇل ، ماقۇل ، دەپ ھۇجرىدىن چىق - دە ، ھېچكىمگە بىلدۈرمەستىن ، دېرىزىنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ گەپنى ئاڭلا ، جۇمۇ ؟
مەمەتقۇل نېمە ئۈچۈندۇر ھىجىيىپ قويدى ۋە ماقۇل دېگەندەك

بېشىنى لىڭشىتتى .
— قورقمىساڭ ، ئۇلار كەتكەندىن كېيىن بىزنىڭكىگە بار ، مەن دۇكاندا ماتا توقۇپ ئولتۇرىمەن ؛ ئون پۇلنى ئېلىپ كېتىۋېرىسەن ـ دە ، مەمەتقۇل ، سەندىن نېمە كېتەتتى ...
— ماقۇل .
بالا شۇ سۆزنى ئېيتىپ كىچىك ، تار كوچىغا بۇرۇلدى . سەپەر بۆزچى بالىنىڭ كەينىدىن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئارقىسىغا ياندى . سەپەر بۆزچى بالىغا بەرگەن ئۆزىنىڭ بۇ ۋاكالىتى بىلەن ئەتىسىگە مىرزا بېشىنىڭ يېنىغا يەنە بىر گەپ تېپىپ بارماقچىدى . ئۇنىڭ ئويىچە ، داموللا پاچچىلەرمۇ ئوردىدىن ھەيدىلىشكە لايىق . مىرزا بېشىغا دۈشمەن بولۇپ چىقىشلىرى ئېھتىمال ئىدى . ئۇ شۇ خىياللار بىلەن ئۆيىگە كەلدى . ئېرىنى ساقلاۋېرىپ قازاندىكى سۇيۇقئېشى ئاتىلىغا ئايلانغان توختا بىبى سەپەر بۆزچىنى كايىپ قارشى ئالدى .

## 41 . تىيىنىڭىز ئۇپراپ كەتكەن ئەمەسمۇ

ئۇ تولىراق شام ۋە بامدات نامىزىنىلا مەسچىتتە ئوقۇپ ، قالغانلىرىنى ئۆيىدە ئادا قىلاتتى ، پېشىن ، نامازدىگەر ، خۇپتەنلەرگە ۋاقىت چىقىرالمايتتى ، ئەمما بوگۇن كەچ خۇپتەنگە ئەتەي چىقمىدى . يەنى مەمەتقۇل ئون پۇل ئۇچۇن ئالدىراپ ، ئاڭلىغان گېپىنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا سۆزلەپ قويۇشى ئېھتىمال ئىدى . ئۇ تاماقتىن كېيىن ئىشخانىسىغا چىقتى ، دەستىگاھ يېنىدىكى قارا چىراغنى يېقىپ ، ئۆرۈشتىكى يىپ ئۇزۇكلىرىنى ئۇلىدى ، ئالماشقان يىپلارنى ئايرىدى ، چىگىش كىرگەنلىرىنى يېشىپ توغرىلىدى ، ئاغزى بىلەن ئاخار پۈركەپ ، يەنە تارىدى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا قۇرۇتۇش ئۇچۇن ئۆرۈشنى يەلپۈدى . ئۆرۈش توقۇشقا راسلانغاندىن كېيىن ، ئەسكى دۇپپىدىكى قومۇشقا ئورالغان يىپلار (ئاقاق )نى ئېلىپ دەستىگاھقا چۈشتى ، تىغ ۋە گۈلىنى

ئارقىغا سۈرۈپ، موكىنى توغرىلىدى.

قارا چىراغ دەستىگاھنى ئارانلا يورۇتاتتى. مۈرىلىرى تاشقىرىغا چىقىپ، كۆكرىكى ئىچىگە پېتىپ كەتكەن سەپەر بۆزچى گويا دەستىگاھقا قويۇپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. تەپكە بېسىلغاندا «غىچ - غىچ» قىلغان نەغمە ئاڭلىناتتى ۋە بۇ نەغمىگە ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك موكا ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈپ تۇراتتى، ھەر مىنۇتتا ئاقاق، ئۆرۈش بىرلىشىپ، تۆت ئىلىك ماتا ھاسىل قىلاتتى. سەپەر بۆزچىنىڭ بىر كېچىلىك ئىشىغا بىر ئاخار مۆلچەر بولۇپ، قارا چىراغنىڭ يېغىمۇ سائەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى، يەنى قارا چىراغقا تولدۇرۇلغان ياغ ھەر كۈنى بىر ئاخارغا يېتىپ تۈگەيتتى.

سەپەر بۆزچى موكا ياغىچىنى ئوراپ، ئاخار پۈركىگەن ئۆرۈشكە سىنچىلاپ قارىدى ۋە ناسۋال چېكىپ، كوچا تەرەپكە قۇلاق سالدى. چۈنكى ئۇ تېخىچە مەمەتقۇلنىڭ كېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزمىگەنىدى، بىردەم قۇلاق سېلىپ تۇرغاندىن كېيىن موكىغا يېڭى قومۇش (نەيچە) سېلىپ، يەنە ئىشقا كىرىشتى. ئىچكىرىدە چاق ئېگىرىپ قومۇشقا يىپ ئوراش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان توختابىبى كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى يىپلىق ئۆرۈشچاقلار بىلەن تولدۇرۇپ چىقتى، گەپ - سۆزسىز ئۆرۈشچاقلارنى ئەسكى دۇپپىغا ئاغدۇرۇپ، بوشىغان قومۇشلارنى يىغىۋالدى.

— پۈتتۈم مۇزلاپ كەتتى، ئوتنىڭ ئىلاجىنى قىلغىنا.

— ئوت يېقىپ بېرەيمۇ؟

— ھە، بارىكاللا! ئۈچ - تۆت تال تارىشىنى پارچىلاپ كىرسەڭ بولىدۇ.

توختابىبى چىقىپ كەتتى. سەپەر ئاكا تېرىككەندەك تەپكىنى چاپسان - چاپسان بېسىپ ئىشقا كىرىشتى. موكا توختىماستىن ئىككى ياققا سەكرەپ تۇردى. ئون مىنۇتچە شۇ ھالدا ئىش قىزغىن داۋام قىلغاندىن كېيىن موكا بىردىن توختىدى. سەپەر بۆزچى تاشقىرىغا قۇلاق سالدى. كوچا ئىشىكى «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ، يۆلەكتىن كىچىك بالىنىڭ ئاياغ تىۋىشى كەلدى. سەپەر بۆزچى

موكسىنى قولىدا تۇتقان ھالدا ئۆزىچە كۇلۇمسىرىدى ، يەنە بىر ـ ئىككى ئاياغ بېسىلغاندىن كېيىن ، دۇكانخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى :

— باركاللا ، مەمەتقۇلۇم ، باركاللا ... ئىشىكنى ياپ ، ئىشىكنى !

مەمەتقۇل ئىشىكنى ياپتى ۋە ئىككى قولىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ ئىسسىندى .

— توڭلىدىڭمۇ ، مەمەتقۇل ؟ ھازىر ئوت ياقىمىز ، ھازىر ... باياتىن بېرى مەمەتقۇل كېلىدۇ ، دەپ ئون پۇلنى ساقلاپ ئولتۇرىمەن ـ دە .

شۇ چاغدا ئىشىك قىيا ئېچىلىپ ، يەنە يېپىلدى .

— كىرىۋەر ، توختابىبى ، كىرىۋەر : ئۆزۈڭنىڭ مەمەتقۇلۇڭغۇ !

تارىشا كۆتۈرۈپ توختابىبى كىردى ۋە مەمەتقۇلغا قارىدى .

— مەمەتقۇلمىدىڭ ! — دېدى توختابىبى ، — كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن ، بالام ؟ ئاناڭ ساق ـ سالامەت يۈرەمدۇ ؟

مەمەتقۇل توختابىبىنىڭ سۆزىگە بېشىنى لىڭشىتىپ ، سەپەر بۆزچىگە قارىدى ...

— مەمەتقۇلنىڭ مەن بىلەن ئىشى بار ، ئاچىسى . ئوتنى چاپسانراق ياق ، مەمەتقۇل توڭلاپ كېتىپتۇ .

توختابىبى ئوتۇننى گۈلخان ئورنىغا تاشلاپ ، قولىدىكى تارىشا گۇگۇتنى قارا چىراغقا تۇتۇپ ياندۇردى ۋە بىرىپ ئوتۇننى ياقتى .

— ئۇلارنى يولغا سېلىپ كەلدىڭمۇ ، ئوغلۇم مەمەتقۇل ؟ ... باركاللا ، يېنىڭلارغا يەنە باشقا كىشىمۇ كەلدىمۇ ؟

— ياق .

— ھە ـ ھە ... ئىمام پاچچەڭ ساڭا كېتىۋەر دېمەپتۇ ـ دە ؟

— مەن يەنە ئىككى قېتىم چاي قاينىتىپ بەردىمغۇ . مەن كەتسەم ئۇلارغا كىم چاي قاينىتىپ بېرەتتى . مەن چاينى قاينىتىپ گەپنى تىڭشاپ ئولتۇردۇم !

— باركاللا ، باركاللا ! — دېدى سەپەر كۈلۈپ ۋە خوتۇنغا قاراپ قويدى ، — يىگىت دېگەن مانا مۇشۇنداق بولسا بولىدۇ ـ دە ، بىزنىڭ ئەسقەر بايلارمۇ «يىگىت» ـ دە . قېنى ، مەمەتقۇل ، گۈلخاننىڭ يېنىغا بارايلىچۇ ، ئوتسىنغاچ گەپلىشىمىز ـ دە .

ئىككىسى گۈركىرەپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ يېنىغا بېرىپ زوڭزىيىشتى . سەپەر ئاكا پۇتىنى كەشىدىن چىقىرىپ ئوتقا قاقلىدى .

— ئەسقەر باي ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ ـ ھە ، ئاچا ؟

— ئۇخلاپ قالغان ! — دېدى توختابىبى ۋە بېرىپ دەستىگاھنىڭ يېنىدىكى بوشىغان قومۇشلارنى يىغىۋالدى ، — مۇشۇلارنى تولدۇرۇپ بەرسەم بۈگۈن كېچىگە يېتەر ؟

— تولدۇرىۋەرگىنە ، كۆرىمىز ـ دە .

توختابىبى دۇكانخانىدىن چىقىپ كەتتى . سەپەر بۆزچى مەمەتقۇلغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى . مەمەتقۇلمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ھېجىيىپ ، سەپەر بۆزچىنىڭ تىيىن بار يانچۇقىغا كۆز تاشلىدى ۋە نېمىشقىدۇر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى .

— خوش ، مەمەتقۇل ئاخۇن ؟

مەمەتقۇل ئويلاپ ئىككىلىنىپ كۆردى :

— كىتاب ··· كىتاب سۆزىنى ئېيتىشمىدى ـ دە ، ھە ··· چوڭ داموللام قۇرئاندىكى ھەججىنى ئوقۇغانىدى . مەن ···

سەپەر بۆزچى بالىنىڭ تەشۋىشىنى چۈشىنىپ كۈلدى :

— سەن ئۇقۇۋالالمىدىڭمۇ ، ئاپلا ، مەيلى ، ئۇقۇۋالغىنىڭنى ئېيتىۋەر !

مەمەتقۇل يېنىكلىشىپ ، دەم ئالدى ، كۆزىنى ئىختىيارسىز سەپەر بۆزچىنىڭ يانچۇقىغا تىكتى .

— كىتاب سۆزى بولمىسىمۇ تىيىننى بېرىۋېرەمسىز ، سەپەر ئاكا ؟

سەپەر بۆزچى كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتالمىدى ، يانچۇقىدىن تىيىنلارنى چىقىرىپ قولىغا ئالدى :

— بىرنۋېرىمەن ـ دە ، كۆرۈۋاتامسەن ؟ ... مۇشۇنىڭدىن ئۇنى سېنىڭكى .

— ئىمام پاچچەم ، — دېدى مەمەتقۇل كۆزىنى تىيىندىن ئالالمىغان هالدا ، — ئىمام پاچچەم ئۆزى ئوردىغا مىرزا بېشى بولغانىكەن ـ دە ... شۇ ، خەت پۇتىدىغان جايدا موللا ئەمەس بىر كىشى چوڭ بولۇپ قالغانىكەن ... ئاشۇ موللا ئەمەس خام كىشى ئىمام پاچچەمنى خەت پۇتۈشكە چولتا ئىكەن ، دەپ مىرزىخانىدىن چىقىرىۋەتكەنىكەن ـ دە ... ئەلى مىرزا دېگەن كىشى ئىمام پاچچەمنى ئۇنىڭغا يامانلاپتۇ ...

سەپەر بۆزچى مەمەتقۇلنىڭ سۆزىنى بۆلدى :

— كىمگە يامانلاپتۇ ؟

— شۇ موللا ئەمەس خام كىشىگە يامانلاپتۇ ـ دە ... شۇنىڭدىن كېيىن ئىمام پاچچەمنى چىقىرىۋېتىپتۇ . ئەمدى چوڭ دامولللارنىمۇ ئوردىدىن چىقارسام ، دەپ يۈرىدىكەن . ئۆزى ناهايىتى يامان كىشى ئىكەن ـ دە ... چوڭ دامولللار بۇنى قانداق قىلىمىز ئەمدى ، دەپ ئىمام پاچچەمنىڭ ئالدىغا كېلىشىپتۇ ـ دە ! — دېدى مەمەتقۇل ۋە خېلىغىچە سەپەر بۆزچىنىڭ قولىدىكى تىيىنغا قاراپ تۇرۇپ ، — تىيىنىڭىز ئۇپراپ كەتكەن ئەمەسمۇ ، سەپەر ئاكا ؟ — دەپ سورىدى .

سەپەر ئاكا كۈلدى ، تىيىندىن بەش دانىسىنى ئايرىپ مەمەتقۇلغا ئۇزاتتى .

— مانا ئۆزۈڭ كۆرگىنە .

مەمەتقۇل تىيىننى ئېلىپ ئۇياق ـ بۇيىقىنى تەكشۈردى :

— تامغىسى پۈتۈن ئىكەن . بىر پۇلغا ئون پەيسە هالۋا بېرەرمىكىن ، سەپەر ئاكا ؟

— نېمىشقا بەرمىسۇن ، تىيىننى يانچۇقۇڭغا سېلىپ قوي ، قالغىنىنى سۆزلەپ بولغىنىڭدىن كېيىن ئالىسەن . چوڭ دامولللار مەسلىھەتكە كەلگەنىكەن ، دېگىن ؟

— هە ... تىيىنىمنى بەلۋېغىمغا تۈگسەم چۈشۈپ

قالماسمىكىن ؟

— هازىر تۇگمە ، مېنىڭدىن يەنە بەش پۇلنى ئالغىنىڭدىن كېيىن قوشۇپ تۇگەرسەن .

مەمەتقۇل قولىدىكى پۇلنى شاراقلىتىپ ئويناتتى ۋە كەينىدىنلا شىكايەت قىلدى :

— پۇتۇم كۇيۇشۇپ قاپتۇ .

— زوڭزىيىپ ئولتۇرما .

مەمەتقۇل ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە ۋايسىدى :

— يىڭنە سانجىۋاتىدۇ ؟

— تىڭشىما ، سۆزلەۋەر ، هازىر ئۆزى تۇزىلىپ قالىدۇ .

— هە ، شۇنداقمۇ ، — دېدى مەمەتقۇل مەسىنىنى سىلاپ ، — سىزنىڭكىمۇ شۇنداق بولامدۇ ، سەپەر ئاكا ؟ ... كاتتا داموللام ساقىلىنى تۇتاملاپ هېلىقىنى خەپلىدى ، تۇزاققا چۇشەر ، دېدى . ئىمام پاچچەم ئويلاپ ئولتۇردى . ئۇنىڭدىن كېيىن ... سانجىۋاتىدۇغۇ ، سەپەر ئاكا ؟

— هازىر تۇزىلىپ كېتىدۇ ، خوش ؟

— ئۇنىڭدىن كېيىن ... سىلەرگە ماقۇل كەلسە ، بىر ئىش يادىمغا كەلدى ، دېدى ، ئاشۇ ئەتىياز كەلسە ئۆيلىنىدۇ ، دېدى ...

سەپەر بۆزچى مەمەتقۇلنى توختىتىپ سورىدى :

— ئاشۇ دېگىنىڭ كىم ، ئاشۇ ؟

— ئاشۇ ـ دە ، موللا ئەمەس سىڭلىسى تالاق ـ دە ... ئۆزىڭىزمۇ سوراۋېرىدىكەنسىز ـ دە ! ئالىدىغان خوتۇنى چىرايلىق ، دەپ ئاڭلايمەن ، دېدى . بۇمۇ بىر گەپ ـ دە ، شۇ قىزنى خانغا توغرىلىساق بولارمىكىن دېدى . كاتتا مولللار ماقۇل دېيىشتى . هەي ـ هەي ـ هەي دېيىشتى ... ، — شۇ يەرگە كېلىپ مەمەتقۇل بىرئاز ئويلاپ قالدى ، — بۇنىڭ دەۋاسى گۇلچىن بولىدۇ ، دېيىشتى .

سەپەر بۆزچى كېيىنكى سۆزنى تەكرارلىدى :

— گۇلچىن بولىدۇ ، دېيىشتى ؟

مەمەتقۇلنىڭ ئۆزىمۇ بۇ توغرىدا ئىككىلىنىۋاتقاندەك بولدى .

— مەن ياخشى بايقىمىدىم ـ دە : دەۋاسى گۈلچىن بولىدۇ ، دېيىشتى ··· ، — گۈلچەي ··· ياق .

— ئۇنىڭدىن كېيىن ؟

— بولدى ، شۇ .

— ھەممىسى ؟

— ھەممىسى شۇ ··· مەن تاشقىرىغا چاي قايناتقىلى چىققىنىمدا گەپ تىڭشىمىدىم ـ دە .

— ماقۇل ، ماقۇل ، — دېدى سەپەر بۆزچى ، — ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كېتىشتىمۇ ؟

— كېتىشتى ، ئىمام پاچچەم ئەمدى ئۆيۈڭگە بار ، دېدى . ماڭا ··· تېيىننى بەرسىڭىز قوشۇپ تۇگەتتىم .

سەپەر بۆزچى كۈلۈپ ، قولىدىكى تېيىندىن يەنە بەش پۇلنى ئۇزاتتى .

— مېنىڭدىن ئون پۇل ئالغىنىڭنى ھەركىمگە سۆزلەپ يۈرمە ، ماقۇلمۇ ؟ ھە ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ گەپنى ھېچكىمگە ئېيتما ، داموللىلىرىڭنىڭ سۆزى ساۋابسىز گەپلەر ئىكەن ··· ئۆيۈڭگە يالغۇز كېتىشكە قورقامسەن ؟

مەمەتقۇل بىرئاز ئويلىنىپ ، بېلىدىكى تېيىن تۈگۈننى قولى بىلەن تۇتتى ، سەپەر ئاكىنىڭ «قورقامسەن» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن ، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە يۈگۈرگەن بويى چىقىپ كەتتى .

## 42 . قۇۋ ئادەم ئىكەن

سەپەر بۆزچى دەرۋازىدىن كىرگەندە ئىچكىرىدىن ياسانغان بىر خوتۇن چىقىپ قالدى ، بۇنداق ياخشى كىيىنگەن ۋە چىرايلىق خوتۇننى ئۆز ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم كۆرگەنلىكى ئۈچۈن بولسا كېرەك ، خوتۇن مۆكۈنۈۋالغۇچە ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي

قارىدى ، تەئەججۈپ ۋە تاڭ قېلىش ئاستىدا مېڭىپ مېھمانخانىغا كىردى . مېھمانخانىدا ئەنۋەر يوق ، ئەنۋەرنىڭ ئورنىدا يات بىر كىشى — سۇلتان ئەلى مىرزا ئولتۇراتتى . سەپەر بۆزچى سالام بەردى . سۇلتان ئەلى مىرزا سالام بېرىپ ، ئولتۇرغان ئورنىدىن سەپەر بۆزچىگە جاي كۆرسەتتى . سەپەر بۆزچى بىرئاز سۆزسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن ، «مىرزاسى»نى سورىدى . سۇلتان ئەلى مىرزا ئەنۋەرنىڭ بەگلەردىن بىرىنىڭكىگە زۆرۈر ئىش بىلەن كەتكەنلىكىنى ۋە بىردەمدىن كېيىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۇنىڭدىن مىرزىدا قانداق ئىشى بارلىقىنى سورىدى .

— ئىشقۇ يوق ، تەقسىر ! — دېدى سەپەر ، — بىز بىر خالىس دۇئاگۇي ئادەم ··· مىرزىنى بىر زىيارەت قىلاي دەپ كەلگەنىدىم .

سۇلتان ئەلى سەپەر بۆزچىنى بىرنېمىنىڭ تەمەسىدە يۈرگەن كىشى ، دەپ ئويلىدى ، چۈنكى ئەنۋەرنىڭ قولى ئوچۇقلۇقىنى ، ئۇنىڭغا كۆپ ھاجەتمەنلەرنىڭ ئۆگىنىپ قېلىشقانلىقىنى ياخشى بىلەتتى . ئەمما ، سەپەر بۆزچى سۇلتان ئەلىنىڭ سىلىق مۇئامىلىسىدىن خۇشال بولۇپ ، ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزىدە دوستلۇق ھېس قىلدى . بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن ، سەپەر يەنە تىلغا كىردى :

— بەرىكە تاپسۇن مىرزام ، ئادەمجان ـ دە ، ئادەمجان ؛ بىزدەك پېقىرلار بىلەنمۇ ئاغىنە ، سىلەر بىلەنمۇ شۇنداق ، ھەممىگە باراۋەر !

بۇ سۆز سۇلتان ئەلى مىرزىنىڭ بايىقى خىيالىغا قارشى سۆزلەنگەندەك چۈشتى . سەپەر بۆزچىنىڭ مىرزا بىلەن ئاغىنىلىك دەۋاسى ئۇنى ھەيرانلىققا چۆمدۈردى .

— شۇنداق ، شۇنداق ··· مىرزا سىز ئېيتقاندەك ، ھەممىگە باراۋەر يىگىت ! — دېدى سۇلتان ئەلى ، — نېمە كەسىپ قىلىسىز ؟

— بۆزچىلىك ، تەقسىر ، لېكىن مىرزام سەن بۆزچىسەن ،

دەپ بىزدىن ئۆزىنى تارتمايدۇ ، بىز شۇ ئىشقا پىدا بولىمىز ـ دە ، تەقسىر ... بولمىسا بازىرىمىزنىڭ ئاقساقىلىمۇ ئىككى ئىغىز گېپىمىزگە قۇلاق سېلىپ باقسۇنچۇ ، نەفسەمبىر[1] گەپنى قىلغان ياخشى ـ دە ، تەقسىر .

سەپەر بۆزچىنىڭ «نەفسەمبىر» دېگىنى سۇلتان ئەلىنى ئىختىيارسىز كۈلدۈردى .

— توغرا ئېيتىسىز ، ئىسمىڭىز نىمە ؟

- بىز تامنىڭ كاۋىكىدا ياتقان بىر ئادەم ـ دە ، ئۆزىمىزگىمۇ ، ئىسمىمىز نىمە بولاتتى ... ئېيتقان زامان تونۇۋالىدىغان ، بىز شەھەرنىڭ ئالىم قاۋىقى[2] ئەمەس .

سۇلتان ئەلى مىرزا يەنە كۈلدى ، «نەفسلىئەمىر» گەپلەردىن زوقلىنىپ سەپەر بۆزچىگە قارىتا ئۆزىدە يېقىنلىق ھېس قىلدى ۋە بىردەم ئويلاپ تۇردى .

— ئىسمىڭىزنى ئېيتسىڭىز بەلكى مەن تونۇيدىغاندىمەن ... سىز بۆزچى بولسىڭىز ، ئۆتكەن ھەپتە مىرزا ئەنۋەرگە بىر سۆز ئېيتقان ئەمەسمىدىڭىز ؟

— ئېيتقان بولسام ئېھتىمال ؛ نىمىشقا دېسىڭىز ، قول بوشىغاندا مىرزامنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىپ تۇرىمەن ـ دە .

— سىز ... سىز موللا ئابدۇراخماننىڭ قوۋملىرىدىن ئەمەسمۇ سىز ؟

— ھى ـ ھى ـ ھى ... خۇددى ، تەقسىر .

— ئەگەر خاتالاشمىسام ، ئىسمىڭىز سەپەر باي بولسا كېرەك ؟

سەپەر بۆزچى زوقلىنىپ ، ھۇزۇر قىلىپ كۈلۈپ كەتتى :

— مىرزام ئېيتقانىكەن ـ دە .

سۇلتان ئەلى مىرزىمۇ كۈلدى ۋە كۈلكە ئارىسىدا چاقچاق

---

1 نەفسەمبىر — نەفسلىئەمىر ، نەپى ھەممە ھال ، دىگىنى .

2 ئالىم قاۋىقى — خۇدانارغا جەت مەملىكەتلەردىن مال ئەكىلىپ ساتقۇچى مەسھۇر سودىگەر .

قىلدى :

— سىز ئۆزىڭىزنى پەس ساناپ ، ئېتىمنى ئېيتقان زامان تونۇيدىغان ئالىم قاۋاق ئەمەسمەن دەيسىز ، ھالبۇكى سىزنى ئوردىنىڭ مىرزابېشى ، شەھەرنىڭ قورىبېشى ۋە مەھەللە باشلىقلىرىمۇ تونۇيدۇ !

— توۋا قىلدىم ، توۋا قىلدىم ، — دېدى سەپەر ، — مەن ئۆز قەدرىمنى بىلمەي يۈرگەنىكەنمەن ـ دە .

ئىككىسى پاراڭ سېلىپ خېلىغىچە كۈلۈشتى ۋە بىردەمدە كونا قەدىردانلاردەك بولۇپ كېتىشتى . سۇلتان ئەلى ئۇنى «سەپەر ئاكا» دەپ خىتاب قىلىشقا باشلىدى ۋە موللا ئابدۇراخماننىڭ كېيىنكى ئەھۋاللىرىنى سورىدى . سەپەر بۆزچى موللا ئابدۇراخماننىڭ بوشىتىلغانلىقىدىن خۇشال ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلدى ۋە ئۇنىڭ كالپۇكى كۆكىرىپ يۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ ، سۇلتان ئەلىنى كۈلدۈردى .

— شۇنچىلىك ھالىڭ بار ئىكەن ، قۇيرۇقۇڭغا چۆگۈن باغلاشنىڭ نېمە ھاجىتى بار ئىدى ، دەپ كۈلىمەن . ئەگەر قوزۇققا دوناي توقماق ؛ مىرزام تولا ياخشى ئىش قىلغان ـ دە .

— شۇنداق ، — دەپ كۈلدى سۇلتان ئەلى ، — كىشىلەر ئەمدى نېمە دەيدىكىن ، بەلكى قۇلىقىڭىزغا كىرىپ قالغاندۇر ؟

سەپەر بۆزچى ئوڭ قاپىقىنىڭ ئۈستىنى سىلاپ قويدى ۋە قولىنىڭ تەكشى ئۆسمىگەن تىرناقلىرىغا قارىدى .

— بۇ توغرىدىكى سۆزنى ئاڭلىغىنىم يوققۇ ··· ئەمدى ئۆزى يامان ئادەم ـ دە .

— مەسىلەن ، يامانلىقى ؟

— يامانلىقى ··· — دەپ يەنە تىرنىقىغا قاراپ قالدى سەپەر بۆزچى ، — ئىشقىلىپ ، تەقسىر ، ئادەمنىڭ پېيىنى قىرقىسام دەيدۇ ـ دە . ئىلگىرى خالىسانىللا دۈشمەن بولسا ، ئەمدى ئەلەمزادە بولدى ـ دە ···

سەپەر بۆزچىنىڭ ساددا كۆڭلىدە يوشۇرۇنغان سىر ئاز - ئاز تېشىغىمۇ تېپىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ «... ئەمدى ئەلەمزادە بولدى - دە» جۇملىسىدىن گۇمانلىنىپ قالغان سۇلتان ئەلى جىددىي تۇس ئالدى :

— مەن مىرزا ئەنۋەر بىلەن بىللە تۇرىمەن . سەپەر ئاكا ، — دېدى ، — مىرزا بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچبىر يوشۇرۇن گەپ بولمايدۇ . مەسىلەن ، سىزنى قاراپلا تونۇشۇم ، موللا ئابدۇراخمان توغرىسىدا كېلىپ ئېيتقان سۆزىڭىزنى بىلىشىم ...

— مەن بۇنى بىلىۋاتىمەن ، تەقسىر .

— بىلىۋاتقان بولسىڭىز ، — دېدى سۇلتان ئەلى قېيىدىغان قىياپەتتە ، — نېمىشقا مېنىڭدىن گۇمانلىنىسىز ؟

— ياق ، ياق ، ئۇكا ، مەن خۇدا ھەققى ...

— بولمىسا ، نېمىشقا موللا ئابدۇراخمان توغرىسىدىكى سوئالىمغا تۈزۈك جاۋاب بەرمەيسىز ؟

— مەن ئېيتتىمغۇ ، يامان ئادەم - دە ، ئۆزى ...

— ئۇنىڭ يامان ئادەملىكىنى ئۆزۈممۇ بىلىمەن ، ئەمما مېنىمۇ يامان ئادەم دەپ ئويلىغىنىڭىز ئۈچۈن ... بوپتۇ ، ھېلى مىرزا ئەنۋەر كەلگەندە ، مۇشۇ مېنىڭدىن يوشۇرۇۋاتقان گېپىڭىزنى ئېيتارسىز ، مەن شۇ چاغدا سىزنى ئىزا تارتقۇزارمەن ...

سەپەر بۆزچى بىردىن كۈلۈۋەتتى ۋە قولى بىلەن سۇلتان ئەلىنى نوقۇپ قويدى :

— ئىزا تارتقۇزسىڭىزمۇ «نەفسەمبىر» نى ئېيتاي : خېلى قۇۋ ئادەم ئىكەنسىز .

بۇ ساددا باھا سۇلتان ئەلىنى كۈلدۈردى :

— سىز مېنىڭدىنمۇ قۇۋراق ئىكەنسىز .

— مەن بۇ گەپنى مىرزامنىڭ ئۆزىگە ئېيتاي ، دېگەنىدىم - دە .

— ئەلۋەتتە ئېيتىسىز ، لېكىن مەنمۇ ئاڭلىسام زىيان

قىلمايدۇ . خوش «ئەلەمزادە» نېمە قىلماقچى ؟

— ئەلەمزادىمۇ ؟ — دەپ كۈلدى سەپەر ۋە بىرئاز ئويلاپ تۇردى ، — ئوردىدا تۇرىدىغان بولسىڭىز ، ئاۋۇ يوغان مۇپتىلىرىڭىز بارغۇ ؟

— بار ، بار : پۇل بەرسىڭىز هارام ئۆلگەن ئېشەكنىڭ هالاللىقىغا پەتىۋا بېرىدىغان مۇپتىلار . خوش ؟

— گەپلىرىڭىزمۇ قىزىق ئىكەن ... ئەنە شۇ مۇپتىلىرىڭىزدىن ئىككىسى ئۆتكەن كۈنى داموللىمىزنىڭ هۇجرىسىدا مېهمان بولۇشتى ...

سەپەر بۆزچى ئۆتكەن بابتا يېزىلغان ئەهۋالنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى . سۇلتان ئەلى بۆزچىنىڭ ساددىغىنا قىلىپ سىر ئېلىشىنى كۈلۈپ ، زوقلىنىپ تىڭشىدى .

— بالىنىڭ سۆزى بەك چولتا بولدى ، تەقسىر ، چامىسى مىرزام بىر قىزغا ئۆيلەنمەكچىكەن ـ دە . قىزى چىرايلىق بولسا ، قويۇڭچۇ ، شۇ قىزنى خانغا ئالدۇرماقچى بولۇشقان . ئەلەم يۇتقاندىن كېيىن ئۆچ ئالماقچى ـ دە ، شۇ ...

سۇلتان ئەلى مىرزا بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەن دەررۇ ئۆزگىرىپ كەتتى ، كۆزى يوغان ئېچىلىپ پېشانىسىدە ئۇزۇن ـ ئۇزۇن قورۇقلار هاسىل بولدى :

— مۇنداق دەڭ ... قېنى ، سۆزلەۋېرىڭچۇ .

— قىسقىسى ، بالىنىڭ گېپى شۇ ! — دېدى سەپەر ۋە بىردەم جىم قاراپ تۇردى ، — هە ، هە ، يەنە بىر گەپمۇ بار ئىكەن ؛ ئۇلار شۇ ئىشنى مۇۋاپىق كۆرۈشكەندىن كېيىن «بۇنىڭ داۋاسى گۇلچىن» دەپ ئېيتقانمىش . مەن بالىنىڭ بۇ سۆزىگە ئانچە چۈشىنەلمىدىم . بالا خاتالاشقانمۇ ياكى موللىلارنىڭ شۇنداق تاجىكچە گېپى بولامدۇ ، مەن ئەمدى قارىتۇرۇك ئادەممەن ـ دە ، تەقسىر .

سۇلتان ئەلى مىرزا شۇ جۈملە ئۈستىدە ئويلىدىمۇ ياكى

باشقىچە بىر ئەندىشە ئۇنى مەشغۇل قىلدىمۇ ، ھەرھالدا بىرەر مىنۇتچە سۆزسىز خىيال سۇرۇپ قالدى . سەپەر بۆزچى بۇ ھالدىن گۇمانلىنىپ ، پېشانىسىنى تاتىلىدى ، تاتىلاۋېتىپ ، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇلتان ئەلى مىرزىغا قاراپ ، ئۇنىڭ يۈزىدىن بىرنېمە چۈشىنىۋېلىشقا تىرىشتى .

— ئۇلار شۇ مەسلىھەتنى قايسى كۈنى قىلىشقانىدى ؟ — دەپ سورىدى سۇلتان ئەلى مىرزا .

-- ئۆتكەن كۈنى ، تەقسىر .

— يەنى ئارىدا تۈنۈگۈن پەيشەنبە ئۆتتى ؟

— خۇددى شۇنداق ، خۇددى .

سۇلتان ئەلى بېشىنى چايقاپ تەۋرەندى ، كېيىن مىرزا ئەنۋەرنىڭ ئەتىيازلىقتا ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىنى ، قىز بولسا شۇ ئۆينىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ، داموللا مىرزا ئەنۋەرنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش خىيالىغا چۈشكەنلىكىنى سۆزلەپ چىقتى .

— رەھمەت سىزگە ، سەپەر ئاكا ، — دېدى سۇلتان ئەلى ، — سىز مىرزا ئەنۋەرنىڭ ئابرۇيىغا زىيان يەتكۈزمەكچى بولغان بىر يامانلىقنىڭ خەۋىرىنى ئالدىن ئېلىپ كەلدىڭىز . مىرزا ئەنۋەرنىڭ بىر دوستى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ، سىزگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ خەۋەرنى مىرزىغا بىلدۈرمەسلىكىڭىزنى ، ھازىرچە بۇ سىرنىڭ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا قېلىشىنى سىزدىن سورايمەن . چۈنكى ، مىرزا ئەنۋەرنى بۇ خەۋەر بىلەن تەشۋىشكە سېلىپ قويغان بولىمىز . مىرزىغا بۇ خەۋەرنى ئېيتىشتىن ئىلگىرى ، ئالدىراش رەۋىشتە ، سىز بىلگەن ئىپلاسلارنىڭ قارشىسىغا چىقىپ ئىشلىشىمىز ، مىرزىنىڭ ئابرۇيىغا زىيان يەتكۈزىدىغان يامانلىقنى يوق قىلىشىمىز ۋە شۇنىڭدىن كېيىنلا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ماجىرانى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىشىمىز كېرەكتەك تۇرىدۇ . مەن ھازىر ، مىرزا ئەنۋەر يېنىپ كەلمەي تۇرۇپلا ، مۇشۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك بىر جايغا بارىمەن ...

باردىغان جايىمنى سىزگە ئېيتىپمۇ قوياي : «داۋاسى گۈلچىن» جۈملىسىدىكى «گۈلچىن» سۆزىنى بالا خاتا ئاڭلاپتۇ ، ئۇلار «داۋاسى گۈلشەن» دېيىشكەن . چۈنكى «گۈلشەن» سۆزى بىر خوتۇننىڭ ئىسمى بولۇپ ، بۇ خوتۇن خانغا چىرايلىق قىزلارنى تېپىپ بەرگۈچى ھەرەم دەللىسىدۇر . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس نىيەتلىرىگە شۇ خوتۇن ئارقىلىق يەتمەكچى ، شۇ ۋاستە بىلەن مىرزا ئەنۋەردىن ئۆچ ئالماقچى بولۇشقان . پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي شۇ خوتۇننىڭ يېنىغا بېرىشىم كېرەك ! گەپكە چۈشەنگەندۇرسىز ، سەپەر ئاكا ؟

— چۈشەندىم ، سادىغاڭ كېتەي ، تەقسىر .

— گەپ شۇنداق بولسۇن ؛ ئىش بىر تەرەپ بولغۇچە بۇ توغرىدا مىرزىغا ئېغىز ئاچقۇچى بولماڭ ، جان ئاكا ، — دېدى تەكرار سۇلتان ئەلى ۋە ئورنىدىن تۇردى ، — مەن مىرزا ئەنۋەر كەلمەي تۇرۇپ كېتەي ، كەلسە قويۇۋەتمەيدۇ . سىزدىن مېنى سورىسا ، بىر كىشى چاقىرىپ كەتتى دەرسىز ، ماقۇلمۇ ؟

— ماقۇل ، مەنمۇ سىز بىلەن كېتىۋەرسەم بولارمىكىن ؟

— ياق ، سىز ئولتۇرۇڭ ، مېنىڭ خەۋىرىمنى ئېيتىپ ، ئۇنى خاتىرجەم قىلىڭ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، كەلگۈسى جۈمە كۈنى ئەلۋەتتە بۇ يەرگە كېلىپ ، مېنىڭدىن نەتىجىسىنى ئاڭلارسىز ، مىرزا بىلەن ئۈچىمىز ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشەرمىز ، ماقۇلمۇ ؟

— ماقۇل .

سۇلتان ئەلى خوشلىشىپ ، ئالدىراش مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى .

## 43 . چولاق قۇش

ئايۋاندا سەللىسىنى ئوراۋاتقان مەخسۇم يولەكتە كېلىۋاتقان ئايالنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ ، سەندەلدە كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان

رەناغا :

— يۆلەكتە خوتۇن كىشى كۆرۈنگەندەك قىلدى . خەۋەر ئالغىنا ، بالام ، — دېدى . رەنا يۆلەكتە يېرىمىنى كۆرسىتىپ يېنىچە تۇرغان خوتۇننىڭ ئالدىغا باردى .

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ...

خوتۇن سالامغا جاۋاب بېرىپ ، يۆلەك تەرەپكە ئۆتتى ۋە رەنانى ئۆز ئالدىغا ئىمالىدى . ياسانغان ۋە جۇۋا كىيگەن بۇ خوتۇن رەنانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى . رەنا بېرىپ كۆرۈشتى .

— نەسىبىبېكنىڭ ھويلىسى مۇشۇ ئەمەسمۇ ، ئاپئاق قىز ؟

— ياق ، — دەپ كۈلدى رەنا ، — بىز نەسىبىبېكنىڭ قوشنىسى .

خوتۇن رەنانىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە قاراپ چىقتى :

— ۋاي مېنى قاراڭ ! — دەپ قول سىلكىدى خوتۇن ، — مەن تېنەپ سىلەرنى ئاۋارە قىپتىمەن ... كېزى كەلگەندە تونۇشۇپ قويغاننىڭ ئەيىبى يوق ، بۇ كىمنىڭ ھويلىسى ؟

— سالىھ مەخسۇمنىڭ .

— ۋاي مەن تېنىمەي قالاي ، بەك سەت بوپتۇ ـ دە . تېخى مەن مەخسۇم ئاكامنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ قالدىممۇ ... سىز كىمى بولىسىز ؟

— مەن ... قىزى .

— كۆپ ياشاڭ ، ئىسمىڭىز ؟

— رەنا ... قېنى ، ئۆيسەن كىرەيلى .

— رەھمەت ، رەناخان ... نەسىبىبېكنىڭ ئۆيى سىلەرنىڭ قايسى تەرىپىڭلاردىكى ئىشىك بولىدۇ ؟

— سول تەرىپىمىزدىكى بىرىنچى دەرۋازا .

— رەھمەت ، رەناخان .

خوتۇن خوشلىشىش ئورنىغا ، يەنە بىردەم رەناغا قاراپ تۇردى .

رەنا بۇنىڭدىن خىجالەت بولۇپ يەرگە قارىدى . خوتۇن

كۆلۈمسىرىۋالغاندىن كېيىن رەنا بىلەن خوشلىشىپ كەينىگە ياندى، تاشقىرىغا چىقىپ سەپەر بۆزچىگە ئۆچراشتى ...

رەنا خوتۇننى يولغا سېلىپ ئىچكىرىگە كىرگەندە، مەخسۇم «زۆرۈرىيەت» تونىنى كىيىپ ياسانغان هالدا ئايۋاندىن چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى، خوتۇننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىغاندىن كېيىن، رەناغا بۈگۈنكى ئۆي ئىشلىرى توغرىسىدا بەزىبىر تەلىماتلارنى بەردى. چۈنكى، نىگار ئايىم بۈگۈن ئەتىگەن تۇغقانلىرىنىڭكىگە مېھمان بولۇپ كەتكەن، رەنا ئۆيدە يالغۇز قالغانىدى.

— ئاپاڭ كەچ كېلىدۇ، سەن غىزانى بالدۇرراق قىلساڭمۇ بولىدۇ ... هەببە، غىزانى ئۆزۈڭ بىلەن ئەنۋەر ئاكاڭغا لايىق قىل، مەن بولسام ئەلۋەتتە تويدىن تويۇپ كېلىمەن، ئاپاڭمۇ ئاچ كەلمەس، — دېدى مەخسۇم ۋە بىرنەچچە چامدام مېڭىپ، يەنە توختىدى، — ئەنۋەر ئاكاڭدىن نېمە غىزا قىلاي، دەپ سورىساڭ ئوبدان بولىدۇ، قىزىم!

رەنا دادىسىغا ماقۇل ئىشارىسىنى بېرىپ ئايۋانغا كەلدى، مەخسۇم چىقىپ كەتتى. رەنا ئايۋاندا خېلىغىچە كەشتە تىكىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىشنى يىغىشتۇردى، تەكچىدىكى كىتابلاردىن بىرنى ئېلىپ ئاچتى، كىتاب ئوقۇپ، بۇنىڭدىنمۇ زېرىكتى، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا ماڭدى، باغنىڭ ئىشىكى يېنىغا كەلگەندە، تاشقىرىدا ئەنۋەرنىڭ كىم بىلەندۇ خوشلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلىدى. رەنا ئىشىك تۈۋىدە كۈتۈپ تۇردى. بىردەمدىن كېيىن ئەنۋەر يالغۇز مۇشۇ تەرەپكە — ئىچكىرىگە قاراپ كېلىۋاتقاندەك بولدى. رەنا كۆلۈمسىرەپ ئۆزىنى ئىشىكنىڭ دالدىسىغا ئالدى.

— ئەسسالام!

بىر - ئىككى چامدام ئالدىغا ئۆتكەن ئەنۋەر مۇلايىمغىنا چىققان «ئەسسالام» ئاۋازىدىن چۆچۈپ يېنىغا قارىدى ۋە بەكمۇ قورقۇپ كەتكەن كىشى بولۇپ ئۆپچۆرىسگە تۇكۇرۇشكە باشلىدى.

— جېنىم چىقىپ كېتىشكە تاسلا قالدى ... بۇ نېمە

قىلغىنىڭ ، هوي قىز !
— بۇمۇ ؟ بۇ سىزنى چۆچۈتكىنىم .
— خوش ، نېمە قىلىپ يۈرسەن ؟
— سىزگە ئاش ئېتىپ بېرەيمۇ ، دەپ سورىغىلى چىققانىدىم .
— دادامدىن سورا .
رەنا دادىسىنىڭ تويغا كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتتى ، ئەنۋەر كۈلۈمسىرىدى .
— ئۈچ قەۋەت هويلىدا ئىككىمىز يالغۇز قالساق ، قانداق بەخت بۇ ؟ ! بولمىسا مەن دەرۋازىنى زەنجىرلەپ كېلەي .
— هە ... زەنجىرلەپ كېلىڭ ! ...
— نېمىشقا خاپا بولىسەن ، ئاپئاق قىز ، مەن ئىچكىرى كىرسەم ، مېهمانخانىنىڭ يالغۇز قېلىشىنى ئويلىمامسەن ؟
رەنا ئېتىبارسىز جاۋاب بەردى :
— مەن سىزنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلغىلى چىقمىدىم ، نېمە ئاش ئېتىشنى سورىغىلى چىقتىم .
— مەقسىتىڭگە چۈشىنىۋاتىمەن ، ئەمما سېنى يالغۇز زېرىكمىسۇن دەۋاتىمەن !
— مەن زېرىكمەيمەن ... قانداق ئاش ئېتەي ؟
— قانداق خىلىدىن بۇيرۇسامكىن ؟ — دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال بەردى ئەنۋەر ، — ئۈگرىنى كېسەلمەيسەن ، پولۇنى يۇمشاق قىلىپ قويىسەن ، سامسىنى ياپالمايسەن ، سۇيۇقئاشنى ئېتەلمەيسەن ، ساڭا لەڭمەن بۇيرۇغاندىن كۆرە ، ئاتىلا ئەت ، دېگەن ياخشى ، چۈنكى ئېزىلدۇرۇۋېتىسەن ، مانتا توغرىسىدا ئويلاشمۇ كېرەك ئەمەس ... شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە قانداق ئاش ئېتەي ، دەپ دوق قىلغىنىڭ قىزىق !
— مەن ئۇقمايدىغان بولسام ، ئۆزىڭىز ئاش ئېتىڭ .
— مەنمۇ ئاش ئېتىشنى ياخشى بىلمەيمەن ، شۇنىڭ بىلەن بىللە دوقمۇ قىلمايمەن ، — دېدى ئەنۋەر ، — لېكىن ئىككى يېرىم بىر پۈتۈن بولساق ، ئېهتىمال ئوبدان ئاش ئېتەرمىز ... سەن

بىرىپ ئوچاققا ئىگە بول ، سەۋزە ـ پىيازنى توغراشنى ماڭا قوي ، ماقۇلمۇ ئاپئاق قىز ؟

رەنا جاۋاب بەرمىدى ، قىيىدىغان كۆرۈنۈشتە ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى . ئەنۋەر كۈلگەن بويى تاشقىرىغا چىقتى ...

رەنا ئوچاققا ئوتنى يېقىپ قازاننى يۇماقتا ، ئەنۋەر بولسا ئوچاق بېشىنىڭ سۇپىسىغا ئېگىشكەن هالدا سەۋزە قەلەم ئېتىۋاتاتتى . رەنا تېخىچە قىيىداپ ، ئەنۋەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەيتتى ، ئۇنىڭ قىزىق گەپلىرىگىمۇ تەتۈر قاراپ كۈلەتتى ، كۈلكىسىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتمەيتتى .

— خوتۇن كىشىنىڭ چاقى بىلەن ئوچىقىغا تەگمە ، دېگەن گەپ راست ئىكەن ... ئەلۋەتتە ، سەن خوتۇن كىشى ئەمەسقۇ ، لېكىن «كۈلۈشەيئىن يەرجىئۇ ئىلا ئەسلىھى» سەۋزىنى ئۇششاق قەلەم ئېتەيمۇ ، يوغانراقمۇ ؟ ... بىر بار ئىكەن ، بىر يوق ئىكەن ، ئۆتكەن زاماندا بىر قىز بار ئىكەن : كۆزىگە ئىس كىرىپ ئاچچىق يىغلاپتۇ . سەۋەبىنى سوراشسا ، ئوتۇن هۆل ئىكەن ، ئەمما قىزنىڭ ئاچچىقى خېلى مول ئىكەن ... تەتۈر قاراپ كۈلمە ، هەي قىز ! ۋاي ، لاتا ئەكەل ، قولۇمنى كەستىم !

رەنا يالت قىلىپ ئەنۋەرنىڭ قولىغا قارىدى ۋە ئالدانغىنىنى بىلىپ يەنە ئۆز ئىشىنى قىلدى .

— قولۇڭنى كەسسەڭمۇ بۇ قىز ئىشەنمەيدۇ ! چېچىڭنىڭ كۆيىدۇ ، ئاپئاق قىز .

رەنا چېچىنى كەينىگە تاشلاپ ، ئوچاق بېشى سۇپىسىغا چىقتى ؛ قازانغا ياغ سېلىپ ، ئەنۋەرنىڭ ئالدىغا گۆش بىلەن پىياز ئەكېلىپ قويدى . ئەنۋەر گۆشنى توغراپ ، يەنە چاقچاقنى باشلىدى :

— تويۇڭلار قاچان ، هەي قىز ! جاۋاب بەرسەڭچۇ ، ئەگەر نەسرنى كۆزگە ئىلمىساڭ ، بېيىت بىلەنمۇ سوراي :

نەغمە ئۇنلىرى ،
باهار كۈنلىرى ،

ئىشرەت تۈنلىرى
كېلەرمۇ رەنا ؟

رەنا ئاستا كۆلۈمسىرەپ ، ئەنۋەرگە يېنىچە قارىدى ، كېيىن كۆزىنى ئوچاق ئالدىدىكى بىر نۇقتىغا يۆتكەپ ، جىم بولۇپ قالدى .

— نەسرگە جاۋاب بېرەلمىگەن ، بېيىتقا ... ئۆزۈممۇ قىزىقمەن ـ دە ، — دېدى ئەنۋەر .

رەنا بىردەمگىچە بايىقىدەك ھەرىكەتسىز ، ئەنۋەرنىڭ ياپتا گېپىگە ئىلتىپاتسىز تۇردى ، ئاندىن ئەنۋەر تەرەپكە بىر ئاز تەبەسسۇم بىلەن قارىدى :

كېچە كۈندۈزلەر
قىزاردى يۈزلەر .
ئۈياتلىق سۆزلەر
تۈگەرمۇ ، مىرزا ؟ !

دېدى ۋە ئارىدىن ئازغىنە ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ يەنە :

ئوچاق بېشىدىن
دوستى قېشىدىن
قاراپ راشىدىن[1]
كېتەرمۇ مىرزا ؟

دېدى ۋە شۇنىڭ كەينىدىنلا بۇ بېيىتنى توقۇدى :

بېشىنى تاتىلاپ ،
مەندىنمۇ ئاتلاپ ،

---

[1] راسى — قوقان ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ ئىسمى .

جاۋاب ئالدىراپ
بېرەمۇ مىرزا؟ !

ئەنۋەر ئۇستى ـ ئۇستىگە چۇشكەن بۇ قاتار ھوجۇملار ئاستىدا ئالدىراپ قالدى ، بېيىتلارنىڭ قايسىبىرىگە جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي كۇلدى .

— لولا ئىكەن بۇ قىز ! — دېدى .

رەنا ئوچاق ئالدىدا زوڭزىيىپ ئوتنى كوچىلاپ ئولتۇرۇپ يەر تېگىدىن ئەنۋەرگە قاراپ كۇلۇپ قويدى :

— جاۋاب !

ئەنۋەر كۇلۇمسىرىگەن ھالدا ئويلاپ قالدى .

نازمىدۇر ، ھەيا
بىلمىدىم ، ئەيا
گۇزەل دىلبەر !
......

ئەنۋەر ئاخىرقى مىسرانى ئېيتالماي تۇتۇلۇپ قالدى . چۇنكى قاپىيە تېپىش تەس ئىدى . «كېتەر ، كېلەر» ۋەزنىلىك سۆزلەر قاپىيە سۆزلەر ئۇچۇن كەمبەغەل بولۇپ ، ئوخشاشلىرى تۆت ـ بەش تالدىن ئاشمايتتى ۋە ئۇلارمۇ رەنا تەرىپىدىن ئېلىنىپ تۇگىگەنىدى . ئەنۋەر ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ باقسىمۇ ، كېيىنكى مىسراغا قاپىيە تاپالمىغاندىن كېيىن رەناغا قوشۇلۇپ كۇلدى .

— قوشىقىڭىزنىڭ بېشى بىلەن ئىككى قانىتى بار ، لېكىن پۇتى يوق .

— قوش ئۇچۇن باش بىلەن ئىككى قانات كۇپايە ، رەنا ... قوش ئۇچۇپ يۇرسە ، بەس !

— چولاق قوش ئاسماندا ئۇچۇپ ھارغاندىن كېيىن دەرەخكە قونالمايدۇ ، ئەمما يەرگە چۇشسە مۇشۇك يەپ قويىدۇ ، — دېدى

رەنا ۋە كۈلۈپ قېتىپ قالدى .
قاتتىق كۈلكىدىن رەنانىڭ كۆزى ياشلىنىپ ، ئۆسكىلەڭ كىرپىكى جۈپلىشىپ كەتتى ، كۈلكە ۋە ئوچاق هارارىتى بىلەن ئىككى مەڭزى قىزىل ئالمىغا ئايلىنىپ ، ئۇز نازۇك بۇرنى ئۈستىدە مەرۋايىت تامچىلار هاسىل بولدى .
ئەنۋەر ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن خاپا ئەمەس ، رەنانىڭ هۆسنىدىكى هازىرقى ئاجايىپ ئۆزگىرىش ، مۇۋەپپەقىيىتىدىن ئۆزىنى تۇتالماي كۈلگۈچى شائىرەنىڭ نامايىشكار خۇشاللىقى ئەنۋەر ئۈچۈن بىر يۈز مەغلۇبىيەتكە تېتىغۇدەك خۇشاللىق ئىدى .

## 44 . قاپ يوقاتتىڭىزمۇ

سۇلتان ئەلى مىرزا «قوشبېگى» مەهەللىسىگە كېلىپ ، بىر دەرۋازىغا كىردى ، قاراڭغۇ يۈلەكتىن كىرىپ بېرىپ ئىچكىرىكى ئىشىكنى تاقىلداتتى ، ئىچكىرىدىن «هازىر !» دېگەن ئاۋاز ئاڭلانغاندىن كېيىن بىرنەچچە چامدام ئارقىغا يېنىپ كەلدى . بىردەمدىن كېيىن ئىچكىرىدىن ، يالاڭ ئاياغ پۇتىغا سەندەل كەشنى سېپىۋالغان ، كۆڭلەكچان بەدىنىنى چاپىنى بىلەن ئورىغان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت چىقتى . ئۇ سۇلتان ئەلى مىرزىغا سالام بەرگەندىن كېيىن ، ئالدىراپ چاپىنىنىڭ يېڭىنى ساپتى ۋە كېلىپ كۆرۈشتى .
— مەرهەمەت ، تەقسىر .
بۇ كىشى مالتاپار خوتۇنىنى ئېلىپ ئۆزى ئارام ئېلىپ قالغان خالباي — گۈلشەنىنىڭ ئېرى ئىدى ، ئۆيدە ئەتىگەندىن كەچكىچە بىكار يېتىپ ، گۈلشەنىنىڭ تېپىپ كەلگىنىگە قانائەت قىلاتتى ۋە ئۆزى پەقەت ئاش ئېتىپ ، هويلا سۈپۈرەتتى . باشقا ئائىلىلەردە خوتۇنلار ئۆي ئىشى بىلەن بولۇپ ، ئەرلەر كوچا ئىشىنى قىلىشسا ، خالباي ئاكىنىڭ ئائىلىسى پۈتۈنلەي شۇنىڭ تەتۈرىچە قۇرۇلغانىدى . سۇلتان ئەلى مىرزا گۈلشەنىنىڭ ئوردىغا

كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ پۈت - قولىدا جان قالمىدى، خىلىغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.
— ئوردىغا كەتكەنلىكىنى ئېنىق بىلەمسىز؟
— بۇ يەردىن چىقىپ بىر جايغا بارماقچىدى، — دېدى خالباي، — ئەگەر ئىشى پۈتسە، ئۇدۇل ئوردىغا كەتمەكچى. پۈتمىسە، يېنىپ كەلمەكچىدى. مۇشۇ چاغقىچە يېنىپ كەلمىگىنى ئۈچۈن، ئوردىغا كەتتىمۇ، دەپ ئويلاپ تۇرىمەن.
— سىز شۇ بارىدىغان جاينى بىلەرسىز؟
— بىلەلمىدىم، تەقسىر.
سۇلتان ئەلى مىرزا ماغدۇرى قاچقاندەك كەينىگە داجىپ، يۆلەكنىڭ تەكچىسىگە ئولتۇردى ۋە پېشانىسىنى تاتىلىدى:
— تۇنۇگۈن يەڭگەمنى بىرەر كىشى ئىزدەپ كەلدىمۇ؟
خالباي بىردەم ئويلىنىپ ساقىلىنىڭ تېگىنى چىمچىلىدى.
— ئىزدەپ كەلگەنىكەن، مەن ئۆيدە يوق ئىدىم.
سۇلتان ئەلى رەڭگى ئۆزگىرىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، تورۇسقا ۋە كوچىغا قارىدى.
— ئەگەر يەڭگەم كەلسە، مېنىڭ كەلگىنىمنى ئېيتارسىز، مەن يەنە يېنىپ كېلىمەن... ئۆيدىن مىدىرلىماي مېنى كۈتسۇن، چوڭ بىر ئىش بار، ماقۇلمۇ؟
سۇلتان ئەلى مىرزا خالبايدىن ماقۇل جاۋابىنى ئېلىپ كوچىغا چىقتى، ئىلدام - ئىلدام قەدەم تاشلاپ كەلگەن تەرىپىگە قاراپ كەتتى، ئەگرى - دوناي كوچىلار بىلەن كېتىۋېتىپ، كوچىدا كۆرۈنگەن ھەربىر خوتۇننى باش - ئايىغىغا قاراپ ئۆتكۈزەتتى. بازارغا يەتكەندە ئەتراپتىن جۈمە نامىزىغا ئېيتىلغان ئەزان ئاڭلاندى. كوچىدا سەللە يۆگىگەن ئادەملەر مەسچىتكە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇ بولسا جۈمەنى ئۇنتۇپ ئالدىراپ چاپاتتى، سالىھە مەخسۇمنىڭ كوچىسىنى بېسىپ ئۇدۇلغا ئۆتۈپ كەتتى، ئون قەدەمچە مېڭىپ توختىدى، بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن كەينىگە يېنىپ، سالىھە مەخسۇمنىڭ كوچىسىغا كىردى. دەرۋازا

قىيا ئېچىلىپ تۇراتتى ، تاشقىرىقى هويلا ئادەمدىن خالىي ، مېھمانخانىغا قۇلۇپ سېلىقلىق ئىدى . سۇلتان ئەلى مىرزا باغنىڭ ئىشىكىدە توختاپ ، يوچۇقىدىن مارىدى ، خوتۇن كىشى يوقلۇقىغا قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ، باغقا قەدەم تاشلىدى ۋە ئاستا - ئاستا مېڭىپ ئىچكەركى هويلىنىڭ ئىشىكىدە توختىدى .

— مىرزا ئەنۋەر ، ۋا ، مىرزا ئەنۋەر !

چاقىرىش ئۈچ - تۆت قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ، يۆلەكتىن گۇرسۇلدىگەن ئاياغ تىۋىشى كەلدى ... سۇلتان ئەلى مىرزا ئۆزىنى ئىشىكنىڭ يېنىغا ئېلىپ ، يەنە چاقىردى . ئىچكىرىدىن «يوق !» دېگەن جاۋاب چىقتى .

— نەدە ؟

— جۇمەگە كەتتى .

سۇلتان ئەلى راھەت نەپەس ئالغاندەك بولۇپ ، كۆزىنى ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا تىكتى :

— سىزدىن سوراپ كەتسەمۇ بولار ، سىڭلىم ... بۇ يەرگە بىر خوتۇن كەلدىمۇ ؟

— ياق ... هە ، بايا بىر خوتۇن تېنەپ كىرگەندى ! — دېگەن جاۋاب چىقتى .

سۇلتان ئەلىنىڭ كۆزى ئالىيىپ ، پېشانىسىدە قاتار قورۇقلار كۆرۈندى .

— تېنەپ كىردى ؟

— هە .

— تېنەپ كىرگىنىگە قانچە بولدى ؟

— بايا ، ئەتىگەن .

سۇلتان ئەلى بېشىنى چايقىدى ، رەناغا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن تاشقىرىغا قاراپ ماڭدى ، كوچىغا چىقىپ يەنە بايىقىدەك ، پۇتىنى قولىغا ئالغاندەك ، يۈگۈرۈپ كەتتى . ئوردىغىچە بىر يېرىم چاقىرىم چامىسى يول بولۇپ ، ئۇ بۇ ئارىلىقنى ئون بەش مىنۇت ئىچىدە باستى ، هاۋانىڭ سوغۇق بولۇشىغا قارىماي ، پېشانىسىدىن

تەر ئاققان هالدا ئوردىنىڭ بىرىنچى دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى، دەرۋازىۋەنلەرنىڭ يېنىدا توختاپ سۆزلەشتى، پېشانە تەرىنى ئېرتىپ، دەرۋازىنىڭ سۇپىسىغا ئولتۇردى.

— قاپ يوقاتتىڭىزمۇ، تەقسىر! — دەپ كۇلدى دەرۋازىۋەنلەردىن بىرى.

— شۇنىڭغا ئوخشاش ... جاناب جۇمەگە چىقتىمۇ؟

— چىقمىدى.

سۇلتان ئەلى مىرزا دېمىنى راسلاۋاتقاندەك بىرئاز سۆزسىز ئولتۇردى.

— هەرەمگە بىرەر خوتۇن كىردىمۇ؟

— بىرى كىرمىدى! — دەپ كۇلدى دەرۋازىۋەنلەرنىڭ بىرى، — بەش - ئونى كىردىغۇ دەيمەن ...

سۇلتان ئەلى ئۇنىڭ گېپىگە كۇچىنىپ كۇلدى، ئەمما يەنە ئېغىر ئېچىشقا مادارى قالمىغاندەك ئولتۇرۇپ قالدى. چۇنكى، ئەمدى بۇنىڭدىن نېرىغا يۈگۈرەلمەيتتى، قولى شۇنىڭدىن نېرىغا يەتمەيتتى، كۆزىنى يەرگە تىكىپ، ئىككى سائەتتىن بېرى قىلغان هەرىكەتلىرىنىڭ شامالغا كەتكەنلىكىنى ئويلىدى، ئابدۇراخمان ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس مەقسىتىگە يەتمىگىيدى، دەپ ئۇھ تارتتى، بولۇپمۇ مىرزا ئەنۋەرنىڭ دۇشمەنلىرى ئالدىدا ئابرۇيى تۆكۈلۇشى ئۇنىڭغا ئېغىر چۇشتى. بۇ ئېغىرلىقنىڭ دوستىغا ئابدۇراخمان توغرىسىدا بەرگەن مەسلىهەتىدىن بولغانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلى يەنىمۇ غەش بولدى. بۇ جەهەتتىن قارىغاندا گويا يامانلىقنىڭ باش سەۋەبچىسى سۇلتان ئەلىنىڭ ئۆزى بولۇپ چىقاتتى، «ئەگەر مەن ئابدۇراخماننى ئوردىدىن چىقىرىۋېتىشكە پىكىر بېرىپ تۇرۇۋالمىغان بولسام، مىرزىنى بۇ ئىشقا مەجبۇر قىلمىسام، بەلكىم بۇ ئاداۋەتلەر بولماسمىدى؟» دەپ ئويلايتتى، ئەنۋەرنىڭ تەنە قىلماسلىقىنى بىلسىمۇ، يەنە روهىي جەهەتتىن ئېزىلىشىنى، ئۇنىڭ يۈزىگە قارىيالماسلىقىنى هېس قىلاتتى، تەشۋىش شۇ يەرگە يەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى،

دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىنى ئېچىپ ، ئىچكىرىگە كىردى ، ئۇدۇل يولنى تاشلاپ ، قار تېگىدە بېسىلىپ قالغان ئاۋۋالقى گۈلزارلارنىڭ ئىچى بىلەن ئايلىنىپ يۈردى . ئىچكى ئوردىنىڭ سىپىللىرى تېگىدە ياراغلىق ئەسكەرلەر ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى . سۇلتان ئەلى مىرزا ماڭغۇبېرىپ ئوردىنىڭ سول دوقمۇشىغا ، قاراۋۇل ئەسكەرلەردىن بىرىنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق سوراشتى ، بىر - ئىككى ئېغىز سۆزلىشىپ ، ئوردىنىڭ شەرقىگە قاراپ ماڭدى ، بۇ يەردىكى دەرۋازا بەگلىرى بىلەن ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ ، «جۈمە كۈنى نېمە قىلىپ يۈرىسىز ؟» دېگەن سوئالغا : «بۈگۈن جاناب كۆڭۈل ئاچماقچى ، دەپ ئاڭلىغانىدىم» دېگەن جاۋابنى بەردى ، بۇلارنىڭ يېنىدىمۇ بىردەم ئولتۇرۇپ يەنە قوزغالدى ، ئوردىنىڭ شىمالىي قىسمىغا ئۆتتى . ھەرەم ۋە خان ئائىلىسىگە خاس يېڭى قەبرىنىڭ ئەتراپىدا ئۈچ - تۆت نەپەر قارا قۇلچاق ئىچىدە ئورمانىېك ئوقيا ئويناپ يۈرەتتى . سۇلتان ئەلى مىرزا قەبرىگە قاراپ ماڭدى ، «كىچىك خان» غا تەزىم قىلغاندىن كېيىن ، قەبرىنىڭ بىر چېتىگە يۈكۈنۈپ قۇرئان ئوقۇدى . ئەمما ، كۆزى ئويناپ يۈرگەن باللاردا ، تىلى قىرائەتتە ئىدى ، دۇئادىن كېيىن قارىخانىنىڭ پېشايۋىنى دوقمۇشىغا زوڭزىيىپ باللارنىڭ ئويۇنىغا قاراپ تۇردى . ئورمانىېك ياغا ئوق قويۇپ ئاتاتتى ، ئوقلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ، ھەر خىل يىراقلىقتا بېرىپ چۈشەتتى ، قۇلچاقلار ئېتىلغان ئوقلارنى تېرىپ كېلىپ ، ئورمانىېككە بېرىشەتتى . ئېتىلغان ئوقلاردىن بىرى سۇلتان ئەلىنىڭ ئايىغى ئاستىغا كېلىپ چۈشتى . سۇلتان ئەلى ئېڭىشىپ يەردىن ئوقنى ئالدى ، ئوقنىڭ قايرىلىپ كەتكەن پېيىنى تۈزەپ - توغرىلاپ ئولتۇردى . شۇ چاغدا قۇلچاقلارنىڭ بىرى يۈگۈرۈپ كەلدى . ئۇ گەپ - سۆزسىز ئوققا قولىنى ئۇزاتقانىدى ، سۇلتان ئەلى قۇلچاقنىڭ بويى يەتمەيدىغان قىلىپ قولىنى يۇقىرى كۆتۈردى .

— ئوقنى بېرىڭ ، ئاكا ، تەقسىر خاپا بولىدۇ !

سۇلتان ئەلى ئويناشقان بولۇپ، ئوقنى يۇقىرىدا كۆتۈرۈپ تۇرىۋەردى.

— سەن گۇلشەن ئاچىنى تونۇمسەن؟

— تونۇسام نېمە؟! بېرىڭ ئوقنى!

— ئالدىرىما، بەڭۋاش! گۇلشەن ئاچا بۈگۈن ھەرەمگە كەلدىمۇ؟

— كەلسە نېمىدى؟

— ئوقيا ئويناپ بولغاندىن كېيىن گۇلشەن ئاچىنى ماڭا چاقىرىپ بەر، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل.

سۇلتان ئەلى ئوقنى قۇلچاقنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، ئەمما يەنە قويۇۋەتمەي سېپىلنىڭ تۆۋىدە مېڭىپ يۈرگەن ئەسكەرلەرگە قارىدى...

— ئېنىق چاقىرىپ بېرەمسەن، ئوغلۇم؟

— خوپ دېدىمغۇ.

— مېنى تونۇيسەن ـ ھە؟

— سىزنى؟ سىز مىرزا تەقسىر.

سۇلتان ئەلى ئوقنى بېرىۋەتتى. قۇلچاق يۈگۈرۈپ ئورمانبېكنىڭ يېنىغا كەتتى. سۇلتان ئەلى سېپىل تۆۋىدىكى ئەسكەرلەرگە كۆز قىرىنى تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن پەرۋاسىزلىقىنى پەملىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ھازىرقى ئىشى، يەنى بالا ئارقىلىق ھەرەم بىلەن ئالاقە قىلىشى قورقۇنچلۇق ئىش ھېسابلىناتتى، ئەگەردە بۇنداق ئىش بىلىنىپ قالسا، چوڭ پالاكەتلەرگىمۇ سەۋەبچى بولاتتى. ئورمانبېك يەنە بىرئاز ئوق ئاتقاندىن كېيىن، زېرىكىپ، يايىنى يەرگە تاشلىدى ۋە ئۆزى ھەرەم دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى. قۇلچاقلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى. سۇلتان ئەلى مىرزا بالىلار ھەرەمگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن قەبرىلەرگە «دۇئا» ئوقۇدى ۋە ئاستا ـ ئاستا كەينىگە ياندى.

# 45 . پاتىھە — مۆھرى خۇدادۇر

مەخسۇم چۈشۈلدىشىپ ئوقۇۋاتقان بالىلارنى توختاشقا شەرەت قىلىپ ، ئۆزى سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئالدىراپ مەكتەپخانىدىن چىقىپ ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئىككى نەپەر مەشھۇر بەگنى قارشى ئېلىش ئۇچۇن يۈگۈردى ، ئۇلار بىلەن ئېگىلىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ، بېرىپ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى .

— مەرھەمەت ، تەقسىرلەر ، مەرھەمەت !

مەخسۇم بۇنچىلىك ئالدىراپ - ھودۇقۇپ كېتىشكە ھەقلىق ئىدى . چۈنكى ، كەلگۈچىلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى خاننىڭ يېنىدا مۆتىۋەر ۋە ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتداش بەگلەردىن ئىدى . ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، مەخسۇم ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوۋۇشتۇردى ۋە «خوش كېلىشىپلا !» دېدى . مېھمانلارمۇ مەخسۇمنىڭ ھۆرمىتىگە قوزغىلىشىپ قويۇشتى .

— قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى ، تەقسىرلەر ؟ غېرىبخانىمىزنى مۇبارەك قەدەملىرىڭلار بىلەن يورۇتۇۋەتكىنىڭلار ئۇچۇن مىڭ رەھمەت !

بەگلەر مەخسۇمغا تەشەككۈر ئېيتىشتى . ئابدۇرەئۇف تۇنقاتار ھەمراھىغا قارىۋالغاندىن كېيىن «تەشرىپ» سەۋەبىدىن تىل ئاچتى .

— جانابىي پۇشتىپاناھ بىزنى زىيارەتلىرىگە بۇيرۇدى ، سىزگە ئۇلۇغ مېھرىبانلىق ئاتا قىلدى !

مەخسۇم جايىدىن قوزغىلىپ ئولتۇردى ، ئەمما «جاناب» نىڭ «مەرھەمەت» لىرىگە چۈشىنەلمەي ئالدىرىدى . تۇنقاتارنىڭ سۆزىگە مۇھەممەد شەرىپ داستىخانچى ئىزاھ بەردى :

— ھەممىلا ئادەم پۇشتىپاناھنىڭ مەرھەمەتلىرىگە لايىق

بولالمايدۇ . پۇشتىپاناھ ئۆزىنى كۆيئوغۇللۇققا چاغلاپ ، بۇ بىشارەتنى بىز ئارقىلىق سىزگە يەتكۈزۈشكە ئەمر قىلدى ...

مەخسۇم ھىلىقىدەك يەنە قوزغىلىۋالسىمۇ ، ئەمما ئاۋازى چىقماي ، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ قىتىپ قالدى .

— تەقسىرىمدە ئاجىزە بارلىقىنى پۇشتىپاناھ ئاڭلىغانىكەن ... — دىدى تۇنقاتار ، — مىرزا ئەنۋەرگە ئوخشاش دانىشمەننى يىتىشتۇرگەن كىشى ئەقلىلىك ۋە گۈزەل قىزمۇ تەربىيە قىلغانمىكىن دىگەن ئويغا بىرىپتۇ ... شاگىرتىڭىزغا قىلغان مەرھەمەتنى جانابىڭىز ۋە قىزىڭىز ئۈچۈنمۇ ئايىماسلىق نىيىتىدە ، بىزنى خىزمىتىڭىزگە بۇيرۇدى . ئەلۋەتتە ، بۇ مەرھەمەتنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغلۇقىنى سىزگە سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەت ئەمەس .

— قۇللۇق ، رەھمەت ، پۇشتىپاناھنىڭ دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن ! — دىدى مەخسۇم ئۇزاق جىملىقتىن باش كۆتۈرۈپ ، — بىر ئەمەس ، يۈز قىزىمىز بولغاندىمۇ ، جانابىنىڭ كىنىزەكلىكىگە نەزىر قىلىش ۋەزىپىمىز ئىدى ... ئەمما پىقىردا ۋە ئاجىزەمىزدە بىرقانچە گۇناھلار ، كەمچىلىكلەر ، ئۆزرىلەر بار ، تەقسىرلەر !

— ئەيىبسىز پەرۋەردىگار ، — دىدى تۇنقاتار ، — بەندە ھەمىشەم ئۆزرىلىك ۋە خاتالىقتۇر ، تەقسىر .

مەخسۇم باش سىلكىپ بىرئاز جىم ئولتۇردى ، كىيىن كۆزىنى تۇنقاتارنىڭ تىزىغا تىكتى .

— جانابلىرىغا ئاجىزانە ئۆزرە ... ئەڭ ئاۋۋال كەمىنە ئاجىز - زەئىپ ، تاشلاندۇق بولسام پۇشتىپاناھ تەرىپىدىن قىلىنغان ئۇلۇغ مەرھەمەتكە سازاۋەر ۋە لايىق ئەمەسمەن ، ئۇنىڭدىن كىيىن ئاجىزەمىز ئالەمپاناھتەك ئۇلۇغ زاتقا جۈپ بولۇش ئۈچۈن يىتەرلىك تەربىيە ئالمىغان بىر قۇلچاقتۇر ... بەس ، بىز مۇشۇ ئەھۋالدا ئانھەزرەتنىڭ مىھرىبانلىقلىرىغا ئەرزىيمىزمۇ ، تەقسىرلەر ؟

— پۇشتىپاناھنىڭ سىزگە ئوخشاش ئىلىم ئەھلىلىرىگە قارىتىلغان دەريا كەبى مەرھەمەتلىرى ئەرزىتىدۇ ، تەقسىر !

تۇنقاتار بۇ مەرھەمەتلەرنىڭ چەكسىز ئۇلۇغلۇقىنى شەرھلەپ كەتتى . مەخسۇم خېلى بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن ، تۇنقاتارنىڭ مۇبالىغىلىرىگە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى .

— شەك يوق ، شەك يوق ، مەن ئانھەزرەتكە تەن بېرىمەن ۋە لېكىن ... ۋە لېكىن بىر ئۆزرە پېقىرنى ئەندىشىگە سالىدۇ . ئاجىزەنى بىر سەۋەب بىلەن مىرزا ئەنۋەرگە ئۇنتۇپ قويغاندۇق ... مانا مۇشۇ مەسىلە كەمىنىگە بىر ئاز مۇشكۇل كېلىدۇ ...

بۇ سۆزدىن كېيىن تۇنقاتار داستىخانچىغا قارىدى ، داستىخانچى قول سىلكىپ كۇلدى .

— ھېچ زىيىنى يوق ، — دېدى داستىخانچى ، — مىرزا ئەنۋەر پۇشتىپاناھىنىڭ ئۆز ئادىمى ، بۇ خەۋەرنى مىرزا ئاڭلىسا ، خۇشال بولۇشى گۇمانسىز !

— ئىنشائاللا .

— بىز بېرىپ ئانھەزرەتكە جانابىڭىزنىڭ دۇئايىڭىزنى ئاڭلىتىمىز ؛ جانابىنىڭ خۇشال بولۇشىدا گۇمان يوق ، تەقسىر ! — دېدى داستىخانچى ۋە باشقا سۆزگە يول قويماي ، ھەتتا كېيىنكى مەسىلەرگىمۇ كېلىپ يەتتى ، — توي ۋاقتىنى تايىن قىلىش ، ئەلۋەتتە ، ئانھەزرەتنىڭ ئىختىيارىدا ... قېنى ، تۇنقاتار ، پاتىھە قىلايلى ، پاتىھە — مۆھرى خۇدادۇر !

تۇنقاتار پاتىھەگە قول ئاچتى ، مەخسۇم ساراسىمىگە چۈشكەن ھالدا ئۇلارغا ئەگەشتى ... پاتىھەدىن كېيىن «ئەلچىلەر» ھېچنېمىگە قارىماستىن قوزغىلىشتى . ئون بەش مىنۇتلۇق بۇ ھادىسىدىن مەخسۇمنىڭ كاللىسى ئايلاندى ، ھەتتا ئېيتىشقا ئويلاپ تۇرغان مۇھىم بىر سۆزنىمۇ ئۇنتۇدى ، ئۇلارنى دەرۋازىغا ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ ، ھېلىقى يوقىتىپ قويغان مۇھىم سۆزنى يادىغا كەلتۇرۇش ئۈچۈن كۆچەندى ، بەگلەر بىلەن خوشلىشىش ۋاقتىدىلا بىردىن «ھەببە» دەۋەتتى . ئۇنىڭ ئەلچىلەرگە ئېيتماقچى بولغان

سۆزى ھەقىقەتەن مۇھىم ، يەنى بۇ ۋەقەنىڭ خەۋىرىنى ئەنۋەرگە مۇشۇ بەگلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن يەتكۈزۈش ئىدى . ئۇلار بۇ ئىلتىماسنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىشتى ، مىرزىغا كەڭ چۈشەندۈرۈپ ، مەخسۇمنىڭ چارىسىز قالغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماقچى بولۇشتى .

مەخسۇم «ئۇلۇغ مېھمانلار» نى يولغا سېلىپ ، مېھمانخانىغا يېنىپ كەلدى ، مېڭىسى تېخىچە بىرنېمىنى تۈزۈكرەك ئويلىيالمايتتى ، كۈتۈلمىگەن بۇ ھادىسە ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىقمۇ ، زىيانلىقمۇ ھۆكۈم قىلالمايتتى . ئەنۋەرنى ئايىغانلىقتىنمۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئۈيالغانلىقتىنمۇ ، ھەرھالدا كۆڭلىدە بىر خىل غەشلىك ، چىگىشلىك بار ئىدى . مۇھاكىمىسى ھەر تۈرلۈك : تويىنى بالدۇرراق قىلىۋەتسەك بولغانىكەن ، دەپ ئويلىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن «خانغا قېيناتىلىق» مەسىلىسى ئارىغا توغرا بولۇپ توختاپ ، يەنە پىكرى چېچىلىپ كېتەتتى . بىر تەرەپتىن ئەنۋەر ، يەنە بىر تەرەپتىن خان ··· شۇ تەرىقىدە پىكىر - خىيالى بىر يولدا تىنالماي گاڭگىرىغان ھالدا مېھمانخانىنى ئېتىپ چىقتى .

مەخسۇمنى مەكتەپخانا ئىشىكىدە كۆرگەن بالىلار چۇڭقۇلدىشىپ ساۋاقلىرىنى تەكرارلاشقا كىرىشىپ كېتىشتى . لېكىن ، مەخسۇمغا ھازىرقى ۋاڭ - چۇڭ ياقمىدى ؛ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر تىنچلىق ، كۈتۈلمىگەن ھادىسىنىڭ ئوق - تەتۈرىنى ئويلاش كېرەكتەك تۇيۇلدى . مەخسۇم مەكتەپخانىغا كىرىپ ئۆز ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن ، بالىلارنى توختاشقا بۇيرۇدى ، بالىلار جىم بولغاندىن كېيىن «ئازاد !» دەۋەتتى . بالىلار داموللىغا سالام بېرىپ ، بىردەمدە مەكتەپخانىنى بوشىتىپ كېتىشتى . مەخسۇم جايىدىن قوزغالماي يەنە ئويلاپ قالدى .

ئەنۋەر توغرىسىدىكى كۆڭۈل غەشلىكى بىر تۈرلۈك بولسىمۇ ، باشقا تەرەپتىن خېلىلا ياخشى ئۈمىدلەر تۇغۇلۇپ قالدى . خانغا قېيناتا بولۇش ئەل ئالدىدا كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى . تويلۇق

توغرىسىدا پادىشاھ كۈيئوغۇلدىن نۇرغۇن مەبلەغ كۇتۇشكە بولاتتى . ئەگەر خۇدا ئوغۇل نەۋرە ئاتا قىلسا ، خۇدايارنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇش ئېھتىمالىمۇ بار ئىدى ··· تويىنىڭ كېيىنكە سۈرۈلۈشى بولسا ، تەقدىرنىڭ ئىشى ؛ رەنانىڭ تەقدىرى خانغا پۈتۈلگەن ، شۇنىڭغا بىنائەن ئەنۋەر تويىنى كېيىنگە سۈرۈشكە ، پۈتكەن ئىشنى قالدۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى ··· ئۇ يەنە شۇ ھالدا ۋە شۇنچە يېڭى ئۈمىدلەر ئىچىدە كۆڭلىدىن ھېلىقى غەشلىكنى ، ئۆزىگە نامەلۇم بىر ئارزۇنى يۇيۇۋېتەلمىدى ، بۇ توغرىدا يەنە بىرئاز قىيىنىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەنۋەرگە قارشى ئۆزىدە بىر ئاچچىق ھېس قىلدى : «تويىنى ئەتىيازغا قالدۇر ، دەپ ئۇنىڭغا كىم ئېيتتى ؟ ئۇ ئۆزى زادىلا ھەممىلا ئىشتا سۈس قەدەم ··· ئەمدى ، خان سوراتقاندىن كېيىن رەت قىلىشقا كىمنىڭ ھەققى بار ؟ !» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئازغىنە تىنچىدى ، يەنە بىرئاز ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، كۆز ئالدىغا تويلۇق ئۈچۈن بېرىلىدىغان بىر تۇلۇم ئالتۇن ، ئەل ئالدىدىكى ئابرۇي ، ئەڭ ئاخىرىدا خۇدايارنىڭ تەخت ۋارىسى بولغان خانزادە كەلدى ، ئۆزىنى ئەل سوراۋاتقان ياش خاننىڭ يېنىدا كۆرۈپ ، ھىجايدى ···

شۇ تەرىقىدە مەخسۇم ئۆزىنى بېسىۋالدى ، ئاسماندىن چۈشكەندەك بۇ ئەلچىلىكنى ئۆز ئىستىقبالىنىڭ خەيرلىك پالى ، پەيزى ئىلاھى ، دەپ خۇشال بولدى ، تېخىچە كۆڭلىنى غەش قىلىپ تۇرغان ئەنۋەر مەسىلىسىنى ئويلىماسلىققا ، «بۇزۇق خىيال» دىن قېچىشقا قارار قىلدى . مەخسۇم شۇنى ئۆزىگە لايىق تاپقاندىن كېيىن ، باشقا كىشىلەرنىڭ ئەندىشىسىنى ، بولۇپمۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ رايىنى ئويلاپ ئولتۇرمىدى .

ئۇ ئۆزىچە سائادەت بولۇپ كۆرۈنگەن بۇ پاجىئەنىڭ خەۋىرى بىلەن نىگار ئايىمنى ھودۇقتۇردى ، يىغلاتتى . رەنا بولسا سەندەلدە ئوقۇپ ئولتۇرغان ھەييام رۇبائىيىتى ئۈستىگە ھوشسىز بېشىنى قويدى .

— ئون يىللاپ بىزگە كىيدۈرگەن، يېدۈرگەن بىچارە ئەنۋەرگە ئاقىۋەتتە قىلغىنىمىز شۇ بولدىمۇ! بەختسىز رەنا يۈز خوتۇننىڭ يېنىغا يۈز بىرىنچى كۈنداش بولۇپ بارامدۇ؟ — دەپ يىغلىدى نىگار ئايىم.

رەنانىڭ هازىرقى ئەهۋالىنى بىز يېزىپ ئولتۇرمايمىز. ئەمما، مەخسۇم ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى ئەخمەققە چىقىرىپ، ئۆزى «ئەقىللىقلار» قاتارىغا ئۆتتى.

## 46 . يىگىت

مەلۇمكى، تۇنۇگۇن سۇلتان ئەلى مىرزا قۇل بالىغا گۇلشەننى چاقىرىشنى تاپىلاپ ئوردىدىن چىقىپ كەتكەنىدى، شۇ چىقىشتا ئوردىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىن نېرى كەتمەي، كەچكىچە گۇلشەننى كۈتتى. نامازدىگەردىن بىرئاز كېيىنرەك، ئوردىدىن ئۈچ - تۆت خوتۇن چىقتى، بۇلارنىڭ ئارىسىدا گۇلشەنمۇ بار ئىدى. سۇلتان ئەلى مىرزا خوتۇنلار بىلەن تىنچلىق سورىشىپ (چۈنكى ئوردىغا ئالاقىدار خوتۇنلارنىڭ هەممىسى ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى)، گۇلشەننى چەتكە چاقىردى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، ئىش قولدىن كەتكەنلىكىنى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ يەنە بىر ئىپلاس رەڭۋازلىق قىلغانلىقىنى چۈشەندى. شۇنداق بولغانكى، گۇلشەننىڭ يېنىغا بارغان موللا ئابدۇراخمان گويا ئۆزىنى سالىه مەخسۇم تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن قىلىپ كۆرسەتكەن. هەتتا موللا ئابدۇراخمان ئارقىلىق سالىه مەخسۇم قىزىمنى خانغا ماختىسۇن، دەپ گۇلشەنگە بىرنەچچە تىللامۇ ئەۋەتىپ بەرگەنمىش ...

— مەن قىز تېپىشنى ئىككى - ئۈچ ئايلاردىن بېرى تاشلىۋەتكەنىدىم، — دېدى گۇلشەن، — كىشىنىڭ هاجىتى چىقسۇن، دېدىم. كېيىنرەك ئۆزۈمگە گەپ كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئاۋۋال بېرىپ قىزنى كۆردۈم؛ قىزنى ياقتۇرغىنىمدىن كېيىن، هەر خىل ئەندىشىلەر ئىچىدە خانغا ئېيتتىم ... مەن ئۇ

قىزنىڭ مىرزا ئەنۋەرگە ئاتاپ قويۇلغىنىنى نەدىن بىلەي ، ئوتتۇرىدا ئاداۋەت بارلىقىنى چۈشۈمدە كۆرمەنمۇ ، سۇلتان ئەلى ئاكا... ئەمدى ئىش ئۆتتى ، مەن خانىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ، تونۇگۈنكى سىزگە ماختىغان قىزىم پالان ئىكەن ، دەپ ئېيتالمايمەن . مىرزا ئەنۋەر ئۆيلىنىدىغان بولسا ، مەن كۆرۈپ قويغان ياخشى قىزلار بار ، ئەيىبىم ئۈچۈن مىرزا ئەنۋەرگە مەن باشقا بىر قىز تېپىپ بېرەي .

سۇلتان ئەلى تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ ، ئابدۇراخمان ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە غەزەپلەنگەن هالدا گۇلشەن بىلەن خوشلاشتى ، ئەتىگەندىن بېرى پالاقلاپ ـ چېپىپ يۈرگىنىگە ئەمەس ، ئىپلاسلارنىڭ رەسۋا مۇۋەپپەقىيىتىگە چىدىمايتتى ، بۇ لاۋزا ئاداۋەت بىلەن نازۇك تەبىئەتلىك ئەنۋەرنىڭ قانداق كەيپىياتقا چۈشۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى ؛ ئىت مىجەز ، قەدىر بىلمەيدىغان خانغا ئاچچىق قىلىپ مىرزىلىقنى تاشلاپ كەتمىسە ، دەپ قورقاتتى .

گۇلشەن ئېيتقاندەك ، ئىش ئۆتكەن ، گەپنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا ، ئەلۋەتتە ، خان سالىھ مەخسۇمغا كۈيئوغۇل بولماي قويمايتتى ، هازىر بۇنىڭ قارشىسىغا بىرەر تەدبىر تېپىش بەكمۇ تەس ۋە خەۋەرنى ئەنۋەرگە ئېيتىش ـ ئېيتماسلىق مەسىلىسىمۇ يەنە ئېغىر ئىدى . سۇلتان ئەلى مىرزا بۇ ئىشتىن ئەنۋەرنى خەۋەردار قىلىش ۋە قىلماسلىق توغرىسىدا كۆپ ئويلىدى ، قانچە مۇلاهىزىلەردىن كېيىن ، ئۇنى خەۋەردار قىلىشنى ماقۇل تاپتى . چۈنكى ، يۈزدىن توقسان توققۇزغا قارشى بىر ئېهتىماللا پايدىنىڭ بولماي قېلىشى تەرىپىدە ئىدى . ئەنۋەرنى خەۋەردار قىلسا ، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزى بىرەر چارە تاپار ياكى مەسىلە ئۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتان ئەلى ئويلىغانچىلىك ئەهمىيەتلىك بولۇپ چىقماس ، ئەگەردە ئەهمىيەتلىك بولغاندىمۇ پايدىنى كۆتۈپ ، ئۆزىنى بېسىپ ، قارشى ئېلىش ئۆزى تۇيۇقسىز بولغىنىغا قارىغاندا خېلى يېنىك چۈشەتتى .

سۇلتان ئەلى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپ ، نامازنى ئوقۇدى ، باللىرىنىڭ يېنىدا چاي ئىچمەي ، سالىھ مەخسۇمنىڭ هويلىسىغا

قاراپ كەتتى .
مېھمانخانىدا ئورۇنغا كەتمەكچى بولۇپ تۇرغان ئەنۋەر سۇلتان ئەلىنى رەنجىپ قارشى ئالدى :
— شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ ! تۈنۈگۈن نېمىشقا مەن كەلگۈچە كېتىپ قالدىڭىز ؟
— بىرى چاقىرىپ كەلدى ـ دە ، ... مەن ئۆز ئورنۇمغا سەپەر ئاكامنى تاشلاپ كەتتىمغۇ .
ئەنۋەر قېيىدىغان قىياپەتتە كۈلۈمسىرەپ ئۈنىڭدىن چاي ئىچكەن ـ ئىچمىگەنلىكىنى سورىدى . سۇلتان ئەلى گويا ئۆزىنى مۇشۇ ئۆپچۆرىدىكى تۇغقانلىرىدىن بىرىنىڭكىدە قونۇپ قېلىپ ، شۇ يەردە ناشتا قىلغان ۋە يول ئۈستىدىن ئەنۋەرنىڭ يېنىغا كىرگەن قىلىپ كۆرسەتتى . ئىككىسى بىرلىشىپ يولغا چۈشتى . كوچىدا يىگىرمە قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن ، ئەنۋەر كۈلۈمسىرەپ ، سۇلتان ئەلىنىڭ كۆزىگە قارىدى :
— تۈنۈگۈن ئىككىنچى قېتىم بىزنىڭ ھويلىغا كىمنى سوراپ كەلدىڭىز ؟
سۇلتان ئەلى پېشانىسىنى تاتىلىدى :
— مەن چاقىرىپ كەلگەندە سىز ئۆيدىمىدىڭىز ؟
— مەن ئۆيدە ئىدىم ، — دەپ كۈلدى ئەنۋەر ۋە بىرئاز جىم ماڭدى ، — مەن ئۆيدە بولمىساممۇ ، ئۆيدىكىلەر سىزنى تونۇپتۇ . ئۆيدىن شۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ، تۈنۈگۈندىن بۇيان ھەيرانلىقتا قالدىم ... خوش ، سىز سورىغان خوتۇن كىم ؟ ئۆزى نېمە ئىش ؟
— ئەرزىمىگەن ئىش ...
— قېنى ؟
سۇلتان ئەلى مەسىلىنىڭ ئەپلىك كېلىۋېتىشىدىن يېنىكلىشىپ بىردەم سۆزسىز ماڭدى .
— كۈلكىلىك ئىش ... سىزگە بىرئاز تېگىشلىكى بولسىمۇ ئەرزىمەيدۇ ... ئەرزىمىسىمۇ سۆزلەيمۇ ؟
— سۆزلەڭ ... سىزنىڭ كېلىپ كەتكىنىڭىزنى

ئاڭلىغىنىمدىن بىرى خېلى تەشۋىش چەكتىم .

— سىزگە بىر گەپنى ئېيتقىلىمۇ بولمايدۇ ، — دەپ كۈلدى سۇلتان ئەلى ، — يىگىننى تۈگىدەك ، خەسنى لىمدەك كۆرىسىز .

— مەنمۇ ؟ مەيلى دۇنيانى كەلكۈن باسسىمۇ تۇۋۇقىــــمغا چىقمىسۇن ، ئېيتىڭ .

سۇلتان ئەلى ھېكايىنى سەپەر بۆزچىدىن باشلىدى ، لېكىن جىددىي ئەمەس ، يېرىم جىددىي قىلىپ موللا ئابدۇراخمان ۋە مۇپتى بىچارىلەرنىڭ ئەقلىگە گويا شۇنىڭدىن باشقا پەسلىك ۋە رەسۋاراق پىكىر كەلمىگەن ، شۇنچىلىك ئەھمىيەتسىز پەسلىك بىلەن گويا ئۆچ ئالماقچى بولۇشقان ، دېگەن روھتا سۆزلەپ ماڭدى . ئەنۋەر بىرنەچچە كۈندىن بىرى ئۆزى چۈشەنمەي تارتقان تەشۋىشى ، كۆڭۈل غەشلىكى ھەقىقەتكە ئايلىنىۋاتسىمۇ ، سەپەر بۆزچىنىڭ بالىنى ئالداپ يولغا سېلىشىدىن ، سىر ئېلىشىدىن ۋە ئابدۇراخمانلارنى كەمسىتىپ ، مەسخىرىلەپ قىلىنغان ئوخشىتىشلاردىن جىق جايدا كۈلۈپ سۇلتان ئەلى مىرزىغا يېنىكلىك بەردى . سۆز گۈلشەن بىلەن ئۇچرىشىش ۋە ئۇنىڭدىن ئېلىــــنغان جاۋابقا يەتكەندە ، ئەنۋەرنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ ، قاپاقلىرى لىپىلداپ كەتتى ، ئەمما كۈتۈلمىگەن رەۋىشتە يەنە ئېغىر ـ بېسىقلىقنى ساقلىدى .

— زىيىنى يوق ، — دېدى ئەنۋەر بىر خىل ۋەزىيەتتە قولىنى سىلكىپ ، — مەن ئۇلاردىن بۇ خىلدىكى ئىپلاسلىق ۋۇجۇدقا كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغان بولسامىمۇ ، لېكىن ھەرھالدا ئاداۋەت كۈتكەنىدىم ... زىيىنى يوق ، سۇلتان ئەلى ئاكا .

سۇلتان ئەلى ئەنۋەرنىڭ ئاھاڭىدىكى ئۆزگىرىشكە ئېتىبار قىلمىغان بولسا كېرەك ، تېخىچە بايىقى يېرىم جىددىي روھىدىن يۆتكەلمىدى :

— سەلــلىلىك ئېشەكلــەرنىڭ چىچاڭلىشى ئېغىلغىچە ... ئۇلار مىرزا ئەنۋەر ئۆيلەنمەكچى بولغان قىزنى خانغا توغرىلاپ ، شۇنىڭ بىلەن گويا ئۆچ ئېلىشماقچى ! مىرزا ئەنۋەر خوتۇنسىز قالسۇن دېمەكچــــى ـ دە ، بۇ ئەخمەقلەر ! ھالبۇكــــى پۈتۈن

مەملىكەتنىڭ قىزلىرى ئەنۋەر ئۈچۈن چاچ تارىشىدۇ. ئەگەر سىز خالىسىڭىز قازىكالان ياكى داموللا شاغاۋۇل ۋە شۇلارغا ئوخشاش چوڭلارغا كۈيئوغۇل بولالامسىز؟ چالما ئىبتىپ ئارسلاننى يەڭمەكچى بولغان كالۋالارنىڭ ئىشىغا كۈلگۈم كېلىدۇ...

— زىيىنى يوق...

— رەھمەت، ئەنۋەر! مەن سىزنىڭ بەزى ئىشلاردا كۆڭلىڭىزنىڭ كەڭلىكىگە خاپا بولاتتىم... ئەمەلىيەتتە ئويلاپ باقسام، كۆڭۈل كەڭلىكىنىڭ ئۆزىمۇ بىر پەزىلەت ئىكەن... بۇنىڭدىن باشقا مەنە چۈشىنىپ قالماڭ، ئەنۋەر! مۇپتىغا ئوخشاشلارنىڭ پەس، چۈپەي ئاداۋىتىنىڭ كىشى غىدىقىغا تېگىشى بولمىسا، سىز ۋە دوستلىرىڭىزچىمۇ قىز دېگەن تېپىلمايدىغان نېمە ئەمەس!

— ئەلۋەتتە.

ئەنۋەر ئۆزىنى ھەددىدىن تاشقىرى تىنچ تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى، ھازىر ئۇنىڭدا بايىقى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھېچبىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. سۇلتان ئەلى مىرزا بۇ ئەسكى ئىشنى ئەنۋەرنىڭ كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىپ ھېلىقىدەك ئاۋۇندۇرۇش سۆزلىرىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى، ئاڭلىغۇچى بولسا قىسقىغىنا جۈملە بىلەن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلاتتى ياكى كۈلۈمسىرەپ، تەستىقلىغان بەلگىسىنى بىلدۈرەتتى. ئىككىسى بىللە دىۋانغا كىرىشتى. ئىشقا بالدۇرراق كەلگەن مىرزىلار يېزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئەنۋەر مىرزىلار بىلەن ئامانلىق سوراشتى، ھەتتا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، شاھادەت مۇپتىلاردىنمۇ ئەھۋال ۋە سالامەتلىك سورىدى. مۇپتىلارنى كۆرۈشى بىلەنلا نەپرىتى چېكىدىن ئاشقان سۇلتان ئەلى بۇ ئەھۋالدىن ھەيرانلىقى كۈچىيىپ ئەنۋەرگە قارىدى ۋە كۆڭلىدە «يىگىت!» دەپ قويدى. سۇلتان ئەلى ئېيتقاندەك، شۈبھىسىز، بۇ يىگىت يالغۇز مۇھەببەتكىلا ئەمەس، مۇھەببەتتىن باشقا پەزىلەتلەرگىمۇ باي ئىدى.

سۇلتان ئەلى مىرزىمۇ نېرىقى بۆلۈمدىن ئەنۋەرنىڭ يېنىغا

ئۆتكەن، شاھادەت مۇپتىلارنىڭ قاتارىدا ئولتۇرۇپ ئىشلەيتتى. ئەنۋەر بۇگۇنكى خەت ۋە ئەرزلەرنى يىغىشتۇرۇپ ھۆدەيچىگە تاپشۇردى، دىۋاننىڭ يېڭى خىزمەتلىرىنى مىرزىلارغا تەقسىملەپ بەردى. ھەممە ئۆز ۋەزىپىسىگە بېرىلىپ، ئارىغا جىمجىتلىق چۆكتى. پەقەت بۇ جىمىلىقنى قومۇش قەلەملەرنىڭ قەغەز ئۇستىدە قىرىلدىشى ۋە گاھىدا پۇكلەنگەن قەغەزلەرنىڭ شالدىرلىشى بۇزاتتى. شۇ ھال بىر سائەتچە داۋام قىلغاندىن كېيىن، ناگان - ناگاندا سۆزمۇ قوزغالدى. ئەنۋەرنىڭ يېنىدىكىلەردىن شاھادەت مۇپتى قەغەز - قەلىمىنى يېنىغا قويۇپ، سەندەلدىكى ئوتتا ئىسسىندى.

— مىوللام نەۋرۇز تولا پەس ئادەم - دە، — دېدى مۇپتى، — ئۇنىڭ ئىشى تۇنۇگۇندىن بېرى ماڭا ئاجايىپ تەسىر قىلىۋاتىدۇ.

— پەس، پەس! — دېدى كەلانشا.

سۇلتان ئەلى ئەنۋەرگە قاراپ قويدى، ئەنۋەرنىڭ بولسا كۆزى خەتتە ئىدى.

— شۇنچە كىشىنىڭ تىلىكىنى يەردە قالدۇرۇشى ئۆزى بىر يارىماسلىق ... قازاسى يېتىپ ئۆلگەنىكەن، كىشىنىڭ مىلىغا نېمە دەخلىڭ بار؟ بۇ ئادەمگەرچىلىك ئەمەس - دە.

— پەس كىشىدە ئادەمگەرچىلىك نېمە قىلسۇن!

سۇلتان ئەلى كۇلۇمسىرەپ، مۇپتىلارغا بىر - ئىككى قېتىم قاراپ قويدى.

-- ئۆيۈڭگە ئىككى تەرەپتىن شۇنچە ئادەم يىغىلدى، سۆزگە كىرمەي ئۆلارنى ئاۋارە قىلدىڭ؛ ھېچبولمىغاندا بىر لېگەن ئاش بىلەن ئۆلارنى يولغا سالساڭ، ئۆلۈپ قالاتتىڭمۇ ... ھەي، ئىسىت سەندەك ئاچ كۆزگە!

— مەنمۇ موللا نەۋرۇزنى مۇنداق دەپ ئويلىمىغان، — دېدى كەلانشا، — ئادەمگەرچىلىكنى يەپ قويغان كىشى ئىكەن.

سۇلتان ئەلىنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، قاپاقلىرى پىرىلداپ

ئۈچۈشقا باشلىغانىدى .

— قىزىق گەپنى قىلىسىلەر ، تەقسىرلەر ، — دېدى بىردىن سۇلتان ئەلى ، — بۇ زاماندا ئادەمگەرچىلىك قالدىمۇ ؟ ئەگەر ئازغىنە ئويلاپ باقساق ، سىلەرمۇ ، بىزمۇ ئادەمگەرچىلىكنى پاك - پاكىز يەپ قويغان بولۇپ چىقىمىز ... بۇ زاماندا ئۆزگىنى قويۇپ تۇرۇپ ، ھەتتا ئۆزۈڭلاردىنمۇ ئادەمگەرچىلىك كۈتمىسەڭلار بولىدۇ ، تەقسىرلەر !

زەردىسى قاينىغان سۇلتان ئەلىنىڭ بۇ سۆزى شېرىن سۆھبەت ئۈستىدىكى مۇپتىلارنى ھەيران قالدۇردى . ئەنۋەر سۇلتان ئەلىگە قاراپ ئۇنىڭ كۆزىنى ئۈچرىتالمىدى . چۈنكى ئۇ ھېلىقى سۆزلەرنى ئېيتىپ قولىدىكى ئىشقا بېرىلگەنىدى .

— سىز ئاجايىپ ئادەمسىز - دە ، سۇلتان ئەلى ! — دېدى مۇپتى ، — بىز نېمە دەۋاتىمىزۇ ، سىز نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسىز !

— سىلەر ئادەمگەرچىلىكتىن سۆز قىلىشىۋاتىسىلەر ، شۇنداقمۇ ؟ مەنمۇ بۇ ۋاقىتتا ئادەمگەرچىلىكنىڭ يوقلۇقىدىن زارلاندىم - دە ...

— سىزنىڭ سۆزىڭىز ئاجايىپ ، سۇلتان ئەلى . سىز بىزنىڭ ئادەمگەرچىلىكىمىز يوقلۇقىنى بىرەر جايدا كۆردىڭىزمۇ ياكى دىمىغىڭىزغا كەمچىلىك يېتىپ قالغانمۇ ؟

ئەنۋەر سۇلتان ئەلىنىڭ كۆزىنى ئۈچرىتىشقا ئۇرۇندى ، ئەمما سۇلتان ئەلى مۇپتىلارغا يۈزىنى ئۆرۈپ ئولتۇردى .

— سىلەرنىڭ ئادەمگەرچىلىكىڭلار يوقلۇقىنى ھېچبىر جايدا كۆرمىدىم ۋە ئاڭلىمىدىم ، ئەلۋەتتە ! — دەپ زەردە بىلەن سۆزلىدى سۇلتان ئەلى ، — ئەمما ھازىر ئۆز نەپسىمدىن بىر ھېساب ئېلىپ كۆرسەم ، ھەتتا مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئىچىدىلا نەچچە جىنايەتكە قول قويۇپتىمەن . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بايىقى سۆزنى ئېيتتىم - دە ، بولمىسا ، مېنىڭ كىم بىلەن قانچىلىك ئىشىم بولسۇن ، تەقسىرلەر ...

مۇپتىلارنىڭ رەڭگى تاتىرىپ ئىتتىپاقلاشقاندەك ئەنۋەرگە

تەڭلا قاراپ قويۇشتى ۋە سۇلتان ئەلىدىن زارلانغاندەك قىلىپ باش چايقاشتى .

— سۇلتان ئەلى ئاكا ، — دېدى ئەنۋەر زارلانغان ئاھاڭدا ، — تەقسىرلىرىم ئېيتقاندەك ، دىمىغىڭىزغا بىر ئاز كەمچىلىك يەتكەنگە ئوخشايدۇ ؛ شۇنداق گەپلەرنىڭ نېمە ھاجىتى ، نېمە ئالاقىسى بار ؟ تىنچقىنا ئىشىڭىزغا قارىسىڭىزچۇ ، خۇدانىڭ ھەققىدە .

كېيىن ئەنۋەر مۇپتىلار تەرەپكە كۈلۈمسىرەپ ،سۇلتان ئەلىنىڭ گېپىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىككە شەرەت قىلدى . شاھادەت مۇپتى بىرنېمىلەرنى دەپ ئىشىغا قارىدى . سۇلتان ئەلىمۇ كۈلۈپ ، گويا ئەنۋەرگە ئىتائەت قىلغاندەك ، سۆزسىزلا قەلەمنى قولىغا ئالدى . ھەرقايسىسى ئۆز ئىشىغا قاراپ ، ئارىدا يەنە بايىقىدەك جىملىق باشلاندى .

كەچكە يېقىن مىرزىلار تارقىلىشىپ شۇلارنىڭ ئارىسىدا سۇلتان ئەلى ۋە مۇپتىلارمۇ بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى . ئەڭ ئاخىرىدا قېلىپ قوزغالغان ئەنۋەر دىۋانخانىنىڭ دالىنىدا تۇنقاتارغا ئۇچراشتى . تۇنقاتار ئەنۋەر بىلەن چاقچاقلاشقاندەك قولىدىن تۇتۇپ ئىچكىرىگە — دىۋانغا باشلىدى . ئىچكىرىگە كىرىشتى .

— خىزمەت ، تەقسىر ؟

— خىزمەت شۇكى ، — دېدى تۇنقاتار ، — سىزنىڭ ئۇستىڭىزدىن بىر ئۆكتەملىك قىلىندى .

— ياخشى ... ئاڭلىسام بولامدۇ ؟

— جاناب بۇگۇن بىزنى ئۇستازىڭىز سالىھ مەخسۇمنىڭكىگە قۇلچىلىققا ئەۋەتكەنىدى . بېرىپ ئاڭلىساق ، سىزگە پەتە ئوقۇپ قويۇلغانىكەن ... بىز ، قىبلىگاھ ئۇچۇن كەچۈرەرسىز ، دەپ ئويلىدۇق ...

ئەنۋەر بۇ زەھەرلىك سۆز بىلەن يىلاندەك تولغىنىۋالغان بولسىمۇ ، پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ سىر بەرمەسلىككە تىرىشتى .

— ئارانلا شۇ گەپما ؟
— شۇ گەپ ، مىرزا ئەنۋەر .
— ئەرزىمىگەن گەپ … بۇنى مېنىڭدىن سورىمىسىڭىزمۇ بولاتتى .
— رەھمەت ، مىرزا ، مەن سىزنىڭ بۇ ساداقىتىڭىزنى جانابقا ئېيتىمەن .
— ياق ، ياق ، — دېدى ئەنۋەر بېشىنى چايقاپ ، — زادى گەپ قىلماڭ ، زادى !
— نېمىشقا ئەمدى ، نېمىشقا ؟ جانابمۇ ئۆزىنىڭ سادىق قۇلىنى تونۇپ قويسۇن ـ دە .

ئەنۋەر مەجھۇل ئاھاڭدا كۈلدى : «ئېيتماڭ ، مەن خالىمايـمەن !» دېدى يەنە . ئىككىسى بىللە دېۋاندىن چىقىشتى .

ھاۋا تەكشى قارامتۇل بۇلۇت بىلەن قاپلانغان ، قوقاننىڭ مەشھۇر شامىلى قانات يايغاندى . قارامتۇل بۇلۇتلاردىن تۆۋەنرەكتە ئالا قاغىلار قانات‌لىرىنى مىدىرلاتماستىن سايىھەت قىلاتتى ۋە ئاندا ـ ساندا يامغۇر تامچىلىرى تامچىلايتتى . شۇ چاغدا كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىغان ئەنۋەر ، نەگە بېرىپ ياتسامكىن ، دەپ ئىككىلىنىپ قالدى …

## 47 . ئوچۇق خەت

نامازشامنى ئوقۇپ يانغان مەخسۇم مېھمانخانا ئىشىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى ، ئەنۋەرنىڭ كەلگەنلىكىنى پەملەپ ، ئۇدۇل ئىچكىرىگە ئۆتتى . بىردەمدىن كېيىن تاۋاقتا ئاش كۆتۈرۈپ نىگار ئايىم چىقتى . يېغىدىن كىرپىكلىرى چاپلىشىپ ، چوڭقۇر ئوي ئىچىدە بېشىنى تۆۋەن سالغانىدى . نىگار ئايىم كىرگەندە ئەنۋەر شام يېقىۋاتاتتى . نىگار ئايىم داستىخان سېلىپ ، تاۋاقنى ئەنۋەرنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ ، بىردىنلا بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى . ئەنۋەر ھەيران بولمىدى ، يىغىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى .

— نېمىشقا يىغلايسىز ؟ تەقدىرنى ئۆزگەرتكىلى بولاتتىمۇ ؟ خاپا بولۇش ياخشى ئەمەس ؛ سىز شۇنداق بولسۇن دېگەنمىدىڭىز ! ...

نىگار ئايىم جاۋاب قايتۇرمىدى ، يىغلىغان پېتى مېھمانخانىدىن چىقىشقا ئالدىرىدى . ئەنۋەر ئاشتىن بىر – ئىككى كاپام ئېلىپ قولىنى ئېرتتى ، سەندەلنىڭ كۆرپىسىنى باغرىغا تارتىپ ، كۆچلۈك ۋە ئۇزۇن نەپەس ئالدى .

شامدانىدىكى شام ناتىۋانلارنىڭ يۈرىكىدەك تىترەپ ، مېھمانخانىنى ئارانلا يورۇتاتتى ، شامنىڭ تىترىشى بىلەن ، كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىككەن ئەنۋەرنىڭ هازىرقى خىيالچان يۈزىمۇ تىترىگەندەك كۆرۈنەتتى . مېھمانخانا جىمجىت ، پەقەت بۇ جىمىلىقنى تاشقىرىدا يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ كۆچسىز سىم – سىم ئاۋازى ، تۇرۇپ – تۇرۇپ قوزغىلىپ قويغان شامالنىڭ دېرىزىگە كېلىپ ئۇرۇلۇشى ۋە ئاللىقايسى ئۆگزىدىكى بىر مۈشۈكنىڭ مىياۋلىغان ئاۋازى بۇزاتتى ، دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن كىرىپ ئۇرغان كېيىنكى شامال شامدانىدىكى تىترەك شامنى ئۆچۈرۈۋېتىشكە تاسلا قالدى ، مېھمانخانا قاراڭغۇلاندى ۋە شۇ چاغدا ئىچكىرىدىن چىقىپ كەلگەن ئاياغ تىۋىشىدىن ئەنۋەر خىيالدىن كۆز ئېچىپ سەندەلنىڭ ئۈستىدىكى تاۋاقتا قول ئۇزاتتى ۋە تاۋاقنى تۇتقانچە بىردەم قولاق سېلىپ تۇردى ، ئاياغ تىۋىشىنىڭ مېھمانخانىدىن ئۇزاقلاشقىنىنى ، مەخسۇمنىڭ خۇپتەننى ئوقۇشقا مەسچىتكە ئۆتكەنلىكىنى پەملىدى ۋە تاۋاقنى ئولتۇرغان يېرىدىن كەينىدىكى تەكچىگە ئېلىپ قويدى . ئارىدىن بىر پىيالە چاي ئىچىش ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىن ، يەنە ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى . بۇ تىۋىش ھەربىر چامدىغانسېرى مېھمانخانىغا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى . مېھمانخانىنىڭ دالىنىدا ، قولىدا چەينەك كۆتۈرگەن رەنا كۆرۈندى ... ئۇنىڭ ئىككى كۆزى قىپقىزىل بولۇپ ، قاپاقلىرى ئەينۇلىدەك ئىششىغان ۋە ئۆزىدىمۇ زورۇقۇش ئالامىتى بار ئىدى . رەنا يەرگە قارىغان ھالدا ئاق چەينەكنى ئەنۋەرنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ قويدى ، تەكچىدىكى پىيالىنى ئېلىپ

چەينەكتىكى چاي بىلەن چايقىدى ، پىيالىنى لۆڭگە بىلەن سۈرتكەندىن كېيىن ، يەنە چايقاپ ئىككىسىنى ئەنۋەرنىڭ يېنىغا سۈردى ۋە بىردىنلا ھۆڭرەپ يىغلاپ يۈزىنى سەندەلنىڭ جوزىسىغا قويدى ...

— رەنا ، رەنا ! — دېدى ئالدىراپ ئەنۋەر ، — كىچىك بالىمۇ سەن ! تېخى ھېچ ئىش بولغىنى يوققۇ !

رەنا بېشىنى كۆتۈرمەي ، بۇقۇلداپ يىغلايتتى ، ئەنۋەر ئۇنى ئاۋۇندۇرۇپ ، يىلىنغان ھالدا يىغىدىن توختىتىشقا ئۇرۇناتتى .

— بىكار يىغلايسەن ، رەنا ! يىغىدىن بىرەر پايدا چىققىنىنى ئاڭلىغانمۇ سەن ياكى مېنىمۇ يىغلاتماقچىمۇ سەن ؟ ... ئويلاپ باق ، يىغلاش توغرا كەلسە ، سەن ئەمەس ، مەن يىغلىسام بولىدۇ . ھالبۇكى مەن يىغلىمايمەن . نېمىشقا ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، ھازىر تېخى يىغلايدىغان پەيتى كەلگىنى يوق . مەن يىغلىغان ئادەمنى ياخشى كۆرمەيمەن ... تۇر جېنىم ، تۇر !

ئەنۋەر رەنانىڭ چېچىنى سىلىدى ، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ مەڭزىدىن سۆيدى .

— مېنىڭدىن كۆڭلى قالسۇن دېسەڭ ، يىغلا ! يۈزۈڭنى ياش بىلەن يۇيۇپسەن ، رەنا ، ئوڭلان ، مەن يۈزۈڭنى ئېرتىپ قوياي ! ئۆزۈڭگە كەل ، ئەقلىڭنى يىغ ، ئېغىر - بېسىق بولۇپ ، سۆزۈمگە قۇلاق سال !

رەنا يۈزىنى چەتكە ئۆرۈپ ، بېشىدىكى رومىلى بىلەن يۈزىنى ئېرتتى ، ئۆزۈن ئىسەدىدى .

— يىغلاش بىلەن بىرەر نەتىجە چىقىرىشقا بولامدۇ ؟ ھېچ ! كۆزۈڭ يەنە ياشلاندى ، سەن يىغلاۋەرگىن ، مەن سۆزلىمەيمەن ، رەنا !

رەنا يەنە چەتكە قاراپ كۆزىنى قۇرۇتتى . ئەنۋەر پىيالىگە چاي قۇيۇپ رەناغا ئۇزاتتى :

— مە ، رەنا ، ئىچ .

رەنا ئىچمەيمەن دېگەندەك قىلىپ باش چايقىدى ، ئەنۋەر

زورلاپ چاينى ئالدۇردى .
— ھەممىسىنى ئىچمىسەڭمۇ بىر - ئىككى ئۇتلا !
رەنا ئەنۋەر ئېيتقاندەك ، ئىككى - ئۈچ ئۇتلاپ ، پىيالىنى ئالدىغا قويدى . ئەنۋەر ئورنىدىن تۇرۇپ دالانغا چىقتى ، قولىدا ئاپتۇۋا - چىلاپچا كۆتۈرۈپ رەنانىڭ يېنىغا كەلدى :
— يۈزۈڭنى يۇ ، رەنا .
ئەنۋەر سۇ قۇيۇپ بەردى ، رەنا يۈزىنى يۇدى . ئەنۋەر قوزۇقتىن لۆڭگە ئەكېلىپ بەردى ، رەنا يۈز - كۆزىنى ئېرتتى .
— مانا بولدى ! ئەمدى سۆزلىشەيلى ، يىغىنىڭ نېمىگە كېرىكى بار !
رەنا سەل يېنىكلەشكەندەك ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ، ئۆزىگە يېرىم جىددىي تىكىلىپ تۇرغان يىگىتكە جاۋابەن كۈلۈمسىرىدى .
— يەنە بىر كۈل ، رەنا .
رەنا بىردىن تۇتۇلۇۋالدى :
— كۈلىدىغان ۋاقىت ئەمەس …
— كۈلىدىغان ۋاقىت بولمىسا ، يىغلايدىغان ۋاقىتمۇ ئەمەس ! — دېدى ئەنۋەر ئولتۇرۇپ ، — سېنىڭ گۆھەر قۇتىسىدەك كىچىككىنىلا يۈرىكىڭ بار ؛ ئىچىنى قىممەتلىك تاشلار بىلەن تولدۇرغانسەن . بۈگۈن تەقدىر شۇ گۆھەر قۇتىسىدىكى قىممەتلىك تاشلارنىڭ ئارىسىغا قوپال بىرنېمىنى ئەكېلىپ تاشلىدى … تەبىئىي ، سېنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىڭ بۇ قوپاللىقنى كۆتۈرەلمىدى . قىممەتلىك تاشلار سىقىلىشتى ، سەن يىغلىدىڭ ، سېنىڭدەك مەنمۇ بۇ قوپاللىقنى قوبۇل قىلىشتا قاتتىق ئەندىكتىم ؛ لېكىن يىغلىمىدىم . نېمىشقا ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، بۇ قوپاللىق مېنىڭ يۈرىكىمدىكى گۆھەرنى سىقىپ چىقىرالمايدۇ ، پەقەت ئۇنى قىسىپلا قويىدۇ ؛ ساڭىمۇ شۇنداق ئەمەسمۇ ، رەنا ؟ خوش ئەمدى بىزنىڭ پاجىئەمىزنىڭ سەۋەبىگە كېلەيلى : بۇ ھادىسە توغرىدىن توغرا خاننىڭ ئۆزىدىن كەلگەن ئىش ئەمەس . خان بولسا ھەرقانداق ئىپلاسلىقنىمۇ كۆتۈرىدىغان يوغان بىر ھايۋان . ئۇنىڭ ئەتراپىدا

ئۇششاق ھاشاراتلار نۇرغۇن ، بۇلارمۇ ئۆزلىرىگە يارىشا ھايۋانلىقنى خالىشىدۇ . لېكىن ، قول قىسقا ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېتىپ قېلىشقا كۆڭۈل تىنچىمايدۇ ، شۇنىڭدىن كېيىن خاننى — چوڭ ھايۋاننى غىدىقلاپ ئىشقا سېلىشىدۇ ... بەلكى يادىڭدىدۇر ، موللا ئابدۇراخمان ئاتلىق بىرى سېنىڭ خېرىدارىڭ ئىدى ، شائىر ئېيتقاندەك :

مەندىن ئۆتۈپ گۈلگە بويى يەتمىدى ،
ئۈمىد ئۈزۈپ ئۆز يولىغا كەتمىدى .

خەۋىرىڭ بار : مەن داداڭنىڭ قىستىشى نەتىجىسىدە ، ئۇنى ئوردا خىزمىتىگە ئالدىم ، ئۇ ئوردىدىكى بىرنەچچە ئىپلاس بىلەن بىرلىشىپ ماڭا قارشى تۇردى ... مەن ... ئۇنى ئوردىدىن يولغا سالدىم ، نەتىجىدە ھازىرقى ئىپلاسلىققا يەڭ تۇرۇشتى . لېكىن ، ئۇلار بىزنى بىر - بىرىمىزدىن ئايرىيالامدۇ ؟ ياق . شەكلەن ئايرىلىش — ئايرىلىش ئەمەس ، چۈنكى بىز بىر - بىرىمىزگە شەكلەن باغلانمىغان ، ھەقىقىي باغلىنىشنى ئۈزۈش بولسا ئىپلاسلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ . مانا شۇنداق بولغاندىن كېيىن بىز ئىككىمىز نېمىشقا خاپا بولايلى ، رەنا ؟ ئىشق دەۋاسى ئاددىي ئادەملەر ئويلىغاندەك ۋەسىل[1] ئەمەس — ھىجىردۇر[2] . چۈنكى ، ۋەسىل ئىشق ئوتىنى ئۆچۈرگۈچى ، ھىجرى بولسا كامالەتكە يەتكۈزگۈچىدۇر . سەن شۇ ئىككىسىدىن قايسىسىنى تاللايسەن ، رەنا ؟

رەنا كۆزىنى تىزىغا تىكىپ ، قولى بىلەن پالاسنىڭ يىپىنى ئېشىپ ئولتۇراتتى . ھېلىقى سوئال ئەنۋەر تەرىپىدىن يەنە تەكرارلاندى .

— مەن كېيىنكىسىنى ... لېكىن ، خاننىڭ ئىپلاس ئورنىدا

[1] ۋەسىل — قوشۇلۇش .
[2] ھىجرى — ھىجىر - ھىجران ئايرىلىش .

ياتمايمەن !

ئەنۋەر خىلغىچە جىم ئولتۇردى ، رەنانىڭ جاۋابى ئۇنىڭغا ئېغىر تەسىر قىلغانىدى ...

— بۇنى مەنمۇ خالىمايتتىم ... لېكىن ، ئىپلاسلار مېنىڭ چارە يوللىرىمنىڭ ھەممىسىنى كېسىشتى ، رەنا ... يەنە ئويلىشىش ئۈچۈن ۋاقىت بار ؛ بولۇپمۇ سەن بىرەر تەدبىرنى مۇۋاپىق كۆرسەڭ ، مەن تەييار ... سېنى يىغلىتىپ ھايۋان چاڭگىلىغا بەرمەيمەن ! ... شۇنداق ، سەن يىغلىما ، ئەقىللىق قىزلارچە ھەرىكەت قىل ، مەن ...

ئەنۋەر سۆزىنى تۈگىتەلمىدى ، مېھمانخانا ئىشىكىدە مەخسۇم كۆرۈندى :

— ئىچكىرىگە كىر رەنا ، ۋاقىتسىز بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن ؟ !

ئەنۋەرنىڭ ۋۇجۇدى غۇززىدە قىلىپ كەتتى ، ئالدىدا ھېلىقىدەكلا ئولتۇرغان رەناغا «تۇر ، كەت» دېگەندەك شەرەت قىلدى . لېكىن رەنا مىدىرلىمىدى . مەخسۇم باشقا سۆز قىلماي ، دالاندىن ئارقىسىغا ياندى .

ئەنۋەر بەكمۇ ئېغىر ئەھۋالغا چۈشكەنىدى . ھەقىقەتەنمۇ مەخسۇمنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەقىلسىز ـ ئەخمەقلەرچە ئىدى ، ئەنۋەرگە ئېغىر كېلىشىنى ئويلىماي بۇ «بۇيرۇق» بىلەن رەنانىڭ كۆڭلىدىكى ئادىتىنى مەنئى قىلغانىدى ، ھەر دائىم مۇشۇ ۋاقىتدا ئولتۇرغان رەنا ئۇنىڭچە بۇگۇن «ۋاقىتسىز» ئولتۇراتتى . بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇنىڭ ئەنۋەرگە ئۇچراشماي نامايىشكار چىقىپ كېتىشى قانداقتۇر يەنە بىر مەنىنى بىلدۇرگەندەكمۇ قىلاتتى .

رەنانىڭ يۈزىدىكى قايغۇ بەلگىلىرى يوقىلىپ ، ئۇنىڭ ئورنىنى غەزەپ ـ نەپرەت ئالامەتلىرى باستى .

— ئۇيالمىغان !

— زىيىنى يوق ، خاپا بولما ، — دېدى ئەنۋەر ، — ئەمدى باشقا گېپىمىزمۇ يوق ئوخشايدۇ ...

رەنا يەنە بىردەم قوزغالماي ئولتۇرۇپ قالدى، ئاندىن كۆزىگە لىق ياش ئېلىپ مېھمانخانىدىن چىقتى.

ئەتىگەنلىكى نىگار ئايىم چاي ئېلىپ چىققاندا، مېھمانخانىدا ئەنۋەر يوق، سەندەلنىڭ جوزىسىدا ئۇچۇق بىر خەت تۇراتتى:

مېھرىبان ئاچا:

كىچىكىمدىن سىزنىڭ تەربىيىڭىزدە ئۆستۈم، سىزگە ۋە تەقسىرىمگە كۆپ جاپالارنى سالدىم. بۇ جاپانىڭ بەدىلىگە تېگىشلىك ھەق قايتۇرالمىغان، خىزمەت قىلالمىغان ھالدا مەلۇم سەۋەبلەرنىڭ قىستىشى ئاستىدا سىزنىڭ شەپقەتلىك تەربىيىڭىزدىن كېتىشكە مەجبۇرمەن. كېيىن ئۆيدىكى ماڭا تېگىشلىك ھەممە نەرسىلەر شۇ جۇملىدىن، ئۆزىڭىزدىكى ئامانەت ئالتۇنلارمۇ ئائىلەڭلەرگە مېنىڭدىن سوۋغات. مەن ئالتۇنلارنى قىزىڭىزنىڭ تويىغا ئاتاپ يىغقانىدىم، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇ پۇلنى رەنانىڭ تويىغا ئىشلىتىشىڭلارنى سورايمەن. مېنى ئىزدەپ كەلگۈچىلەرگە ئوردىدا دەپ ئېيتىلىشىنى ئىلتىماس قىلىمەن. شەپقەت ۋە مەرھەمىتىڭىز بىلەن گۇناھىمنى كەچۈرەرسىز دېگەن ئۈمىدتە:

ئەنۋەر.

# 48. توي ھارپىسىدا

خاننىڭ ئەلچىلىرى ئىككىنچى قېتىم كېلىپ توي ۋاقتىنى تەيىنلەشتى: كەلگۈسى جۈمە كۈنى مەخسۇمنىڭ ئۆيىدە توي مۇراسىمىدىن كېيىن رەنا ئوردىغا ئەۋەتىلىدىغان بولدى. توي بەلگىلەنگەندىن بىر كۈن كېيىن تويلۇقمۇ كەلدى. خاننىڭ سوۋغىتى ئۈچ يۈز تىللا پۇل، شۇنچىلىك قىممەتكە ئەرزىيدىغان شاھانە سەرپايلار، مەخسۇمغا ئالايىتەن ئىلتىپات قىلىنغان «رەئىسۇلمە كاتىپلىق» ئۇنۋانلىرىدىن ئىبارەت ئىدى.

شۇنچىلىك ئىلتىپاتلار ئىچىدە گاڭگىراپ قالغان مەخسۇم،

ئۈچ كۈندىن بېرى دېرەكسىز كەتكەن ئەنۋەر توغرىسىدا ئويلىيالمىدى، پەقەت بۈنىڭدىن «هاماقەت»، «ئەندىشىسىزلىك!» دېگەن نەتىجە چىقىرىپ تىنچىدى. ئىگار ئايىم بولسا، ئۆزىنى بىرئاز بېسىۋالدى، گاھىدا ئەنۋەرگە ئىچى ئاغرىپ قويىسمۇ، ئۇنى ئالدىراش كەلگەن تويىنىڭ تەييارلىق مەسىلىسى ئىختىيارسىز رەۋىشتە بۇنى ئويلىيالماسلىققا مەجبۇر قىلدى.

رەنا! ... مەلۇمكى بۇ كۈنلەردە رەناغا تىكىلگەن پالاكەت چەكسىز چوڭ؛ پالاكەتلىك، هالاكەتلىك كۈنلەر يېقىنلىشىۋاتىدۇ. بۈنىڭ ئۈستىگە ئۈچ كۈندىن بېرى ئەنۋەر دېرەكسىز! ئەنۋەر «ۋىسال مۇهەببەتنى ئۆلتۈرگۈچى، هىجران بولسا كامالەتكە يەتكۈزگۈچىدۇر» دەپ رەنانى دائىملىق تاشلاپ كەتتىمۇ ياكى مەخسۇمنىڭ تېتىقسىز مۇئامىلىسىدىن كۆڭلى قېلىپ، قېيىداپ قالدىمۇ؟ هالبۇكى هازىر قېيىداش، ئاچچىق ۋە پالانلارنى كۆتۈرىدىغان ۋاقىت ئەمەس، هېچبولمىغاندا بىچارە قىزغا گەپ بىلەن، سۆز بىلەن مەنىۋى ياردەم بېرىپ تۇرۇش سائەتلىرىدۇر. بىچارە رەنا هەمىشە ياخشىلىق، ئەقىللىقلىق كۆرۈپ كەلگەن بىر ئادىمىدىنمۇ ئاخىرىدا قوپاللىق كۆرۈپ، ۋاپاسىزلىق پۇرىقىنى ئالغاندەك ئىدى. شۇ ئىككى تەرەپلىمە پالاكەت بىرنەچچە كۈن ئىچىدە رەنا گۈلنى پۇرلەشتۈرۈپلا قويىدى، هەتتا جادۇ كۆزلەر ياش تۆكۈشتىنمۇ توختاشتى.

رەنا سەندەلدە ئولتۇرۇپ جۈمە كۈنى — مۇدهىش جۈمە كۈنى توغرىسىدا ئويلايتتى. بۈگۈن سەيشەنبە، جۈمەگىچە يەنە ئىككى كۈن بار. پەقەت ئىككى كۈنلا! ... رەنا بۈنىڭدىن ئارتۇقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى، گويا ئۆزىنى يارنىڭ ياقىسىدا كۆرگەن كىشىدەك پەيشەنبە كېچىسىدىن ئىختىيارسىز، گويا تەبىئىي كۆرۈنۈشتەكلا كەينىگە چېكىنەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئەنۋەر توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ، ئۇنىڭغا — ئەنۋەرگە قارشى ئۆزىدە كۈچلۈك بىر ئاداۋەت سېزەتتى، شۇنداق ئېغىر سائەتلەردە تاشلاپ كەتكەن «يىگىت» يەنە بىر كۆرۈنسە، قانداق كىنايىلەر بىلەن

قارشى ئېلىشنى — كۈتۈۋېلىشنى ئويلايتتى : «ھەممە داۋالىرىڭىز قوْرۇق ! سىز مىرزا بېشلىقتىن ئايرىلىپ قالىمەن ، دەپ قورقتىڭىز ! بىزنىڭ ئۆيدە ئون يىل تۇرسىڭىزمۇ ، دادامنىڭ مىجەزىنى بىلمىگەنمىدىڭىز ؟ ۋەھالەنكى مەن سىزنى خاندىنىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويغانىدىم ! ئەمدى پۇرسەت قولدىن كەتكەندە ، نېمە ئۈچۈن كەلدىڭىز ؟ ...» لېكىن ئۇ كېيىنكى قەھرلىك سۆزىنىڭ مەنىسىدىن ئۆزىگە ھېساب بەرمەيتتى ، ئەگەر بۇنىڭغا قارشى ئەنۋەر : «قانداق ئىش ۋە پۇرسەت ئۆتكەندىن كېيىن كەلدىم ؟» دەپ سورىسا ، ئېھتىمال رەنا جىم تۇراتتى ، چۈنكى ھازىرغىچە ئۇنىڭ خىيالىغا ۋاقتى ئۆتىدىغان بىر چارە كەلمىگىنىگە ئوخشاش ، بۇ توغرىدا ئويلاپمۇ باقمىغان ، پەقەت بۇ پاجىئە ئالدىدا يۈلەنچۈك ، دەپ ئەنۋەرنى خالىغان ، ئەنۋەر بولسا كۆزدىن يوقىلىپ ، رەنانىڭ مەجرۇھ يۈرىكىدە يەنە يېڭى بىر جاراھەت ئاچقانىدى .

نىگار ئايىم ئالدىراش تەييارلىقلار كەينىدىن پالاقلاپ يۈرەتتى ، بۆشۈكتە يېتىپ زېرىككەن مەسئۇد چىرقىراپ يىغلايتتى . ھېلىقى خىياللار ئىچىدە ئولتۇرغان رەنا ئۈزاق ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ۋە ئاچچىقلىنىش ھەرىكىتى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، بۆشۈكنىڭ يېنىغا كەلدى ، تەۋرەتكەنگە بالا توختىمىغاچقا ، ئۇنى يىغلىغان پېتى تاشلاپ ھويلىغا چىقتى ۋە نېرىقى ئايۋاندا ئىش قىلىۋاتقان ئاپىسىغا : «ئەمگۈزۈك !» دەپ ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى ، ئۆزى يۆلەك تەرەپكە قاراپ كەتتى .

باغدا مەھمۇد ۋە مەنسۇرلار قوشنىسىنىڭ باللىرى بىلەن ئوقىيا ئېتىپ ئوينىشىۋاتاتتى . ئەتراپ ئالا - بۇلا قار بىلەن يېپىلغان ، باراڭنىڭ تېگىدىكى سۇپىنىڭ چەتلىرى يېغىن نەتىجىسىدە قومۇرۇلۇپ ، ئۈستىدىن بىرنەچچە جايى ئۈزۈن - ئۈزۈن يېرىلغانىدى .

سۇپىنىڭ يېنىدا توختىغان رەنا باللارنىڭ ئارىسىدىكى مەھمۇدنى چاقىرىپ سورىدى :

— مەھمۇد ، داداڭ نەدە ؟
— دادام ··· بازاردا .
— تاشقىرىدا كىم بار ؟
— ھېچكىم .
رەنا باشقا سۆز ئېيتماستىن ئوتتۇرا ئىشىككە كەلدى . مەھمۇد ئېيتقاندەك ، تاشقىرىدا ھېچكىم يوق ، توي مۇناسىۋىتى بىلەن مەكتەپ شاگىرتلىرى بىرنەچچە كۈنگە ئازاد قويۇۋېتىلگەنىدى . نېمە مەقسەت بىلەندۇر تاشقىرىغا چىققان رەنا مېھمانخانا ئىشىكىدە قۇلۇپ بارلىقىنى كۆرۈپ مەشىقخانىغا قاراپ كەلدى ، ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى چۇشۇرۇپ ، ئىچكىرىگە كىردى ، يەردىكى بورا ۋە قومۇشلىرى چۇۋۇلۇپ ، تىتىلىپ ياتقان مەشىقخانىنىڭ ھەربىر تەكچىسىگە كۆز تاشلاپ ، بىرنېمە ئىزدىگەندەك ئۇياق - بۇياققا ماڭدى ، تۆردىكى تەكچىدىن ئۇستىگە كۆك سىر بېرىلگەن بىر دۇۋەتنى ئېلىپ قارىدى ، دۇۋەتنىڭ ئىچىدىكى لاتىلارنىڭ قارا - سېرىق رەڭدە قۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئۇنى يەرگە تاشلاپ مەشىقخانىدىن چىقتى .
— مەھمۇد !
يايىغا ئوق قاداۋاتقان مەھمۇد ئوتتۇرا ئىشىكتە تۇرغان ئاچىسىغا قارىدى :
— ھۇم م ؟
— ماۋۇ يەرگە كەل .
مەھمۇد خالا - خالىماس ئاچىسىنىڭ يېنىغا كەلدى .
— ھۇم م !
رەنا مەھمۇدقا ئۆزىنىڭ كەينىدىن كېلىشىنى ئىمالاپ ، يەنە مەشىقخانىغا قاراپ كەتتى . مەھمۇد قولىدىكى ئوقياسىنى ھەر تەرەپكە تەڭلىگىنى ھالدا ، رەنا بىلەن مەشىقخانىغا كىردى .
ئۇلار ئىككىسى خېلى ۋاقىتقىچە مەشىقخانىدا نېمە توغرۇلۇقتىندۇر سۆزلىشىپ قېلىشتى .
ئۆيدە خەت يېزىپ ئولتۇرغان رەنا ئاپىسىنىڭ ھويلىدا كىم

بىلەندۇر كۆرۈشۈپ، تىنچلىق سوراشقىنىنى ئاڭلىدى ۋە بىردەمدىن كېيىن يۇمىلاقىنا تولۇق كەلگەن بىر ئىخىر ئاياغ خوتۇننى ئايۋاننىڭ دوقمۇشىدا كۆرۈپ، يېزىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى، خوتۇن رەنانى كۆرۈپ قالغان، شۇنىڭ ئۈچۈن رەناغا چىقىپ كۆرۈشۈش لازىم بولغانىدى. رەنا چىقىپ كۆرۈشتى. نىگار ئايىم تونۇمىغان مېھماننى سەندەلگە تەكلىپ قىلدى.

— بۇياققا ئۆتسىلە، ئايىلىناي، بۇياققا.

خوتۇن زورلاتماي سەندەلگە چىقىپ ئولتۇردى، كۆزى رەنادا هالدا، دۇئا قىلىپ رومىلىنى تۈزەتتى:

— تونۇمىغان خوتۇن نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ، دەپ ئويلارسىلەر، ئايىلىناي، — دېدى خوتۇن ۋە يانچۇقىدىن بىر قەغەز چىقاردى، — ئەنۋەر مىرزا بىر ـ ئىككى كۈندىن بېرى بىزنىڭكىدە ... تونۇساڭلار كېرەك، ئۈرگىلەي، مەن مىرزا سۇلتان ئەلىنىڭ خوتۇنى بولىمەن ... كىتابىسىز زېرىكتىم، ئۆيدە بىر كىتابىم بار ئىدى، دەپ بايا — ئەتىگەن مۇشۇ قەغەزنى بېرىپتۇ، ئايىلىناي.

خوتۇندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، نىگار ئايىم ئىچىنىش ۋە ئىزا تارتىش ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالدى. سەندەلدىن نېرىراقتا ئۆرە تۇرغان رەنا نىگار ئايىمدىن قىزغانغانىدەك، كېلىپ خوتۇننىڭ قولىدىكى پۈكلەنگەن قەغەزنى ئالدى.

— مىرزىدىن ئۆيىاتلىق بىز ... بولۇپمۇ ئۈچ كۈندىن بېرى نەلەردە قالدى، دەپ ئۆز گۆشۈمنى يېدىم، — دېدى نىگار ئايىم، — تەقدىرگە ھېچنېمە دەپ بولمايدىكەن ... بىز مىرزا بىلەن باغلىنىشارمىز دەپ ئويلىغاندۇق.

— تەقدىرى ئەزەل، ئايىلىناي! — دېدى خوتۇن، — مىرزىمۇ يۇرتتا ئىككى ئەقىل ئىگىسى بولسا شۇنىڭ بىرى. سىلەردىن تېخىچە مىننەتدار ئىكەن؛ شۇنداق، شۇنداق ئىش بولغاندىن كېيىن كېلىشكە ئەندىشە قىلىپ قالغان ـ دە، ئايىلىناي.

ئۇلار شۇ سۆزنى قىلىشىۋاتقاندا ، رەنا ئۆيگە كىردى :

ئاچامغا ، ئاندىن رەناغا :
چەكسىز سالام ۋە دۇئا . مېنىڭدىن رەنجىمەڭلار ، چۈنكى شۇنىڭدىن باشقا چارە يوق . خەتنى ئېلىپ بارغۇچىدىن شەيخ سەئدى توپلىمىنى ئەۋەتىپ بەرسەڭلار ، بوش ۋاقىتلىرىمدا پايدىلىناتتىم . رەناغا مەلۇم بولسۇنكى ، بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا مېنىڭ مەشىقلىرىم (شېئىر دەپتىرىم ) كېرەك بولماس ۋە ئۆزۈڭ بىلەن ئېلىپ يۈرۈشمۇ ئېھتىياتسىزلىق بولىدۇ . ئەگەر خاپا بولمىساڭ ، شۇنىمۇ ئەۋەتىپ بەر ، سالامەتلىك ئەھۋالىڭلاردىن يېزىڭلار .

هۆرمەت بىلەن : ئەنۋەر .

خەت شۇ قىسقا جۈملىلەردىن ئىبارەت . يەنە شۇنداق بولسىمۇ رەنا ئۇچۇن قىممەتلىك ئىدى .
رەنا بايا يېزىشقا باشلىغان خېتىنى نېمە ئۇچۇندۇر يىرتىۋەتتى ، ئايۋاندىكىلەرنىڭ ئۆزئارا سۆزلىشىپ تۇرۇشقىنىدىن پايدىلىنىپ يەنە جاۋاب يېزىشقا ئالدىرىدى .

## 49 . مەخپىي خەت

ئەنۋەردىن بىرئاز ئىلگىرىرەك يانغان سۇلتان ئەلى ئېغىلنىڭ پېشايۋىنىدا ئىنەك سېغىۋاتقان خوتۇنىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى .
— باردىڭمۇ ، رىزۋان ؟
— باردىم ، — دېدى رىزۋان ۋە «كور ـ كور» سۈت سېغىشىدا داۋام قىلدى ، — باردىم ، ئەكەلدىم .
— مېھمانخانىغا ئوت ياققاندۇرسەن ؟
رىزۋان ياقتىم ، دېگەن بەلگىنى بېشى بىلەن بەردى .

سۇلتان ئەلى مىرزا ئۆيگە كىرىپ سەللە ـ پەرجىسىنى يېشىپ ، يەنە خوتۇنىنىڭ يېنىغا چىقتى .

— موزاينى يېشىۋېتىڭچۇ ، ئايلىناي .

سۇلتان ئەلى مىرزا تۇۋرۇككە باغلانغان موزاينى يېشىۋەتتى . موزاي ئانىسىنىڭ ئەمچىكىگە چاپلاشتى . رىزۋان كوزىدىكى سۇتنى كۆتۈرۈپ ھۇجرىغا ئۆتتى ، سۇلتان ئەلىمۇ خوتۇنىنىڭ كەينىدىن كىردى .

— خوش ، نېمە گەپ بولدى ، رىزۋان ؟

رىزۋان كوزىدىكى سۇتنى قاچىلارغا بۆلۈۋاتاتتى .

— باردىم ، خەتنى بەردىم ، چاي قۇيۇشتى ، بىرمۇنچە سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، كىتابنى ئېلىپ ياندىم .

— كىملەر بار ئىكەن ؟

— قۇشناچى ۋە قىزى .

— قىزى قانداق ؟

رىزۋان ئەپسۇس چەككەندەك ، بېشىنى ئىككى مۇرىسىگە چايقىدى ۋە تىلىنى تاڭلىيىغا تەگكۇزۇپ «چاك» قىلىپ قويدى .

— مەن ، مىرزا بېشى بەك خاپا كۆرۈنىدۇ ، دېگەن چېغىڭىزدىلا شۇنى ئويلىغانىدىم . بەئەينى سۇرەت ؛ ئادەممۇ بۇنداق بېجىرىم بولىدىكەن !

— ھە ـ ھە !

— پەمىچە ئۇلار ئاشىق ـ مەشۇق ، بالاخور خان ئاخىرىدا شۇنىڭغا بۇرنىنى تىقمىسا نېمە بولاتتى ! بىچارە قىز ، شۇنداق خاپا ، شۇنداق خاپا ! پۇتۇن دۇنياسى قاپقاراڭغۇ !

— ھە ـ ھە ... قۇشناچى ئاچىسچۇ ؟

— ئۇ بىچارىمۇ ۋەيرانە ، «بالىلىرىمنىڭ خۇشلۇقى ئىچىگە چۇشۇپ كەتتى» دەيدۇ .

سۇلتان ئەلى ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى چايقىدى :

— كىتابنى نەگە قويدۇڭ ؟

— مېھمانخانىدا ... ھە ، ئېيتقاندەك ئىچىدە كىچىككىنە خەتمۇ

بار .

سۇلتان ئەلى مىرزا كەچقۇرۇنلۇق غىزا توغرىسىدا بەزى سۆزلەرنى قىلىپ تاشقىرىغا چىقتى . مېھمانخانا ئۇچۇق ئىدى . جەينىكى بىلەن سەندەلنىڭ جوزىسىغا يۆلەنگەن ئەنۋەر شەيخ سەئدىنىڭ كىتابىنى ۋاراقلاۋاتاتتى . سۇلتان ئەلى كىرىشى بىلەن ئەنۋەر كىتابىنى يېنىغا ئېلىپ قويدى ۋە كۈچىنىپ كۈلۈمسىرىدى .

— رەھمەت ، ئەكېلىپ قويۇپتۇ .

— كىتابنىڭ ئىچىدە خەت بار ئىكەن ، بەلكى كۆرگەندۇرسىز ؟

ئەنۋەر خەتنى كۆرمىگەنىدى ، كىتابنى يېڭىۋاشتىن ئېچىپ مۇقاۋىنىڭ ئىچىدىن تۆت پۇكلەنگەن بىر قەغەزنى ئالدى . خەت سۆزىنى ئاڭلاش بىلەن ئەنۋەرنىڭ بىرئاز ئالدىراپ قالغىنىنى سەزگەن بولسا كېرەك ، ئۆيدە بىر ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ ، سۇلتان ئەلى مېھمانخانىدىن چىقتى . ئەنۋەر خەتنى ئاچتى :

ھۆرمەتلىك ئەنۋەر ئاكا ، ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، ھەممىمىز ساق ۋە سالامەت . يەڭگەم ئارقىلىق ئەۋەتكەن خېتىڭىزنى ئالدۇق ، ساقلىقىڭىزنى ، تىنچلىقىڭىزنى ئۇقۇپ ۋە ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدۇق ؛ ئىلاھىم سالامەت بولۇڭ . ئەمدى بىزدىن ئەھۋال سورىسىڭىز ، ئەلھەمدۇلىللا تىنچىمىز ، خاتىرجەم بولۇرسىز . سورانقان كىتابىڭىزنى بەردىم . ئاپامدىن سىزگە سالام . قالغان سۆزنى شەيخ سەئدىدىن ئوقۇرسىز دەپ خەتنى توختاتتىم .

رەنا .

ئەنۋەر خەتنى قولىدا تۇتقان ھالدا قاراپ قالدى ، بىرئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ، خەتنى يەنە ئوقۇپ ھەربىر جۇملىنىڭ ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتى . «ساقلىقىڭىزنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدۇق» جۇملىسى بىلەن «سىز جىم بولۇپ كەتتىڭىز» دېمەكچىدى . چۈنكى ، شۇ جۇملىدىن كېيىنكى «ئىلاھىم سالامەت

بولۇك» كىنايىسى بۇنى تەكىتلەيتتى، ئاندىن «بىزدىن ئەھۋال سورىسىڭىز، ئەلھەمدۇلىللا تىنچىمىز، خاتىرجەم بولۇرسىز»، يەنە كىنايە، ئەمما ئەڭ كېيىنكى «قالغان سۆزنى شەيخ سەئىدىدىن ئوقۇرسىز دەپ خەتنى توختاتتىم» جۈملىسى بىرئاز ئورۇنسىزدەك ئىدى. ئەنۋەر بۇ جۈملىنى «بۇنىڭدىن كېيىن يېنىڭىزدا رەنا يوق، بىكار ۋاقتىڭىزنى شەيخ سەئىدىنى ئوقۇپ ئۆتكۈزۈڭ» دېگەن مەنىدە چۈشەندى.

ئەنۋەر خەتنى يۆگەپ كىتابىنىڭ مۇقاۋىسى ئىچىگە سالدى ۋە خەتنىڭ ئېغىر مەنىسى تەسىرىدە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ جىملىققا چۆكتى. ئۇنىڭ بۇ كۆڭلەردە بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ھالى تولىمۇ ئېغىر، بۇ ئېغىرلىقنىڭ ئۈستىگە رەنانىڭ مەزلۇمانە ياردەم سوراپ كىنايىلەرنى يېزىشى يەنە ئەلەملىك ئىدى. نېمە چارە؟ بۇ پاجىئەنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن بىرەر يول، بىرەر تەدبىر بارمۇ؟ پەقەت بىر يول، ئەڭ ئاخىرقى چارە: خۇدايارنىڭ ئالدىدا سىرنى ئېچىش، رەناغا ۋە رەنانىڭ بولسا ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئوچۇق ئېيتىپ، خاننىڭ پۇتىغا باش قويۇش ـ يىلىنىش، يالۋۇرۇش... ئوھۇ، بۇ پەسلىكنى ئەنۋەرنىڭ كۆڭلى كۆتۈرمىگەندەك «ئادالەتپاناھ» نىڭمۇ بۇ توغرىدا «مەرھەمەتلىرى» گۇمانلىق! ئەگەردە ئەنۋەر شۇ پەسلىككە بەل باغلىسا، ئەدەپسىزلىك، ئۇياتسىزلىقتا ئەيىبلىنىپ بىرەر جازاغا يولۇقۇشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

مەنىۋى ھەم جىسمانىي جەھەتتىن ئېزىلگەن، بولۇپمۇ ھازىرقى ئەھۋال ئىچىدە كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقان ئەنۋەر مېھمانخانىغا كىرىپ كەلگەن سۇلتان ئەلىدىنمۇ تارتىنماي، گويا ھوشسىزلانغاندەك، بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، سەندەلنىڭ ئۈستىگە ئېگىشتى... مەسىلە بىلەن بىرئاز تونۇش سۇلتان ئەلى مىرزا بۇ ھالنى دەررۇ بايىقى خەتنىڭ مەزمۇنىدىن كېلىپ چىققان، دەپ ئويلىدى، ئىزا تارتمىسۇن، دېگەندەك، بىرنېمە ئىزدىگەن بولۇپ تەكچىلەرنى ئايلاندى... ئەنۋەر قەددىنى

رۇسلاپ ، ئۇزۇن نەپەس ئالدى ۋە سۇلتان ئەلىگە ، ئولتۇرۇڭ ، دېگەن شەرەتنى قىلدى . سۇلتان ئەلى ئولتۇردى :

— نېمىشقا ئۇنداق ئولتۇرىسىز ، ئەنۋەر ؟

ئەنۋەر كۈچىنىپ كۈلۈمسىرىدى :

— ھېلىقى خەت مېنى خاپا قىلدى ، — دېدى ۋە بىرئاز توختاپ تۇرۇپ سۆزلىدى ، — سىزدىن يوشۇرىدىغان سىرىم يوق ، خەت يازغۇچى بىلەن ئارىمىزدا خېلىدىن بېرى يېقىنلىق بار ئىدى . مەلۇم ئىشلار تۇغۇلغاندىن كېيىن ، مەن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىشنى ، قەتئىي ئالاقە قىلماسلىقنى مۇۋاپىق كۆرۈپ سىزلەرنىڭكىگە كەلدىم . ۋاستەڭلەر بىلەن بۇگۈن ئۇ يازغان خېتىدە مېنىڭدىن رەنجىپتۇ . ياش ، ئەقىلسىزگە نېمە دېگىلى بولىدۇ ، پەقەت دىققەتلىك ... مانا ، ئوقۇپ بېقىڭ ، ساپلا كىنايە .

سۇلتان ئەلى كۈلۈمسىرىدى ، ئەمما يۈزىدە قىزىرىش بار ئىدى ، خەتنى مىرزىنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئوقۇدى ، ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ، خەتنىڭ يەنە ئاللىقايسى جۈملىسىگە ئىككىنچى قېتىم قارىدى .

— قىزىق «قالغان سۆزنى شەيخ سەئىدىدىن ئوقۇرسىز ، دەپ خەتنى توختاتتىم ...» بۇ جۈملە بىلەن نېمە دېمەكچى ؟

— بۇمۇ كىنايە ، — دېدى ئەنۋەر ، — بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ توغرامدا ئويلىماستىن ، بوش ۋاقتىڭىزنى شەيخ سەئىدىنى ئوقۇپ ئۆتكۈزۈڭ ، دېمەكچى بولسا كېرەك .

سۇلتان ئەلى مەجھۇل ھەرىكەت ياسىدى :

— بەلكى ...

بۇ مۇجمەل تەستىق ۋە مەجھۇل ۋەزىيەت ئەنۋەرنى گۇمانغا سالدى :

— خوش ، سىزنىڭ پىكرىڭىزچە ؟

— مەن ... مەنمۇ سىزنىڭ پىكرىڭىزگە كېلىپ قالدىم ؛ مەن باشقىچىرەك چۈشەنگەنىكەنمەن .

— مەسىلەن ؟
— مەن : «كىتابنىڭ ئىچىدە يەنە بىر خەت بار ، قالغان سۆزنى شۇنىڭدىن ئوقۇرسىز» دەپ …
— ئېھتىمال سىزنىڭكى توغرىدۇر ، — دەپ ئويلىنىپ قالدى ئەنۋەر ، — بۇمۇ بىر ئېرىنمىگەنلىك بولسۇن ؛ كىتابنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇپ باقايمۇ ؟
سۇلتان ئەلى كۈلدى :
— مەيلى … مەن ئۆيگە كىرىپ ، غىزا تەييار بولغان بولسا ئاچىقاي .
سۇلتان ئەلى چىقىپ كەتتى . ئەنۋەر كىتابنىڭ ئوڭ - تەتۈرىنى ئېچىپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى ، ھېچنېمە چىقمىغاندىن كېيىن ۋاراقلارنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ بېرىشتىنمۇ ئېرىنمىدى ؛ باش تەرەپتىن ئوتتۇزچە ۋاراق ئېچىلغاندا ، سۇلتان ئەلىنىڭ پالى ھەقىقەتكە ئايلىنىپ ، ۋاراقنىڭ ئارىسىغا قاتلىماستىن سېلىنغان بىر خەت كىتابنىڭ چېتىگە قېقىلىپ چىقتى . ئەنۋەر ئالدىراپ قالدى .

ئەندىشە ۋە ئېھتىيات يۈزىسىدىن بۇ خەتنى ئالاھىدە يېزىپ ، كىتابنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويدۇم . ئەنۋەر ئاكا ، ئېغىر سائەتلەردە يېنىڭىزدا تۇرغۇچى دوست ؛ قاچقۇچى بولسا كىم — بۇنى سىزنىڭ ھۆكمىڭىزگە سۇنىمەن . ۋەدە بېرىش ئاسان ، يادىڭىزدا ياخشى ساقلاڭ . ئېغىر مىنۇتلاردا ئەرزىمىگەن گەپنى كۆڭۈلگە ئېلىش سىزدەك ئالىيجانابلارنىڭ ئىشى بولار ، دەپ كىم ئويلىسۇن . بەختسىز بىر قىزنىڭ نىجاتى ئۈچۈن تەۋرەنمىدىڭىز ، دەپ سىزنى ئەيىبلىگىلى بولماس ؛ لېكىن ، بەختسىز رەنا تەھلىكە ئاستىدا قالغاندا ، ئۇنى بۇگۈن - ئەتە بىر پاجىئە كۈتۈپ تۇرغاندا ۋاپادار دەپ بىلگەن بىر ئادەمدىن بۇ قاتارلىق جاپا كۆرۈشى نەقەدەر ئوقۇلغانمۇ ، ئەپسانىلەردە توقۇلغانمۇ ؟ ! شۇنچىلىك گۇناھىم بار ئىكەن ، دەپ خاپا بولماڭ ، ئەنۋەر

ئاكا ، ئەگەردە شۇ گۇناھلارنىڭ يۇيۇلۇپ كېتىشىنى خالىسىڭىز ، سىزگە بىر خىزمەت بار ۋە سىزنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاسان خىزمەت ، ئەتە چارشەنبە كەچقۇرۇن ، خالىسىڭىز ، ئوچۇق ، خالىمىسىڭىز ، يوشۇرۇن بولسىمۇ بىزنىڭكىگە كېلىڭ ، مەن بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىڭ ، چۈنكى سىز ھۇزۇر - ھالاۋەت كۆرۈۋاتقان جايدا رەنانى ھالاكەت كۈتىدۇ !

ئەنۋەر خەتنى نېرى - بېرى ئوقۇپ چاپسانلا يەنە كىتاب ئىچىگە سالدى ۋە ئۇنى ۋاراقلارنىڭ ئارىسىدا قالدۇرۇپ ، ئۈستىگە يېڭى ۋاراقلارنى دۆۋىلەۋەردى . چۈنكى لېگەندە مانتا كۆتۈرگەن سۇلتان ئەلى دالان تەرەپكە ئۆتكەنىدى .

— بارمۇ ؟ — دېدى سۇلتان ئەلى لېگەننى سەندەلنىڭ جوزىسىغا قويۇپ ، — ۋاللاھۇئەلەم ، مەنە سىز چۈشەنگەنچە بولسا كېرەك ، مەن خاتالاشقاندىمەن .

ئەنۋەر ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىق قىلغاندەك ، بېشىنى لىڭشىتىپ كىتابنى ياپتى ۋە قولىنى يۇيۇش ئۈچۈن دالانغا چىقتى .

## 50 . مەشۇقە سولاقخانىسى

رەنانىڭ ئىككىنچى خېتى ئەنۋەر ئۈچۈن يەنە بىر تەشۋىش بولدى ، ئۇنىڭ يېنىغا بارسا ، قايسى مۇشكۇللۇك ھەل بولار ، تەتۈرىچە ، يۈرەك ئوتى يالقۇنلىنىدۇ ، جاراھەتلەر يېڭىلىنىدۇ ، خالاس . كىتاب باھانىسى بىلەن خەت يېزىپ ، ئۆزىنىڭ دېرىكىنى ئېيتىپ ، بەدىلىگە شۇنداق تەشۋىش كۆپەيتىۋالغان ئەنۋەر تۈنۈگۈنكى كۈنلەردە ھېسسىياتقا قاتتىق بېرىلىپ ئاقىۋەتنى ياخشى ئويلىمىغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلاتتى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭدا يەنە رەناغا ئۇچرىشىشتىن ھېچبىر پايدا تەسەۋۋۇر قىلمىغان خىيالىغا قارشى كۈچلۈك بىر مەيلىمۇ بار ئىدى . بۇ رەناغا

يولۇقۇشتا پايدا ئەمەس ، مەنە كۆرسىتەتتى ... ئۇچراشقاندا رەنانىڭ يىغلىشى ، كۆڭلىنى بۇزۇشى شۈبھىسىز ئىدى ، شۇنىڭدىن باشقا ئىش چىقمايتتى ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتە نەچچە يىللىق مۇھەببەت يەنە شۇ دەھشەتلىك ئۇچرىشىشقا مايىلدەك ئىدى .

ئۇ ئۇچرىشىشنىڭ ياخشى ۋە يامان تەرەپلىرىنى ئويلاپ كېچىچە ئۇخلىيالمىدى ، ئارىلىقلاردا ئانچە - مۇنچە ئۇخلاپ كەتكەن چاغلىرىنىمۇ يەنە شۇ ئۇچرىشىشقا ئالاقىدار چۈشلەر بىلەن ئۆتكۈزدى . ھەرقانچە ئەقىل يولى بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا تىرىشسىمۇ ، لېكىن ئۇچراشماسلىق ، جىم بولۇپ كېتىش يەنىلا ئەپ كۆرۈنمەيتتى . ئۇچرىشىش قانچىلىك تەدبىرسىزلىك ، كېلىشمىگەنلىك بولمىسۇن ، رەنانىڭ : «مەن بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىڭ ، چۈنكى سىز ھۆزۈر - ھالاۋەت كۆرۈۋاتقان جايدا مېنى ھالاكەت كۈتىدۇ !» جۈملىسى ھەرقانداق ئەندىشىنىمۇ يەڭگۈدەك ئىدى ۋە بۇ جان - دىلىدىن چىققان خىتابتىن كۆز يۇمۇش يىگىتلىك شەنىگە ياراشمايتتى .

ئەنۋەر بىرىش قارارىغا قەتئىي كەلگەندە ، دىۋاندا ئولتۇرۇپ ئىشلەۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئەمدىكى خىيالى ئۇچرىشىش ياكى ئۇچراشماسلىق ئۈستىدە ئەمەس ، رەنانىڭ ئالدىغا ئوچۇق بىرىشمۇ ، يوشۇرۇنمۇ — مانا شۇ توغرىدا ئىدى . ئەگەردە ئوچۇق بارسا ، مەخسۇمنىڭ گۇمانلىنىشى ، رەنانى چەتكە قېقىپ ياكى ئۇلارنىڭ كەينىگە چۈشۈپ يارىغا تۇز سېپىشى ، ئەنۋەرنىڭ ئىززەت - نەپسىگە تېگىشى ئېنىق ، يوشۇرۇن بارسا ... ئارىدا خىيانەت ، بۇزۇق نىيەت بولمىغاندىن كېيىن يوشۇرۇنۇپ يۈرۈش نېمىگە كېرەك ؟ خەير ، يوشۇرۇنمۇ بارسۇن ؛ ناۋادا مەخسۇم كۆرۈپ قالسىچۇ ، ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش تولىمۇ تەس ئىدى .

ئىككىسى كەچقۇرۇن يېنىپ كېلىشتى : سۇلتان ئەلى مىرزا كۈندىكىدەك ئەنۋەرنى ياخشى غىزالار بىلەن مېھمان قىلدى . نامازشامنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئەنۋەر «بىرنەچچە سائەت

ئاچىسىنىڭ بالىلىرى يېنىغا بىرىپ كېلىش ئۈچۈن» سۇلتان ئەلى مىرزىدىن رۇخسەت ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

قىشنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى. كوچىدا قارا سوغۇق بىلەن ئىزغىرىن شامال ھۆكۈم سۈرەتتى. توققۇز - ئون كۈنلۈك ئاي شەھەرنىڭ چىڭ ئۈستىدە چېتى قارايغان سىرىق مىس تاۋاقتەك پارقىراپ تۇراتتى. مەھەللە بالىلىرى ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرۈپ «بارات كەلدى، كۆردۈڭلارمۇ، بىزگە پوشكال قۇيدۇڭلارمۇ؟» نى ئېيتىپ يۈرۈشەتتى.

ئەنۋەر مەخسۇمنىڭ مەھەللىسىگە كەلگەندە، كىشىنى كىشى تونۇماسلىق دەرىجىدە قاراڭغۇ چۈشتى ۋە شۇ قاتاردا ئەنۋەرنىڭ كۆڭلىدىكى قاراڭغۇلۇقمۇ كۈچەيدى، يۈرەك ئۇرۇشى تېزلىشىپ ئەتراپقا ئوغرىدەك قاراشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى بەخت پۇرىقىنى تارقاتقان بۇ مەھەللە ھازىر گويا شۇملۇق ئىلكىدە ئىدى. ھەممە ياق تۇم قاراڭغۇ، پەقەت بۇ مەھەللە ئۈستىدە نۇرلىنىپ كۆرۈنگەن ئايلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى يورۇتاتتى، لېكىن ... لېكىن تەتۈر پەلەك ئۇنىمۇ باغرىدىكى قارا دېغى بىلەن ئوردا تەرەپكە قاراپ سۆرەيتتى ...

ئەنۋەر يېپىق تۇرغان دەرۋازا يېنىغا كېلىپ ئاستا ئىتتەردى، دەرۋازىنىڭ زەنجىرلەكلىكىنى كۆرۈپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى ... بىرھازا دەرۋازىنىڭ يېنىدا قادىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇدۇلغا ئۆتتى، يىگىرمە چامدامچە مېڭىپ، قوشنىنىڭ دەرۋازىسىنى ئىتتەردى، بۇ ئوچۇق ئىدى، قاراڭغۇ يۆلەككە كىردى. ئۇ مەخسۇمنىڭ خۇپتەنگە چىقىشىدىن پايدىلانماقچى، خۇپتەنگە ئەزان ئېيتىلغاندىن كېيىنمۇ دەرۋازا ئېچىلمىسا، ئاندىن يېنىپ كەتمەكچىدى. ئۇزاق كۈتۈشكە توغرا كەلمىدى. مەھەللە مەسچىتىدە خۇپتەنگە ئەزان ئېيتىلدى. شۇنىڭدىن بىرئاز كېيىن رەنالارنىڭ دەرۋازىسىمۇ غىچىرلاپ ئېچىلدى.

دەرۋازىدىن چىققان ئاياغ ئاۋازى ئەنۋەرگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئەنۋەر يۈرىكى دۈپۈلدىگەن ھالدا قوشنا دەرۋازىنىڭ

ئىچى تەرىپىدىن ئوچۇق قانات ئارقىلىق كوچىغا ماراپ قاراپ تۇردى . رەنالارنىڭ دەرۋازىسىدىن چىققۇچى ئۇدۇلغا كېلىشى بىلەن ئەنۋەر تۇرغان يۆلەكنىڭ ئىچكىرىسىدىنمۇ ئاياغ تىۋىشى كېلىپ قالدى . ئەنۋەر ھودۇقتى ، مەخسۇم بەش ـ ئالتە قەدەم يىراقلىشىش بىلەن بۇ يۆلەكتىن چىقىشقا مەجبۇر بولدى . ئەنۋەر ئايىغىنىڭ تىۋىشىنى چىقارماسلىققا تىرىشىپ ، ئاستا ـ ئاستا دەرۋازىغا مېڭىپ كەلدى . ئارقىدىكى ئاياغ تىۋىشلىرىنىڭ بارغانچە يىراقلاشقانلىقىنى سېزىپ ، خاتىرجەم ئىچكىرىگە كىرىۋالدى ، مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا بىردەم ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئۇدۇلغا — مەشىقخانىنىڭ ئىشىكىگە ئۆتتى ، مەشىقخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ ، كەينىگە — دەرۋازا يۆلىكىگە قارىدى .

دېرىزىلىرى يېپىق مەشىقخانىنىڭ ئىچى كۆرەلمەسلەرنىڭ يۈرىكىدەك قاپقاراڭغۇ ، ئىشىكمۇ يېپىلغاندىن كېيىن ئۆي گويا گۆر شەكلىگە كىردى . قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان ئەنۋەر ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمەي بورا ئۈستىنى مۆلچەرلەپ بىر ـ ئىككى چامداپ مېڭىپ كەلدى ۋە ئىككى قولى بىلەن تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇردى . دېرىزىلەرنىڭ يوچۇقىدىن چۈشكەن يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق — زۇلمەت بىرئاز كۈچسىزلەندى ، شۇنىڭدىمۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدى قۇرۇمدەك قاراڭغۇ ئىدى . ھەممە ياق جىمجىت ، قۇلاق تۈۋىدىكى چىۋىرلىشىشتىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ يىراقتىن كەلگەن بالا يىغىسى بۇ جىملىقنى بۇزغاندەك بولاتتى . شۇ ھالدا ئارىدا بىرنەچچە مىنۇتلا ئۆتۈپ كەتتى . بىر چاغدا يەرنىڭ تېگى دوكۇلدىغاندەك بولدى . شۇ دوكۇلداش ئاستا ـ ئاستا ئاياغ تىۋىشىغا ئايلىنىپ ، ئەنۋەرنىڭ قۇلاقلىرى دىڭلاشتى . ئىچكىرىدىن چىققان بىرى يۆلەككىمۇ ياكى مېھمانخانىغىمۇ ئۆتۈپ كەتتى . ئەنۋەر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى . مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ بىردەمدىن كېيىن يەنە يېپىلدى ، ھويلىدا يەنە بىرى كۆرۈندى . بارغانسېرى مەشىقخانىغا يېقىنلىشىپ كەلگەن ئاياغ ئاۋازى بىلەن ئەنۋەر تاقەتسىزلەندى ، ئىشىك

ئېچىلىشى بىلەن ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ...
— ئەنۋەر ئاكا !
— مەن ...
ئىشىكنى ئاچقان رەنا ئىدى ، بىر - ئىككى چامدام ئىچكىرىگە كىرىپ توختىدى ، ئەنۋەرگە بىردەملا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئۆزۈن نەپەس ئېلىپ كەينىگە ياندى . ئەنۋەر بۇ ھالىنىڭ سەۋەبىگە چۈشىنەلمىگەندەك ئۇنى چىقارماي توختىتىۋېلىشقىمۇ ئۆزىدە جاسارەت تاپالمىدى . بىرەر مىنۇتتىن كېيىن ئىشىكتە يەنە رەنا كۆرۈنۈپ ، ئەنۋەرنىڭ ئالدىغا قارامتۇل بىرنېمىنى ئەكېلىپ قويدى :
— سىزگە كۆرپە ئەكەلدىم ، — دېدى شىۋىرلاپ ، — ئۆيگە ھاماچام ۋە كىچىك ئاپاملار كېلىشكەنىدى ، مەن ئۇلارنى ئۇخلىتىپ چىقىمەن ...
رەنا شۇ سۆزنى ئېيتىپ كەينىگە ياندى ۋە ئىشىكنى بايىقىدەك يېپىپ ھۇجرىدىن يىراقلاشتى . ئەھۋالغا بىرئاز چۈشەنگەن ئەنۋەر كۆرپىنى بويىغا سېلىپ ، ئۈستىگە چىقتى ۋە ئەركىن نەپەس ئېلىپ يانپاشلىدى ، رەنانىڭ ھەرھالدا چىقىشىنى بىلسىمۇ ، لېكىن قاچان چىقىشىنى بىلمەيتتى ، شۇنىڭ ئۈچۈن توخۇ بىر چاقىرغۇچە كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا نىيەت قىلدى . ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دەرۋازا ئېچىلىپ يېپىلدى . ئەنۋەر قۇلىقى دىڭ بولۇپ ، قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى . ئاياغ تىۋىشى يېقىنلاشتى ، يىراقلاشتى ۋە ئاخىردا يوق بولۇپمۇ كەتتى .
ۋاقىت بەكمۇ تەسلىك بىلەن ئۆتەتتى ، تاشقىرىدا «تىق» قىلغان ئاۋاز ئۇنى بىر ئالاق - جالاق قىلاتتى . توخۇ بىر چاقىرغىنىغا خېلى ۋاقىت بولسىمۇ ، رەنا تېخى يوق ئىدى . يۈرىكى سىقىلغان ئەنۋەر بىردەم ئولتۇرۇپ ، بىردەم يانپاشلايتتى ۋە سوغۇقتا مۇزلاپ كەتكەن مەسىلىك پۇتىنى ھەر تۈرلۈك قىلىپ باقاتتى . شۇ ئازاب ئىچىدە يەنە بىرمۇنچە ۋاقىت ئۆتتى . مەشۇقە سولاقخانىسىغا چۈشكەن ئەنۋەر ئولتۇرۇپ چىدىيالمىدى ، كەشىنى

كىيىپ ، ئورنىدىن تۇردى ، مۇزلىغان پۇتىنى ئىسسىتىش ۋە ئاغرىۋاتقان بەدىنىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆينىڭ ئىچىدە كېزىشكە باشلىدى ، خىلىغىچە ئۆينى ئايلانغاندىن كېيىن يەنە ئولتۇردى . ئايمۇ پېتىشقا باشلىغاندەك ئىدى ، چۈنكى چەتتىكى دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئاينىڭ كۆچىسىز شولىسىمۇ يوقىلىپ ، ئۆينى قاراڭغۇلۇق باسقان ، ئەتراپتىكى كۆزەتچىلەرنىڭ تاقىلدىتىشلىرى ئىچىدە توخۇلار ئىككىنچى قېتىم قىچقىرىۋاتقانىدى . ئەنۋەر بىردەم يانپاشلىغاندىن كېيىن يەنە ئورنىدىن تۇردى ، كەشىنى كىيىپ كېلىپ ، ئىشىكنى ئاچتى ، ھويلىغا چۈشۈپ كۆزىنى ئۇۋۇلىدى . ئاسماندا تۇركۇم - تۇركۇم يۇلتۇزلار سەيلە قىلىشىۋاتاتتى . ئۆگزىدىن پېتىپ كېتەي دەپ قالغان ئاينىڭ نۇرى ئاران - ئاران كۆزگە چېلىقاتتى . ئەنۋەر تازا ھاۋا يۇتۇپ ئۇزۇن نەپەس ئالدى .

— زېرىكمىدىڭىزمۇ ؟

## 51 . جەسۇر قىز

قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ئېيتىلغان بۇ سۆز ئەنۋەرنى چۆچۈتتى . ئۇ ئۆز يېنىدا ، قولىدا بىرنېمە كۆتۈرۈپ تۇرغان رەنانى كۆردى .

— ئۇلارنى ئۇخلاتماي چىقالمىدىم ... ئۆيگە كىرەيلى ، ئەنۋەر ئاكا .

يۈرىكى ئاسققان ئەنۋەر رەنانىڭ كەينىدىن مەشقخانىغا كىردى . ئىككىسى كۆرپە ئۈستىگە يانمۇيان ئولتۇرۇشتى .

— كىتابنىڭ ئىچىدىكى خەتنى بايقىماسىزمىكىن ، دەپ قورقۇۋىدىم ،— دېدى بوش ئاۋاز بىلەن رەنا ،— بايقىمىسىڭىز ...

— ئۆزۈڭ ھەممە ئىشقا چۈشىنىپ تۇرۇپ ، يەنە شۇنچە ئاچچىق يازغىنىڭ نېمىسى ، رەنا ؟

— چۈنكى شۇنچىلىك ئاچچىق يازمىسام ، — دېدى رەنا تىترىگەن ئاۋاز بىلەن ، — سىز كەلمەيتتىڭىز ... سىز ... سىز

مىرزا بېشىلىقنى ئوبدان كۆرىسىز ـ ھە ؟
ئەنۋەر بۇ مۇناسىۋەتسىز سوئالدىن بىردەم ھەيران قېلىپ تۇردى .
— چۈشەنمىدىم ... نېمە دېمەكچىسەن ؟
— سىز مىرزا بېشىلىقنى ئوبدان كۆرەمسىز ، دەۋاتىمەن ؟
— يېقىندا مىرزىلىقنى تاشلىماقچىمەن ، رەنا .
— مىرزىلىقنى تاشلىغاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىسىز ؟
— قوقاندىن كېتىمەن ، ساياھەت قىلىمەن .
— مېنى ... مېنىمۇ ئۆزىڭىز بىلەن ئەكەتمەمسىز ؟
ئەنۋەر يەنە چۈشەنمىدى ، رەنانىڭ يۈزىگە خېلىغىچە قاراپ تۇردى :
— سېنى ... ساڭا مۇمكىنمۇ ، رەنا ؟ !
— مۇمكىن ! — دەپ تىترىدى رەنا ، — مىرزا بېشىلىقنى ھازىردىن باشلاپ تاشلىسىڭىز مۇمكىن ...
بۇ سۆز ئەنۋەرنىمۇ تىترىتىۋەتتى :
— نېمە دەۋاتىسەن ، رەنا ؟
رەنا خېلىغىچە جاۋاب بېرەلمەي تۇردى ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ، ھاياجىنىنى بېسىش ئېغىر ئىدى :
— ھېلىقى ... ھېلىقى سۆزىڭىز راست بولسا ، مەنمۇ سىز بىلەن كېتىشنى خالايمەن ... ئەگەردە سىزگە ئېغىر كەلمىسەم ...
ئەنۋەر جىم بولۇپ قالدى ، چۈشىگىمۇ كىرمىگەن بۇ تەكلىپكە نېمە دېيىشنى بىلمەي ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ...
— ئەگەردە سىزگە ئېغىر كەلمىسەم ! — دېدى رەنا يەنە .
«جەسۇر قىز !» دەپ ئويلىدى ئەنۋەر . ھەقىقەتەنمۇ بۇ جەسۇرانە ئىسيان خوتۇن ـ قىزلار تەرىپىدىن خۇدايارنىڭ ھايۋانىي خاھىشىغا قارشى بىرىنچى كۆتۈرۈلۈش ئىدى . ئەنۋەر ئالدىدا قانچىلىك قىيىنچىلىق ۋە خەتەر كۆرمىسۇن ، بۇ جاسارەتنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ، چۈنكى مۇھەببەتتىنمۇ ئاۋۋال يىگىتلىك تەقەززاسى شۇ ئىدى .

ئۇ ئۆزىگە يېقىن يەردە تۇرغان قارا بوپىنى تۇتۇپ كۆردى .

— بۇ نېمە ، رەنا ؟

— بۇ ... سىزنىڭ كونا كىيىملىرىڭىز .

— بۇ نېمە ئۈچۈن ؟

— ئەگەردە سىز خالىسىڭىز .

ئەنۋەر پەرەنجىمىكىن دەپ ئويلىغانىدى . مەنتىقىسىز بۇ جاۋاب ئۇنى ئالدىراتتى .

— خوپ ، سېنىڭ رازىلىقىڭ يولىدا ! — دېدى ئەنۋەر بوش ئاۋازدا ، — مېنىڭ كونا كىيىملىرىم ساڭا نېمىگە كېرەك ؟

رەنا جاۋاب بېرىش ئورنىغا دېمىنى ئۈزۈن ئىچىگە تارتىپ يېنىدىكى بوپىنى يېشىشكە باشلىدى .

— پەرەنجە ئالمىدىڭمۇ ـ ھە ؟

— ھازىر ... — دېدى رەنا قاراڭغۇدا بىرنېمىلەر قىلىشقا باشلىدى . پەرەنجىسىمۇ باردۇر ، دەپ ئويلىغان ئەنۋەر ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇپ تۇردى ، بىرەر مىنۇتتىن كېيىن رەنا يەردىن بىرنېمىنى تۇتۇپ سىلكىدى ، پەرەنجىگە ئوخشاش ئۇزۇن بىرنېمە ئىچىدىن «چاق» قىلىپ بىر نەرسە يەرگە چۈشتى .

— شۇنى تېپىپ ئېلىڭ .

ئەنۋەر يەرنى تىمىسقىلىدى :

— نېمە ئىدى ؟

— ئاپامغا بەرگەن ئامانىتىڭىز .

ئەنۋەر يەرگە چۈشكەن نەرسىنىڭ ئالتۇن ئىكەنلىكىنى بايقىدى ، ئۇزاقنى ئويلىغان رەناغا قارىتا يۈرىكىدە تېخىمۇ ئوتلۇقراق مۇھەببەت سەزدى .

— تاپتىڭىزمۇ ؟

— تاپتىم .

— تۇرۇڭ ئەمدى !

ئەنۋەر رەنا بىلەن باشلىشىپ ھۇجرىدىن چىقتى ۋە ئۆز يېنىدا پەرەنجە يېپىنغان قىزنى ئەمەس ، تۇماق ۋە تون كىيگەن ياش ،

ئۆسمۈر بىر يىگىتنى كۆردى ...

— بۇ نېمىسى ، رەنا ؟

رەنا جاۋاب بېرىش ئورنىغا يۆلەككە قاراپ ماڭىۋەردى . دەرۋازىنى ئېچىپ كوچىغا چىققاندىن كېيىن ئەنۋەر رەنانىڭ ئالدىغا چۈشۈپ يول باشلىدى ۋە ئۆزىدە يېنىكلىك ھېس قىلدى . چۈنكى ، رەنانىڭ يىگىت سۈرىتىگە كىرىشى تولىمۇ مۇۋاپىق ئىدى : بىمەھەل چاغدا پەرەنجىلىك خوتۇننى باشلاپ يۈرۈش مىرشەپ ۋە كۆزەتچىلەردە ھەر تۈرلۈك گۇمان تۇغدۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن بولۇپ ، بۇ ئەنۋەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ ئەپسىز بولاتتى . گويا بىر يولدىشى بىلەن كېتىۋاتقاندەك پەرۋاسىز كۆرۈنگەن ئەنۋەر دوقمۇشقا بارغاندا ئۆزىدىن ئون چامدام كەينىدە كېلىۋاتقان ھەمراھىنى ساقلاپ تۇردى . يېتىپ كېتىشكە يېقىنلاشقان قىپقىزىل ئاي ئەنۋەر توختىغان دوقمۇشقا سايىگە ئوخشاش كۆچىسىز نۇر چاچاتتى . رەنا ئەنۋەرنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ «قاياققا ماڭىمىز » دېگەندەك بىر يولغا ۋە بىر ھەمراھىغا قارىدى . چاچ ئۆرۈمىلىرىنى تۇماقنىڭ ئىچىگە باستۇرۇپ كىيگەن ۋە تونى تۇۋۇقىغا يېتىپ قالغان «ياش يىگىت » ئەنۋەرنىڭ كۆزىگە يەنىمۇ ئوماقراق كۆرۈندى . ئەنۋەر رەنانىڭ تونىنى بىرئاز كۆتۈرۈپرەك تۇتقۇزدى . ئۇ يەردە ـ بۇ يەردە تۇمىقىدىن چىقىپ قالغان چاچ تالالىرىنى ئىچىگە تىقتى ۋە «ئوڭغا » دېگەن شەرەتنى قىلدى . رەنا ئالدىدا ، ئۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ چامدام كەينىدە ئەنۋەر يولغا چۈشتى . يېنىك كەشە ـ مەسە كىچىككىنە پۇتلىرىغا تولىمۇ ياراشقان رەنا گويا ئۈچقاندەك مېڭىپ كېتىۋاتاتتى . كەينىدە كېلىۋاتقان ئەنۋەر ئۇمىدلىك ئىستىقبالىغا ئالدىرىغاندەك ئۇنىڭدىن قېلىشماسلىققا تىرىشاتتى . ئۇزاق مېڭىشتى ، ئەللىك چامدامچە نېرىدا گۈلخان ۋە گۈلخاننىڭ چۆرىسىدە ئۈچ ـ تۆت ئادەم تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ رەنا توختىدى .

— توختىما ، رەنا ، — دېدى ئەنۋەر ، — سەن پىسەنت قىلمىغاندەك گۈلخاننىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋەر ، مەن ئۇلار

بىلەن سۆزلىشىپ قالسام ، نېرىراقتا ساقلاپ تۇر .
— مىرشەپلەر تۈن كېچىدە ئادەم تۇتارمىشقۇ .
— مەن بىلەن بولغاندىن كېيىن تۇتمايدۇ ··· قورقما ، بارىۋەر !
رەنا ئىككىلەنگەندەك قىلىپ يولغا چۈشتى . گۈلخانغا ئون قەدەمچە قالغاندا مىرشەپلەردىن بىرى ۋارقىرىدى :
— توختا ! ! !
رەنا ئەنۋەرگە قاراپ ئىككىلەندى ، ئەنۋەر مېڭىۋېرىشكە شەرەت قىلىپ ، ئۆزى چاپسان گۈلخان يېنىغا يېتىپ باردى . ئەنۋەرنى تونۇغان مىرشەپ ۋە كۆزەتچىلەر تەزىم قىلىپ ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى .
— قوزغالماڭلار ! — دېدى ئەنۋەر گۈلخاندا ئىسسىنىپ ، — دەھباشمۇ مەشەدە ئىكەن - دە ···
ئەنۋەر «دەھباش» دەپ ئاتىغان يۇپيۇمىلاق ئادەم قارۇنباي ئىسمىلىك ئادەم بولۇپ ، مىرشەپلەرنىڭ قىزىقچىلىرىدىن ئىدى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى «دەھباش» دەپ زاڭلىق قىلىشاتتى .
— يېنىڭىزدا بىساقال بىلەن ۋاقىتسىز نېمە قىلىپ يۈرىسىز ، تەقسىر ؟ ئادەمزاتقا ئىشەنگىلى بولمايدىكەن - دە ···
ئەنۋەر «دەھباش»نىڭ كۆزى رەناغا چۈشۈپ قالغىنىنى چۈشەندى ، گۈلخاندىن ئوتتۇز چامدامچە نېرىغا بېرىپ توختىغان «بىساقال»غا كۆز قىرىنى تاشلىدى .
— مېھماندارچىلىقتا ئىدۇق ، دەھباش .
— ھە ، ە ە . مەنمۇ ئېيتتىم ··· ئۆي بۇياقتا قېلىپ ، ئەمدى قاياققا كېتىۋاتىسىز ، تەقسىر !
ئەنۋەر قولىنى يېقىنراقتىن ئىسسىتماقچى بولۇپ گۈلخان تەرەپكە بىر چامدىدى .
— ئاڭلىمىدىڭىزمۇ تېخى ؟ ··· مەن رەئىس كوچىسىدىن ··· يېڭى ھويلا ئالدىم .
— مۇبارەك بولسۇن ، مۇبارەك بولسۇن !

ئەنۋەر قۇتلۇق ئېيتىپ، ئۇلار بىلەن خوشلاشتى. مىرشەپلەر ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قوزغىلىپ قېلىشتى.

گۈلخانچىلاردىن ئەللىك چامدام يىراقلاشقاندىن كېيىن رەنا ئەنۋەرنى ساقلاپ يول ئۈستىدە توختاپ تۇرغانىدى.

— نېمە دەۋاتىدۇ ئاۋۇ بېشىنى يەيدىغان؟

ئەنۋەر خىرىلداپ كۈلدى ۋە رەنانىڭ مۈرىسىگە قاقتى:

— يۈر، يۈر، يىگىتچاق! بېشىــــــنــــــى يەيدىغان راست ئېيتىۋاتىدۇ.

— كېلىپ قالدۇقمۇ، نەگە بارىمىز؟

— يېقىن قالدى، تۇنۇگۇنكى خوتۇننىڭ ئۆيىگە...

رەنا ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى، خېلى ئۇزاق سۆزسىز ماڭغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ سورىدى:

— ئۆزلىرى ياخشى ئادەملەرمۇ؟

— ياخشى! ياخشــى! — دېدى ئەنۋەر ۋە ئۇن چامدامچە ئۇنچىقماي ماڭدى، — سەن ئۆي ئىگىسىدىن قېچىپ ئولتۇرما، ئۆزى مېنىڭ ئاكام... ماقۇلمۇ، رەنا؟

— ماقۇل.

ئۇلار يەنە بىرئاز مېڭىپ تارراق بىر كوچىغا ئەگىلدى، سۇلتان ئەلىنىڭ دەرۋازىسىغا يەتكۈچە ئىككىلــــــىـــــى گەپ قىلىشمىدى.

## 52. دوستلۇق «كارامىتى»

ئــەتىگىنى خــاننىڭ ھــەرەمدىن چىقىش ۋاقتى يېقىنلاشقان بولۇپ، سالام ئۈچۈن مەخسۇس زاتلاردىن سەككىز ـ توققۇزى يىغىلىشقانىدى. شۇ كۈتۈش ۋاقتىدا ئىشىــكتە ھودۇققان ھالدا سۇلتان ئەلى كۆرۈندى، بىگىز قولى بىــلەن مەخسۇس زاتلار ئىچىدىكى ئابدۇرەئوف تۇنقاتارنى ئۆز يېنىغا شەرەت قىلىپ كەينىگە ياندى. ئابدۇرەئوف تۇنقاتار ئەجەبلەنگەن ھالدا دالانغا چىقىپ،

ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇرغان سۇلتان ئەلىگە، نېمە ئىش دېگەن شەرەتنى قىلدى. سۇلتان ئەلى لېۋىنى چىشلەپ، قولى بىلەن تۇنقاتارنى ئۆز يېنىغا چاقىردى. تۇنقاتار مەسچانلا يەرگە دەسسەپ سۇلتان ئەلىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— خوش؟

سۇلتان ئەلى بېشىنى ئىككى مۇرىسىگە سىلكىپ، لېۋىنى چىشلىۋالدى.

— مىرزا بېشىمىزنىڭ جالىقى چىقىپ قالدىغۇ!

— خوش، خوش؟

سۇلتان ئەلى تۇنقاتارنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىگە ئېگىلىشتى ۋە پەس ئاۋاز بىلەن دېدى:

— مىرزا ئەنۋەردىن ئانھەزرەتكە نومۇسسىزلارچە بىر خىيانەت سادىر بولدى.

تۇنقاتار بېشىنى تۆۋەنرەك چۈشۈرۈپ، سۇلتان ئەلىنىڭ رەڭگىگە سىنچىيان قارىدى:

— مەسىلەن؟

— مىرزا ئەنۋەر ئۈچ - تۆت كۈندىن بېرى مېنىڭ ئۆيۈمدە قونۇپ يۈرەتتى، — دېدى سۇلتان ئەلى ۋە سۆز ئارىسىدا ئۇياق - بۇياققا قاراپ قويدى، — چامىسى ئۇستازىغا بىر خىيانەت قىلغاندىن كېيىن بىزنىڭكىگە كېلىپ يېتىپ يۈرگەن چېغى ... ئۆز ئۇستازىنى تونۇمىغان بۇ ئاتىسىز ئالەمپاناھىنىڭمۇ ئۆزىگە يۈت قويۇشتىن تايماي، مەزكۇر ئۇستازىنىڭ قىبلىگاھ ئۈچۈن مۇۋاپىق كۆرۈلگەن قىزىنى يولدىن ئازدۇرۇپ، بۈگۈن كېچىسى ئۇنى ئېلىپ قېچىپ بىزنىڭكىگە ئەكەلدى ... گەرچە ئۆز ئۆيۈمدە ياتقان مېھمىنىم ۋە قەدىردان دوستۇم بولسىمۇ، ئۇلۇغلارنىڭ تۇز ھەققىنى ئۇنتۇغان بۇ ھاياسىزنىڭ ئەندىشىسىزلىكىدىن ھەربىر تال مويۇم بىر نەشتەردەك كىيىمىمدىن تېشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ يىگىتلىكىگە تىلىمدا

تەھسىن ئوقۇپ، ئىچىمدە لەنەت ئېيتىپ، جانابنىي خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقىنىم - دە، بەگ ئاكا!

تۇنقاتار كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ، ساقىلىنى بىر - ئىككى قېتىم قولى بىلەن پۇكۇپ يامىلىدى.

— پەدەرلەنەت! ئۆزى ھازىر سىزنىڭ ئۆيىڭىزدىمۇ؟

— ھە، ھە ... قىزمۇ شۇ يەردە، جانابنىڭ رايىنى بىلىش تەس، لېكىن ماڭا قالسا، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي ئۇنى ھازىرلا قولغا ئېلىش كېرەك - دە.

— ئەلۋەتتە! — دېدى تۇنقاتار مۇرىسىنى قىسىپ، — مەن ھازىر ئېيتاي، رەھمەت سىزگە!

تۇنقاتار ھۇزۇرى خاسقا كىرىش ئۈچۈن ئالدىرىدى. سۇلتان ئەلى خاننىڭ «تۇز ھەققى»نى كەمچىلىكسىز ئادا قىلىپ، خاتىرجەم دىۋانغا يېنىپ كەلدى. ئەنۋەرنىڭ ئەڭ سادىق ئادىمىنىڭ ئاخىرقى «كارامىتى» مانا شۇ بولدى.

كۆپ ۋاقىت ئۆتمىدى. دىۋاننىڭ دېرىزىسى يېنىغا كەلگەن تۇنقاتار سۇلتان ئەلىگە، چىق، دېگەن شەرەتنى قىلىپ، ئۆزى نېرىراقتا كەتتى. ھودۇققان، ھۆمۈدىگەن سۇلتان ئەلى بىر پۇتىنى ئۇ يەرگە، بىر پۇتىنى بۇ يەرگە تاشلاپ، دىۋانخانىدىن چىقىپ كەلدى.

— مەرھەمەت؟

— تۇتۇشقا بۇيرۇدى.

— ئەينى كارامەت! — دېدى سۇلتان ئەلى، — ئىككىلىسىنىمۇ ئەلۋەتتە؟

— ئەلۋەتتە.

يېنىغا تۆت ياساۋۇل ئېلىپ، سۇلتان ئەلى يولغا چىقتى. تاشقىرىقى دەرۋازا يېنىغا قاڭتۇرۇلغان ئاتلاردىن بىرىگە مىنىپ، تۇنقاتارمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەتتى. ئازغىنە ماڭغاندىن كېيىن، تۇنقاتار پىيادىلەردىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا يېتىشىپ مېڭىش

ئۇچۇن سۇلتان ئەلى ۋە ياساۋۇللار سوكۇلداپ يۈرۈشتى ، ئات بىلەن تەڭ يۈگۈرۈشتى ، ئازغىنە ئارقىدا قىلىشسا ، ئاتلىق تۇنقاتار چاپسان مېڭىشقا قىستايتتى . شۇ تەرىقىدە ، ھاسىرىشىپ ئۇزاق يۈگۈرۈشتى ··· بۇرۇلۇشقا يەتكەندە سۇلتان ئەلى بىر ئاز سۇسلىشىپ ، ئۆزىدىن ئون چامدامچە يىراقتا كېتىۋاتقان تۇنقاتارنى چاقىرىپ توختاتتى ۋە قولىنى ئوڭ تەرەپكە شىلتىدى . ئۇلار تار كوچىغا كىرىپ كېتىشتى ، ئۈچ مىنۇتچە يۈگۈرۈشكەندىن كېيىن ، سۇلتان ئەلىنىڭ دەرۋازىسى كۆرۈندى . سۇلتان ئەلى توختىدى .

— ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان دەرۋازا ··· ئازغىنە سەۋر قىلىڭا ، بەگ ئاكا ، مېنىڭ كىرىشىم ياخشى بولماس ، دەيمەن ؟ ··· — تۆت قەدەمچە ئالدىدا كېتىۋاتقان تۇنقاتار ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى .

— نېمە ئۇچۇن ؟

— مېنىڭ دوستلۇق نامىم بار ··· مەن چەترەكتە تۇرسام ، ياخشى بولماسمۇ ؟

— ماقۇل ، ماقۇل .

— رەھمەت ··· دەرۋازىدىن كىرسىڭىز مېھمانخانا بار ؛ ئۇ شۇ يەردە بولسا كېرەك ، قىز بولسا ئىچكىرىدە ئىدى .

سۇلتان ئەلى شۇ سۆزنى ئېيتىپ ، ئۆزىنى ئۇدۇلدىكى دەرۋازىنىڭ يۆلىكىگە ئالدى . تۇنقاتار يىگىتلەر بىلەن دەرۋازىغا قاراپ كەتتى . دەرۋازىنىڭ ھەر ئىككىلا قانىتىمۇ ھاڭغىرقاي ئوچۇق ، ئىچكىرى تەرەپتىن خوتۇن ۋە ئەر كىشىنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى . تۇنقاتار ئاتتىن چۈشۈپ تىزگىنىنى ياساۋۇللاردىن بىرىنىڭ قولىغا بەردى :

— سەن ئات بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرىسەن ، دەرۋازىدىن مەيلى خوتۇن كىشى ۋە مەيلى ئەر كىشى بولسۇن چىقارمايسەن ! — دېدى تۇنقاتار ، — سىلەر يىگىتلەر ، مېنىڭ كەينىمدىن كىرىڭلار ، ئەتۋەرنى كۆرۈشۈڭلار بىلەنلا ھېچنېمىگە قارىماستىن قولىنى باغلاڭلار !

ياساۋۇللار ساداقەت بەلگىسىنى كۆرسىتىشتى . تۇنقاتار ئۇچ - تۆت چامدام ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى ۋە يۆلەكنىڭ ئىشىكىدە توختاپ ئىچكىرىنى تىڭشىدى . ئىچكىرىدىن ئەر ۋە خوتۇننىڭ سۆزلەشكىنىنى ئاڭلىدى :

— شەرمەندە بولدۇم ، رەسۋا بولدۇم …

«شەرمەندە بولۇش ھېچ گەپ ئەمەس !» دېدى ئىچىدە تۇنقاتار .

— ۋاي ، بېشىمنى يەي ! …

— ئەلۋەتتە بېشىڭنى يەيسەن ، مىدە ! … — دېدى تۇنقاتار .

تۇنقاتار ياساۋۇللارغا «ئارقامدىن !» دېگەن شەرەتنى قىلىپ ، ھويلىغا ئىتتىك كىردى … ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قولىدا بىر پارچە قەغەز تۇتۇپ بېشىنى تۆۋەن سالغان سالىھ مەخسۇم تۇراتتى ، مەخسۇمنىڭ يېنىدا ئىككى ئادەم ، ئۇلاردىن نېرىراقتا پەرەنجىلىك ئۇچ خوتۇن قېتىپ تۇرۇپ قېلىشقانىدى . تۇنقاتار ۋە ياساۋۇللارنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ ھەممىسى چۆچۈپ كېتىشتى . مەخسۇم قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ ، ئاھ چەكتى :

— شەرمەندە بولدۇم ، رەسۋا بولدۇم !

تۇنقاتار ئالدىراپ ، ئالمان - تالمان مەخسۇمنىڭ يېنىغا كەلدى .

— نېمە ئىش ؟

مەخسۇم پاقىدە ، پېشانىسىگە ئۇرۇپ يىغلىدى :

— سۆزلەشكە تىل يوق … جانابىنىڭ ئالدىدا شەرمىسار ، غەزەپكە سازاۋەر بولدۇم … ئەتىگەندە ئويغانساق ، بىپەدەر ئاجىزەمىز يوق … ساراسىمىگە چۈشۈپ ، ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈپ يۈرگىنىمىزدە مىرزا سۇلتان ئەلىنىڭكىدىن ، قىزىڭلار بىزنىڭكىدە ، دېگەن خەت باردى . بىز ئايالللار بىلەن يۈگۈرۈشۈپ كەلسەك ، بىردەمدە …

— خوش ، خوش ؟

— هارامزادە ئەنۋەر ئۆنى يولدىن ئازدۇرۇپ، بۇ يەردىنمۇ ئېلىپ قېچىپتۇ ... ئىچكىرى ۋە تاشقىرىنى قانچە ئىزدىسەممۇ، مۇشۇ خەتتىن باشقا ھېچ نەرسە تېپىلمىدى ... ۋاي خۇدا! ...

خوتۇنلاردىن بىرىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. تۇنقاتار مەخسۇمنىڭ قولىدىن خەتنى يۇلغاندەك ئۆز قولىغا ئالدى.

ئىززەتلىك مىرزا سۇلتان ئەلى ئاكىمىزغا! مەلۇم بولسۇنكى، سىڭلىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆز ھاياتىمىز ئۈچۈن سىزنىڭكىدە تۇرۇشنى خەۋپلىك، دەپ ئويلىدۇق. گەرچە دوستتەك كۆرۈنسىڭىزمۇ، بەزى نالايىق ھەرىكەتلىرىڭىز بىزنى شۈبھىگە سالدى. بولۇپمۇ خوتۇنىڭىزنىڭ رەناغا بۇزۇق قىزلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشى بىزنى تېخىمۇ ئەندىشىگە سالدى. شۇلارغا ئاساسلىنىپ ئالدىغاندەك سىزنى ئوردىغا كەتكۈزۈشكە، سىزدىن كېيىن ئۆيىڭىزدىن كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. دۇنيادا سادىق دوستنى تېپىش تەس ئىكەن. سىزگە شۇنچە «مەن ئاشىقمەن، قىز مەشۇقۇمدۇر، ئالەمپاناھقا قىلغان بۇ خىيانىتىم يالغۇز ئۆز تەرىپىمدىن سادىر بولغان جىنايەت ئەمەس» دېسەممۇ، سىز «ياشلىق قىپسەن، مەرھەمەتلىك پادىشاھىڭنىڭ ھەققىنى ئۇنتۇپسەن!» دەيسىز. لېكىن، سىز مۇشۇ قىزنىڭ يولىدا ھەتتا باش مۇنشىلىقتىنمۇ كېچىۋاتقىنىمنى ئويلىمايسىز. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزدىن رەنجىمەيمەن. ئەمما، سىزنى ئىنسان دەپ بىلىپ، ئۆيىڭىزگە دوست ئەكەلگەندە بۇنچىلىك قوپاللىق ۋە بۇنچىلىك رىياسىزلىكىڭىز كىشىگە قاتتىق تەسىر قىلىدىكەن. ئىچكىرىدە ھەتتا قىز بىچارىنىڭ بېشىغا ياستۇقمۇ بېرىشمەپتۇ. بارىكاللا سىزگە، بارىكاللا يەڭگىمىزگە ۋە بارىكاللا ئادەمگەرچىلىككە! ...

ھۆرمەت بىلەن دوستىڭىز ئەنۋەر.

— ئادەمگەرچىلىكنىمۇ بىلەمدۇ، بۇ تۇزكورلۇق قىلىدىغان! — دېدى زەھەرخەندە بىلەن تۇنقاتار ۋە خەتنى پۈكلەپ،

يانچۇقىغا سالدى، — ئىچكىرىدىن مىرزا سۇلتان ئەلىنىڭ خوتۇنىنى چاقىرىۋېتىڭلارچۇ!
خوتۇنلاردىن بىرى ئىچكىرىگە ماڭدى. رىزۋان يولەكتە تۇرغان بولسا كېرەك، خوتۇن ئىچكەركى ئىشىكنىڭ يېنىدا توختاپ يولەك ئارقىلىق سۆزلەشتى. تۇنقاتار ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدى.
— سىز شۇ يەردىمۇ، يەڭگە؟
— ھە، ئايلىناي.
— سىز بۇ ئىشلاردىن نېمىنى بىلىسىز؟
رىزۋان ئىشىكنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنۈپ، بىردەم جاۋابسىز تۇردى ۋە بىر - ئىككى قېتىم تامىقىنى قىرىپ قويدى:
— ئۈچ كۈندىن بۇيان مىرزا ئەنۋەر ئاتلىق يىگىت بىزنىڭ مېھمانخانىدا يېتىۋاتاتتى، ئايلىناي … شۇ يىگىت بۈگۈن يېرىم كېچىدە بىر قىزنى باشلاپ كەلدى، مەن ھەيران قېلىپ مىرزىڭىزدىن سورىسام، شۇنداق - شۇنداق ئىش … ناھايىتى خاپا بولۇپ كەتتۇق - دە، ئايلىناي … كەت دېيىشكە يۈز چىدىمىدى، ئادەم چاقىرىشقا يەنە ۋاقىت ئەمەس؛ مىرزىڭىز بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ، ئەمدى ھەرنېمە بولسا ئەتىگىچە جاي بېرەيلى، تاڭ ئاتسا، بۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغانلار تېپىلار، دېيىشتۇق. تاڭ ئاتتى، مىرزا ئەنۋەر ئۇ كىشىگە: «مەن بۇ يەردە يەنە بىر كۈن تۇرىمەن، شۇنىڭغىچە بىزنى يوشۇرساڭلارلا بولىدۇ» دەپتىمىش. مىرزىڭىز ئالدىراپ ئوردىغا كەتتى، ئۇ كىشىدىن كېيىن مەنمۇ جىم ئولتۇرالمىدىم، ئايلىناي. قوشنىمىزنىڭ بالىسىنى قىزنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرتتۇم. بىر چاغدا مەن بىلەن سەندەلدە ئولتۇرغان قىز ئۆيدىن چىقتى، مەن تالاغا چىققۇسى كەلدىمۇ، دەپ پەرۋاسىز ئولتۇرۇۋېرىپتىمەن، ئايلىناي … شۇ چىقىپ كەتكەن بويى يېنىپ كىرمىدى. كۆڭلۈم ئۆيۈپ، ھويلىغا چىقىپ قارىدىم. يوق؛ تاشقىرىدىمىكىن، دەپ ھازىرقى تۇرغان يېرىمگە كەلگەنىدىم، ئۇياقتىن بۇلار كىلىپ قىلىشتى … بولغان ئىش شۇ، ئايلىناي!
تۇنقاتار ئەپسۇس قىلىپ مەخسۇمنىڭ يېنىدا تۇرغان

ئادەملەرگە يېقىن كەلدى .
— سىلەر نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر بۇ يەردە ؟
— بىز ··· مىرزا سۇلتان ئەلىنىڭ قوشنىلىرى بولىمىز .
— ناھايىتى ياخشى ، خىزمەت !
تۇنقاتارنىڭ بۇ يېقىمسىز سورىقىدىن ئادەملەر سىقىلىپ قېلىشتى .
— مەن كوچىدا ئىدىم ، — دېدى بىرى قورققان ھالدا ، — ئۇياقتىن داموللا بىلەن ئاياللار كېلىشتى ··· ئاياللار يىغلاشقىنى ئۇچۈن مىرزىنىڭ ئۆيىدە بىر ئىش بولدىمىكىن ، دەپ ···
— بىكار تاماشا كۆرمەكچىمەن ، دېگىن ··· خوپ ، سەنچۇ ؟
— مەنمۇ مىرزا سۇلتان ئەلىگە قوشنا بولىمەن ، — دېدى ئىككىنچى ئادەم ، بۇنىسى بىر ئاز تېتىكرەك ئىدى ، — لېكىن مەن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلاپ ، بىر نېمىگە ھەيران بولۇپ تۇرىمەن ـ دە .
— نېمىگە ھەيران بولىسەن ؟
— مەن شۇنىڭغا ئەجەبلىنىمەنكى ، يەڭگەمنىڭ سۆزىگە قارىغاندا ، مىرزا ئەنۋەر پەرەنجىلىك خوتۇن بىلەن بىللە چىقىپ كېتىشى كېرەك ئىدى ··· بايا مەن ئۇنىڭ دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردۈم . يېنىدا خوتۇن ـ پوتۇن دېگەن نېمە يوق ئىدى !
— يالغۇزمىدى ؟
— يالغۇزغۇ ئەمەس ئىدى ، لېكىن يېنىدىكى ئايال ئەمەس ، يۇملاقىنا بىر بىساقال ئىدى !
تۇنقاتار قوشنىنىڭ سۆزىگە چۈشەنمىدى ، مۇرىسىنى قىسىپ قويدى .
— سىز ئېنىق كۆرۈپسىز ، كەرىم ئاكا ! — دېدى ئىچكىرىدىن رىزۋان ، — قىز كېچىسى كەلگىنىدىمۇ ئەر كىشىنىڭ كىيىمىدە ئىدى .
— ئۇھ ، پەدەرلەنەت ! — دەۋەتتى تۇنقاتار .

ئۇستىگە تاغ ئاغدۇرۇلغان مەخسۇم بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەنرەك سېلىپ ، ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى .

— بولار ئىش بوپتۇ ! ... — دېدى تۇنقاتار ئەتراپىغا خىتاب قىلىپ ، — ئۇلارغۇ ، ئەلۋەتتە قولغا چۈشۈپ ، جاجىسىنى يەيدۇ ، لېكىن جانابىنىڭ شەنىگە بەكمۇ ئېغىر ئىش ! شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردىكى سىرنى ئاڭلىغانلارنىڭ ۋەزىپىسى بۇ ھادىسىنى كىشىگە سۆزلىمەسلىك ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ كېتىشتۇر ! !

كىشىلەردىن «ئەلۋەتتە ، ئەلۋەتتە !» دېگەن جاۋاب بولدى . ئاندىن تۇنقاتار مەخسۇمنىڭ يېنىغا كەلدى :

— سىزدە گۇناھ يوق . لېكىن قىز چوڭ قىلىشنى بىلمەيدىكەنسىز !

— بەندى - دە ، بىز ! بەندە !— دەپ يىغلىدى مەخسۇم ،— ئىلاھىم جۇۋاينىمەك كەتسۇن ، مېنى يەرگە قاراتتى !

پەرەنجىلىك خوتۇنلارنىڭ بىرى — نىگار ئايىم پىق - پىق يىغلىدى . تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشكەن تۇنقاتار ياساۋۇللارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ گۇرس - گۇرس دەسسەپ كوچىغا چىقتى ، يىگىتلەردىن بىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتقا مىنىپ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى . سۇلتان ئەلى مۆكۈنۈۋالغان دەرۋازىغا يەتكەندە كېتىۋېتىپ چاقىردى :

— مىرزا سۇلتان ئەلى ، چىقىڭ ! قېچىپتۇ ، پەدەرلەنەتلەر !

سۇلتان ئەلى كۆزىنى يوغان ئېچىپ دەرۋازىدىن چىقتى .

— ھە ، راستمۇ ؟ !

— قېچىپتۇ ! — دېدى تۇنقاتار خەتنى سۇلتان ئەلىگە ئۇزىتىپ ، — ئوقۇپ يەنە ماڭا قايتۇرۇڭ ، جانابىقىمۇ كۆرسىتىشىمىز كېرەك ...

... سۇلتان ئەلى ، شۇ ھادىسىنىڭ ئەتىسىگە ، خانغا قىلغان ساداقىتىنىڭ مېۋىسىنىمۇ كۆردى ، يەنى باش مۇنشى بولۇپ بەلگىلەندى .

# 53 . چاياننىڭ نامايىشى

بۇ كېچە مەسچىتتىنىڭ ھۇجرىسى يەنە ئاۋات ، يوغان شامنى تەكچىگە قوندۇرۇپ ، ئوچۇق سەندەلگە ياغاچنىڭ كۆمۈرىنى سېلىپ ، مەيۇس ھالدا بىر - بىرىگە يانمۇيان ئولتۇرغۇچى ئىككى مۇپتى قوللىرىنى ئوتقا قاقلاشماقتا ئىدى . ھۇجرىنىڭ تۆردىكى تەكچىسىگە بەش - ئالتە دانە قېلىن تاشلىق كىتاب تىزىلغان ، ئۇلارنىڭ كەينى تېشىغا «شەرھى موللا جامى» ، «ئەقايىدى مەئەلخەۋاشى» ، «ھېكمەتۇلئەيىن» ، «ئەلۋىقايە» ، «سىيەرى شەرىپ» كە ئوخشاش سۆزلەر يېزىلغانىدى . كۇنپېتىش تەرەپ تەكچىنىڭ تېمىغا گۈلگە ئوخشاش قىلىپ چۆشۈرۈلگەن دۇئا ياكى شۇنىڭدەك مۇقەددەس سۆزلەر يېزىقلىق بىر قەغەز چاپلانغان ، سىرلار بىلەن بويالغان قوزۇقلارنىڭ بىرىگە تۇل خوتۇننىڭ قازىنىدەك بىر سەللە ئىلىقلىق تۇراتتى .

شاھادەت مۇپتى كۆسەينى ئېلىپ چوغنى تىتتى ۋە كەڭ كۆكسىنى كۆپتۈرۈپ دەم ئالدى .

— ئەجەب داۋاسىز دەرد - ھە ؟

كەلانشا مىرزا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى .

— «كۆيگەن يارىم سەن بولساڭ ، كۆرگەن كۇنۇم نە بولغاي» ، — دەپ داۋام قىلدى مۇپتى ،— ئۇلۇل ئەمىر قەدرىگە يېتىشنى بىلمىگەندىن كېيىن تەس ئىكەن . شۇ قارغىش كەتكەننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەندىن كۆرە دىۋاننى تاشلاپ كەتكەن ئوبدانراق .

— سەۋر قىلىڭ ، داموللا ، سەۋر ؛ «ئىننەللاھە مەئەسسابىرىن !»[1]

— ئەلۋەتتە ... ۋە لېكىن سۇلتان ئەلىدەك بىمەنىگە باش ئەگكەندىن ، ھەر كۇنى ئون تاياق يېگەن ياخشى .

---

[1] «ئاللا سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە» (ئاىەب) .

خۇپتەننى ئوقۇغاندىن كېيىن تەرەت يېڭىلاپ يۈرگەن موللا ئابدۇراخمان ھۇجرىنىڭ ئىشىكىدە كۆرۈندى. ھاۋانچا بېشىدىكى ئاق تەپچىمە دوپپا ۋە قارا ئۇزۇن ساقىلى ئۇنى ھىندىلارنىڭ سودىگىرى قىياپىتىگە سالغانىدى. موللا ئابدۇراخمان ئىچكىرى كىرىپ، قوزۇقتىكى سەللىنى ئاق دوپپىنىڭ ئۈستىگە كىيدى.

— مەن جانابلىرىنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئۆيگە غىزا بۇيرۇمىدىم - ھە؟

— كېرەك ئەمەس، بىز ئۆيدىن غىزا يەپ كەلگەنىدۇق.

موللا ئابدۇراخمان سەندەلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە يەر ئاستىدىن شاھادەت مۇپتىغا قاراپ ھىجايدى:

— شۇنداق قىلىپ، مىرزا ئەنۋەرنى قىز بىلەن قاچۇردىڭىز!

— قاچۇرۇشنىغۇ قاچۇردۇق ۋە لېكىن قاردىن قۇتۇلۇپ يامغۇرغا تۇتۇلدۇق، موللا ئابدۇراخمان!

— مەن ئاڭلىدىم.

— كۆللۈيەۋمىن بەتدەر — بۇنىسى ئۇنىڭدىنمۇ قەبىھرەك بولدى ... بەش كۈندىن بېرى يۈرەكلەر زەردابقا تولدى، موللا ئابدۇراخمان! — دېدى مۇپتى، — تۈنۈگۈن بىزنىڭكىگە ئىزدەپ بارغانىكەنسىز. سىز كېتىشىڭىز بىلەن مەن كەپتىمەن، جىق ئەپسۇس قىلدىم. بۈگۈن موللا كەلانشانى ئىبلىپ، سىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ كېلەيلى، دېگەن نىيەتتە ...

— قۇللۇق، تەقسىر، قۇللۇق! — دەپ موللا ئابدۇراخمان ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى، — مەن ئەنۋەر بىلەن سۇلتان ئەلى ماجىراسىنى پەقەت تۈنۈگۈن مىرزا بائىستىن ئاڭلىدىم. بۇنى ئېنىقراق بىلىش ئۈچۈن، جانابىڭىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە بېرىشىم ئىدى ... خوش، ھادىسىلەر نېمە؟

— ھادىسىلەرمۇ؟ قېنى ئېيتىڭا، موللا كەلانشا.

كەلانشا، سۆزلەۋېرىڭ، دېگەندەك شاھادەت مۇپتىنىڭ ئۆزىگە شەرەت قىلدى. شاھادەت مۇپتى كۆزىنى يۇمۇپىراق ئولتۇرۇپ، ھادىسىلەردىن بەت ئاچتى:

— ھادىسىلەر شۇكى، ئەنۋەر توغرىسىدا سىزنىڭ ئالغان نىشانىڭىز جىددىي توغرا چۇشۇپ بىز كۆتكەندىنمۇ جىقراق نەتىجىگە ئېرىشتى، يەنى مەغرۇر گۆدىكىمىز قىزنى ئېلىپ قېچىپتۇ ...

موللا ئابدۇراخمان دانىشمەنلەرچە ھىجايدى، شاھادەت مۇپتى داۋام قىلدى:

— چامىسى، يېرىم كېچىلەردە دوستۇم، دەپ يېنىدا قىز، سۇلتان ئەلىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. سۇلتان ئەلى تاڭ ئاتقۇچە ئىككى گۆدەكنىڭ قوينىنى پۇچەك ياڭاقتا تولدۇرۇپ چىقىپتۇ، تاڭ ئېتىش بىلەن ئۇلار ئۆيقۇدا ياتقاندا، ئوردىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ، ۋەقەنى تۇنقاتارغا ئېيتىپتۇ. تۇنقاتار خانغا يولۇقۇپ، خاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن يانلىرىغا ياساۋۇللارنى ئېلىپ كېلىشسە، ئاشىق ـ مەشۇق يوق، ئۇلارنىڭ ئورنىدا سۇلتان ئەلىگە ئاتالغان بىر سەبنامە[1] بار ئىكەن ... چامىسى سۇلتان ئەلى ئەخمەقلىق قىلىپ ئەنۋەرنى گۇمانلاندۇرۇپ قويغان ۋە تاڭ ۋاقتى، ئۇلار ئۇخلاۋاتقان چاغدا غايىب بولۇپ، يەنە گۇماننى كۈچەيتكەن بولسا كېرەك. سۇلتان ئەلى ئەنۋەر بىلەن قىزنى تۇتۇپ بېرەلمىسىمۇ، ھەرھالدا خانغا ياخشى كۆرۈنۈپ ئەنۋەرنىڭ ئورنىنى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ھەممە ھادىسىلەر مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت!

ئابدۇراخمان ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىرنەچچە ۋاقىت سۆزسىز ئولتۇردى، سەندەلدىكى ئوتنى كوچىلاۋېتىپ، يەر تېگىدىن مۇپتىلارغا قاراپ ھىجايدى:

— مىرزا بائىستىنىمۇ شۇ گەپنى ئاڭلىغانىدىم! — دېدى ئاخىرىدا، — جانابلارنىڭ پىكىرلىرى بەلكىم توغرىدۇر، ئەمما مەن بۇ گەپتىن بىرئاز گۇمان قىلىمەن ...

— يەنە مەسىلەن؟

ئابدۇراخمان قولىنى ئويناپ، يەنە بىرئاز جىم ئولتۇردى، ئاندىن كالپۇكى ئاستا ـ ئاستا ئېچىلىپ يۇمۇلۇشقا باشلىدى:

---

① سەبنامە — سىللاب، ھاقارەتلەپ يېزىلغان خەت.

— بۇنىڭ ھەممىسى سۇلتان ئەلى بىلەن ئەنۋەرنىڭ ئويۇنىدۇر، دەپ ئويلايمەن ... بۇ ئويۇندا بىرنەچچە سەۋەبلەرمۇ بار. جانابلاردىن مەخپىي ئەمەسكى، بىز ئۆزئارا قانداق يېقىن بولساق، سۇلتان ئەلى بىلەن ئەنۋەرمۇ ئۆزئارا شۇنداق يېقىن دوست ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەقىلغا «قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمدۇ؟» دېگەن سوئال كېلىدۇ. جانابلىرى، شۇ تەرىپىنى قانداق چۈشەندىلىمىكىن؟

شاھادەت مۇپتى كەلانشاغا قاراپ قويدى، كەلانشا پەرۋاسىزراق كۆرۈنەتتى. ئارىدا يەنە بىرنەچچە ۋاقىتقىچە جىملىق ھۆكۈم سۈردى.

— سۇلتان ئەلى سەرمۇنشى بولۇش ئۈچۈن ئۆز دوستىدىن كېچىشىمۇ مۇمكىن، — دېدى مۇپتى، — ئىككىنچى تەرەپتىن، سىزنىڭ پىكرىڭىزمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

— سۇلتان ئەلى دوستىدىن كەچمەي تۇرۇپمۇ، بۇ نەيرەڭنى قىلسا مۇمكىن ئەمەسمۇ، داموللا؟ — دەپ كۈلدى ئابدۇراخمان، — مەسىلەن، خان ئالماقچى بولغان قىزنى ئېلىپ قاچقان ئەنۋەر ھېچقاچان يېنىپ سەرمۇنشى بولالمايدۇ، باشقا تەرەپتىن، خىيانەتكارنىڭ دوستى بولۇپ تونۇلغان سۇلتان ئەلىنىڭمۇ ھاياتى تەھلىكە ئاستىدا قالىدۇ ... بەس، شۇنداق ھالدا بۇ نەيرەڭ توقۇلغان بولسا، يەنىمۇ توغرىسى، شۇ ھىيلىنى سۇلتان ئەلىنىڭ ئامانلىقى تەلەپ قىلغان بولسا، سىز بىلەن مەن ئۇنىڭدىن باشقا قانداق مەنتىققە يۆلىنەلەيمىز؟!

شاھادەت مۇپتى ئورنىدىن تۇردى، ئابدۇراخماننىڭ يېنىغا كېلىپ دولىسىنى قاقتى:

— رەھمەت، ئوغلۇم، رەھمەت! سېنى تۇغقان ئاناڭغا ۋە ئوقۇتقان ئۇستازىڭغا رەھمەت!

ئابدۇراخمان يەرگە قارىغان ھالدا ھىجايدى. شاھادەت مۇپتى ئۇنىڭ ئەقلىنى ماختىغان ھالدا ناسۋال چېكىپ، ئۆز جايىغا ئولتۇردى.

— مولللا كەلانشا شۇ ئىش بىزنىڭ ئەقلىمىزگە زادى كەلمەپتۇ ـ دە؟
شاھادەت مۇپتىنىڭ خۇشاللىقىغا قوشۇلماي، تۇتۇلۇپ ئولتۇرغان كەلانشا، پەرۋاسىز قولىنى ئۇتقا قاقلىدى.
— مەن شۇ ئويغىمۇ كەلگەنىدىم، — دېدى بىردەمدىن كېيىن كەلانشا، — لېكىن ئەقلىم يەتمىگەنىدى ۋە ھازىرمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلالمايمەن.
— سەۋەب؟
— سەۋەب شۇكى، سۇلتان ئەلى ئەنۋەرگە سۇيىقەست قىلمىغىنىدىمۇ ئۇنىڭغا ھېچ ئىش يوق ئىدى. ئەمما بۇ خانغا يېقىنلىق ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ئەستايىدىل ئەنۋەرنىڭ قەستىگە چۈشكەنكى، بۇنىڭدا گۇمان يوق.
باشقىلار تەرىپىدىن ئېيتىلغان پىكىر ياكى تالاش ھەرقانچە مەنتىقىلىق بولغاندىمۇ، كەلانشانىڭ قارشى چىقىدىغان مىجەزى بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ مىجەزىگە ياخشى چۈشىنىپ قالغان شاھادەت مۇپتى باش چايقىدى:
— بىز خاتالاشتۇق.
كەلانشا يەنە يۇقىرىدىكى سۆزنى تەكرارلىدى.
— ياق، ياق، مولللا ئابدۇراخماننىڭ ئۆزىمۇ ئويلاپ باقسۇن، ئەگەردە سۇلتان ئەلى دوستلۇق يۈزىدىن ئەنۋەرنى قاچۇرۇۋەتكەندىمۇ ئۇنىڭغا ھېچبىر زىيان يوق ئىدى. بەس، سۇلتان ئەلىنىڭ ھەممە ھەرىكىتى راست، ئەنۋەرگە خىيانەت قىلىشى مەنسەپ ئۈستىدە ئىكەنلىكى گۇمانسىز.
ئاردا ئۆز پىكرىگە قارشى شۇنچە رەددىيە بېرىلسىمۇ پەرۋاسىز، گويا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان مولللا ئابدۇراخمان يەنە ھېجىيىپ باش كۆتۈردى:
— سۇلتان ئەلىنىڭ ئەنۋەر بىلەن ئاپاق ـ چاپاقلىقى ئوردىدا ھەممە كىشىگە مەلۇمغۇ، دامولللا! ئەگەر ئۆز ئۆيىدە تۇرغان ئەنۋەرنىڭ خىيانىتى توغرىسىدا سۇلتان ئەلى ئۆزىنى بىلمەسلىككە

سالسا ، ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە نېمە ئىش كېلەتتى ، بولۇپمۇ جانابلىرىڭلار قانداق ئويغا چۈشەر ئىدىڭلار ... ئاجىزانە پىكرىمچە ، ئۇ نەيرەڭۋازلار بىر ئوق بىلەن بىرنەچچە قۇشنى سوققان ، مەسىلەن ، جانابقا سۇلتان ئەلىنىڭ ساداقىتىنى كۆرۈلدى ، سەرمۇنشىلىق ۋەزىپىسىگە ئازارسىز چىقمۇالدى ۋە ئۇچىنچىدىن ، ئادەملەرنىڭ كۆزىنى بويىدى .

— ھەرھالدا ... ھەرھالدا ئەنۋەرگە قارشى چىقمىغاندىمۇ سۇلتان ئەلىنى خانمۇ ۋە يا بىزمۇ ئەيىبلىيەلمەيتتۇق .

— خوش ؟

— خوش - پوشى يوق ، — دېدى تېرىكىپ قالغان كەلانشا ، — بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە ئەيىب قويۇش ئۈچۈن ، شەرىئەت ، گۇۋاھلار كېرەك ، دەۋانى ئىسپات قىلىش كېرەك ... ھاھ - ھاھ - ھاھ ، سەن پالانچى گۇناھكار بىلەن دوست ئىدىڭ دەپ كىشىنى ئەيىبلەش ! مەسىلەن ، مۇشۇ دەۋانى قىلىۋاتقان ئۆزىڭىزمۇ ئۇلارنىڭ مەسلىھىتى ئۈستىدە بولغىنىڭىز يوق ؛ پەقەت ، شۇنداقمىكىن ، دېگەن مۇلاھىزىدە سۆزلەيسىز ، ھالبۇكى سىزنىڭ سۆزىڭىزنىڭ شەرىئەتتە تۆت پۇللۇق قىممىتى يوق ، ئۇكا ...

كەلانشا بەك تېرىكىپ كەتتى ، «سۆزىڭىزنىڭ شەرىئەتتە تۆت پۇللۇق قىممىتى يوق ، ئۇكا !» دېگەن پەسكە ئۇرۇش بىلەن موللا ئابدۇراخمانمۇ تاتىرىۋالدى .

— مېنىڭ سۆزۈم بىر مۇلاھىزە ، تەقسىر ، مۇلاھىزە شەرىئەتتە ئىسپاتقا بۇيرۇلمىغان ۋەھاكازا ، ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك گويا دەرىجە ئۈچۈن جان ئېتىپ يۈرگەن سۇلتان ئەلىنىڭ ئوچۇق ھەرىكىتىگىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ !

— شۇنىڭدەك ، سىزنىڭكىگىمۇ ئىشەنچ يوق !

— مەن ئېيتىۋاتىمەنغۇ ...

جېدەلنىڭ چوڭغا ئايلىنىپ كېتىشىنى پەملىگەن شاھادەت مۇپتى ئابدۇراخماننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ئارىغا چۈشتى :

— تالاش نېمىگە كېرەك؟ موللا كەلانشانىڭمۇ توغرا، سىزنىڭكىمۇ ھەقىقەت ... ئەمما ھازىرقى مەسىلىمىز قايسى پىكىرنىڭ توغرىلىقى ئۈستىدە ئەمەس، قايسى يول بىلەن سۇلتان ئەلىنى بۇ ئورۇندىن ئېلىپ تاشلايمىز دېگەننىڭ ئۈستىدە.

كۆپ يىللاردىن بېرى بىللە يۈرۈپ ئۇنى ئوبدان چۈشىنىدىغان شاھادەت مۇپتىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن كەلانشا بىرئاز ئېچىلدى:

— مانا، بۇ باشقا مەسىلە! — دېدى، — موللا ئابدۇراخماننىڭ پىكرىنى توغرىمۇ - ئەگرىمۇ، سۈرۈشتۈرمەستىن، ئۇنىڭغا پەقەت بىر تەدبىر، دەپ قارىساڭلار، بۇ باشقا گەپ، ئەمما ساپ ھەقىقەت دەپ بىلىش پۈتۈنلەي خاتا!

شاھادەت مۇپتى بۇ مەسىلىنى يېپىپ، ئىككىنچى تەرەپكە ئۆتۈشكە ئالدىرىدى. چۈنكى ئابدۇراخمان يەنە بىر ھىجىيىپ ئىككى ئېغىز سۆز قىلسا، كەلانشانىڭ ئاغزىنى تىكىش ئېغىر چۈشىدۇ، شاھادەت مۇپتى بۇنى ياخشى چۈشىنەتتى.

— توگىدى، توگىدى! — دېدى مۇپتى، — مېنىڭچە ھازىر پەيدا بولغان خۇشاللىقىمۇ پەقەت شۇنىڭ ئۈستىدە، بولمايدىغان بولسا ئىلمىي غايىبنى كىم بىلىپتۇ. ئەمما، موللا ئابدۇراخماننىڭ مۇلاھىزىسىنىڭ قىممىتى شۇنىڭدىكى، بۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئەلى مەسىلىسىنى چاپسان ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

مۇپتىنىڭ سىلىق - سىپتا سۆزلىشى بىلەن كەلانشا خېلىلا ئۆزىگە كېلىپ قالدى ۋە «يولى قانداق» دەپ ياۋاشقىنا سوراپمۇ قويدى.

— يولى ئاسان، بەك ئاسان، — دېدى مۇپتى، — بىز موللا ئابدۇراخماننىڭ مۇلاھىزىسى بويىچە جانابقا بىر ئەرز يازىمىز، خالاس.

موللا ئابدۇراخمان نامايىشكار ھالەتتە كەلانشاغا قاراپ ئوڭ قولى بىلەن پېشانىسىنى تاتىلىدى ... ئەمما كەلانشا قانائەتلەنمىگەندەك قىلىپ باش چايقىدى.

— خان سۇلتان ئەلىنىڭ ساداقىتىگە قانائەت ھاسىل قىلغان،

يەنە شۇ هالدا بۇ ئەرزگە ئىشىنەمدۇ؟
— ھەقىقەتەنمۇ سۈرۈشتۈرگەندە، خان ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ، — دېدى مۆپتى، — ياخشى، سۇلتان ئەلىگە ئىشەنگەنمۇ بولسۇن، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ بىز ئەرزنى يازىۋېرىمىز. نېمىشقا؟ ئەگەر ئەرزگە ئىشەنسە، سۇلتان ئەلىنى ئوردىدىن ھەيدەر، ئىشەنمىسە، يەنە بىزگە نېمە زىيان؛ بۇ گەپ سىزگە قانداق چۈشىدۇ، موللا ئابدۇراخمان؟
ئابدۇراخمان كۆزىنى يوغان ئېچىپ، توغرا تاپقاندەك بېشىنى لىڭشىتتى.
— ئەرزىمىز ئەمەلگە ئاشسا تولا ياخشى، ئەكسىچە بولۇپ قالغاندا، ئوردىدىن ئۆزىمىز ھەيدىلىمىز! — دېدى كەلانشا.
— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى مۆپتى.
— چۈنكى، ئەرزنى كىم بەرگەنلىكى مەلۇمغۇ.
— ياق، — دېدى مۆپتى، — بىز ئەرزنىڭ ئاييغىغا ئىمزا قويمايمىز، كەلانشا.
— ئىمزاسىز ئەرز ئىشەنچلىك بولمايدۇ.
— ئىشەنچلىك بولسۇن ـ بولمىسۇن، بىزگە نېمە زىيان؛ ھېچبولمىغاندا شۇ ئېھتىمالنى خاننىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزسەك بولدى ـ دە، كەلانشا.
— كىمنىڭ قول خېتى بىلەن يازىسىلەر؟
— بۇ ئاسان، سىز ئۆز تەرەپتىن خاتىرجەم بولۇڭ، كەلانشا!
كەلانشا ئىلاجسىز ئەرز يېزىشقا قوشۇلدى. ئەرزنىڭ شۇ ئولتۇرۇشتا، موللا ئابدۇراخماننىڭ ھۇزۇرىدا يېزىلىشى مۇۋاپىق كۆرۈلۈپ، مۆپتى قولىغا قەلەم ئالدى.

## 54. ئىككى خىل ساداقەت

كېچىسى يامغۇر سىمىلداپ يېغىۋاتاتتى. قاپقاراڭغۇ، ئالتە غېرىچلىق تار كوچىنىڭ دوقمۇشىدا تۇرغان بىر سايە يامغۇردىن

قاچقاندەك ، كىچىككىنە ئىشىكنىڭ دالدىسىغا سىقىلغان ھالدا پۇتۇن كۈچى بىلەن ئىشىكنى تاقىلدىتاتتى .
— كىم ؟
— مەن ، ئىچىك .
— سەپەرمۇ سەن .
— ھە .
ئىشىكنىڭ زەنجىرى «شاراققىدە» قىلىپ چۇشۇرۇلدى . يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن سەپەر ئۆزىنى تارغىنا ، ئالدى ئۇچۇق يۆلەككە ئىلىپ ، ئىشىكنى زەنجىرلىدى .
— تىنچلىقمۇ ؟
— تىنچلىق ، — دىدى ئىشىك ئاچقان موماي ، — نىمىشقا كەچ قالدىڭ ، سەپەر ؟
— يامغۇرنى كۆرمەمسىز ! ...
سەپەر مومايىنىڭ كەينىدىن سۆزلىگەن ھالدا ھويلىغا كىردى . تار ھويلىنىڭ يۆلەك تەرەپ قاتارىدا ، تۆت بورا ئىپنى چوڭلۇقىدا ، ئاستى يەردىن بىر غىرىچ كۆتۈرۈلۈپ ياسالغان ئايۋاننىڭ تۆر تەكچىسىدە قارا چىراغ سىپسىپ ياناتتى . سەندەلنىڭ بىر چىتىدە غوزا چۇۋۇپ ئولتۇرغان بىر قىرى قارىغۇ ئادەم قولىدا غوزىنىڭ شاكىلى ۋە سۇغۇرغان پاختىسىنى تۇتقان ھالدا بىشىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ ، ھويلىدىكى سۆزگە قۇلاق سىلىپ تۇردى . سەندەلنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ، يۈزىنى رومىلى بىلەن يىپىۋالغان خوتۇنمۇ ، قىزمۇ بىر ئايال ئولتۇرىدۇ ، سەندەلنىڭ ئۈچىنچى تەرىپىدە بىر دۆۋە پاختىنىڭ ئارىسىدا بولسا ، چاق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ...
— ئايىم قىزىم ، بىزنى بەكمۇ ئىزا تارتقۇزدى سەپەر ! — دەپ سۆزلەپ كەتتى موماي ، — شۇنچە قايتۇرساقمۇ ئۇنىماستىن ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئاكىسىنىڭ قىشىدا غوزا چۇۋۇشۇۋاتىدۇ .
— سىڭلىم زىرىككەندۇر ـ دە ، ئاچا ، — دىبدى سەپەر ، — تىنچ ـ ئامان ئولتۇردىڭىزمۇ ، ئاكا ، ئەسسالامۇئەلەيكۇم !
قارىغۇ ئادەم بىشىنى يەنىمۇ ئىگىزرەك كۆتۈرۈپ ، ئىككى

تەرەپكە چايقىدى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ··· ھە ، نېمىشقا جىم بولۇپ كەتتىڭ ، سەپەر ! موللىنىڭ يېنىغا كىرگىن ، يامغۇردا تازا ھۆل بولدۇڭمۇ ؟

سەپەر سەندەلدىكى يۇزىنى يېپىــــۋالغانغا قارىماسلىـــقىقا تىرىشىپ ، ئىشىكى ئايۋاندا بولغان ھۇجرىنىڭ بوسۇغىسىغا چىقتى .

— كونا ھېكايىلىرىڭىزنى ئېيتىپ بېرىپ ، قىزىڭىزنىـــى زېرىكتۇرمەي ئولتۇردىڭىزمۇ ، ئاكا ؟

— ھە ، ھە ، — دېدى قارىغۇ ئادەم ، — قىزىمنىڭ ئۆزىمۇ ھېكايىگە تولا ئۇستا ئىكەن ، بىردەم مەن ھېكايە ئېيتىمەن ، بىردەم ئايىم قىزىم ئېيتىدۇ ؛ ۋاي بىزنى قويىۋەر ، سەپەر .

— بارىكاللا ، بارىكاللا .

سەپەر بۆزچى ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئىچكىـــرىگە كىردى . سەندەلنىڭ جوزىسى ئۇستىگە قارا چىراغ قويۇپ ، ئالدىغا كىتاب يايغان ئەنۋەر سەپەر بۆزچىنىڭ كېلىشىگە قوزغالدى .

— ئولتۇرۇڭ ، ئولتۇرۇڭ ، مۇشۇ ئىشىڭىز يامان ـ دە ، مىرزا ··· سالامــەتمۇسىز ؟ زېرىكمــــدىڭلارمـۇ ؟ ئـۈچ كـۈن كېچىكتىم ـ دە ! مېنىڭدىن خاپا بولغاندۇرسىز ـ ھە ··· ئاۋۋال ھە دېگەندە ئۇياقتىن خەۋەر بولمىدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئايالار كېسەل بولۇپ قالدى ···

— زىيىنى يوق ، تازا ھۆل بولۇپ كېتىپسىز ، سەپەر ئاكا ، ئەسلىدە بۇگۇنمۇ بىكارلا ئاۋارە بوپسىز .

— جاجىسى چاپاننى سېلىۋېتىشتە ، مىرزام ! — دېدى سەپەر چـاپىنىنى يېشىپ ، — قېنى ئـولتۇرۇڭ ··· يـۇرت تىنچلىق ، يار ـ دوستلاردىن سىزگە سالام ، مىرزا ئاغىنىڭىز خاتىرجەم مىرزا بېشىلىقنى قىلىۋېتىپتۇ ··· مەن بولسام ، ساڭــمۇ بەللـــى ، ئۇستازىڭغىمۇ ، دەپ يۇردۇم !

ئەنۋەر كۈلۈمسىرىدى . سەپەر بۆزچى سەندەلنىڭ يېنــغا ئولتۇرۇپ ، مەسسىنىڭ قونچىدىن بىـــر قەغەز ئالدى . ئەنۋەر قەغەزنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ سەندەلنىڭ ئۇستىگە قويدى ، قوزۇققا

ئىسسىقلىق چاپاننى ئەكىلىپ سەپەرنىڭ يەكتەكچان ئۈچىسىغا ياپتى:
— شامالداپ قالىسىز، سەپەر ئاكا، يۆگىنىپ ئولتۇرۇڭ.
— ھەر دائىم كايىپ يۈرىسىز ــ دە، مىرزام! — دېدى سەپەر ۋە ئۈستىگە يېپىلغان بەقەسەم چاپاننىڭ ئۇچ ــ تەتۈرىنى تەكشۈردى، — پاكىز يەكتەك كىيىمىگەنىدىم، بۇ ماڭا ئۇۋال ــ دە، ئۇكا! — دەپ تارتىنغاندەك بولدى.

ئەنۋەر ئولتۇرۇۋېتىپ، ئېتىبارسىز قول سىلكىدى ۋە سەندەلنىڭ ئۈستىدىن خەتنى ئېلىپ ئاچتى:

.

يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ھۆرمەتكە لايىق بۇرادىرىم مىرزا ئەنۋەر.

دوستلار خۇشال، دۈشمەنلەر غەمكىن، سائادەت كۈنى يېقىندۇر. پەلەك كەجرەۋلىكى ئەھلى ــ سالاھ ئۈستىگە ھەر زور، ھەر رەڭ جەبىر تۇغدۇرسىمۇ، بەھەمە ھال لەيلى زالىمەنىڭ يەۋم نەۋرەسى، رىيازىتى قەۋىبىنىڭ ئەجرى ئەزىمىسى باردۇر. جاناب سەرۋەرى كائىنات، مۇشرىكلەر شەررىدىن ساقلانماق ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى غار پاناھىغا ئالغانىدىلەركى، بۇ ئەمسالىڭىزغا ئوخشاش ئۈممەتتى ھەقىقىيلەرگە سۈننەت بولدى. بەئىدە، كەمىنە دوستى، خاستىن ئەرزى ئىخلاس شۇدۇركى، ھەممە تەدبىرلىرىمىز شاھى مەجنۇنغا ۋە باشقا ئەشقىياغا خۇددى ئەپسۇندەك تەسىر قىلىپ، ئۆتكەن خەتتە يازغان مۇلاھىزىلىرىم خىيالدىن ھەقىقەتكە ئايلانماقتا. كەمىنىگە خاننىڭ ئىشەنچى ياندىشماقتا ۋە ئۇ ئەندىشىلىرىمىزنىڭ ئېھتىمالى بىزدىن يىراقلاشماقتا. ماجىرا بىرنەچچە كۈن سىر بولۇپ ئۆتسىمۇ، ئەلھال ئوردىدىن بەزىلەر بۇ سىردىن ۋاقىپ بولغانغا ئوخشايدۇ، مەئە ھازا، ئوچۇق سۆزلەشكە ھېچكىمنىڭ ھەددى يوق. ئەمما، ئىككىنچى تەرەپتىن، سىزنى ئىزدەشكە مەخپىي بۇيرۇقلار بېرىلدى، دەرۋازا بەگلىرى يېنىغا خۇپىيىلەر ئەۋەتىلدى، شۇنىڭ بىلەن، سىزدىن ئىلتىماس، مۇشۇ خەۋپلەر تۈگىگۈچە بەكمۇ ئېھتىياتتا بولۇش، تاشكەنتكە بېرىش نىيىتىنى

بىرنەچچە ھەپتىگە قويۇپ تۇرۇشتۇر. خىزمىتىڭىزگە سەپەر باي بىلەن بۇ خەتنى ئازغىنە كىچىكتۈرۈپ ئەۋەتىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ، مەزكۇر خەۋپلەرنىڭ بارلىقىدىن بولۇپ، سىزگە مەلۇمكى، سەپەر باينىڭ مىجەزىدە كىچىككىنە بەڭۋاشلىق ۋە پەرۋاسىزلىق بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇخابەراتى دېگەرىمىزنى ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ۋاستىسىدە قىلسامىمىكىن، دېگەن ئويدىمەن. چۈنكى، ئايال كىشى، ھەرھالدا ئادەملەرنىڭ كۆرۈشىگە ياخشى ۋە كۈندۈز كۈنلىرى بارسىمۇ خەۋپسىز. ئەمما، باشقا ئېھتىيات ئۆزىڭىزگە مۇنھەسىر. زىنھار، بەسەددى زىنھار، ھەمسايىلەردىن خاتىرجەم بولۇنمىسۇن. ئىككىنچىدىن، سىزگە تېگىشلىك غەرىبە خەۋەر شۇدۇركى، تۈنۈگۈن ئوردىدىن قايتىپ كەلسەم، مېھمانخانا ئالدىدا ئۈچ نەپەر يىگىت ئولتۇرۇپتۇ. ھەر ئۈچىلىسى بىزنىڭ پەرغانە كىيىمىدە بولمىغان بۇ يىگىتلەرنى، ئەرز يازدۇرغىلى كەلگەنمۇ، دەپ ئويلىدىم. سالام ئەلەيكتىن كېيىن، ئۇلارنى مېھمانخانىغا ئەكىردىم. ئىستىفھامى سەۋەب تەشرىپتىن كېيىن، يىگىتلەردىن بىرى مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ئېنىقلىۋالدى، بەئدە، ئەپسۇس چېكىپ، سىزنىڭ ماجىرايىڭىزنى سۆزلىدى. مەن پۈتۈنلەي ھەيران بولۇپ قېلىپ، خۇپىيلارمۇ، دېگەن ئەندىشىگە چۈشتۈم. بۇ ھادىسىنى كىمدىن ئاڭلىدىڭىز، مىرزا ئەنۋەرگە قانداق ئالاقىڭىز بار، دەپ سورىدىم. ئاچامدىن ئاڭلىدىم، ئۆزۈم مىرزا ئەنۋەرنىڭ ئاكىسى بولىمەن، دېگەن جاۋابنى بەردى. مەن ئەجەبلىنىپ قالدىم؛ چۈنكى، ئاكىڭىز بارلىقىنى سىزدىن ئاڭلىمىغانىدىم. ئۆتكەن خېتىمدە يازغىنىمدەك، شۇ يىگىتكىمۇ ئاچىڭىزغا بەرگەن جاۋابنى ئېيتتىم، يەنى ئۆزۈمنى ئاقلاش ئۈچۈن ھادىسىگە بىر ئاز يالغانلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىدىم. يىگىت — ئاكىڭىز بولمىش ئەپسۇس چەكتى، ئون يىللاردىن بېرى قوقانغا كەلمىگەنلىكىنى، بۇخارالىق بىر سەركەردىنىڭ ئىشىكىدە خىزمەت قىلغانلىقىنى، تۇغقانلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن بۇخارادىن سەمەرقەنتكە كېلىپ، ئۇ يەردىكى چوڭ ئاكىسىنى

تاپالمىغىنىنى ، ئۇ يەردىن قوقانغا ئۆتۈپ ، بۇ يەردىمۇ سىزگە يولۇقالماي قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا بولغان گۇمانىم بىرئاز كېمىيىپ ، كۆڭۈل كۆتۈردۈم . ئاكىڭىز بولمىشنىڭ يېنىدىكى يىگىتلەر بىزنىڭ بۇ تەرەپنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشىمايدۇ . بۇلار — ئاكىڭىز بولمىشنىڭ ھەمراھلىرى قوقاننى تاماشا قىلغىلى كېلىشكەنمىش . سىزگە ئاكىلىق دەۋاسى قىلغۇچىنىڭ ئېتى قابىلباي ، رەڭگى سىزگە ئوخشاپ كەلسىمۇ ، ئۆزى تولۇق كەلگەن ، پالۋان يىگىت ۋە ئۇچلىسىمۇ قاۋۇل ئادەملەر كۆرۈنىدۇ . شۇنچە زورلىسامۇ ، ئۇلارنى غىزاغا توختىتالمىدىم . سىز تۇنۇگۇنكى خېتىڭىزدە مېنىڭ سەرمۇنشىلىقتا تەيىنلىنىشىمدىن تەشۋىشلىنىپ ، ئاردا مۇپتىلار ، ئابدۇراخمانلار بار ، سىزگە بىر ەر زەخمەت يەتمەسمىكىن ، دەپ ئەندىشە قىلىپ يېزىپسىز . دەرۋەقە ، مېنىڭ ئۈچۈن بۇ خەۋپ بار . بۇنىڭدىن كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ . ھەرھالدا ساداقىتىم ئانھەزرەتكە ئاپتاپتىن روشەنرەك بولدى ، دىۋاندا مېنىڭدىن باشقا مەۋسۇقراق كىشى تېپىلمىدى ، شۇنىڭدىن كېيىن سەرمۇنشىلىق ماڭا ھاۋالە قىلىندى ، خالاس ! ئۆتكەن خېتىمدە يازغىنىمدەك بۇ ‹مەرھەمەت ›تىن باش تارتىشقا ھېچبىر يول تاپالمىدىم ، ئەگەر ئۆزرە بايان قىلسام ، سىزنى تۇتۇپ بېرىشكە بولغان ھەرىكىتىمنىڭ ساختىلىقى ئېچىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى . چۈنكى خانغا ‹ساداقەت › ، بىزنىڭ ئادەملەر پىكرىچە ، بىر ەر مەنپەئەتنىڭ تەقەززاسىدۇر . ئەگەر مەن خانغا ‹ساداقەتلىك قۇل › بولىدىغان بولسام ، بۇ ‹ساداقەت › نىڭ تېگىدە بىر مەنپەئىتىم بولۇشى لازىمدۇركى ، ئۇمۇ ئۆز دوستۇمنى ھېلىقى ساداقىتىمگە قۇربان قىلىپ ، بەدىلىگە سەرمۇنشىلىق دەرىجىسىنى ئېلىشىمدۇر . ئەگەردە شۇ دەرىجىدىن باش تارتسام ، ماڭا ئىشەنچسىزلىك تۇغۇلۇشى گۇمانسىز ئىدى . بەس ، شۇ مەجبۇرىيەتتە ، مەن بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلدىم . ماڭا زەخمەت يېتىش توغرىسىدا سىز تەشۋىش چېكىپ يۈرمەڭ ، ئەگەردە تەقدىرىم شۇ بولسا ، ئۆزگەرتىش

مۇمكىن ئەمەستۇر . بۇ يولدا قانچىلىك زەخمەت چېكەي ۋە ھەتتا بېشىم كەتسۇن ، مېنىڭ ئۇچۇن قىممەتلىكرەكى ئىنسانغا ساداقەت ۋە شۇ ساداقەتنى تا ئۆلگۇچە قولدىن بەرمەسلىكتۇر . سىڭلىمىز رەنا بىبىگە سالام ئېيتارسىز . ئاتا ـ ئانىلىرىغا ھېچبىر زىيان يەتمىدى . پەقەت سوۋغاتلارنىلا قايتۇرۇۋېلىشتى . ئاخىرقى سۆزۈم يەنە ئېھتىياتلىق ئۇستىدە : زىنھار ـ زىنھار ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييار تۇرۇلسۇن .

ھۆرمەت بىلەن مىرزا سۇلتان ئەلى .

ئەنۋەر خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ، ئالدىدا يېنىپ تۇرغان قارا چىراغقا تۇتۇپ كۆيدۈردى .

— ئېھتىيات كېرەك ـ ھە ، سەپەر ئاكا ؟

— ئەلۋەتتە ، مىرزام ، ئەلۋەتتە .

— بۇگۈن كېچە قونامسىز ، كېتەمسىز ؟

— كەتمىسەم بولمايدۇ ، سۇلتان ئەلىيگىز خاپا قىلىدۇ ، ئۇكا .

ئەنۋەر كۈلدى :

— كەتسىڭىز خەت يېزىپ بېرىشىم كېرەك ئىكەن ، — دېدى ۋە تەكچىدىن سىياھ ـ قەلەم ئالدى ، — ئىسسىدىڭىزمۇ ، سەپەر ئاكا ؟

— ھە ، ھە ... جان كىرىپ قالدى ، مىرزام .

... بىز ئۆتكەن 51 ـ بابتا ئەنۋەر بىلەن رەنانى سۇلتان ئەلىنىڭ دەرۋازىسىدا قويۇپ ، 52 ـ بابقا سەكرىگەنىدۇق . شۇ يەردە چالا قالغان بىرنەچچە ئەھۋالنى ھازىر ئېيتىپ ئۆتمىسەك ، ھۆرمەتلىك ئوقۇغۇچىغا سۇلتان ئەلى مەسىلىسى بىر ئاز چۈشىنىلمەي قالىدىغان ئوخشايدۇ . شۇنداق بولدىكى ، ئەنۋەرنىڭ مەجبۇرىيەت ئاستىدا رەنا بىلەن كېلىشى سۇلتان ئەلىنى بەكمۇ ھودۇقتۇرۇپ قويدى ، ئىككى ئوتتۇرىدا كۈچلۈك مۇھەببەت

بارلىقىغا يەنە بىر ھەسسە ئەمەلدە قانائەت ھاسىل قىلغىنىدەك ، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىنى قاراڭغۇلۇقتا كۆردى ، يەنە شۇ ھالدا مەتانىتىنى يوقاتماستىن ، «دوستلۇق ئۈچۈن قان يۇت» دېگەن ماقالىدىكىدەك ، ئۇلارنى قەھرىمانلىقى بىلەن تەبرىكلىدى . ئەنۋەر بولسا پەقەت ئۆز ئىستىقبالى ئۈستىدىلا قايغۇرۇپ قالماستىن — چۈنكى رەنا ۋە ئۆزىنىڭ ئىستىقباللىرى بۇنىڭدىن كېيىن يا چىككا ، يا پوككا ئىدى — يەنە ئىككى ئوتتۇردا بۇ پاتقاقتا تېيىلىپ كېتىشى ئېنىق بولغان سۇلتان ئەلى مەسىلىسىدە جىددىيرەك ئويلىدى . سەۋەبى ، موللا ئابدۇراخمانغا ئىلھام بولغىنىدەك ، ئەنۋەر جىمغىنا رەنانى ئېلىپ قاچسا ، ئەلۋەتتە ، سۇلتان ئەلى تۇتۇلاتتى . موللا ئابدۇراخماننىڭ پىكىرلىرىدىن تاشقىرى ، سۇلتان ئەلىنىڭ ئۆز خوتۇنى رىزۋان بىبى ئارقىلىق مەخسۇمنىڭ ئۆيى بىلەن قىلىنغان كىتاب ئالاقىسىمۇ بار ، ئەڭ ئاخىرىدا مۇپتى ۋە ئابدۇراخمانلارنىڭ سۇلتان ئەلىگە كۈچلۈك ئاداۋەتلىرى ... شۇ مۇلاھىزىلەرنى سۇلتان ئەلىگە بايان قىلىپ ، پىكىر سورىغاندا ، ئۇنىڭدىن ئەھمىيەتسىز جاۋاب ئالدى . چۈنكى ، دوستلۇق تەقەززاسى ھەرقانداق ئېغىرلىق قارشىسىدا چىداملىق ۋە مەردلىكتۇر ، بېشىڭغا تاغ يىقىلىش ئېھتىمالى بولغاندىمۇ تۇرغان جايىڭدىن تەۋرىمەسلىكتۇر — سۇلتان ئەلى شۇ كونا قانۇن تەۋەلىرىنىڭ بىردىنبىر ۋەكىلى ئىدى ! لېكىن ، ئەنۋەر ئۆز دوستىنى بالاغا قالدۇرۇشنى خالىمىدى . ھەر ئېھتىمالغا قارشى چارە كۆرۈشنى لازىم تېپىپ ، ئوقۇغۇچىغا مەلۇم يوللارنى سۇلتان ئەلىگە تەكلىپ قىلدى . تەبىئىي ، ئۇ ئۇنىدى . شۇ تەرىقىدە ئەتىسى ئوينىلىدىغان تاماشىغا سۇلتان ئەلىنىڭ خوتۇنىمۇ ئۆگىتىلدى ، ھەتتا يېرىم كېچىدە قوشنا كەرىمبايمۇ ئويقۇدىن ئويغىتىلىپ بىر تىللا ھەق باراۋىرىگە يالغان گۇۋاھچى قىلىپ تىكلەندى ۋە شۇ چاغدىن باشلاپ ئەنۋەر بىلەن رەنا كەرىمباينىڭ ئۆيىگە چىقىپ يوشۇرۇنۇشتى .

مەلۇمدۇركى ، ئەتىسى ھەرقايسىسى ئۆز رولىنى ياخشى

ئورۇنداپ، ئىش بەك سىلىق ئۆتتى، ھەتتا بۇ ئوتتۇرىدا سالىھە مەخسۇممۇ ئاقلىنىپ قالدى. سۇلتان ئەلى شۇ كۈنى كەچقۇرۇن تاھىر ئاكىنى سەپەر بۆزچىگە ئەۋەتتى. چۈنكى، بۇ ئىشتا سىرداش بولۇش ۋە سۇلتان ئەلىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق ھەم ئىشەنچلىك بىردىنبىر كىشى سەپەر بۆزچى ئىدى. خۇپتەن ۋاقتىدا سەپەر بۆزچى يېتىپ كەلدى، ۋەقەنى ئاڭلاپ، مىرزىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن شەھەرنىڭ چەترەكىدە بولغان ئاچىسىنىڭ ئۆيىنى بەلگىلىدى، دەرھال ئاچىسىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ جاي تەييارلاتتى ۋە شۇ كېچىسىلا ئەنۋەر بىلەن رەنانى ئاپىرىپ جايلاشتۇردىكى، قالغان ئەھۋال ئوقۇغۇچىمىزغا مەلۇمدۇر. ئەمما، ئەنۋەرنىڭ ھىيلىسى خانىنىڭ يېقىنلىرىغا شۇنداق ياخشى تەسىر قىلدىكى، بىز بۇنى سۇلتان ئەلىنىڭ سەرمۇنشىلىقىقا بەلگىلىنىشىدىن چۈشىنىمىز.

«قىرىر - قىرىر» خەت يېزىۋاتقان ئەنۋەر قومۇش قەلەمنىڭ ئۇچىنى چېچىغا سۈركەپ، قەلەمگە چاپلاشقان قىلچىقنى چۈشۈرۈۋېتىپ، سەپەر بۆزچىگە يۈز ئۆرۈدى:

— بۇنىڭدىن كېيىنكى كېلىشىڭىزدە مىرزا سۇلتان ئەلى يېنىڭىزغا بىر كىشى قوشۇش مۇمكىن. سىز شۇ يىگىتنى بۇ يەرگە ئەكېلىسىز، ئۇ مېنىڭ ئاكام بولىدۇ، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، مىرزام، ماقۇل، مىرزام، ئاغىنىڭىزگە شۇنى تەيىنلەپ پۈتىسىز بولدى - دە.

— ھە، مەن شۇنداق يېزىۋاتىمەن.

ئەنۋەر يەنە يېزىشقا كىرىشتى. سەپەر بۆزچى سەندەل كۆرپىسىگە ئورنىپراق ئولتۇردى. تاشقىرىدا يامغۇر پەسلەپ، كۈچلۈك شامال قوزغالغان، ئۇ يامغۇر تامچىلىرىنى بەزىدە ئۆگزىگە توكۇرلىتىپ قاتتىق چۈشۈرەتتى، دېرىزىنىڭ يوچۇقىدىن كىرگەن شامال تەسىرىدە قارا چىراغ يەلپۈنۈپ - يەلپۈنۈپ ياناتتى ۋە ئايۋاندىكى موماينىڭ چاقىدىن غىژىلداپ چىققان ئاۋاز ئاسلان مىياۋلىغاندەك ھۇجرىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

# 55 . گۆرۈ

كونا چاشگاھدىن ئۆتۈپ ، چارسۇدا خەلق ۋاڭ - چۇڭ باشلانغان بولسىمۇ ، بوش دۇكانلارنىڭ بىرىدە ئۈچ نەپەر يىگىت تېخىچە قېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى . چارسۇدا بولۇۋاتقان ۋاراڭ - چۇرۇڭ گويا بۇ ئۈچ يىگىتنى ئەللەيلەتتى . بېشىغا بىردىن نېپىز كىر ياستۇق قويۇپ ، ئاستىغا يالاڭ قەۋەت نېپىز كۆرپە سالغان ۋە ئۈستىگە چاپانلىرىنى يېپىنغان ۋە يەنە شۇ ھالدا ھۇزۇر قىلىپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان بۇ ئۈچ يىگىت مۇساپىرلارغا ئوخشايتتى . ئۇلار شۇ تەرىقىدە راھەتلىنىشىپ يېتىشقاندا ، پەن بىلەن تاقاقلىق دۇكاننىڭ يېنىغا تاشقىرىدىن بىر ئادەم كېلىپ توختىدى ۋە ھەممە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىدى : «توختا ، ھاي نەۋرۇز قول ! !»

ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ ئىككىلىسى مىدىرمۇ قىلمىدى . ئەمما ، دۇكاننىڭ تۆرىدە ياتقان ئورۇق بىر يىگىت چۆچۈپ ، بېشىنى كۆتۈردى ، ئۇيقۇلۇق كۆز بىلەن ئەتراپقا قارىغاندىن كېيىن ئەسنىدى ، كېرىلدى ۋە ئاندىن ئەڭ چەتتە ياتقانغا كۆزى چۈشۈپ ، يېنىدىكى يىگىتنى نوقۇدى :

— تۇر ، شەرىف ، تۇر ، پېشىن بوپتۇ !

ئىككىنچى يىگىت كۆزىنى ئاچتى .

— ۋا ، قويغىنا ، رەھىم .

— تۇرغىن - دە ، ئوھۇ ، ئەنە قابىلبايمۇ كېلىپ بوپتۇ !

شەرىفباي ياستۇقتىن بۇرۇلۇپ ، يېنىدىكى ئۈچىنچى يىگىتكە قارىدى :

— پەلەنەت ، قاچان كەلدىكىن ؟

— كىم بىلىدۇ ··· ئىنىسىنى ئۇچراتتىمىكىن ؟ قېنى ئويغاتقىنا ، پەلەنىتىنى !

شەرىفباي ياتقان يېرىدىن قولىنى ئۇزىتىپ قابىلباينىڭ

بۇرۇتىدىن تارتتى ، قابىلباي غىڭشىپ ئويغاندى :
— جىم يات ، شەرىف !
— ئىنىڭغا يولۇقتۇڭمۇ ؟
— يولۇقتۇم ، ئىككىڭگە سالام ئېيتتى ، — دېدى قابىلباي ۋە ئۆزىنى ئۇلاردىن چەتكە ئۆرۈۋالدى ، — بىرئاز جىم قوي ، ئۇخلايمەن .
— ۋاييەي ، ۋاييەي ، — دېدى رەھىم ، — قېرىندىشىڭنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتقىن ـ دە ، ئوھۇ ، بەرپەدەرى ئۇيقۇكى ، پېشىنغىچە بولسا ؛ كوچىدا بولۇۋاتقان توپىلاڭنى ئاڭلاۋاتامسەن ؟
— كەچ كەلدىم . كۆپ ۋاتىلدىمغىنا ، رەھىم !
— قورساقنى تويغۇزۇپ ، ئاندىن ئۇخلا ، ئەكۈن ! قورساقلارمۇ پىياز بولۇپ توختاپتۇ ، ناشتىنى نەدە قىلىمىز ، شەرىف ؟
— چايخانىدا قىلىمىز .
— قېنى ، سەنمۇ كېپىنىڭنى يېپىنىپ ، شۇنداق ياتىۋەرمە ، پەلەنتىنىڭ با ئۇخلاپ كەتتىمۇ ؟
ئىككىسى تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلاشتى . رەھىم ئۇزۇن بەلۋېغىنى تۇزەۋاتقاندا بىرقانچە يارماق ۋە تەڭگىلىرى يەرگە چۈشۈپ چېچىلىپ كەتتى .
— ئوھۇ ، ئوھۇ ، سەبىل ، — دېدى رەھىم پۇللىرىنى تېرىپ ، — خۇدا بۇلارنىمۇ كۆپ كۆرگەن چېغى ، ئەكۈن ، قوقىنىڭ بىزگە توغرا كەلمىدى ، ئىش تېپىلمايدۇ ، پۇل چېچىلىدۇ ، ئاچ قالىدىغان ئوخشايمىز ، شەرىف ؟
— قابىلباينىڭ قوقان جانىغا لەنەت ، — دېدى شەرىف ، — ھېچبولمىغاندا تۆمۈرچىمۇ شاگىرت ئالمايدۇ ، بىزگە بىرەر ئىش تېپىپ بەرمىسە ، توپتوغرا نەرخەر قابىلنىڭ ئۇستىگە مىنىمىز !
بۇلارنىڭ ۋاتىلداشلىرىدىن ئۇيقۇسى قېچىپ كەتكەن قابىل غودۇڭ ـ غودۇڭ بىرنېمىلەرنى دەپ ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈردى .
— قۇشقاچتەك ۋىچىرلىشىپ كەتتىڭلارغۇ ، تاجىكلار ! —

دېدى قابىل ، — ئىشسىز قالغان بولۇشساڭ ، تاشكەنتكە كېتىمىز .

— ئەنە ـ ئەنە ، يەنە تاپتى گەپنى ! — دېدى رەھىم ، — غالدۇر ـ غۇلدۇر قىلىسەن ، قابىلباي ، ئەكۈن تاشكەنتكە بېرىش ئۈچۈن پۇل قېنى ؟

— پۇل تېپىلىدۇ .

— پۇل تېپىلىدۇ ؟ — دەپ كۈلدى رەھىم ، — بۇ بىپەدەر بايۋەچچەڭنى قارا ، شەرىفباي !

— پۇل تېپىلىدۇ ، — دېدى يەنە قابىلباي ۋە يەكتىكىنىڭ يانچۇقىغا قول سالدى ، — پەس ئادەملەر سەن ـ دە ، بىرىڭ تۆمۈرچىنىڭ ئوغلى ، يەنە بىرىڭ كىرچىنىڭ بالىسى ...

— ۋاي ـ ۋاي ! — دېدى رەھىم ، — نەزىرى ئۈستۈن بوياقچىنىڭ ئوغلىنى كۆرۈڭ !

قابىلباي يانچۇقىدىن بىرنېمىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلىدى ۋە ئۆزى ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ ئەسنىدى .

— ئەنە ، پۇل كېرەك بولسا ، ئال ؛ سەندەكلەرنى بىر يىل باقىدۇ !

رەھىم بىلەن شەرىفباينىڭ ئاياغلىرى ئاستىغا ئىككى تىللا كېلىپ چۈشتى . ئۇلار بىر ئالتۇنلارغا ۋە بىر قابىلبايغا قاراپ قېلىشتى .

— ۋاييەي ، كىمنى ئۆلتۈردۈڭ ؟

— ئاتا كەسپىم ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەمەس .

— ئىنىسى بەرگەن ! — دېدى شەرىف ، — قېنى ئىنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ ، قابىل ؟

— كۆرۈشتۈم .

— ئادەمى نەغز بولغان ؟

— ئادەمى نەغز .

— ئەكۈن شۇ قېچىپ ياتىۋېرىدىكەن ـ دە ، — دېدى رەھىم .

— بىرەر چارە قارىسۇن ـ دە ، ئېيتمىدىڭمۇ ، ھە ؟

— ئېيتتىم ... پەيتىنى تېپىپ ، ھەممىمىز تاشكەنتكە

كەتمەكچى بولدۇق .

— بەللى ـ بەللى ! — دېدى رەھىم ۋە شەرىفكە قاراپ قېشىنى ئۈچۈردى ، — تاشكەنتكە كېتىمىز دېگىنى بىكار ئەمەسكەن ـ دە ، پەلەنتىڭنىڭ . ھەي ، ئىش تۈگىدى ، قابىللباي ، تاشكەنتكە يۈرىمىز ، ئورۇسۇڭنىمۇ بىر كۆرەيلى[1] .

شەرىف يەردە ياتقان ئىككى تىللانى ئېلىپ قابىلغا ئۇزاتتى :

— مە ، تىللايىڭنى يانچۇقۇڭغا تىق ، قابىل !

قابىل ئالمىدى .

— تىللا ئۆزۈڭلارغا ، ئىككىڭ بىر تىللادىن بۆلۈۋېلىش .

— ئاچچىقىڭنى قوي ، ھەي ، بىز ساڭا ئوينىشىپ ئېيتتۇق ـ دە !

قابىل كۈلدى ۋە پەرۋاسىز كىيىمىنى كىيىۋەردى .

— ئالامسەن ، پەلەنەت ؟

— ئۆزۈڭلارغا دەۋاتىمەنغۇ ، ئىنىم سەنلەرگە ئاتاپ بەردى …

— بىزدىن قەرزى يوققۇ ـ ھە ؟

— چۈشەنمەيدىغان ئادەملەر سەن ـ دە ! — دېدى قابىل ، — ئىنىم ، قېچىپ ياتقان ھالىمدا ئۇلارنى مېھمان قىلالمىدىم ، دەپ سەنلەرگە شۇ ئىككى تىللانى ئەۋەتتى … ئەمدى چۈشەندىڭمۇ ؟

— ۋاي ، پەلەنەت … تېخى سەن بىزنى ئۆز پۇلىمىز بىلەن ئۆزىمىزگە ئۇردۇڭمۇ ؟ !

قابىل كۈلدى . ئۇلار ئىككىلىسى بىرىنىڭ ئاغزىدىن بىرى ئېلىپ ، قابىلنى پەسكە ئۇرۇپ ، ئەنۋەرنى ماختاپ كېتىشتى .

— سەن ئاتاڭنىڭ ئوغلى ئەمەسسەن ، ئەگەر ئاتاڭنىڭ ئوغلى بولساڭ ، مىرزا ئەنۋەردەك مېھماندوست بولاتتىڭ ! مىرزا ئەنۋەر مېھماننىڭ ئۆزىنى كۆرمەستىن تۇرۇپ بېشىدىن تىللا نىسار قىلغاندا ، سەن پەلەنەت بىزنى دۇكانخانىغا سولاپ قويدۇڭ ! قېرىندىشىڭ بولمىسا ، قوقانجېنىڭنى كۆتۈرۈپ ئاغزىڭغا ئۇراتتۇق .

---

① شۇ ۋاقىتلاردا تاشكەنتنىڭ رۇسلار قولىدا ئىكەنلىكى ئۇنتۇلمىسۇن (ئاپتور) .

بۇرنۇڭدىكى ماغزىپىڭ ئېقىپ كېتەتتى !
قابىل بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى .
— ھەي ، غودۇڭشىما ، پەلەنەت ! بىز پۇل ئاغىنىسى ئەمەس ، ئادەم ئاغىنىسى ··· سېنى پادىشاھ بازىرىغا ئاچىقسا ، ئاغزىدا چىشى بار دەپ سەككىز پۇلغىمۇ ئالمايدۇ ، ۋاي خۇدا !
ئۇلار شۇ پاراڭنىڭ ئۇستىدە چېغىدا ··· چارسۇدىكى ۋاڭ ـ چۇڭ ئىچىدىن ھەيۋەتلىك بىر ۋارقىراش ئاڭلاندى ؛ بازارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى بىردىن كېسىلىپ ، بۇ ئۇچىلىسىمۇ تاشقىرىغا قۇلاق سېلىپ قېلىشتى :

ھەي ي ي ي . . .
بازار ئارا يىغىلىشىپ گۇل تەرگەنلەر !
قەسەم يادلاپ ، پادىشاھقا سۆز بەرگەنلەر !
مىرزا ئەنۋەر ئاتلىق ئەلگە مەلۇم كىشى ،
ئوردا ئىچرە قەلەمكەشلىك قىلغان ئىشى .
ئەرزىمىگەن گۇناھىغا قاچتى ، كەتتى ،
بۇندىن پىچكە پادىشاھقا ئازار يەتتى .
ئۇنىڭ دوستى سۇلتان ئەلى ناملىق مىرزا ،
بۇ قېچىشتىن چەكمەكتىدۇر چەكسىز ئىزا .
مىرزا ئەنۋەر گۇناھىغا تېپىلدى زار ،
خالايىقنى توختىتىشتىن مەقسىتىم بار :
ئەته پېشىن چاغلىرىدا سۇلتان ئەلى ،
ئارسىز ئەنۋەر گۇناھىغا ئۆلگەي ، بەللى .
جەمئىيەتتە بار بولسا ئۇ ئاسىي ئەنۋەر ،
ياكى ئۇنىڭ دوست ـ ئاغىنىسىدىن بىرەر .
گۇناھىڭغا سۇلتان ئەلى ئۆلەر ، دېسۇن ،
ئەته پېشىندا ، ئىسىت ، تۇگەر ، دېسۇن .
ئىمانلىق قۇل نەپسى ئۇچۇن دوستىنى ساتماس ،
گۇناھى يوق ئاغىنىسىنى ئۇنقا ئاتماس .

قۇلاق سالغىن گۇناھسىزنىڭ پەريادىغا ،
دەرد قالمىغاي ، يېتەر ھەر ۋاقىت مۇرادىغا ! !

جاكارچى توختىدى ، ۋاڭ ـ چۇڭ يەنە ئاۋۋالقىدەك كۆتۈرۈلدى . جاكارنىڭ داۋامىدا قۇلىقى دىڭ بولۇپ ، كۆزى يوغان ئېچىلىپ كەتكەن قابىلباي جىم بولۇپ كەتتى ...

— نېمىشقا خاراموش بولۇپ كەتتىڭ ، قابىل ؟ ئەكۇن جاكارچىڭ نېمىدەپ ۋاتىلدايدۇ ؟

قابىل جاۋابسىز بېشىنى چايقىدى .

— گەپ قىل ، — دېدى شەرىف ، — مىرزا ئەنۋەر ، ئاسىي ئەنۋەر ، دەۋاتامدۇ ؟

قابىل يەنە جاۋاب بەرمىدى .

— زۇۋانىڭ بارغۇ ، قېرىندىشىڭنى تۇتۇپتۇمۇ ؟

— ياق .

— بولمىسا نېمىشقا ئۇنداق خاراموش بولۇپ قالدىڭ ؟

— ئەمدى تۇتۇشماقچى ...

— ئەمدى تۇتۇشماقچى ... — دەپ زەردە قىلدى رەھىم ، — ئانىسىنى تۇتىدۇ !

— چۇشەنمەيۋاتىسىلەر ، ئاۋۇ كۈنى بىز بىر مىرزىنىڭ ئۆيىگە بارغانىدۇققۇ ؟

— ھە .

— ئەنە شۇنى ، سەن ئەنۋەرنىڭ دوستى ئىدىڭ ، دەپ گۆرۈگە تۇتۇۋاپتۇ ... ئەتىگىچە ئەنۋەر كەلمىسە ، شۇ سۇلتان ئەلىنى ئۆلتۈرەرمىش !

جاكارنىڭ مەنىسىگە ئەمدى چۈشەنگەن يىگىتلەرنىڭ چىرايىدا بىردىنلا ئۆزگىرىش كۆرۈندى ، كۆزلىرىدە غەزەپ ـ نەپرەت ئوتى ياندى .

— بۇ خان يوق[1] ، بۇ دۆيۈز ! — دېدى رەھىم ، — ئەكۇن

---

[1] بۇ خان ئەمەس ، دىگەن مەنىدە .

سىنىڭ لېۋىگە كېسەكنى مەن سۈركەي ، سەن بولساڭ يولدىشىم شەرىفنى ئۆلتۈر ؟ ! بۇ خان يوق ، بۇ دۆيۈز ! ! ئەزىمرايى خۇدا ، دۆيۈز ! !

قابىل لېۋىنى چىشلەپ ، ئاستىراق ، دېگەن شەرەتنى قىلدى . چۈنكى ، تېرىكىپ كەتكەن رەھىم دۇكاننى بېشىغا كىيىپ ، ۋارقىراشقا باشلىغانىدى .

— بۇ خان يوق ، بۇ دۆيۈز ! ۋاي دەردە خەنەت خانەشە…

— ئاستا - ئاستا ! — دېدى چۆچۈگەن قابىل ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، — بۇنىڭ پايدىسى بارمۇ ، ساراڭ !

— ۋاي دەردە خەنەت خانەشە ! …

قابىل يۈگۈرۈپ بېرىپ دۇكاننىڭ ئىشىكىدىن كوچىغا قارىدى .

— قوي ئەكۇن ، دۆيۈزۈڭ مېنىمۇ بوغۇزلىسۇن … ۋاي دەردە خەنەت …

رەھىمنىڭ مۇشۇنىڭدەك ئەسەبىي كېسىلى بۇرۇندىن بار ئىدى . شەرىف بىلەن قابىل ئۇنىڭ مىجەزىنى ياخشى چۈشىنەتتى ، ئۇ بىرەر ناھەق ئىشقا دۇچ كەلسە ، گەرچە ئۇ ئىش ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىسىمۇ ، مۇشۇنىڭدەك ساراڭ بولۇۋالاتتى . رەھىم ئۈچ - تۆت مىنۇت تىللاپ تىترەپ ، دۇكاننى بېشىغا كىيگەندىن كېيىن جىم بولدى . قابىل دۇكاننىڭ ئىشىكىنى يېپىپ يولداشلىرىنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۈچى خېلىغىچە جىم ئولتۇرۇشتى .

— شۇ ۋاپاسىز دۇنيادا بىر ئىش قىلىمىز ، قابىلباي ، — دېدى يەنە كۆزى ئالىلانغان رەھىم ، — دۆيۈزنىڭ زىندىنى قەيەردە ؟

— زىندىننى نېمە قىلىسەن ؟

— مانا مەن بار ، مانا شەرىف ، مانا سەن ! — دېدى رەھىم ، — مۇشۇ كېچىسى ئۈچىمىز بېرىپ يا ئۆلىمىز ، يا ئۇ بىچارەڭنى يورۇقلۇققا چىقىرىمىز !

قابىل پېشانىسى تېگىدىن شەرىفكە كۆز يۈگۈرتتى . شەرىف كۈلۈمسىرەپ رەھىمگە قارىدى .

— ھەي ، ساڭا چۈبەلاشۇد ؟
— ھېچ چى ! — دېدى رەھىم ، — ئەگۈن بىز دۇنياغا نېمە ئېلىپ بارىمىز ، ھە ئۆلدۇق ، دەيلى ؛ دۇنيادا ئون تىللا پۇلىمىز قالاتتىمۇ يا ئۆيدە چېچىنى تاراپ ئولتۇرغان خوتۇنىمىز قالاتتىمۇ !
— يوق ، قالىدىغىنى يوق ! — دېدى شەرىف كۈلۈپ .
— دەستەش ئەگىر ! — دېدى رەھىم شەرىف بىلەن قابىلغا ئىككى قولىنى سوزۇپ . ئۇلار ئىككىلىسى كۈلۈشكەن ھالدا قوللىرىنى بېرىشتى ، — سۆز يەكمۇ ؟
— يەك - يەك ، رەھىم دەۋ !
— چاقچاق قىلمامسەن ؟
— يوق !
— بولدى ! — دېدى ئىككى قولنى قويۇۋېتىپ رەھىم ، — شۇد !
بۇ ۋەدىلىششىتىن كېيىن ئۈچىلىسى جىم بولۇپ قېلىشتى . تاشقىرىدا ۋاڭ - چۇڭ داۋام قىلىۋاتاتتى ، يىراقتىن قەلەندەرلەرنىڭ تەلقىن قىلىشلىرى ئاڭلىناتتى ۋە دۇكاننىڭ يېنىدىكى بىر زاسۇپەز كۈچىنىپ ئۆزىنىڭ ياغلىق ھېسپىنى ماختايتتى . پالاسنىڭ ئۈستىدىكى جۇپلەرنى ئويناپ ئولتۇرغان قابىلباي ئۇزاق خىيالدىن باش كۆتۈردى .
— مېنىڭ بىرنەچچە جايلارغا بېرىشىم كېرەك ئىكەن .
— قاياققا ؟
— تۈنۈگۈن مېنى ئەكەتكەن بۆزچىنىڭ ئۆيىگە ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنىمنىڭ يېنىغا ؟
— نېمە ئۈچۈن ؟
— بەلكىم ، سۇلتان ئەلىنىڭ سولىنىشى يالغاندۇر ، ئەگەر راست بولسا ، ئىنىم بىلەن ئەلۋەتتە مەسلىھەتلىشىش كېرەك . ئورۇنسىز كۈچىنىپ قالمايلى - دە .
شەرىف قابىلنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ بېشىنى لىڭشىتتى .
— مەيلى ، بار ! — دېدى رەھىم ، — بىز مۇشۇ يەردە

بولىمىز ، خەنجەرلەرنى چاقلايمىز ، كۆپ توختىما ، پەلەنەت !
شەرىف ۋە قابىل ئۇنىڭ جىددىيلىكىدىن كۆلۈمسىرەشتى ، قابىل دۇكاندىن چىقىپ كەتتى .

## 56 . خوش ئەمدى ، رەنا

خوتۇن - قىزلار زاتىدىن ئىرادىسى كۈچلۈك ، ھەتتا ئەرلەردىنمۇ جەسۇرراق شەخسلەرنى تولا ئۇچرىتىمىز . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىرادىگە ئىگە بولۇشمىسۇن ، يەنە ھېسسىياتلىرى ئالدىدا مەغلۇپ بولغىنىنى كۆرىمىز . مەسىلەن ، ھېكايىمىزنىڭ قەھرىمانى رەنانىڭ جاسارىتى ، خانغا قارشى ئىسيانى ، ھەتتا مەيۇس ھالغا چۈشكەن ئەنۋەرنى يولغا سېلىشى — ئۆز زامانىسى ئۈچۈنلا ئەمەس ، بىزنىڭ ھازىرقى ئەسرىمىز ئۈچۈنمۇ ماختاشقا لايىق ۋە رەنانىڭ يېشىدىكى قىزلىرىمىزغا نەمۇنىدۇر . لېكىن ، ئىرادىسى كۈچلۈك شۇ رەنا ھازىر يەنە ھېسسىياتىنىڭ قولىدا مەغلۇپ ئىدى .
بۈگۈن كېچە ئەنۋەر ئاكىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، مۇشۇ كۈنلەرنىڭ ئىچىدە تاشكەنتكە كېتىشنى قارار قىلدى . رەناغىمۇ قوقان بىلەن خوشلىشىش ئېغىر بىلىنمىدى . ئەمما ، مەسىلە قەتئىي ھەل قىلىنغاندىن كېيىن ، رەنادا بىر تەرەپتىن قورقۇش ، ئىككىنچى تەرەپتىن يەنە بىر قىزىق جاسارەت تۇغۇلدى : موماي بىلەن بىللە دادىسىنىڭ مەھەللىسىگە بارارمىش ؛ ئۆزى بىرىنىڭ دەرۋازىسى ئىچىدە تۇرۇپ ، موماي ئارقىلىق ئاپىسىنى چاقىرتىپ چىقارمىش !
كېچىچە شۇنى ئويلاپ چىققان رەنا ئەتىگەندىن بېرى ئەنۋەرنى خاپا قىلاتتى ، ئۆز سۆزىدە تۇرۇۋېلىۋاتاتتى . كېچىككىنە ئۆينىڭ سەندىلىدە قارىمۇقارشى ئولتۇرغان ئەنۋەر ۋە رەنا بىر - بىرىدىن قېيىدىغان قىياپەتتە ئىدى .
— ھېسسىياتقا قاتتىق بېرىلىپسەن ، رەنا ... ھەر قەدىمىڭدە

سىنى بىر پالاكەت كۈتىدۇ ، مېنىڭچە بولسا ئاپامغىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ .

— پەرەنجىنىڭ ئىچىدە بارغان رەنانى تونۇۋالغۇدەك كىمنىڭ كارامىتى بار ئىكەن . ئاپامغا نېمىشقا ئىشەنگىلى بولمايدۇ ؟

— سەن قاچقان ، ئاپاڭنىڭ ئابرۇيىنى تۆككەن قىزسەن …

— ھېچ - ھېچ … ئاپامنىڭ كۆڭلىنى مەن ياخشى بىلىمەن ، ئاپام سىز ئويلىغان خوتۇنلاردىن ئەمەس ، ھېچ !

— ياخشى ، يولدىمۇ سېنى ھېچكىم تونۇمىسۇن ، مومايمۇ ئاپاڭنى ئالداپ ئاچىقسۇن ، ئاپاڭنىڭ ئۆزىگىمۇ ئىشىنەيلى ؛ يەنە ھەرھالدا مېنىڭ ئۈچۈن شۇ نىيىتىڭدىن كەچسەڭ ، نېمە بولىدۇ ، رەنا ؟ بىز تاشكەنتكە بېرىپ يەتكەن كۈنىمىزلا ، ساقلىقىمىزنى ئېيتىپ خەت يازىمىزغۇ ، جېنىم !

رەنا جاۋاب بېرىش ئورنىغا بىردىن يىغلىدى ، خېلىغىچە كۆزىدىن ياش تۆكتى .

— بەلكىم مەن … ئاپام بىلەن ئەبەدىي كۆرۈشمەسمەن !

— ھەي رەنا ، رەنا ، — دېدى ئەنۋەر ، — خۇدايار يۈز يىل ياشايدۇ ، بىز تاشكەنتتە ئۆلىمىز دەپ ئويلامسەن ؟ ! خەير ، جىق بولسا خۇدايار يەنە بەش يىل ياشىسۇن ، ۋەھالەنكى ، ئۇنىڭ زۇلمى مۇشۇنداق داۋام قىلغاندا ، بىز ئويلىغان بۇ ۋاقىتمۇ جىق ؛ چۈنكى ، زۇلۇم قانچىلىك كۈچەيسە ، ئۇنىڭ ئۆمرى شۇنچە قىسقا بولۇشى تەجرىبىلەردە ئىسپاتلانغان . ئەگەر شۇنىڭغىچىمۇ سەۋرىڭ چىدىمىسا ، باشقا چارىسى تېپىلار ، رەنا . مەسىلەن ، ئاپاڭنى تاشكەنتكە چاقىرارمىز ياكى بىرئاز ئۇنتۇلدۇرۇپ قوقانغا ئۆزىمىز كەلسەكمۇ بولىدۇ .

رەنا جاۋابسىز يەنە كۆز يېشىنى تۆكىۋەردى ، بۇ ھالدىن سىقىلغان ئەنۋەر رەناغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ سۆز قىلدى :

— ماقۇل ، يىغلىما ، تېخى بىر - ئىككى كۈنسىز يولغا چىقالماسمىز ؛ بۈگۈن كېچە ئاكام كەلسە ، ئەتىلىككە ، بازارغا چىقىپ يول تەييارلىقىنى كۆرسە ، ھەرھالدا ئۆگۈنلۈككە كەچقۇرۇنمۇ مېڭىشىمىز ئېنىق ئەمەس . شۇنداق قىلىپ ، سەن

ئالدىرىمىساقمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، سىنىڭ ئويلىغان يولۇڭ تولىمۇ خەۋپلىك، بۇ توغرىدا باشقىچىرەك تەدبىر تاپارمىز...

رەنا گەپ قىلمىدى، بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئارام ھاۋاسىنى يۇتتى ۋە رومىلى بىلەن كۆز يېشىنى ئېرتتى. ئەنۋەر قېيىداش بىلەن كۈلۈمسىرەپ، رەنانى قورقۇتتى. ئۇلار شۇ ھالدا ئولتۇرۇشقاندا، ئۆينىڭ تېمى كوچا تەرەپتىن ئۈچ - تۆت قېتىم گۈرس - گۈرس ئۇرۇلدى. ئىككىلىسى قۇلاقلىرى دىڭگىيىپ بىر - بىرىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراشتى...

— يات ئادەم ئەمەس، — دېدى بىردەمدىن كېيىن ئەنۋەر، — مەن سەپەر ئاكا بىلەن كۈندۈزى كەلگەندە ئۆينىڭ تېمىنى قېقىشنى شەرت قىلىپ قويغاندىم... سەن چىقىپ مومايغا ئېيت، ئىشىكنى ئاچسۇن.

رەنا ھۇجرىدىن چىقتى، بىرەر مىنۇتتىن كېيىن ھويلىغا بىرنەچچە ئاياغلار كىردى. ۋاقىتسىز بۇ كېلىشتىن ئەنۋەرنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، كەلگەن كىشىنى سەپەر ئاكىمىكىن دەپ ئويلىدى. ھۇجرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ئىچكىرىگە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بولۇپ قابىلباي بىلەن سەپەرباي كىرىپ كېلىشتى. ئەنۋەر يەنە گاڭگىراش ئىچىدە قالدى، سەپەر ئاكىنىڭ تىنچسىز، ھاياجانلىق كۆزى ئەنۋەرنىڭ ئالدىن ئويلاپ قويغان بىرنەچچە ئېھتىماللىرىنى ئەسلەتتى. ئەنۋەر ئۇلارغا جاي كۆرسەتتى.

— ۋاقىتسىز كېلىشىڭلار سەۋەبسىز ئەمەسقۇ، — دېدى ئاۋازىنى ئاستىراق چىقىرىپ ئەنۋەر، — بىزدىن خەۋەردار بولۇشقانمۇ؟

سەپەر ھەمراھىغا قاراپ، ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ يەڭلىرىنىڭ ئىچىگە ئالدى.

— ياق...

— سۇلتان ئەلنى سولىشىپتىمۇ؟ — يەنە سورىدى ئەنۋەر، — سولىغاندۇر!

سەپەر ۋە قابىل بىر - بىرىگە قاراشتى.

— شۇنداق ، مىرزام ، شۇنداق ··· بىز بەكمۇ ھەيران بولۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدۇق ـ دە .

ئەنۋەردە تاتىرىش ۋە كىرپىك تۈۋلىرىدە تىترەش كۆرۈلدى .

— زىيىنى يوق ، قۇتقۇزىمىز ··· قاچان سولىشىپتۇ ؟

— تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن ··· بايا بىزنىڭ ئۆيگە سۇلتان ئەلىنىڭ خوتۇنى كەلگەنىدى ، مەن شۇنىڭدىن ئاڭلىدىم . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاكىڭىز بېرىپ قالدى ···

— سىز كىمدىن ئاڭلىدىڭىز ، ئاكا ؟

جاكارچىنىڭ خەۋىرىنى ۋە بۇ توغرىدا يولداشلىرى بىلەن كەلگەن قارارىنى قابىلباي ئېيتىپ بەردى . ئەنۋەر ئاكىسىنىڭ سۆزىنى جىددىي ئاڭلاپ ، بىردەمگىچە ئويلاپ ئولتۇردى .

— سىز ۋە يولداشلىرىڭىزنىڭ ھەممەتلىرىڭلارغا رەھمەت ··· لېكىن بۇ يول بىلەن سۇلتان ئەلىنى قۇتقۇلدۇرۇش تەسرەك ، بەلكى مۇمكىنمۇ بولماس ، دەپ ئويلايمەن !

— ئەگەر بىز ئۇنىڭ سولانغان جايىنى بىلسەك ، نېمە ئۈچۈن مۇمكىن بولمىسۇن ، ئەنۋەر ؟ يولداشلىرىم يۈرەكسىز يىگىتلەر ئەمەس ، بۇ يېقىندىن خاتىرجەم بولۇڭ !

— رەھمەت ، ئەلۋەتتە بۇ جاسارەتنى يۈرەكسىز ئادەملەر قىلالمايدۇ . مېنىڭ بۇ جاسارەتكە ئۈمىدسىز قارىشىمنىڭ سەۋەبى شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، بۇنداق شەرتلىك ۋە نازۇك سولاقلار تولىسى ئوردىنىڭ ئۆزىدىكى گۇندىخانىدا بولاتتى .

— ئوردىغا كىرىش تەسمۇ ؟

ئەنۋەر بېشىنى چايقىدى .

— ھېچ مۇمكىن ئەمەس ، كىچىچە ئەللىك ئەسكەر ئوردىنىڭ سېپىلى تۈۋىدە ئايلىنىپ يۈرىدۇ .

قابىلباي مەيۇس ھالدا سەپەر بۆزچىگە قارىدى . سەپەر بۆزچى ھەدەپ بۇرۇتىنى چىشلەپ تۈزەيتتى .

— زىندانغا سولانغان بولسا ، ئېپى بار ئىكەن ـ دە ، تەقسىر ؟

— ئېپى ··· زىندانغا سولاشلىرى ئېھتىمالدىن يىراق ، سەپەر ئاكا .

يەنە بىرنەچچە ۋاقىت جىم بولۇپ قېلىشتى . قابىلباي پات ـ پات دوپپىسىنى قايرىپ بېشىنى تاتىلايتتى . ئەنۋەر سەندەل كۆرپىسىدىكى بىر تال يىپنى ئۈزۈۋالماقچى بولغاندەك قولىنى سىلكىيتتى .
— زىنداندىن خەۋەر ئالدۇرۇشمىز كېرەك ئىكەن ـ دە ، ئەنۋەر ؟
— خەۋەر ئېلىنسا ... بولىدۇ .
قابىلباي ئەنۋەردىن شۇ جاۋابنى ئېلىپ سەپەر بۆزچىگە بۇرۇلۇپ قارىدى :
— مىرزىنىڭ ئۆيىگە بىر ئادەم ئەۋەتەيلى ، ئۇنىڭ خوتۇنى ئېرىگە غىزا ئېلىپ بارغان بولۇپ زىندانغا بارسا ... شۇ قانداق بولاركىن ، سەپەر ئاكا ؟
— ماقۇل ، ئۇكا ، ماقۇل .
— سىزچىچۇ ، ئەنۋەر ؟
ئەنۋەر توغرا ، دېگەن شەرەتنى قىلدى .
— بايىقى ئويىمىزنىمۇ ئېيتىپ ئۆتەيلى ، — دېدى قابىلباي ، — بىز يولدا بىر توغرىدا مۇلاھىزە قىلىپ كەلدۇق ، ئەنۋەر . سۆزنىڭ راستى شۇكى ... بۇ ئۆيدىن هازىر كەتكىنىڭىز ياخشى ، ھەرقانچە ئادەم بولسىمۇ ، ھېلىقىدەك جېنى كۆزىگە كۆرۈنۈپ ئىقرار بولۇپ قويسا ...
ئەنۋەر بېشىنى چايقاپ ، كۈلۈمسىرىدى .
— سۇلتان ئەلى ئۇنداق ئادەم ئەمەس ، بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭلار ، — دېدى ئەنۋەر قانائەت بىلەن ۋە بىرئاز ئويلاپ تۇردى ... — ئەمما سۇلتان ئەلىنىڭ خوتۇنى جەھەتنى ئالغاندا بىرئاز خەۋپلىكرەك ؛ خوتۇن كىشى ئېرىمنى قۇتقۇلدۇرىمەن ، دەپ نادانلىق قىلسا ، ئىش رەسۋا ...
سەپەر بۆزچى بايا سۇلتان ئەلىنىڭ خوتۇنى كەلگەندە قابىلباينىڭ نىيىتىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولغانلىقىنى ئېيتتى .
— تولا ياخشى بوپتۇ ، رەھمەت ... هازىر ئۇنىڭ ئۆيىگە كىشى ئەۋەتىسىڭىز يەنە ئۇقتۇرۇش ، خاتىرجەم قىلىش كېرەك ؛ شۇنداق

ئىشەندۈرۈلسۇنكى، ئەتە پېشىنغىچە ئېرىنىڭ ئازاد بولۇشىغا گۇمانى قالمىسۇن، ھەتتا ئۇنى بۇنداق دەپ ئالدىسىمۇ بولىدۇ: ئەتىگەنلىككىچە قۇتقۇزۇلسا ياخشى، قۇتقۇزۇلمىسا ئەنۋەرنىڭ ئۆزى بېرىپ قۇتقۇزارمىش، ئەگەر سەن شۇنىڭغىچە سەۋر قىلمىساڭ، ئېرىڭنىڭ يەنە جازا تارتىشىغا سەۋەبچى بولىسەن، دېيىلسۇن!

— ماقۇل، مىرزام، ماقۇل.

— سىزگە يەنە بىر خىزمەت، سەپەر ئاكا، — دېدى ئەنۋەر. سەپەر تەييارلىق ئىشارىتىنى قىلىپ، ئېڭىشىپ قويدى، — خىزمەت شۇكى، سىڭلىڭىز مەن بىلەن بىللە تۇرمىسا، سىز ئەكەتسىڭىز ...

— ماقۇل، ماقۇل.

ئەنۋەر ئورنىدىن تۇردى ۋە ھازىر يېنىپ كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى. قارىغۇ ئادەم ھەدەپ غوزا چۇۋۇيتتى، موماي چاق ئېگىرەتتى، رەنا بولسا كۆزىنى بىر چېكىتكە تىكىپ، سەندەلنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئەنۋەر ھويلىغا چىقىپ، رەنانى ئۆز يېنىغا كېلىشكە شەرەتلىدى. ئىككىسى ھويلىنىڭ چەترەكىگە بېرىشتى.

— ئاڭلىدىڭمۇ، رەنا؟

— نېمىنى؟

— ئۇلارنىڭ سۆزىنى؟

— ياق.

— بىزنىڭ بۇ يەردىلىكىمىز سېزىلىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، سۇلتان ئەلى سولىنىپتۇ، ئىقرار قىلدىپ قىلىشى ئېھتىمال ئىمىش ...

رەنانىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى.

— ھە؟

— قورقما ... سەن ھازىر سەپەر ئاكا بىلەن كېتىسەن، مەنمۇ باشقا جايغا بارىمەن. يول تەييارلىقىڭنى كۆرۈپ بولغۇچە بىرنەچچە كۈن ئايرىلىپ تۇرمىساق بولماس ... سەن بېرىپ كېيىمىڭنى كىي!

— راستمۇ ؟ !
— راست ، سەن قورقما ، بۇ پەقەت بىر ئېھتىيات ، ھازىرچە سۇلتان ئەلىنىڭ سولىنىشىدىن باشقا گەپ يوق .
— كىيىملىرىم ھۇجرىدا ...
— ھۇجرىدا بولسا ئۇلار چىققاندىن كېيىن كىرىپ كىيىنەرسەن .
ئىككىسى ئايۋانغا يېنىپ كېلىپ ، ئەنۋەر ھۇجرىغا كىردى .
— سىڭلىڭىز ھازىر كىيىنىدۇ ! — دېدى ئەنۋەر ، — بىللە مېڭىش ياخشى بولماس . ئىككىڭلار بىرئاز ئالدىدا ، رەنا ئارقىدا ماڭسۇن .
— ماقۇل .
— ئۇنىڭدىن كېيىن سىز ، قابىل ئاكا ، زىندانىنىڭ خەۋىرىنى بىلىپ ، خۇپتەن ۋاقتىدا مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭ .
قابىل ماقۇل ، دېگەن شەرەتنى قىلىپ ، سەپەر ئاكا بىلەن ھۇجرىدىن چىقتى ، رەنا كىرىپ كىيىنىشكە باشلىدى . ئەنۋەر مەيۇس ئىدى ، بىرئاز ئالدىراپراق كىيىنىۋاتقان رەنانىڭ چىرايلىق يۈزىگە قاتتىق تىكىلگەنىدى ...
— سىز كىمنىڭكىگە بارىسىز ؟
— مەنمۇ ، مەن ... مەن مۇشۇ ئۆپچۆرىدە بىرىنىڭكىگە .
— مەنمۇ سىز بىلەن تۇرسام بولمامدۇ ؟
— ياق ، خەۋپ بار .
رەنا ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك ئۇھ تارتتى ، كىيىنىپ بولۇپ پەرەنجىسىنىمۇ قولىغا ئالدى . ئەنۋەر ھۇجرىنىڭ بۇلۇڭىغا ئۆتۈپ ، رەنانى ئۆزىنىڭ يېنىغا شەرەت قىلدى ، رەنا كېلىشىگە ئەنۋەر ئۇنى قاتتىق قۇچاقلاپ سۆيدى .
— ئاكام سىنىڭ يېنىڭغا بېرىپ مېنىڭدىن خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرار ، ساڭا باشقا ياردەملەرنىمۇ قىلار ، رەنا !
— تاشكەنتكە چاپسانراق كېتەيلى ، مەن ... مەن ئۈچ كۈندىن ئوشۇققا چىدىمايمەن .
— ماقۇل ... يەنە بىر سۆيەي ، رەنا !

رەنا تەبەسسۇم ئىچىدە يەنە مەڭزىنى تۇتۇپ بەردى . ئەنۋەر خېلىغىچە ئۇنىڭ مەڭزىدىن ئاجرىلالماي تۇردى .

— بولدى ··· ئۇلار ساقلىشىپ قېلىشقاندۇر .

ئەنۋەر ئۇنى قويۇپ بەردى ···

— پۇلنى سەن ئەكەت ، رەنا ، مېنىڭ ھوشۇم يوق ، يوقىتىپ قويىمەن .

رەنا بۇلۇڭدىكى كىگىزنىڭ قېتىدىن بىر چەندازا ئالتۇننى ئالدى .

— سىزگە بىر ـ ئىككى تىللا بېرىپ كېتەيمۇ ، بەلكى كېرەك بولار ؟

ئەنۋەر كېرەك ئەمەس ، دەپ باش چايقىدى . رەنا چەندازىدىن ئىككى تىللانى ئېلىپ ئەنۋەرگە كۆرسەتتى :

— مۇشۇ ئىككى تىللانى ئايلام بىلەن ئاتامغا بىردىن بېرىپ كېتىمەن ؟

— بەر ، بەر ··· خوش ئەمدى ، رەنا !

رەنامۇ خوش دېگەندەك باش سىلكىتتى ۋە ئالدىراپ ھۇجرىدىن چىقتى . رەنا ئايۋاندىكىلەر بىلەن خوشلىشىۋاتقاندا ، ھۇجرىدا قالغان ئەنۋەر كۆزى لىق ياشقا تولۇپ ، كۆكسى كۆچلۈك ـ كۆچلۈك سىلكىنىدى ۋە گەۋدىسى ئۆزىگە ئېغىرلىق قىلغاندەك تامغا بېرىپ يۆلەندى ···

## 57 . قورقۇنچلۇق بىر جاسارەت

قابىلباي بۇ سۆزنى ئاڭلاۋاتقاندا قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەندەك ، ئەنۋەرگە يېقىنراق سۈرۈلدى .

— نېمە دەۋاتىسىز ، ئەنۋەر ، مەن ياخشى چۈشەنمىدىم ؟

ئەنۋەر يەنە شۇ سۆزنى تەكرارلىدى . قابىلباي ئەمدى بىر ئاز كەينىگە تاشلىنىپ ، كۆزنى چوڭ ئاچتى ۋە خېلىغىچە قېتىپ تۇردى ···

— سىز نىمە قىلماقچىسىز ، ئۇكام ، ئۆز ئايىغىڭىز بىلەن ... ياق ، بۇ بولمىغان ئىش ! بەلكىم بۇ خاننىڭ ئۇنىڭغا پوپوزىسىدۇر . شۇ ھىيلە بىلەن مەقسەتكە يەتمەكچىدۇر ... قويۇڭ بۇ ئىشنى ، ئۇكام ، قويۇڭ !

ئەنۋەر دائىم بايىقى ۋەزىيەتتە ، كۆزىنى بىر چېكىتكە تىكىپ ، سەندەلنىڭ ئۈستىدىكى قەغەزنى ئاكىسى تەرەپكە سۈرۈپ قويدى ...

— ئەگەردە ، پوپوزا بولمىسىچۇ ؟ — دېدى ئەنۋەر ، — خان پوپوزىنى بىلمەيدۇ ، ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكىتى جىددىي ! شۇنداق ، سىز بۇ خەتنى ئەتىلىككە ئۇنىڭ قولىغا بېرىسىز ۋە ئۇنىڭدىن ھەرقانداق ياردىمىڭىزنى ئايىمايسىز !

— بۇ ئەقىللىق ئىش ئەمەس ، ئۇكام ...

— مەن ئەمدى شۇنىڭغا قارار قىلىپ قويدۇم ! — دېدى ئەنۋەر ئۆزگىرىشسىز ، — بۇ قاراردىن يېنىش يوق ... پەقەت ، سىز ئۇنىڭغا ياردىمىڭىزنى ئايىماسلىقىقا ماڭا سۆز بەرسىڭىز بولدى !

قابىلباي ئۇلۇغ - كىچىك تىندى ، خەتنى قولىغا ئېلىپ ، بىرنەچچە ۋاقىت جىم ئولتۇردى ... كېيىن بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇجرىدىن چىقىشقا باشلىدى .

— يول بولسۇن ؟

— كېتىۋاتىمەن .

— خوش ، كەچۈرۈڭ !

قابىلبايدىن جاۋاب بولمىدى .

. . . . . . . .

كۈن قىيامىغا يېقىنلاشقان . يەنە بىرەر سائەتتىن كېيىن سۇلتان ئەلىنى ئۆلۈمگە ئاچىقىشاتتى . ئوردا ھېچبىر ئۆزگىرىشسىز ئادەتتىكى تەكەللۇپىدا ھەرىكەتلىنەتتى . دۇخاۋا ۋە زەر تونلار كىيگەن سەركەردىلەر ئىچكىرى بىلەن تاشقىرىغا توختىماي قاتنىشىپ تۇرۇشاتتى ، بوگۇنكى دىۋاندا بىرنەچچە مۆھتەرەملەرنىڭ چاقچىقى بىلەن يەنە باشقىچە روھ كۆرۈنەتتى ،

ئىككى كۈندىن بېرى يەنە دىۋان خىزمىتىنى ئورۇنداشقا باشلىغان بىر مۆھتەرەم ياش ئالىمنىڭ مۇلايىم قىياپىتى مىرزىلارنىڭ ئارىسىنى يەنە ئېچىلدۇرۇۋەتكەن ۋە چىرايىدىن غالىبىيەت مەنىسى چاقناپ تۇرغان ئىككى مۇپتىنىڭ چاقچاقلىرىغا ياش ئالىم يۇمشاق قارشى بىلەن ناگاندا بىر ھىجىيىپ قويىاتتى .

— ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىككى يول ! — دەيتتى شاھادەت مۇپتى ، — يا ھامماچىسىنىڭ بالىسىنى تېپىپ بېرىش ، يا ئۆلۈم ، پەقەت ئىككى يول !

— ئەلۋەتتە شۇنداق ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلايتتى موللا ئابدۇراخمان ، — تېپىپ بەرگەندىمۇ يەنە جازا بار ، بۇ يېقىمۇ ئۇنتۇلمىسۇن !

— يەنە قانداق جازا ؟ ! — دەپ ئەجەبلىنەتتى موللا كەلانشا .

— تېپىپ بېرىشنى بويىنىغا ئالدىمۇ ، بولدى ، بۇ سۆز ، ئەنۋەرنى قاچۇرغانمۇ ئۆزۈم ، دېگەن ئىقرار بولىدۇ !

بۇ سىلىق جاۋاب موللا كەلانشاغا ئانچە ياقمىدى .

— تېپىپ بېرىشنى بويىنىغا ئالماسلىق گۇناھسىزلىق دېگەن سۆز ئەمەسمۇ ؟ ! ھەقىقەتتە ، ئەنۋەرنىڭ نەگە كەتكىنىنى بىلمىسە ، قانداق قىلسۇن ؟ بەس ، بۇنداق بولغاندا ، سۇلتان ئەلى قەتل قىلىنىدۇ ، گۇناھسىز ئۆلتۈرۈلىدۇ ··· بۇنىڭغا كىم سەۋەب ، ئۇنىڭ قېنى كىمنى تۇتىدۇ ؟ مەن شۇ تەرىپىگە ھەيرانمەن ـ دە .

بۇ سۆز ئۇدۇلدىكى ئىككى مۆھتەرەمنى لام دېگۈزمەي قويۇپ ، چاقچاق شۇ يەردە شارتلا كېسىلدى . شەرئى تونى كىيدۈرۈش بىلەن ئۆزمەنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرغان موللا كەلانشا غالىب ۋە مەغرۇر ھالدا قولىدىكى يازمىغا قارىدى .

شۇنداق : شۇ سائەت ئىچىدە سۇلتان ئەلىنى ئۆلۈم جازاسىغا ئاچىقاتتى . ئوردىدىن ھېچكىم ئۇنىڭ قۇتقۇزۇلۇشىغا ئىشەنمەيتتى . خاننىڭ ئالدىغا چاقىرىلدى — ئۆلدى ، ئەگەردە گۇناھى بولۇپ ، ئىقرار قىلسا ، يەنە بالاغا قالدى ، ۋەسسالام .

ئەمما، ئەنۋەر خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى ئۇنىڭ ھۆكمىگە تاپشۇردى، ھەقىقىي يىگىتلىك يولى بىلەن دوستىنى قۇتقۇزدى، دېگەن خىيالغا كىم ئىشەنسۇن؟ تۇنۇگۈن جاكارچى كوچا ـ كوچىلارنى ئايلىنىپ، ئەنۋەرنى ئىنساپقا چاقىردى، كىشىنىڭ قېنىغا سەۋەبچى بولماسلىق پەزىلىتىنى ئاھاڭغا سالدى. لېكىن، ئەنۋەرنىڭ بۇنداق «ھاماقەت» لىككە ئەخلاقىي جەھەتتىن سوكۇت قىلىپ، ۋىجدان جەھەتتىن مۇزلىغان ئوردا ئەربابلىرى ۋە باشقىلار ئىشەنسۇنمۇ؟!

شۇنداق، ئوردا ئەربابلىرى بۈگۈن پېشىندىن بىر ئاز ئىلگىرىرەك مۇجەسسەم بىر ۋىجدان، تاغ يۈرەك بىر يىگىت ۋە ئۆلۈمگە قاراپ كۈلۈپ كەلگۈچى بىر ئارسلاننى ئۆز تارىخىدا بىرىنچى قېتىم كۆردى ۋە ھاڭ ـ تاڭلىقتا قالدى. بۇ ئۇلۇغ جاسارەت بىرنەچچە مىنۇتلارغىچە زۇلۇم ئىتلىرىنى جىملىققا تاشلىدى، ئۇلارنى ئىشتىن توختاتتى. ئوردا ئەربابلىرىنىڭ مەھكىمىدە ئولتۇرغانلىرى ئىشىك يېنىغا چىقىپ، يولدا كېتىۋاتقانلىرى ھەرىكەتسىز قېلىپ، ھەممىنىڭ يېنىدىن پەرۋاسىز، سالام قىلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئارسلاننى تاماشا قىلىشتى.

ئەنۋەر دىۋانخاننىڭ ئالدىغا يەتكەندە، نېمە مەقسەت بىلەندۇر دېرىزىلەردىن ۋە ئىشىكلەردىن مارىشىپ تۇرغان مىرزىلارغا ئۇمۇمىي بىر تەزىم ئىپادە قىلدى ۋە ھېچ توختاپ قالماستىن پەلەمپەيلەرگە ئاياغ قويۇپ يۇقىرىغا، خاننىڭ ھۇزۇرىغا چىقىپ كەتتى، پايتەخت بوسۇغىسىدىكى دائىمىي ياساۋۇللاردىن ئۆتۈپ، دالاندا توختىدى. چۈنكى، بۇنىڭدىن نېرىغا ئۆتۈش ئۈچۈن ھۆدەيچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن خاندىن رۇخسەت ئېلىش لازىم. بىرىنچى ئىشىك يېنىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغۇچى دەرۋىش ھۆدەيچى ئەجەبلىنىش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە ئەنۋەرنى قارشى ئېلىپ، ئىككىنچى ئۆيدىكى «جاناب» نىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ

كەتتى .

تەختىگە يۆلەنگەن خۇدايار ئىككى كۆزىنىڭ ئۇدۇلىغا ئىككى جاللاتنى قويۇپ ، يېنىدىكى داموللا شاغاۋۇل ، تۇرسۇن ئاتالىق ۋە باشقا بىرنەچچە ئەئيانلار بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى .

— پۇشتىپاناھ ! — دېدى ھۆدەيچى ، — خىيانەتچى ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېلىپ ، دامى ئادالىتىڭىزگە تەسلىم بولماقچى !

— خىيانەتچى كىم ؟

— مىرزا ئەنۋەر !

خان چۆچۈپ كەتتى ، ئولتۇرۇشقانلارمۇ ئالاق ـ جالاق بولۇپ قېلىشتى .

— ئېلىپ كەل !

ھۆدەيچى تەزىم قىلىپ كەينىگەياندى . دالاندىكى ئەنۋەر بىرىنچى ئۆيدىكى ئەئياننى ھەيران قالدۇرۇپ ، ئىككىنچى ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا ، جاللاتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى ۋە خانغا تەزىم قىلدى .

رەقىبىنى بۇنچىلىك جاسارەتتە كۆرگەن خۇدايارنىڭ كىرپىك ئاستىلىرى لىپىلداپ ، ساقال تۈكلىرى تىترەپ كەتتى ۋە سۆز تاپالمىغاندەك بىردەم تامشىپ تۇردى .

— سەن بىزگە خىيانەت قىلدىڭ ، ئىت ئوغلى !

ئەنۋەر بېشىنى سىلكىتتى :

— ئىقرارمەن .

— تۇزۇمنى ئۇنتۇدۇڭ !

— تانمايمەن !

— ئىقرارسەن ، تانمايسەن ، ئوبدان ئىش ! — دېدى ، زەردە قىلىپ خان ، — ئۆلۈشنىمۇ قايتمايسەن !

— مەن سىزدىن مەرھەمەت سوراپ كەلگىنىم يوق ! — دېدى كۈلۈپ ئەنۋەر ، — ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ بىر گۇناھسىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلدىم !

ئۆلتۈرغانلار لەۋلىرىنى چىشلەشتى . خۇدايار زاڭلىق قىلىپ كۈلدى .

— مۇسۇلمانچىلىق قىلغانسەن ـ دە ؟ !

— ئەلۋەتتە ! — دېدى ئەنۋەر ، — باشقىلار كىشى گۇناھى ئۈچۈن گۇناھسىزنى تۇتۇپ مۇسۇلمانچىلىقتىن چىققاندىن كېيىن ، مەن مۇسۇلمانچىلىق بىلەن ئۆلۈشنى ئەۋزەل كۆردۈم !

بۇ جاۋاب خۇدايارنى قىپقىزىل قىزارتىپ ، پېشانىسىدىن تەر چىقاردى ، غەزەپ ئوتى يالقۇنلىدى .

— سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ مۇسۇلمانچىلىقتا بارمۇ ، ئىت ئۇۋلى ؟ !

— مۇسۇلمانچىلىقتا يۈزلەپ خوتۇن ئۈستىگە ، بىر كەمبەغەل ئۆيلەنمەكچى بولغان قىزغىمۇ زورلۇق قىلىش بارمۇ ، قىبلەئى ئالەم ؟ !

— ئېلىپ چىق بۇنى ، جاللات ! ! !

جاللاتلار ھەرىكەتلەندى :

— خەنجىرىمىز قانسىرىغان !

ئەنۋەر باش چايقاپ كۈلدى :

— مېنىڭ كۆز ئالدىمدا گۇناھسىز تۇتقۇندىن ئازاد قىلىنمايدىكەن ، ئەنۋەرنى بۇ يەردىن چىقىرىشالمايدۇ ، قىبلەئى ئالەم ، — دېدى ۋە ئۆزىنى تاشقىرىغا تارتىشقا باشلىغان جاللاتلارنى ئارسلانلارچە سىلكىۋەتتى ، — سىزدە ئادالەت بارمۇ ، جاناب ؟ !

دەھشەتلىك بۇ ۋارقىراش خۇدايارنى ئىنساپقا كەلتۈردى ، جاللاتلارنى توختاشقا ۋە ھۆدەيچىنى سۇلتان ئەلنى تەييار قىلىشقا بۇيرۇدى . كۆزى قانلانغان ئەنۋەر ئىككى قولىنى يېنىغا تاشلاپ خۇدايارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالدى . ھەممە جىمجىت . شۇنداق چاغلاردا گۇناھكارنى ئەدەپسىز سۆزلەر بىلەن تىللاپ تۇرغۇچى خۇدايارمۇ جىم . چۈنكى ، ئەئىياننىڭ نەزىرىدە ھەربىر ئەدەپسىزلىكىگە ئەنۋەر تەرىپىدىن كۈچلۈك بىر ھاقارەتكە ئۇچراش

ئېھتىمالى بار . شەيخ سەئدى ئېيتقاندەك ، دۇنيادا ھاياتىدىن قول يۇغۇچىدەك تىلى ئۇزۇن كىشى بولماس . ھەقىقەتتە ئىنساننى پەسلىككە سالغۇچى ئۇنىڭ مەنپەئىتىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ ، ئۇنىڭدىن قالسا ئۆلۈمدۇر . بۇ ئىككىسىدىن كەچكۈچىگە بولسا پادىشاھنىڭ قەھرىمۇ ۋە جەھەننەمنىڭ قەھرىمۇ ئوخشاش .

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەستىن ھۆدەيچىنىڭ كەينىدە سۇلتان ئەلى كىردى ، خانغا قارشى تۇرغۇچىنى تونۇپ تىترىدى ··· تىترىگىنى ھالدا ، ئەنۋەردىن بىرئاز ئارقىدىراق تۇرۇپ خانغا تەزىم قىلدى .

— سىز ئازاد بولدىڭىز ! — دېدى خان ، — دىۋانغا چىقىپ ئۆز ئىشىڭىزغا قاراڭ !

سۇلتان ئەلى ئىختىيارسىز خان تەرەپكە يۈكۈلدى ···

ئەنۋەر تەنە قىلغان قىياپەتتە سۇلتان ئەلىگە يانچە قارىدى .

— ماڭا قارشى ئىشلەپ ، جانابقا قانچىلىك سادىقلىق قىلسىڭىزمۇ ، ساداقىتىڭىز سىزنى نىجاتقا چىقىرالمىدى ، ئەكسىچە ، سىز ئىنساپسىز دەپ ئويلىغان مەن سىزنى قۇتۇلدۇردۇم ··· سىز شۇنى ئۇنتۇمىسىڭىز بولدى ، سۇلتان ئەلى ئاكا ! — دېدى ئەنۋەر ۋە خانغا شەرەت قىلدى ، — قولۇمنى باغلاشسۇن ، ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈشسۇن !

سۇلتان ئەلى كەينىگە ياندى ، كېتىۋېتىپ ، ئۇنىڭ كۆزىدىن بىرنەچچە تامچە ياش ئېقىپ چۈشتى . جاللاتلاردىن بىرى كېلىپ ئەنۋەرنىڭ قولىنى كەينىگە باغلىدى . ئەنۋەرنىڭ قولى باغلىنىۋاتقان چاغدا ، مۇھەممەد نىياز داموللا ئورنىدىن تۇرۇپ ، خانغا تەزىم قىلدى .

— مۇشۇ ئەدەپسىزنىڭ گۇناھىدىن مېنىڭ ئۈچۈن كەچسىلە !

خان يۈزىنى چەتكە ئۆرۈدى :

— رەستىگە ئېلىپ چىقىڭلار !

ئەنۋەر خاننى ۋە ئولتۇرۇشقانلارنى زاڭلىق قىلغاندەك ، تەزىم قىلدى . جاللات ئالدىغا چۈشتى ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەنۋەر ماڭدى

ۋە ئارقىدىن ئىككى قوراللىق ياساۋۇل ئەگەشتى . ئەنۋەر ئۆزىنى ئوردىغا كىرىشتە قانداق تېتىك تۇتقان بولسا ، ئۆلۈمگە چىقىشتىمۇ شۇنداق پەرۋاسىز تۇتتى ، كۆزى چۈشكەن تونۇش ھەربىر كىشى بىلەن «خەير - خوش» دېگەندەك ئىمالىشىۋالاتتى ، رەڭگى ئاپئاق ئۆچۈپ ، ھوشسىزدەكلا تاشقىرىقى دەرۋازىنىڭ يېنىـــدا تۇرغان سۇلتان ئەلى بىلەنمۇ ئالايتەن خوشلاشتى . ئەنۋەرنىڭ قارىشىدىكى مەنىگە چۈشەنگەن سۇلتان ئەلى يۈرىكى سۇ بولۇپ ئاقتـى ۋە ھوشسىز ، ھېسسىز ھـالدا ئـەنۋەر كـۆزدىن يـوقالغۇچە قاراپ قالدى ...

يېڭى رەستىدە خەلق قاينايتتى . قولىدا يالىڭاچ خەنجىرىنى تۇتۇپ ، بېلىگە ئايپالتىسىنى قىستۇرغان نەپرەتلىك جاللاتنىـڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان مەھكۇمغا كۆزى چۈشكەن خەلقتىن بەزىسى جازا مەيدانىغا قاراپ ئاقتى ۋە بەزىسى نەپرەتلەنگەن بويى ئۆزىنى چەتكە تارتتى . جازا مەيدانى يېڭى رەستە بىلەن ئوردا بېغىنىڭ دوقمۇشىدا قۇرۇلغان بىر دار ۋە دارنىڭ تېگىگە قان ئاققۇزۇش ئۈچۈن كولانغان چوڭقۇردىن ئىبارەت ئىدى . دارنىڭ تېگىگە يېتىپ كېلىشتى . بىردەمدە دارنىڭ چۆرىسىگە يۈزلەپ يىغىلغان خەلقنى ياساۋۇللار نېرى تۇرۇشقا بۇيرۇشتى . خەلق ئارقىغا سىلجىغان بولۇپ ، يەنە سىقىلىشىۋەردى . دارنىڭ ئاستىدا ئەنۋەرنىڭ قولى يېشىلىپ ، تەرەت ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا سۇ بېرىلدى . چۈنكى بۇ مەھكۇمنىڭ قانۇنىي ھەققى ئىدى . ئەنۋەر تەرەت ئېلىۋاتقاندا ، جاللات ۋە ياساۋۇللار خەنجەرلىرىنى يالىڭاچلاپ ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرۇشتى . ئەنۋەر تەرەت ئېلىپ ، ئۇستىدىكى تونىنى يەرگە يايدى . جاللاتلار دائىرىنى بىرئاز كېڭەيتىپ ، ئەنۋەر ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى . دۇئادىن كېيىن ئەنۋەر ئورنىدىن تۇردى ، قولىنى باغلاشقا بېرىپ ، ئەتراپقا بىسەرەمجان قاراشقا باشلىدى ، ئەتراپنى ئورىۋالغان خەلقنىڭ ئالدىدا نەپرەتلىك كۆزىنـــى ياغلاشتۇرۇپ ئۆزىگە توپتوغرا قاراپ تۇرغان موللا ئابدۇراخماننى كۆردى . ئەنۋەر

تىترىدى ، ئابدۇراخمان ھىجايدى ...

— كۇلۇشكە ھەققىڭىز بار ، داموللا ، چۇنكى ئۆچ ئېلىۋاتىسىز ! — دېدى ئەنۋەر . بىردىن ھەممىنىڭ كۆزى ئابدۇراخمانغا چۇشتى ، — پەقەت سىز ئىپلاسلىق نەتىجىسىدە كۇلىسىز ، مەن ... مەن توغرىلىقنىڭ مېۋىسىنى ئۇزىمەن ، سىز ئىپلاس ۋىجدان بىلەن غالىبسىز . مەن پاك ۋىجدان بىلەن مەغلۇپمەن ... مېنى دارنىڭ تېگىگە كىم ئېلىپ كەلدى ؟ ۋىجدان ئەمەسمۇ ، تەقسىر ! سىزنى بۇ يەرگە كىم تاماشىچى قىلدى ؟ ئىپلاسلىق ئەمەسمۇ ، تەقسىر ؟

خەلق چوڭقۇر جىملىقتا ، ئۆز ئارىسىدا تۇرغان «پېشۋا» غا غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن تىكىلىشكەندى ...

جاللات قولى باغلانغان ئەنۋەرنى دار تەرەپكە ئېلىپ باردى . ئەنۋەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن چوڭقۇرنىڭ يېنىغا ئولتۇردى ۋە خەنجىرنى بىلەپ كەلگەن جاللاتقا قولى بىلەن «بىر ئاز توختاڭ» دېگەن شەرەتنى قىلىپ ، ئابدۇراخمانغا قاراپ كۇلدى :

— مېنىڭ ھالىمنى كۆرۈڭ ، دامولla ، — دېدى ، — قولۇم باغلانغان ، ئۇستۇمدە خەنجەر پارقىرايدۇ ، لېكىن مەن كۇلىمەن ... نېمە ئۇچۇن بۇنداق ، تەقسىر ؟ چۇنكى ، ۋىجدان راھەتتە ، جان تىنچ ، يۈرەكتە ئىشق ! ... توغرا ، مەن كۆمۇلگەندىن كېيىن قەبرەمنىڭ ئۇستىدە كۆكسى داغلىق قىزىل لەيلىلەر كۆكىرىدۇ ... بۇ نېمىدىن ؟ بۇ سىزگە ئوخشاش پەسلەر سالغان ئىز ! ...

قاراپ تۇرغان خەلق تاقەتسىزلەنگەندەك كۆرۈندى ، ئەنۋەر ئۇزىرىپ ياتتى ... جاللات خەنجىرنى يېڭىگە بىلەپ ، ئەنۋەرنىڭ ئۇستىگە ئېڭىشتى . ئېڭىشتى ، لېكىن كەينىدىن بىرلىگەن كۇچلۇك بىر زەربە بىلەن ئەنۋەرنىڭ ئۇستىدىن ئېشىپ چوڭقۇرغا موككىدە يىقىلدى . جاللاتتىن بەش چامدام نېرىدا تۇرغان ياساۋۇللارمۇ يۇقىرىدىكى خەنجەرلىك قوللىرىنى تۆۋەنگە پۇكەلمەس-

تىن ، كىملەر بىلەندۇر ئېلىشىۋاتاتتى . شۇ چاغدا كىچىكلىك شاپىلاق ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، سەللىسى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بىر ياش موللا يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى ... خەلق قالايمىقانلاشتى ... قابىلباي ئەنۋەرنىڭ قولى باغلانغان يىپنى كەستى ۋە ئىككىسى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ يوقىلىشتى . قورالسىزلاندۇرۇلغان ياساۋۇللار گۇرزىدە قىلىپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن خەلقنىڭ ئىچىدىن دوست - دۈشمەننى ئاجرىتالماي گاڭگىراشتى . مۇشۇ چاغدا ھەممە ئەزاسى چوڭقۇردىكى كونا قانلارغا مىلەنگەن جاللات چوڭقۇردىن چىقىشقا ئىنتىلىۋاتاتتى ...

شۇ ۋەقەدىن ئىككى كۈن كېيىن يېرىم كېچە ۋاقتى ، بېش ئەرىق بىلەن خوجەنت دەرۋازىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سېپىلنىڭ تۈۋىگە تۆت قارا كېلىپ توختىدى ... يىگىرمە ئىككى - يىگىرمە ئۈچ كۈنلۈك ئاي تېخى ئانچە كۆتۈرۈلمىگەن ، بولۇپمۇ ئازغىنە كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئاي نۇرىغا سېپىل توسقۇنلۇق قىلاتتى . قارىلار سېپىلغا تىرمىشىشقا باشلىدى . بىرىنچى بولۇپ كۈنگۈرىنىڭ يېنىغا چىققان كىشى ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئەتراپىنى تەكشۈردى . تەكشۈرگۈچىنىڭ ئۆزىگە ئاي نۇرى چۈشۈپ ، تۇنۇش بىر چىراي — سەپەر بوزچى كۆرۈندى . سېپىلنىڭ تېشى كەڭ دەرەخسىز ئوي - دۆڭلۈك دالا بولۇپ ، تۇمانلىق - خىرە ئايدىڭدا ئۇزاقتىن بىرنەچچە توپ يالىڭاچ دەرەخنىڭ قارىسى كۆرۈنەتتى . سەپەر بوزچى ئۆزىدىن بىر پەلەمپەي تۆۋەندە تۇرغان ھەمراھلىرىنى بىر - بىرلەپ ئۆز يېنىغا چىقىرىشقا باشلىدى . ئەنۋەر ، پەرەنجىلىك رەنا ، ئەڭ ئاخىرىدا قولىدا ئارغامچا كۆتۈرگەن سۇلتان ئەلى يۇقىرىغا چىقىشتى . سۇلتان ئەلى ئاستا - ئاستا كۈنگۈرىنىڭ يېنىغا كېلىپ تۆۋەنگە قارىدى .

— سەككىز گەز بار ، — دېدى شىۋىرلاپ سۇلتان ئەلى ، — كېلىڭ ، ئەنۋەر ...

ئەنۋەرنىڭ قولتۇقى ئاستىدىن ئارغامچا سېلىنىپ باغلاندى .

سۇلتان ئەلى ۋە سەپەر بۆزچى ئەنۋەر بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى ... ئاندىن ئەنۋەر كۇنگۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىدى . سەپەر بىلەن سۇلتان ئەلى ئارغامچىنى ئاستا ـ ئاستا قويۇۋېتىپ تۇرۇشتى .

«يەتتىم» دېگەن ئاۋاز كەلدى تۆۋەندىن ۋە بىردەمدىن كېيىن ئارغامچىمۇ بوشىدى .

— تارتىڭلار ! ...

ئارغامچا تارتىۋېلىندى ، رەنامۇ پەرەنجىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئارغامچىغا باغلاندى .

— ئارغامچىنى قاتتىق تۇتۇپ ، پۇتىڭىزنى سېپىلغا تىرەپ چۈشىسىز ، رەنا ، ئەمدى ئامان بولۇڭ ، سىڭلىم .

— يەڭگەمگە سالام ئېيتىڭ سىزمۇ ، تاغا !

رەنا گاھى پۇلاڭلاپ ، گاھى توختاپ تۆۋەنگە سىلجىدى . يەرگە چۈشۈشكە بىر گەزچە قالغاندا سېپىل تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغان ئەنۋەر ئۇنى كۆتۈرۈۋالدى .

— قويۇۋېتىڭ ... ئۆزۈم چۈشىمەن .

— ئاستىمىز ئېرىق ، لايغا پېتىپ قالىسەن .

ئەنۋەر شۇ سۆزنى ئېيتىپ ، ئۈچ ـ تۆت چامدىدى ، رەنانى «تۇيە تايدى» ئېرىقىنىڭ نېرىقى چېتىگە چىقىرىپ قويدى . رەنانىڭ قولتۇقى ئاستىدىكى ئارغامچىنى يەشتى ، ئارغامچا سېپىلنىڭ ئۈستىگە تارتىۋېلىندى . ئەنۋەر يەنە سېپىلنىڭ تۈۋىگە مېڭىپ كەلدى ۋە ئاستا يۇقىرىنى چاقىردى :

— سۇلتان ئەلى ئاكا !

سېپىلنىڭ كۇنگۇرىسىدىن سۇلتان ئەلىنىڭ قارىسى تۆۋەنگە ئېڭىشتى .

— ئېھتىيات بولۇڭ ، سۇلتان ئەلى ئاكا ! — دېدى ئەنۋەر ، — سىزمۇ مۇشۇ ھەپتىدىن كېچىكمەڭ ، تەكرار ئېيتىمەن : زادىلا كۆرۈنۈش پىكرىگە كېلىپ يۈرمەڭ .

— خاتىرجەم بولۇڭ ، خاتىرجەم !

ئەنۋەر قوتۇلغان كۈندىن باشلاپ سۇلتان ئەلىمۇ يوشۇرۇنغانىدى . گەرچە خان ئۇنى يېڭىۋاشتىن ئىزدىمىسىمۇ ، يەنە شۇ ئېھتىياتنى مۇۋاپىق كۆرۈشكەنىدى . سۇلتان ئەلى ئۆيىنى يىغىشتۇرۇپ ئۇلاردىن بىر ھەپتە كېيىنرەك يولغا چىقماقچىدى .

ئەنۋەر «تويە تايدى» ئېرىقىدىن رەنانىڭ يېنىغا ئۆتۈپ ، ئۇلار بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتى .

— خوش ، سۇلتان ئەلى ئاكا ، خوش ، سەپەر ئاكا !

— خوش ، تاغىلار !

— ئاللانىڭ پاناھىغا ، ئەنۋەر !

— سەپىرىڭلار بىخەتەر بولسۇن !

سېپىلنىڭ ئۈستىدىكىلەردىن كىمدۇر بىرى مىشىلداپ يىغلىدى . ئەنۋەر رەنانى ئالدىغا سېلىپ يىراقتا كۆرۈنگەن دەرەخنىڭ قارىسىغا قاراپ ماڭدى . يەر بەكمۇ پاتقاق ، ئاياغ ھەربىر چامدامدا يەردىن ئاران ئۈزۈلەتتى . يىگىرمە قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن ، رەنا كەشى لايغا پېتىپ ، ئايىغىنى ئۈزەلمەي توختىدى . ئىككى چامدام كەينىدە كەلگەن ئەنۋەر رەنانى كۆتۈرۈۋالدى .

— مېنىڭ ئۆتۈكۈم بار ، چىمغا چىققۇچە جىم تۇر ! — دېدى ئەنۋەر .

— قويۇۋېتىڭ ، ئىزا تارتىمەن ...

ئەنۋەر جاۋاب بەرمىدى ، ئوتتۇز چامدامچە مېڭىپ رەنانى يەرگە قويدى ۋە سېپىلنىڭ ئۈستىدە تېخىچە مارىشىپ تۇرغان سايىلەرگە «كېتىڭلار» دېگەندەك قول پۇلاڭلاتتى . ئىككىسى يەنە باشلىشىپ كېتىشتى . ئۇلار ئون بەش قەدەم ماڭا ـ ماڭماي دەرەخنىڭ قارىسى تۇۋىدىن ئىككى ئاتلىق چىپىپ چىقتى ۋە بىردەمدە رەنالارنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئاتلىقتىن بىرى «گوپ» قىلىپ يەرگە چۈشتى ـ دە ، تىزگىنىنى ئەنۋەرگە توغرىلاپ تۇردى :

— ئەكۈن ، سۇۋار بولۇڭ .

ئەنۋەر رەھىمنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن ئاتقا مىندى، ئۆزەڭگىدىن پۇتىنى چىقىرىپ رەنانى چاقىردى. رەنا ئەنۋەر بىلەن، رەھىم شەرىف بىلەن مىنگىشىۋېلىشتى. ئەنۋەر يەنە سىپىلنىڭ كۆنگۈرىسىگە قارىدى. تېخىچە ئىككى قارا كۆرۈنەتتى. ئەنۋەر قامچىسىنى ئۇلارغا قاراپ سىلكىتتى ۋە ئاتنى يولغا سالدى. دەرەخنىڭ تۈۋىدە سايىۋەنلىك ھارۋىنىڭ تەرتىپسىگە يۆلەنگەن قابىلباي ئۇلارنى قارشى ئالدى. رەنا ئاتنىڭ كەينىدىن ھارۋىغا ئۆتتى. ئەنۋەرمۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ھارۋىغا — رەنانىڭ يېنىغا چىقتى. رەھىم ئۆز ئېتىغا مىنىپ، قابىلباي ھارۋىنى ھەيدىدى. ئىككى ئاتلىق ھارۋىنىڭ ئىككى تەرتىپسى يېنىغا ئۆتۈپ بىللە قوزغىلىشتى. چەمبەر تۆمۈر يەردىكى ئۇششاق تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، تاقىر - تۇقۇر ئاۋاز چىقىرىشقا باشلىدى. ھارۋا ۋە ئاتلىقلارنىڭ قارىسى ھەر مىنۇتسېرى كىچىكلىشىۋەردى، بارا - بارا كەڭ دالىنىڭ باغرىدا كۆزگە كۆرۈنمەس بولۇپ كەتتى. پەقەت، يەنە بىردەمگىچە چەمبەرنىڭ كۈچسىز - كۈچسىز تاشقا ئۇرۇلۇشى ئاڭلىنىپ تۇردى …

# مىرزا ئەنۋەرنىڭ كېيىنكى هاياتى توغرىسىدا

مەن مىرزا ئەنۋەرنىڭ هېكايىسىنى ئاتام مەرهۇمدىن ئاڭلىغانىدىم . مىرزا ئەنۋەر قوقاندىن قېچىپ كېلىپ ، ئۈچ - تۆت يىلغىچە تاشكەنتنىڭ مەشهۇر ئېسكىجۇۋا مەهەللىسىدە تۇرغان . ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ هويلىمىز شۇ ئېسكىجۇۋىدا بولۇپ ، مىرزا ئەنۋەر ئاتامغا قوشنا ئىكەن .

— قوقاندىن بىر مىرزا كۆچۈپ كېلىپ ، پالانچىنىڭ هويلىسىنى ئىجارىگە ئالغانمىش ، دېگەن گەپ چىقىپ قالدى ، — دەپ هېكايە قىلاتتى بوۋاي ، — مەن مىرزىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىسامۇ ، بىر هەپتىگىچە ئۆزىنى كۆرەلمىدىم . روزا كۈنلىرى- نىڭ بىرىدە بىز مەسچىتتىن نامازشامنى ئوقۇپ چىقىۋاتاتتۇق ، سوپى : «هەممىڭلارنى خۇدايارخاننىڭ مىرزىسى ئىپتارغا تەكلىپ قىلغان» دېدى . بىز يىگىرمىچە ئادەم يېڭى قوشنىنىڭ ئۆيىگە باردۇق . بىر ئۆي ۋە بىر ئايۋانغا ياخشى پالاسلار ۋە كۆرپىلەر سېلىنىپتۇ ، ئوتتۇرىدا ئوبدان راسلانغان داستىخانلار ... بىز ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىشىك تۈۋىدە چىرايلىق بىر يىگىت كۆرۈندى . بىزگە تەۋازۇ قىلىپ ، خۇش قارشى ئالدى . مىرزا ئەنۋەر ، دېگىنى شۇ ئىكەن . بىز ئىپتارنى باشلىدۇق . مىرزىدىن ئەهۋال سورىدۇق . ئۇ تاشكەنتلىك بولغىمىز كەلدى ، دەپ كۈلدى ، بىز — تاشكەنتلىكلەر ياخشى كۆرىدىغان نارىن قىلدۇرۇپتۇ ، ئوبدان يېدۇق ... داموللا بىلەن بىرنەچچىلىرى دۇئا قىلىشقا يېقىن تاشقىرىغا چىقىپ كېتىشتى . بىز نېمە ۋەقە بولغىنىغا

چۈشەنمىدۇق . ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار يېنىپ كىرىشتى . داستىخانلار يىغىلىپ ئەمدى دۇئا قىلىدىغان بىر چاغدا داموللىنىڭ ئالدىغا بىر چىنە سۇ ئەكىلىپ قويۇشتى . داموللا نىكاھ قۇتبىسىنى باشلىدى ... بىز ھەيران بولدۇق . قۇتبە ئاخىرىغا يېتىپ ، مىرزا ئەنۋەرگە بىر قىزنى نىكاھلاشتى ؛ بىز مىرزا بىلەن قىزنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىپ تارقاشتۇق . لېكىن ، ئادەتكە خىلاپ بۇ نىكاھ ھەممىمىزنى ئەجەبلەندۈردى . يەنە بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ، بىرنەچچىمىز مىرزا بىلەن تونۇشۇۋالدۇق ، كېيىنرەك مىرزىنى ئۇلپەتچىلىكىمىزگىمۇ ئەكېلىشكە باشلىدۇق ، شۇ چاغدا مىرزىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن خۇدايار بىلەن ئۆتكۈزگەن ماجىراسىنى ئاڭلىدۇق ، ھەيران بولۇشتۇق ۋە شۇنىڭدىن كېيىن مىرزىغا ئىخلاسىمىز ئاشتى ...

بوۋاينىڭ سۆزىگە قارىغاندا ، مىرزا ئەنۋەر خۇدايارنىڭ قولى يەتمەيدىغان تاشكەنتتە (رۇس قولى ئاستىدا) ، تىنچ ، ئەمما بەكمۇ كەمبەغەل ياشىغان ، بايلارغا مىرزىلىق قىلىسىمۇ ، تاپاۋىتى دائىمىي بولمىغان ، تاشكەنتتە تۇرغىنىنىڭ ئۈچىنچى يىللىرىدا خۇدايىاردىن بىر ئەپۇنامە ئېلىپ ، گادايچىلىق جېنىغا تەگكەن مىرزا ئەنۋەر ئويلاپ تۇرماستىن رەنا بىلەن قوقانغا قايتىپ كەتكەن . ئارىدىن ئۈچ - تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ، قوقاندىن كەلگۈچىلەر مىرزىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېيتىشقان . نېمىشقا ئۆلتۈرۈلگەن ، كونا «گۇناھى» ئۈچۈنمۇ ، باشقا سەۋەب بىلەنمۇ ياكى «ئەپۇنامە» مۇ موللا ئابدۇراخمانلارنىڭ ھىيلىسى بولغانمۇ ، ئاتام بۇ تەرىپىنى ياخشى بىلمەيتتى .

مەن بۇ كىتابقا ماتېرىيال يىغىش ئۈچۈن قوقانغا باردىم ، ياشانغان ئادەملەر بىلەن سۆزلەشتىم ، ئۆزى خۇدايارنىڭ دىۋانىدا ئىشلىمىگەن بولسىمۇ ، خۇدايارنىڭ مىرزىلىرىغا ئەسىرداش بولغان بىر قېرى مىرزىغا يولۇقتۇم . ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا مىرزا ئەنۋەر

ئۆلتۇرۇلمىگەن ، خۇداياردىن كېيىن خېلى يىل ياشاپ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەنمىش . مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ھەيران بولۇپ قالدىم ۋە ئوتتۇرىدا ئىككىلىنىپ ، مىرزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىنى مۇشۇ ھالدا تۈگىتىشكە مەجبۇر بولدۇم .

ئابدۇللا قادىرى (جۇلقۇنباي )

1928 ـ يىلى 15 ـ فېۋرال ، تاشكەنت .

## بەزى ئىزاھلارنىڭ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلۈشى

### 43 ـ بەتتىكى ① ئىزاھاتنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

بىر ۋاقىتتا خۇدايار ئادىل پادىشاھ بولۇش نىيىتىدە مەزكۇر ئۈچ مىرزىنى يوشۇرۇن رەۋىشتە ۋىلايەتلەرگە ماڭدۇرۇپ، ئۇلارغا:
«زالىم بەگ، پارىخور قازىغا ئوخشاش ئەمەلدارلارنى بايقىساڭلار، ماڭا مەلۇم قىلىڭلار. مەن ئۇلارنىڭ جازىسىنى بېرىمەن» دەپ بۇيرۇيدۇ. سەيىدخان، موللا سىدىق ۋە مۆمىنجان — ئۈچى ۋىلايەتلەردە بىرنەچچە ۋاقىت يوشۇرۇن يۈرۈپ، بەگ، قازى، ئومۇمەن مەنسەپدارلارنى تەكشۈرۈپ چىقىشىدۇ. ئۇلارنىڭ توغرا باھا بېرىشلىرى نەتىجىسىدە مەمۇرلاردىن توقسان پىرسەنت دېگۈدەك زالىم ۋە پارىخور كۆرسىتىلىدۇ. خان بۇ ئەھۋالغا ھەيران بولۇپ، ئورۇندىن بىرنەچچە كىشىگە سىرنى ئاچىدۇ. بۇ كىشىلەر ھېلىقى ئۈچ مىرزىنىڭ دۈشمەنلىرىدىن بولۇپ، خانغا ئىغۋا قىلىشىدۇ: «مىرزىلار ئۆزلىرىگە پارا بەرگۈچىلەرنى ياخشى كۆرسىتىپ، بەرمىگەنلەرنى يامان كۆرسىتىشكەن. بولمايدىغان بولسا سىزنىڭ ئادالەتلىك زامانىڭىزدا يامانلار شۇنچىلىك جىق بولامدۇ؟ بۇ نان كورلار نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، جانابىڭىزنىڭ كۆپچىلىك سادىق قۇللىرىنى سىزدىن يۈز ئۆرۈتۈشكە ۋە سەلتەنىتىڭىزگە زىيان سېلىشقا سەۋەبچى بولۇشمىسۇن يەنە» دەيدۇ، «ئادىل پادىشاھ» ئىغۋاغا ئىشىنىپ مەزكۇر ئۈچ مىرزىنىڭ قۇلاق ـ بۇرۇنلىرىنى كېسىپ ئۆزلىرىنى ئورۇندىن ھەيدەشكە ۋە ئۇلار كۆرسەتكەن ئون پىرسەنت ياخشى كىشىلەرنىمۇ ئىشتىن ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. يۇقىرىدا ئەنۋەر ئەنە شۇ ۋەقەنى ئىشارەت قىلماقتا.

### 151 ـ بەتتىكى ① ② ئىزاھاتنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

① «قۇللارنىڭ تولىسى تاجىك ۋە ھەبەشتىن بولۇپ، يەتتە ياشتىن ئون ئىككى ياشقىچە ئىدى ۋە ھەرەمدە بۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى قۇللار

ساقلانمايتتى . قۇل ئون ئىككى ياشقا يەتكەندە ، ھەرەمدىن چىقىرىلىپ ، ئوردىدىن بىرەر خىزمەتكە بەلگىلىنەتتى » دەيدۇ رازىيە ئايىم ، ئەرلىكى ئېلىنغان (پىچىلغان ) قۇللار خۇدايارنىڭ ئانىسى ھاكىم ئايىم جارقىن ئايىمغىچە (ھىجرىيە 1285 ـ يىلى ۋاپات قىلغان ) پەقەت ئىككى نەپەر بولۇپ ئىشمەت سەركار ، تاشمەت سەركار ؛ ھەر ئىككىلىرى ھەبەش ، بۇلارمۇ خاندىن باشقا ھەرەمگە كىرىشەلمەيدىكەن . ھەر كۈنى ئەتىگەندە خان ئانىسىغا سالام بەرگىلى كىرگەندە ، ھېلىقى ئىككى نەپەر قۇلمۇ خاننىڭ ئارقىسىدا كىرىپ ، ھاكىم ئايىمغا سالام بەرگەندىن كېيىن يەنە خان بىلەن چىقىپ كېتىدىكەن (بۇ ئىككىسى شىر ئەلىخاندىن قالغان ،ھاكىم ئايىمغا يېقىن ، قەدىردان قۇللار بولغانلىغا ئوخشايدۇ ) .

رازىيە ئايىمنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، شۇ ئىككى قۇلدىن باشقىلارنىڭ ئەرلىكى يوقىتىلمىغانىكەن ، بۇنىڭدىن چۈشىنىلدىكى ، خۇدايارنىڭ ھەرىمى توغرىسىدا رۇس يازغۇچىلىرىنىڭ قۇل (يىۇنۇخ ) لارنى كېنىزەك ۋە خانىملار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەن ھالدا كۆرسىتىشلىرى مۇبالىغىدۇر .

رازىيە ئايىم يەنە تەپسىلىگە كىرىشىپ : «خان بىرىنچى قېتىم تەختتىن ھەيدەلگىنىدە ئۆزىگە قاراشلىق ياش قۇللاردىن بىرنەچچىسىنى جىززاخقا ئەۋەتىپ ئوقۇتتى ۋە كېيىنكى دەۋردە ئۇلارنى بەزى مەنسەپلەرگە قويدى . ئۇلار : شاغۇلام باش جاكارچى ، جامىل ، پەيزۇللا ۋە موللەچە خەزىنىچىلەر ، دۆلەت ھۆدەيچى ، دۆلەت سەركار ۋە شاپسەند قۇر بېشىلار » دەيدۇ . بۇ قۇللارمۇ ھەرەمگە كىرەلمىگەنلىرىدەك ، ئەرلىكلىرىمۇ جايىدا ئىكەن .

② رازىيە ئايىمنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، خۇدايار ئۆزىنىڭ ئۈچ قېتىملىق خانلىق دەۋرىدە تۆۋەندىكى خوتۇنلارغا ئۆيلەنگەن : (1 ) قازاق تۆرە — رازىيە ئايىم بۇنىڭ ئاتىسىنى ئېنىق ئېيتالمايدۇ ، لېكىن ئۆزى قىرغىزلاردىن ئىدى ، دەيدۇ . گۇمانىمىزچە ، مۇسۇلمان قۇلنىڭ قىزى شۇمىكىن؟ ... خىزمىتىدە تۆت كېنىزىكى بولغان ؛ (2 ) ئەنبەرچىق تۆرە — ئۆرە تېپەدە يۈزبېگى بولغان خۇدايار بەگ ۋەلىمەنىڭ قىزى ؛ (3 ) چوڭ پاشا ئايىم — قوقانلىق خوجەكلان تۆرىنىڭ قىزى . نەسرىدىن بەگنىڭ ئانىسى ؛ خىزمىتىدە يەتتە كېنىزەك ، تۆت قۇل ؛ (4 ) قوقانلىق ئايىم — قوقاننىڭ سەرمازار رايونىدىن ؛ كىمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى رازىيە ئايىم بىلمەيدۇ . خان بىرىنچى قېتىم تەختتىن قوغلانغاندا ئەرگە تېگىپ كەتكەن ؛ (5 ) قۇربان ئايىم — غۇمالاردىن ، ئورمانبېكنىڭ خەزىنىچىسى ، خىزمىتىدە ئىككى قۇل ، ئۈچ كېنىزەك ؛ (6 ) گۇلزادە بېكەچ — غۇمالاردىن ، خىزمىتىدە تۆت كېنىزەك ؛ شاھزادە خان ئىسىملىك بىر قىزى بولۇپ ، 1919 ـ يىلىدا ئوشتا ئۆلگەن ؛ (7 ) شېرىن بېكەچ —

غۇمالاردىن ، خىزمىتىدە ئۈچ كېنىزەك ، ئىككى قۇل . تۆرە پاشا ئىسىملىك بىر قىزى بولۇپ ، قوقانلىق كەرامەتخان تۆرىگە بېرىلگەن ؛ (8 ) ئىسفەرەلىك ئايىم — ئىسفەرەلىك ھەبىب ئىشاننىڭ قىزى . بۇنىڭدىن ماھزادە خان ئىسىملىك بىر قىز تۇغۇلۇپ ، قوقانلىق سەقاخان تۆرىنىڭ ئوغلى ئىساخانغا بېرىلگەن (ماھزادە ھازىرغىچە تىرىكمىش ) . خۇدايار ئىككىنچى خانلىق دەۋرىدە ئىسفەرەلىك ئايىمنى بۇزۇق دەپ ئەيىبلەپ ، شۇ باھانە بىلەن ئوردىدىن ھەيدىۋەتكەن .

خۇدايارنىڭ ئىككىنچى خانلىق دەۋرىدە ئالغان خوتۇنلىرى : (9 ) مۇنىسخان پاشا — قوقانلىق غازىخان تۆرىنىڭ قىزى ، خىزمىتىدە سەككىز كېنىزەك ، تۆت قۇل . بۇنىڭدىن سەيىد ئۆمەربېك ئىسىملىك ئوغۇل تۇغۇلغان . سەيىد ئۆمەربېك ھازىر راشىدان رايونى ، تۆرە قىشلاقتا تۇرارمىش ؛ (10 ) پاشا بانۇ ئايىم — قوقاندا مەشھۇر بەھادىر خان تۆرىنىڭ سىڭلىسى ، مۇھەممەت ئەمىنبېك بىلەن چارسالەخان پاشانىڭ ئانىسى . خىزمىتىدە توققۇز كېنىزەك ، بەش قۇل ؛ (11 ) مەسئۇدىخان (ئاغىچا ئايىم ) — ئىبادۇللا خوجا قىزى ، فەنسۇرۇللابېكنىڭ ئانىسى ؛ (12 ) كىش بىبى (قىز ئايىم ) — خۇدايارنىڭ تاغىسى گادايباي دادىخاننىڭ قىزى . بۇ ئەسلىدە شامۇرادخاننىڭ خوتۇنى بولۇپ ، شامۇراد ئۆلگەندىن كېيىن ھاكىم ئايىم بۇخارادا ئوغلى خۇدايارغا كىش بىبىنى نىكاھ قىلىپ بەرگەن . خىزمىتىدە بەش كېنىزەك ، ئۈچ قۇل ؛ (13 ) كىچىك شاھ ئايىم — شۇغنان ھاكىمىنىڭ قىزى ، ئورمانبېكنىڭ ئانىسى ، بالىنىڭ چىللىسى چىقماي ئۆلگەن ؛ (14 ) توختا پاشا (چىنداۋۇللۇق ئايىم ) — نەمەنگان تۇمىنى چىنداۋۇل يېزىسىنىڭ خوجا قىزلىرىدىن ؛ خىزمىتىدە تۆت كېنىزەك ، ئۈچ قۇل ؛ (15 ) چوڭ شاھ ئايىم — داربار ھاكىمىنىڭ قىزى . خىزمىتىدە يەتتە كېنىزەك ، چوڭ شاھ ئايىمدىن سەيىد فەنسۇرۇللا ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپ ، بەش ياشلىق چېغىدا مەرغىلاندا پولاتخان ئۆلتۈرگەن ؛ (16 ) گۈلەندام بېكەچ — غۇمالاردىن ؛ (17 ) ماھبېگىم بېكەچ — غۇمالاردىن بىنيەمىنبېكنىڭ ئانىسى ، خىزمىتىدە ئۈچ قۇل ، ئۈچ كېنىزەك ؛ (18 ) گۈلقىز بېكەچ — غۇمالاردىن ؛ (19 ) ھەسەل بېكەچ — غۇمالاردىن .

خۇدايارنىڭ ئۈچىنچى خانلىق دەۋرىدە ئالغان خوتۇنلىرى : (20 ) قارا تىگىنلىك ئايىم — قارا تىگىن ھاكىمىنىڭ قىزى ؛ خىزمىتىدە يەتتە كېنىزەك ؛ (21 ) بىبى پاشا (ئىكەۋاتلىق ئايىم ) — نەمەنگاننىڭ يۇقىرىسىدىكى ئىكەۋات يېزىسىنىڭ چوڭ ئىشانى خوجام پاشا تۆرىنىڭ قىزى . خىزمىتىدە ئۈچ كېنىزەك ، ئىككى قۇل بولغان ؛ (22 ) رازىيە ئايىم — مۇشۇ مەلۇماتلارنى بەرگۈچى . رازىيە ئايىمدىن سەيىد ئۆمەربېك ئاتلىق

ئوغۇل بولسىمۇ ئۈچ يېشىدا ئۆلگەن ؛ (23) قەمبەر پاشا — خوجاكالان تۆرىنىڭ كىچىك قىزى ، چوڭ پاشا ئايىم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سىڭلىسىنى ئالغان . خىزمىتىدە ئۈچ كېنىزەك ؛ (24) ئاينىساخان پاشا — تۇرسۇن ئاتالىقنىڭ قىزى ؛ (25) تۆھفەنىسا ئايىم — ئالتىئارىق قازىسىنىڭ قىزى . بۇ قىزغا ئۆيلەنگەندىن ئوتتۇز يەتتە كۈن كېيىن خۇدايار رۇسلارغا بېرىلىپ تەشكەنتكە كەلگەن ؛ (26) ھەمرابىبى ئايىم — قوقانلىق نۇرمەتباي دېگەننىڭ قىزى ؛ (27) سەيدانىسا (چىميانلىق ئايىم) — قىرغىزلاردىن بىرىنىڭ قىزى ؛ (28) شادمان ئايىم — غۇمالاردىن ؛ خانغا سۆيۈملۈك بولغانمىش ؛ خىزمىتىدە ئۈچ كېنىزەك ، ئۈچ قۇل ؛ (29) گۈلبانۇ بېكەچ — غۇمالاردىن . خىزمىتىدە بىر كېنىزەك ، بۇنىڭدىن ئازادەخان ئىسىملىك بىر قىز تۇغۇلۇپ ، قوقانلىق باھادىرخان تۆرىگە كېلىن بولغان ؛ (30) روھ ئەفزا بېكەچ ؛ (31) سەيقەل بېكەچ ؛ (32) سانابەر بېكەچ ؛ (33) ئەرغۇۋانى بېكەچ ؛ (34) نىگار بېكەچ ؛ (35) روزۋان بېكەچ . ئۇ ئالتىسىمۇ غۇمالاردىن ئىمىش .

بۇ يېزىلغانلار خۇدايارنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ تولۇق ھېسابى بولالماس دەپ ئويلايمەن . چۈنكى ، رازىيە ئايىمنىڭ يادىدىن بەزىلىرى چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن .

[General Information]
书名=神坛出蝎　维吾尔文
SS号=40214202